

ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## تېپىلمىلار، تەزكىرە - رىسالىلەر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار 19

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر نامىلىرى
خوتەن دىيالېكتى
كىتابلار ئۇچۇرى
چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار
ئۆرپ ـ ئادەتلەر
قول ھۈنەر ـ سەنئىتى
ئاۋام تېبابىتى
نەزەرىمىزدىكى خوتەن
تېپىلمىلار، تەزكىرە ـ رىسالىلەر (تاللانما)
ئۆچمەس ئىزلار

ISBN 978-7-5469-1698-9
定价：65.00元

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## ئەسلىمىلەر، تەزكىرە - رىسالىلەر

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**مەجمۇئە نامى:** دۇنيادا بىرلا خوتەن بار
**كىتاب نامى:** تېپىلمىلار، تەزكىرە ـ رىسالىلەر
**تۈزگۈچى:** ئابدۇللا سۇلايمان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن
**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** ئۈرۈمچى كېخىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1230 × 880 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 12
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 1698 - 9
**باھاسى:** 65.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم تېپىلمىلار

### ئۇدۇن تېپىلمىلىرى

قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى .................... 2
چىگىچ-مۇرەككەپ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى .................... 10
مەدەنىيەت بوسۇغىسىدىن كىرىش .................... 14
جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلۈشى .................... 20
ئۇدۇننىڭ خەن دەۋرىدىن بۇيانقى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى .................... 25
شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى .................... 47
بۇددا دىنىي تەڭرىگاھىنىڭ شان-شەۋكىتى .................... 65
ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى .................... 103

### نىيە خارابىلىقى

غەربىي يۇرت نىران شەھەر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئايان بولۇشى .......... 112

## ئىككىنچى قىسىم تەزكىرە-رىسالىلەر

ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە خوتەن بۇددىزمىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى
.................... موللا نىياز بىنىنى قارىي سابىر ..... 155
مەجمۇئەتۇل ئەھكام ....................
.................... مۇھەممەت ئەۋەز سەدرىدىن قاراقاشى ....... 173
خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى ....................
.................... شىي ۋېيشىڭ ..... 225
لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى ....................
.................... جۇن چىڭيۈەن ....... 257
كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى .................... 277
گۇما ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى .................... 329
چىرا ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى .................... 345

# 目　录

## 第一部　文献

1、于阗文献……/2
2、尼雅遗址……/112

## 第二部　地方志

1、伊斯兰教在和田的传播及于阗佛教的灭亡……
……毛拉尼牙孜·稗·卡日萨比尔/155
2、《买吉木艾吐勒·艾合卡木》……
……穆罕默德·伊外孜·萨得尔丁·喀拉喀什/173
3、和阗直隶洲方志……谢卫生/225
4、落浦县方志……准青元/257
5、于田县方志……/277
6、皮山县方志……/329
7、策勒县方志……/345



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇدۇن تېپىلمىلىرى ①

## قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى

ئۇدۇن ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇ شىنجاڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا، قەدىمكى زاماندىكى «قاشتېشى يولى» ۋە «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم بازار، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىساد،مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن جاي.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە ئارخېئولوگلىرى ئارقا-ئارقىدىن بۇ زېمىنغا كېلىپ، بۇ جاينىڭ تاغ-دەريالىرىنى، يەر شەكلىنى ئۆلچەپ ۋە خەرىتىگە ئېلىپ، ھاۋا رايىنى تەكشۈرۈپ، كان بايلىقلىرى، قەدىمكى زامان تەۋەررۈكلىرىنى ئىزدەپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۆلىتىگە ئاپىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇزېي ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى تولۇقلىدى.



ستەيىن دەندەنئۆيلۇكتە ئېرىشكەن بۇددا دىنىغا دائىر تاختاي رەسىم. ھازىر لوندون بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

بۇ يەرگە ئەڭ ئاۋۋال شۋېتسىيەلىك سېۋېن ھېدىن (Sven Hedin) كەلگەن، ئۇ 1895-يىلى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ بۇ يەردە بىر تۈركۈم قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇچرىتىپ ۋە سېتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى خارابىلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، قېزىش ئىرادىسى چىڭىغان. كېيىنكى يىلى، يەنى 1896-يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۇ خوتەندىن يولغا چىقىپ، قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكانغا قايتا كىر-

① بۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى تۈزگەن، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006-يىلى 6-ئايدا نەشر قىلىنغان ‹شىنجاڭ تارىخي مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتابچىلار›نىڭ بىرى (1-نەشرى) — «ئۇدۇن» بولۇپ قىسمەن تاللاپ تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ستەيننىڭ رەسمى

گەن، 1-ئاينىڭ 24-كۈنى سۈيى قۇرۇپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كېلىپ،قۇم دېڭىزىغا غەرق بولغان «دەندەنئۆيلۈك» خارابىسىنى بايقىغان. ئۇ بۇ يەردە بىر تۈركۈم بۇت، تام رەسمى ۋە قەدىمكى خەتچەك قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشكەن. ئارقىدىنلا، 2-ئاينىڭ 2-كۈنى قارادۆڭ خارابىلىقىغا كېلىپ، خارابىلىقتىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 مېتىر، كەڭلىكى76 مېتىر كېلىدىغانلىقىغا ھەيران قالغان. سېۋېن ھېدىن قۇملۇقتا مىڭ يىللاردىن ئارتۇق ئۇخلاپ ياتقان ئىككى قەدىمكى خارابىلىقنى ئويغىتىپ، قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئىزناسىنى ئاشكارىلىغان.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيانى زىل-زىلىگە سېلىپ ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە ئارخېئولوگلىرىنى جەلپ قىلدى. كەلگەن قېتىم سانى ئەڭ كۆپ ۋە ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلار سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئەنگلىيەلىك سىر ئاۋرېل ستەيىن (Sir Aurel Stein) بولدى.

ئۇ شىنجاڭغا تۆت قېتىم «كۆزىتىش» ۋە «قېدىرىپ تەكشۈرۈش»كە كەلدى. بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشى 1900-1901-يىللاردا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ 1900-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى يوتقان (يوتقان) نى تەكشۈردى ۋە غەربىي تەرىپىدىكى سومىيانى قىدىرىپ تەكشۈردى. 12-ئاينىڭ 18-كۈنى «دەندەنئۆيلۈك» كە بېرىپ، پەس قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كۆلىمى كىچىكرەك، چوڭ، لېكىن ناھايىتى قەدىمىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان توپ-توپ ئىمارەت خارابىلىرىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر يېرىم ئىنگلىز مىلى، شەرقتىن غەربكە 4/3 ئىنگلىز مىلى ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىققان. ئۇ ئۈچ ھەپتىدە 14 ئورۇندىكى خارابىنى قېزىپ زور تۈركۈم قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، ئالايلۇق بۇت، تام رەسمى، تارىشا پۈتۈك، سانسكرىت يېزىقىدىكى نوم-سۇترالار ۋە كۆپلىگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشكەن. بىر ئورۇندىكى يالغۇز كىچىك بۇتخانىدىنلا ياۋروپاغا يۆتكەپ كەتكىلى بولىدىغان تەخمىنەن 150 پارچە لاي قاپارتما نەقىشكە ئېرىشكەن. ئىككىنچى نومۇرلۇق خارابىنىڭ مەركىزىدىكى چاسا تەگلىكتىكى 13 ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان قالدۇق بۇت پۇتىدىن قارىغاندا، ئەسلىدىكى بۇت ئادەم بويىدىن ئېگىز بولۇشى مۇمكىن. ئىككى قەۋەت ئىبادەتخانا تېمىنىڭ ئىچى تەرىپىگە پۈتۈلەي چوڭ تېپىلىق بۇت

ياكى بۇدساتۋانىڭ ئۆرە رەسمى سىزىلغان. ئىچكىرى بۇتخانا تېمىنىڭ سىرتقى تەرىپىگە مىڭبۇتلار-نى توشقۇزىۋەتكەن؛ مەشھۇر رەسىم «لاكىسمى شىلى» (قۇت ئىلاھەسى) رەسمى ئىبادەتخانا زالى-نىڭ تېمىغا سىزىلغان. يەنە «پىلە ئۇرۇغىنى ئېلىپ كىرىش رەسمى»، «چاشقان پادىشاھىنىڭ رەسى-مى»، «پېرسىيە بۇدساتۋاسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم تاختاي رەسىملەرنىمۇ تاپقان. يەنە سانسكرىت يېزىقى؛ ئۇدۇن يېزىقىدىكى نوم-سۇترالارنىمۇ قېزىپ تاپقان؛ خەنزۇچە ۋە ئۇدۇنچە يېزىقتىكى خەت-چەكلەردە يىلنامىنى بىلدۈرىدىغان «جېنيۈەن»، «جيەنجۇڭ» قاتارلىق خەتلەر ئېنىق يېزىل-غان بولۇپ، بۇ خارابىلىقنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ستەيىن شۇنىڭدىن كېيىن نىيە خارابىسىنى تۇنجى قېتىم قازدى، ئارقىدىنلا ئۇدۇل «قارا دۆڭ»گە باردى. بۇ يەرنى ئىككى كۈن قېزىپ بۇغداي، شال، پۇرچاق ۋە بىر ئاز ئۆسۈملۈك ئۇ-رۇقلىرىنى تاپتى. ئۇلار ئارىسىدا كىشمىش قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇ «ئۇزۇنتات» خارابىلىقىنىمۇ تەكشۈردى. 1901-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۇ يەنە «ئاقسىپىل قەدىمكى شەھرى»گە كېلىپ، يا سىمان ھالەتتىكى قېپقالغان سېپىلنى ئۆلچەپ سىزغان؛ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر ساگرام خارابىسىنى قازغان، ئۇنىڭدىكى بۇت ياساش ئۇسلۇبى ۋە ماھارىتى «دەندانئۆيلۈك» تىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، يۇنان،قەندىھارلاردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇراتتى.

ستەيىن 4-ئاينىڭ 10-كۈنى «راۋاق بۇددا مۇنارى»غا بارغان. مۇنار يەر يۈزىدىن 20 ئىنگلىزچىسى چىقىپ تۇرغان، قوش قەۋەتلىك، تەگلىكىنىڭ يۈزى تەكشى ۋە كىرېست شەكىللىك چوڭ مۇنار بولۇپ، تۆت ئەتراپىدىكى تام، چاسا شەكىللىك مۇنار ھويلىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەتىسى قېزىشنى باشلاپ، 91 چوڭ بۇت ھەمدە بېشىدىن، بەدىنىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان قىلىپ


ستەيىن قازغان دەندانئۆيلۈكتىكى ساگرام خارابىسى

سىزىلغان بىر مۇنچە كىچىك بۇتلارنى تاپقان. ستەيىن بۇ كۆركەم ياسالغان بۇتلار ۋە ھەشەمەتلىك كىيىندۈرۈلگەن بۇددساتۋالارغا باھا بېرىپ «تۇجۇپىلەپ ياسىلىشى ۋە كېلىشكەن كەۋدىسىم بېشى، قوللىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ يەردىكى بۇددا مۇنارى، ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە شەكلى قەندىھار سەنئىتى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىدۇ. ئۇ ھەيكەلنىڭ تەگلىكى، تامنىڭ يېرىقىدىن 100 گە يېقىن ۋۇجۇ پۇلى تاپقان. بۇ پۇل راۋاق چوڭ مۇنارنىڭ دەۋرىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

بۇ قېتىم ستەيىن خوتەندىن 12 چوڭ ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتكەن.

1906-يىلى ئۇ خوتەن بوستانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، ئۆز مەيلىچە يەنە بىر قېتىم «قېزىش»نى باشلىۋەتكەن. ئۇ يوتقان خارابىسىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى سومىيا كەنتىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈپ زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆركەم ساپال بۇيۇملار، نەپىس ساپال ھەيكەللەر، مېتال بېزەكلەر ۋە ھەر خىل پۇل قاتارلىقلار ئاز دېگەندىمۇ مىڭدىن ئارتۇق بولغان. ئۇ راۋاق ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى بۇددا مۇنارىنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلغان؛ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىنى بويلاپ شەرققە مېڭىپ دەريا بويلىرىدىكى بۇددا دىنى ئۆي-ئىمارەتلىرى، مۇنار، ساگرام قاتارلىقلارنى كۆزەتكەن. 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ھاڭگىيانىڭ شىمالىدىكى ساگرام — ئاقتېرەك خارابىلىقىغا بېرىپ راۋاق بىلەن ئوخشاش دەۋردىكى بىر چوڭ ساگرامنىڭ خارابىسىنى قېزىپ لايدىن ياسالغان زور بىر تۈركۈم بىناكارلىق بېزەكلىرى ۋە بۇتلارنى تاپقان. 23-كۈنى يەنە چىرادىكى دامكۇنىڭ شىمالىدىكى خادىلىققا بېرىپ، 11 ئورۇندىكى خارابىنى قازغان. يېقىن ئەتراپتىكى بالاۋاستى قاتارلىق ساگرام خارابىلىرىنى كۆزەتكەن. بۇ يەردىن چىققان يادىكارلىقلار كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. نەپىس ياسالغان بۇددا دىنى سەنئەت بۇيۇملىرىدىن باشقا، بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان نەچچە يۈزلىگەن بۇددا نوم-سۇترالىرى چىققان، بەزى مۇندەرىجە چۈشەندۈرۈشى بارلاردىن «پراجنا پارامىتا سۇترا»، «كارامەتلىك نىلۇپەر سۇتراسى» قاتارلىق تۇبۇت يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك ۋە لاي قاپارتما نەقىشلىك مۇنارچاق — «چاچا» لارمۇ بار بولۇپ، بۇ خارابىنىڭ دەۋرىنىڭ تۆۋەن چېكىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇ يىلى 10-ئايدا ئۇ نىيە، ئەندىر، كىرورەنلەرگە كىرىپ ئۆتۈپ دۇنخۇاڭغا بېرىپ، يەنە كەينىگە قايتىپ قومۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچالارغا بېرىپ يولبويى مىڭئۆيلەرنى ئوغۇرلىقچە قېزىپ ماڭغان. 1908-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى كۇچادىن يولغا چىقىپ كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمكى يولىنى بويلاپ تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ قارا دۆڭگە يەنە بىر بېرىپ، مۇكەممەل ساقلانغان ئىككى قۇلاقلىق ساپال كوزا، نەپىس ياسالغان ياغاچ دەرپەردە ۋە ۋۇجۇ يارمىقى قاتارلىقلارغا ئېرىشكەن. 3-ئاينىڭ 2-كۈنى يەنە دامكۇنىڭ شىمالىدىكى پەرھات بەگ خارابىلىقىغا بېرىپ، 12 ساگرامنى قېزىپ نۇرغۇن سېپتا رەڭلىك ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىنى تاپقان. 12-نومۇرلۇق ساگرامدىن تاپقان نوم قۇتىسىدا 33 جىلد مۇكەممەل ساقلانغان سانسكرىت

يېزىقىدىكى نوم-سۇترا ساقلانغان بولۇپ، بۇ ستەيىننى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن. ئـار-قىدىنلا ئۇ قاراقاشنىڭ قاراساي، خوتەننىڭ ماياقلىق قاتارلىق جايلىرىدىكى بىـر قانچە ئـورۇن-دىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىنى قازغان. 4-ئاينىڭ 16-كۈنـى تەكلىـماكاننـىڭ مەركـىزى ——— مازار تاغ قورغىنىغا بارغان. شۇ يىلى يازدا ستەيىن خوتـەنگە قايـتىپ «ئالـتە ھەپتـە جاپالـىق ئىشلەپ» ئېرىشكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رەتلەپ 93 ساندۇققا لىق قاچىلاپ ھىندىـس-تان ئارقىلىق لوندونغا ئەۋەتكەن.

1913-يىلى ستەيىن 3-قېتىملىق شىنجاڭ سەپىرىنى باشلىغان. ئاۋۋال خوتەننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىكى مازار تاغقا بېرىپ، 1908-يىلى ھېچنېمە تاپالمىغان، قورغان خارابىسىدىكى كۆزۈتۈش پەشتىقىنىڭ ئاستىدىكى ئەخلەت قاتلىمىنى، شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى ئات ئېغىـلى ۋە بىر ئـو-رۇندىكى بۇتخانا خارابىسىنى قېزىپ تۈبۈت يېزىقىدىكى بىر مۇنچـە تارىشا پۈتۈك ۋە يادىكـار-لىقلارنى تـاپقان. ئۇ بـۇ يەردىن ئۇدۇل دامـىكۇغا يـول ئېلـىپ، شۇ يىلـى 11-ئاينـىڭ ئاخىرىـدا بالاۋاستى، خادىلىق ۋە پەرھاد بەگ يايلىقىنى ئۇچ قېتىم كۆزىتىپ خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تۈ-بۆتچە خەت-چەكلەردىن بىر ئاز تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. كېيىن ئۇ يەنە نىيە، ئەندىـرىنى زىيـارەت قىلىپ، لوپنۇر كۆلىدىن دۇنخۇاڭ، خېيخې،لەنجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تۇرپانغا قـايتىپ كـې-لىپ، تەڭرى تېغىدىكى شىمالىي يولدىن قەشقەرگە بېرىپ دۆلىتىگە قايتقان. بۇ قېتىمدا 180 سـان-دۇقتىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كەتكەن.

ستەيىن ئېلىپ كەتكەن زور تۈركۈمدىكى قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر



ستەيىن راۋاق بۇددا مۇنارىنى قازغان چاغدىكى لاي بۇتلار

www.uyghurkitap.com

قىسمىنى ھىندىستانغا بەرگەن. بۇ ئاساسەن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ دامىكۇ ئەتراپلىرىدىن قېزىۋالغان بۇددا دىنىغا دائىر سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپ، ھازىر يېڭى دېھلىدىكى دۆلەتلىك مۇزېي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى زامان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. كۆپ ساندىكى باشقا يادىكارلىقلار ئەنگلىيەدە بولۇپ، لوندوندىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى كۈتۈپخانىسى ۋە ۋىكتورىيە ئاربوت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

1930-يىلى ستەيىن شىنجاڭغا تۆتىنچى قېتىم كەلگەندە جۇڭگو ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپلا چۇقان كۆتۈرۈپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چېگرادىن ھەيدەپ چىقىرىلغان.

ئارقىدىنلا ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، خورى كېنيۇ، تاچىۋا نازىچاۋ قاتارلىقلار بۇ ئەترەتنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئۇلار 1902-يىلى، 1908-يىللىرى ئىككى قېتىم خوتەنگە كېلىپ كۆزىتىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان. رۇسىيەلىكلەرمۇ بىر قانچە قېتىم خوتەنگە كېلىپ كۆزىتىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، يوتقان شەھىرىدىن تېپىلغان ساپال ھەيكەل قاتارلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1927-يىلى ۋە 1928-يىلى گېرمانىيەلىك تىلىنكىر ۋە چۇنكىل قاتارلىقلار دەندانئۆيلۈك، دامىكۇ، مازار تاغ، راۋاق قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىنى قالايمىقان قېزىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەكەتكەن. چۇنكىل تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر گېرمانىيەنىڭ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

1927-يىلى ئېلىمىز ۋە شىۋېتسىيە ئالىملىرى بىرلىكتە غەربىي شىمال ئىلمىي كۆزىتىش ئۆمىكى تەشكىللەپ شىنجاڭغا كەلگەن. 1929-يىلى ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى خوتەننىڭ قەدىمكى زامان خارابىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن. ئۇ 4-ئاينىڭ 4-كۈنى كۇچادىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ مازار تاغقا كېلىپ تۇبۇتچە تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپقان. ئۇ كېرىيە، خوتەن ناھىيەلىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىكى قەدىمكى خارابىلەرنى، جۇملىدىن چىرا ناھىيەسىنىڭ دامىكۇ ئەتراپلىرى، كېرىيە دەرياسى ساھىلىدىكى خارابىلەر ۋە «قارا دۆڭ» قاتارلىقلارنى، يەنە قۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى خوتەن



ستەيىن قارا سايدىن ئېلىپ كەتكەن بۇددانىڭ ئۆرە تۇرغان رەسمى

دەرياسى — يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنى كۆزەتكەن. ئاقسىپىل، راۋاق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇتخانىلارنى، يوتقاننى زىيارەت قىلغان. مەلىكىئاۋاتتىكى بىر ساگرام خارابىسىنى قازغان. زاڭگۇيا، دۇۋا، بۇتلۇقتىكى ساگرام خارابىلىرىنى تەكشۈرگەن. قۇمرابات خارابىلىقىغا بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەردى. 1952-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنىڭ مۇناسىۋەتلىك پەرمانلىرىغا ئاساسەن «قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قوغداش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق» نى جاكارلىدى. 1957-يىلى يوتقان، مەلىكىئاۋات، ئاقسىپىل، ئۇجملىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خارابىلىقلار ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى دەپ جاكارلاندى. 1959-يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئاقسىپىل، قارا دۆڭ قاتارلىق خارابىلىقلارنى كۆزىتىپ بىر تۈركۈم مۇھىم قەدىمكى يادىكارلىقلارغا ئېرىشتى. 1961-يىلى سانجۇ قىياتاش رەسىمى، نىيە خارابىسى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قىلىندى.

1978-يىلى «خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى» قۇرۇلۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا مەخسۇس مەسئۇل قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا «خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېي » قۇرۇلدى.

50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان قەدىمكى خارابە، قەدىمكى قەبرىلەردىن نەچچە يۈز ئورۇندىكىسى بايقالدى. بۇلاردىن تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزى، خەن، تاڭ دەۋرى خارابىسى، قەبرىلەر بار. بۇددا دىنى خارابىلىقى، خوتەن زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. ئىسلام دىنى ئۆي-ئىمارەتلىرى ۋە مازارلارمۇ بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، قۇرۇم تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىدىكى سۇپا قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم سىپتا تاش قوراللار قېزىۋېلىندى؛ كېرىيە، خوتەن، گۇما قاتارلىق جايلاردىن سىلىقلاپ ياسالغان تاش قورال قاتارلىق يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى.



چۈنكىل بالاۋاستىدىن ئېلىپ كەتكەن بۇددانىڭ ئولتۇرغان ھالەتتىكى تام رەسىمى

1995-يىلى جۇڭگو-فرانسىيە بىرلەشمە كۆزىتىش ئەترىتى كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىن تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قەدىمكى شەھەر — «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى»نى تېپىپ، ئۇدۇننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىپ بەردى. 1983-يىلدىن 1992-يىلغىچە لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقنى ئۈچ قېتىم قۇتقۇزۇۋېلىش خاراكتېرلىق قېزىپ، جەمئىي 62 قەبرىنى ئېنىقلاپ مىڭدىن ئارتۇق يادىكارلىق قېزىۋېلىندى. بۇ بىر قانچە قېتىملىق قېزىش داۋامىدا چىققان يادىكارلىقلار مىلادىيە 3-، 4-ئەسىرلەردىكى يەنى غەربىي خەن دەۋرىدىن جىن دەۋرىگىچە بولغان ئۇدۇننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلدى. 1983-يىلدىن بۇيان خوتەن ناھىيەسىنىڭ بوزاق يېزىسىدىكى ئىمام مۇسا كازىم مازىرىدىن مىلادىيە 10-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بىر قەبرىلەر توپى بايقالدى.



شىنجاڭ مۇزېيى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خادىملىرى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قازدى.



شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى ۋە فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ UMR **7041** ئورنى قارا دۆڭ خارابىلىقىنى بىرلىشىپ قازدى.

# چىگىچ-مۇرەككەپ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى

ئۇدۇن شىنجاڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. تاش قوراللار دەۋرىدىلا بۇ يەرگە ئىنسانلارنىڭ قەدەمى يەتكەن. ئالىملار يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن تاشتىن ياسالغان كەسكۈچ، يانجىغۇچ، تاش مىغىزى ۋە يا-پىلاقلانغان تاشلارنى تاپقان. كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى-دىمۇ بىر تۈركۈم تاش مىغىزى ۋە يالپاق تاشلارنى تېپىۋالغان بولۇپ، بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە،بۇلار كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ يالداممىسى ئىكەن.



يارغۇنچاق. ئۇزۇنلۇقى 49 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 7.5 سانتىمېتىر؛ ئۇغۇر دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.5 سانتىمېتىر. كېرىيە قارا دۆڭدىن تېپىۋېلىنغان.



يېشىل قاشتاش پالتا. ئۇزۇنلۇقى 9.8 سانتىمېتىر، بىس ئۇچىنىڭ كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر. چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇدىن تېپىۋېلىنغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ جەنۇبى ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئاتچاندىن بىر تۈركۈم سىپتا تاش قوراللارنى تېپىۋالدى. بۇلار-دىن قىرغۇچ بىلەن ئۇچلۇق سايماننى ئاشكۆل خارابىلىقىدىن؛ تاش ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلارنى كىچىك پولۇدىن تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇم تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكى، كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئەگىمگە جايلاشقان باش كەڭسۇلاغ خارابىلىقىدا تاش قوراللار 2500~2000 كۋادرات مېتىر دائىرىدە خارابىلىقنىڭ



سىپتا تاش قوراللار — تاش ئوقيا بېشى، تاش مىغىزى، قىرغۇچ ۋە تاش ياپراق. كېرىيە ناھىيەسىدىكى باش كەڭسۇلاغ سىپتا تاش قوراللار خارابىلىقىدىن تېپىۋېلىنغان.

www.uyghurkitap.com



تاش ئورغاق. يۇقىرىدىكىسى: ئۇزۇنلۇقى 12، كەڭلىكى 3.8 سانتىمېتىر، چىرا ناھىيەسىدىكى دامكۇدىن تېپىلغان. تۆۋەندىكىسى: ئۇزۇنلۇقى 10.5، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر، سىلىقداپ ياسالغان. گۇما ناھىيە قىزىلتامدىن تېپىلغان. سىلىقداپ ياسالغان تاش قورال، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ۋەكىللىك تاش قورالى.

يۇزىگە چىقىپ قالغان. بۇ يەردىن تاش مىغزى، تاش ياپراق ۋە تاش ئۇقيا قاتارلىق 173 سىپتا تاش قورال تېپىۋېلىنغان. بۇ سىپتا تاش قوراللار ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئوخشاشلا تاش ياپراق شەكىللىك سىپتا تاش قورالغا كىرىدۇ.

ئاشكۆل ۋە باش كەڭسۇلاغ خارابىلىقىدىكى سىپتا تاش قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى چوقۇپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا بېسىپ قىرىپ ئازراق تۈزەشتۈرۈپ تەييارلانغان؛ خارابىلىقتا ساپال قاچا ۋە ئۇنىڭ سۇنۇقلىرى ئۇچرىمايدۇ. بۇنى كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتۈش باسقۇچىنىڭ خارابىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئادەتتە يېڭى تاش قورال دەۋرى دېيىلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ سىپتا تاش قوراللار ۋە ئۇلار تېپىلغان خارابىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى گۇما، قاراقاش، كېرىيەلەردىنمۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى قورال — سىلىقداپ ياسالغان تاش قوراللاردىن تاش پىچاق، يارغۇنچاق ۋە ساپال قاچا قاتارلىقلارنى تېپىۋالغان. گۇما ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتىكىدىكى ئېدىرلىق ۋە غاز غوجام مازىرى ئەتراپىدىن كېسىش، يانجىش قورالى، بىلەي ۋە ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قوم ئارىلاش قىزىل ساپال ۋە قوم ئارىلاش كۈل رەڭ ساپال؛ تورسىمان سىزىقلىق، دولقۇنسىمان سىزىقلىق ۋە كۆندىلەڭ سىزىقلىق قاتارلىقلار ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ. قاراقاش ناھىيە زاۋا بوستانلىقىنىڭ چېتىدىكى يۇمىلاقچاشقان خارابىلىقىدا بىر



سولدىكى بىرى تاش ئۇقيا بېشى. ئوڭدىكى بەشى تاش ياپراق بولۇپ، تاياقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئويۇپ ئورنىتىپ ئىشلىتىلىدىغان قىرىش ياكى كېسىش قورالى. كېرىيە ناھىيەسىدىكى كىچىك پولۇدىن تېپىۋېلىنغان.

ئاز تاش قورال ۋە كۆپلىگەن ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ بوغاز لەڭگەر قاتارلىق جايلىرىدا سىلىقداپ ياسالغان تاش قوراللار بىلەن ساپال پارچىلىرى تەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خارابىلارنىڭ تېپىلىشى، قەدىمكى ئۇدۇندا يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت يالدامىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، گۇما ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇقتىكى قىزىلتامدىن سىلىقداپ ياسالغان تاش قورال، ساپال پارچىلىرى ۋە مېتال تاۋلىغاندا قېپقالغان داشقال قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشىدىن قارىغاندا، بۇ جاي جەزمەن مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. شىمالىدىن باش كەڭسۇلاق خارابىلىقىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان كىچىك پولۇ تاش قوراللار نۇقتىسىنىڭ دەۋرى بولسا ئۇنىڭدىن خېلىلا كېيىن، يەنى 3300 يىللار بولغان بولۇپ، تەخمىنەن مەدەنىي دەۋرىگە كىرىپ بولغان.

قەدىمكى زاماندىكى ئۇدۇن قىيا تاش رەسىملىرى، ئاساسەن گۇما ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇرۇم تېغىنىڭ تىك يارلىرىغا ــ سانجۇ، سولغاز،كەڭەز دەريالىرىنىڭ جىلغىسىنى بويلاپ جايلاشقان بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن سانجۇ قىيا تاش رەسىمى ئەڭ مەشھۇر. سانجۇ قىيا تاش رەسىمى سانجۇ بازىرىنىڭ ئۇلاچى دېگەن يېرىدىكى سانجۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى تىك ياردا. ئاساسىي مەزمۇنى ئوۋ



سانجۇ قىيا تاش رەسىمى ــ ئوۋ ئوۋلاش

ئۇۋلاش كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. تۆت ئادەمنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىرەيلەن يانىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ بىر ئارقارنى ئېتىۋاتقان، بىرەيلەن قوي پادىسىغا تور تاشلاۋاتقان، بىرەيلەن غولىچىنى كېرىپ توساۋاتقان، بىرەيلەن سەكرەپ ئالقىشلاۋاتقان. نۇرغۇن قويلار ياكى ياپىلاقتا ئاستا كېتىۋاتقان، ياكى تاغقا چىقىۋاتقان، ھۇجۇمغا ئۇچرىغىنى قېچىۋاتقان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ رەسىمدە ئارقار، ئۆچكە (ئەچكۈ)، جەرەن قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇلار قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئۇۋچىلىق پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇدۇنغا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئېدىرلىقلار ۋە دەريا ئارىلىقى ئويمانلىقلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئوۋ ئوۋلاش ۋە مېۋىلەرنى يىغىشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ ئېپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرگەن.



سانجۇ قىيا تاش رەسىمى



سانجۇ قىيا تاش رەسىمى جايلاشقان ــــ گۇما ناھىيەسىدىكى قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، سانجۇ دەرياسى بويىدىكى ئۇلاچى

# مەدەنىيەت بوسۇغىسىدىن كىرىش

## خانلىق قۇرۇلغانلىقىغا دائىر قەدىمكى رىۋايەت

ئۇدۇننىڭ قانداق قىلىپ مەدەنىيەت بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگەنلىكى ۋە خانلىق، شەھەر بارلىققا كەلگەنلىكى بالدۇرقى تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. مىلادىيە 7- ئەسىردىن كېيىنكى بۇددىزم كىتابلىرىدىلا بەزى رىۋايەتلەر خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇشۇنىڭغا دائىر بىر رىۋايەتنى خاتىرىلەپ قويغان.

(بۇ رەسىمدە يىراق قەدىمكى خوتەننىڭ ئورنى بىر دېڭىز بولۇپ، ساكيامونىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پەلەك شاھ ۋايسىرۋانا بىلەن سارىپۇترانىڭ دېڭىز سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ قۇرۇتۇپ، ئىنسان تۇرىدىغان جاي قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.)

8-ئەسىردىن كېيىن تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان «بۇددانىڭ ئۇدۇن ئېلىنى ئاپىرىدە قىلىشى»، «بۇددانىڭ گوسىرنىكا تېغىدا كەلگۈسىدىن سۆزلىشى» ۋە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىنىڭ نوم غارىدىن تېپىلغان «ئۇدۇن ئېلىنى بۇددىزمغا كىرگۈزۈش تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن رىۋايەت تېخىمۇ ئەپسانىۋى تۈس ئالغان.



«سارىپۇترا ۋە پەلەك شاھ ۋايسىرۋانانىڭ دېڭىزنى قۇرۇتۇشى». تاڭ دەۋرىدە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 237-نومۇرلۇق ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان.

www.uyghurkitap.com كىتاب تورىبېكىتى



«پەلەك شاھ ۋايىسرۋانا ۋە ئىلاھە دېۋاكانىيا». ئۇ-دۇندا خانلىق قورۇلغاندىن كېيىن، ئىلاھە دېۋاكانىيا زېرا-ئەتنى باشقۇرغان. شۇڭا ئايىغى ئاستىغا بىر دۆۋە دان سى-زىلغان. تاڭ دەۋرىدە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 154-نومۇر-لۇق كېمىر ئۆيىنىڭ تېمىغا سىزىلغان.

## قەدىمكى ھۆججەتلەر يەتكۈزگەن ئۇچۇر

1976-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-يەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئەنياڭ خىز-مەت ئەترىتى ئەنياڭ شەھرىنىڭ شياۋ تۇن كەنتى يىن سۇلالىسى خارابىسىدىكى 5-نومۇرلۇق قەبرىدىن يەنى «فۇخاۋ قەبرىسى» دىن 400 دانىدىن ئارتۇق قاش-تېشى بۇيۇملارنى تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇمىلاق ئويۇلغان يالمان قاتارلىقلار بولۇپ، ئۆلچەش ئارقىلىق ئۇدۇندىن چىققىدىغان قاشتېشىدىن ئويۇلغان دەپ قارالدى. ئۇدۇن قاشتېشى «تارىخنامە»دە كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «قورۇم قاشتېشى» ياكى «يۇ جەمە-تى قاشتېشى» دەپ ئاتالغان.

ئۇدۇن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇپ ئاپىرىلىپ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇلارنى خاسىيەتلىك گۆھەر دەپ ئۇلۇغلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب ئەللە-رىگىمۇ توشۇپ ئاپىرىلغان. ئالىملار «يىپەك يولى» دىنمۇ بالدۇر شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يولنى «قاشتېشى يولى» دەپ ئاتىدى.



قاشتېشىدىن ئويۇلغان ئادەم. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنيياڭ شەھىرى يىن سۇلالىسى خارابىسىدىكى « فۇ-خاۋ قەبرىسى» دىن قېزىۋېلىنغان.



## ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا بايقالغان — «يۇملاققۇم» قەدىمىي شەھىرى

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى هازىرقى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالى، تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئۇيغۇرچە «يۇملاققۇم» دېيىلىدىغان بىر قەدىمكى شەھەرنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا «يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى» دەپ ئىسىم قويىدى.

شەھەر سېپىلى ئىككى قاتار توغراقنىڭ بادىرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇلغۇن شېخى قىستۇرۇلۇپ، سىرتى لاي كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز يېرى **11** مېتىر كېلىدۇ. جەنۇب ۋە شىمالدا دەرۋازىسى بار. شەھەر ئىچىدە ئالتە ئورۇندا ئىمارەت خارابىسى بار. يەر يۈزىدە قاتار رەتلىك تۈۋرۈكلەر بار. ساپال بۇيۇم، تاش قورال، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئۇششاق لازىمەتلىك قاتارلىقلار چېچىلىپ ياتىدۇ.



شەھەر سىرتىدا زىچ سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى بار. غول ئۆستەڭ شەھەرنىڭ غەربىدە بولۇپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ كونا قىنىغا يېقىن. ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە بۇ خارابىنىڭ دەۋرى تەخمىنەن ئەمنىيە دەۋرى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئەمەس.

قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدا قەدىمكى ئاھالىنىڭ قەبرىستانلىقى تېپىلدى. توغراق ياغىچىنى ئويۇپ جەسەت ساندۇقى قىلغان. ياكى تىك تۆت تەرەپلىك گۆرنىڭ ئىچ يېنىغا توغراق ياغاچلىرىنى



خوتەن قاشتېشى. ئاپپاق ۋە پاكىز بولۇپ خۇددى قوينىڭ يېغىغا ئوخشايدىغانلىرى قوي يېغسىمان قاشتېشى دېيىلىدۇ؛ يېشىلى قارا قاشتېشىغا كىرىدۇ.



سانجىپ ئاستى ۋە ئۈستىگە توغراق شېخىنى سېلىپ جەسەت ساندۇقى شەكىللەندۈرگەن. قىسمەن ياخشىراق ساقلانغان جەسەتلەر ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قوڭۇر چاچ، ئۇزۇن چېچى ئۆششاق ئۆرۈلگەن، ياڭاق سۆڭىكى تار ۋە كىچىكرەك بولۇپ، بەدەن بەلگىلىرى ياۋروپا ئىرقى خاراكتېرگە ئىگە. جەسەتكە باش كىيىم، يىرىك سىپتا يۇڭ رەخت ئىچ كىيىم، تېشىغا تېرە چاپان كىيدۈرۈلگەن، بەزىلىرىگە بەلباغ باغلاپ قويۇلغان، زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە كەيدۈرۈلگەن باش كەيىمى تۈز يوللۇق، يانتۇ يوللۇق يۇڭ رەخت بولۇپ، بەزىلىرىگە رەڭلىك گېئومېترىيەلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن، رەڭگى ھازىرمۇ ئۆچۈپ كەتمىگەن. ساپال كوزا، ھېجىر، ساپال چەينەكلەرنى ھەمدەپنە قىلغان. ياغاچ ئاياق، ياغاچ تارغاق، ياغاچ چاق، تاش چاق، مىس، تۆمۈر بېزەكلەر ۋە يېرىم پارقىراق مارجانلارمۇ تېرىۋېلىنغان. قېزىۋېلىنغان يولۋاس شەكلى ــ نەقىشلىك مىس بېزەك قويۇپ ، تەشمە نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان ، يولۋاس ئاغزىنى ئېچىپ، چەكچىيىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، يۇملاق ھالەتتە تۈگۈلۈپ تۇرغان، ئوتتۇرىسىدا بىر يۇملاق تۆشۈكى بار. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ بېزەك مۇراسىم جابدۇقىنىڭ ھالقىسى بولۇپ تاياققا ئورنىتىلغان. ئۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى.

يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ تېپىلىشى ئۇدۇندا شەھەر بارلىققا كېلىپ، مەدەنىيەتنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شەھەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننىڭ مۇساپە بەلگىسى، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يۇملاققۇم شەھىرى ھەرگىز ئۇدۇندا ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن شەھەر ئەمەس.



يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى جەنۇبىي سېپىلىنىڭ قوۋۇقى. ئېنىقلىغاندىن كېيىنكى ھالىتى ــ تىك تۇرغان توغراق ياغاچلىرى سېپىل گەۋدىسىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى.



يولۋاس شەكىل ــ نەقىشلىك مۇرا. سىم جابدۇقى ھالقىسى. دىيامېتىرى 5.6 سانتىمېتىر، يېرىم شارسىمان، قۇيۇپ ياسالغان. يولۋاس نەقىشلىك قىسمەن تەشمە. يۇملاققۇم قەدىمىي شەھىرىدىن تېرىۋېلىنغان.



بىر قۇلاقلىق تۇشۇكلۇك ساپال چەينەك. بۇ ئېگىزلىكى 13.5 سانتىمېتىر، قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال بولۇپ، قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىدا سۇ قۇيىدىغان تۇشۇكى بار. يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان.

# چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئۇدۇننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى

ئۇدۇنمۇ ئومۇمەن شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش تەخمىنەن ئۈچمىڭ يىللار ئىلگىرى بىرونزا دەۋرىگە كىرىپ، شەھەر بارلىققا كېلىپ مەدەنىيەتنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرگەن.

شۇ زامانلاردىكى كىشىلەر تاغ ئېتىكىدىكى سۇيى ۋە ئوت ـ چۆپى مول بولغان جايلاردا ۋە قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى تۇزلەڭلىكلەردە ماكانلاشقان. مەسىلەن، يۇملاققۇم شەھىرىدىكىلەر ساپال قاچىلارنى ئىشلەتكەن. نىسپىي مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرگەن. سۇغىرىش ئېرىق-ئۆستەڭلىرىنى ياسىغان، شەھەر ئىچى-سىر-



ساپال كوزا. ئېگىزلىكى 18.2 سانتىمېتىر، قۇم ئارىلاش قارا ساپال، يۈزىدە دۈگىلەك نەقىشلىرى بار. يۇملاققۇم قەدىمىي شەھىرىدىكى Hقەبرىستانىدىن چىققان.

www.uyghurkitap.com



بىر قۇلاقلىق ساپال چۆگۈن. ئېگىزلىكى 32 سانتىمېتىر، قۇم ئارىلاش كۈل رەڭ ساپال، قۇلقىنىڭ ئىككى يېنى ۋە بويىنىدا يېرىم ئاي شەكىللىك نەقىشلىرى بار. يۇملاققۇمدىكى H قەبرىستاندىن چىققان.



تاش پەنجە. ئۇزۇنلۇقى 29 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر؛ سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر؛ بىسىنىڭ كەڭلىكى 7 سانتىمېتىر. كېرىيە ناھىيەسىدىكى قارا دۆڭدىن تېپىلغان.

تىدا تاش ئورغاق ۋە ئاز ساندا تاش ياغۇنچاقلار ئۇچرايدۇ. گەمىلىرىدە بۇغداي، تېرىقلار ساقلانغان. شۇ چاغلاردا بىر قەدەر كۆلەملەشكەن يېزا ئىگىلىكى بار بولغان. قوي، كالا، تۆگە، ئات، ئىت قاتارلىقلارنى باققان، قوشۇمچە ئوۋچىلىقمۇ قىلغان. تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلاشقانلار، دەريا جىلغىلىرىدىكى ئويمانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقانلار دېھقانچىلىقنى ۋە چارۋىچىلىقنى تەڭ ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئۆتۈپ بولغان. چارۋىچىلىق تاغلىق ۋە ئېدىرلىق جايلاردا يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

كىشىلەر يۇڭ رەختتىن كىيىم كىيىدىغان بولغان، تۈز يوللۇق ۋە يانتۇ يوللۇق توقۇلمىلارنى توقۇپلا قالماستىن، گۈللۈك نەقىشلەرنىمۇ توقۇيالايدىغان بولغان. بۇ خارابىدىن كۆپلىگەن ياغاچ ۋە ساپال قاچا-قۇچىلارنىڭ چىقىشى ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بۇلارنى ياسىيالايدىغان بولغانلىقى، رودا داشقاللىرىنىڭ چىققانلىقى، مىس تاۋلىيالايدىغان ۋە مىس قوراللارنى ياسىيالايدىغان بولغانلىقى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىسقىسى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000-يىللارنىڭ ئىلگىرىسىدىلا ئۇدۇندا بوستانلىق سېپىللىك شەھەرلەر شەكىللىنىپ بولغان.



)قەبرىستانلىقدىكى 1- نومۇرلۇق قەبرە ئىنك گۆردىكى ئورەككە ئىككى ئادەم بىللە دەپنە قىلىنغان.

# جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلۈشى

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 220ـيىلى خەن گاۋزۇ لىۇباڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئەينى چاغدا غەربىي يۇرت ھۇنلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. خەن ۋۇدى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138ـيىلى جاڭ چيەننى گەن فۇ قاتارلىقلارنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا بېرىپ ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. چاڭ چيەن ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى باكتېرىيىگە باردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119ـيىلى جاڭ چيەن يەنە بىر قېتىم بۇيرۇققا بىنائەن ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيسۇن ئېلىگە باردى ۋە نائىب ئەلچىنى ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)، يۈمۈرۈل (ھازىرقى كېرىيە) قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى. بۇ خانلىقلار خەن سۇلالىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60ـيىلى، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. مەھكىمە ئورنى ئۇرلى (بۈگۈرنىكى چېدىر ) دا بولدى. غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇن غەربىي يۇرتتىكى باشقا رايونلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ تېررىتورىيەسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلدى.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئەمەلدار تەيىنلەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسەت ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يولغا قويغان. بىرلىككە كەلگەن پۇلنى ئىشلەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەدىمكى ئۇدۇن زېمىنىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ پۇلى ــ ۋۇجۇ يارمىقى كۆپلەپ تېپىلدى، 1975ـيىلى بىر قېتىمدىلا مەلىكاۋات خارابىلىقىدىن 45 كىلوگرام تېپىلغان. ئەينى چاغدا كىشىلەر ئېرىق كولاۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىر ساپال كوزا ئۇچراپ، ئىچىدىن لىق ۋۇجۇ يارمىقى چىققان.



ئۇجۇ يارمىقى. خوتەن ناھىيەسىدىكى مەلىكاۋات خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۇدۇن خاننىڭ دەۋرى يېزىلغان ئۇدۇن يېزىقـ-
دىكى تارىشا پۈتۈك. دامىكۇدىن تېپىلغان.





قېپى ئېچىلغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك

1900-يىلى ئەنگلىيەلىك ستەيىن نىيە خارابە-
لىقىدىكى N. Vنومۇرلۇق خارابىدا بىر تارىشا پۈ-
تۈكنى ئۇچراتقان بولۇپ، قاراسىياھتا خەنزۇچە:
«جىن خاندانىغا سادىق شىغاۋۇل، ئۇلۇغ كاھىبې-
گى، جىن خاندانىغا ئىخلاسمەن ئۇلۇغ بەگ، جىن
خاندانىمىزنىڭ يېقىنى پىشامشان، كىنگىت، كۇ-
سەن، سۇلى، ئۇدۇن خانلىرىغا يارلىق» دەپ يې-
زىلغان. بۇ جىن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ پەرمانى
بولۇپ، پەرماندا يېزىلغان «جىن سۇلالىسىغا سادىق
شىغاۋۇل، ئۇلۇغ كاھىبەگ، جىن خاندانىغا
ئىخلاسمەن ئۇلۇغ بەگ» دېگەنلەر جىن سۇلالىسى-
نىڭ پىشامشان، كىنگىت، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن
خانلىرىغا بەرگەن ئۇنۋان نامى بولۇپ، جىن
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ شۇ چاغ-
دىكى شىنجاڭدا ئاقدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مىلادىيە 5-، 6- ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدا ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكتە جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر
تىركىشىپ تۇرغاندا، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي مۇ-
ھىم تۈگۈنى بولغان ئۇدۇننىڭ ئىگىلىكى مۇئەييەن
دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، سۈي سۇلالىسى زاما-
نىغا كەلگەندە ئۇدۇندا چوڭ شەھەرلەر بەش، كىچىك شەھەرلەر نەچچە 10غا، پايتەختىنىڭ دائى-
رىسى سەككىز-توققۇز چاقىرىمغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ تەسىرى-
گىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان. تۈيغۇن (ئازار)، جورجان ۋە سىرتتىن كەلگەن ئېفتالىت (ئاق
ھۇن) قاتارلىقلار پاراكەندە قىلغان. مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن،ئۇدۇن كۆك
تۈركلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنغان بولسىمۇ، «ئۇنىڭ خانى خەن ۋۇدىدىن بۇيان جۇڭ-
گو ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىق-دەستەكلىرىگە ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن».

مىلادىيە 7-ئەسىرنىڭ بېشىدا تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. مىلادىيەنىڭ 647-يىلى ئۇدۇن خانى
فۇدۇشىن (ۋىيساراكىرىت) تاڭ پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە يار-
دەم بەرگەن. تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇندا مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغان؛ ۋايسارا



خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە قوش يېزىقتىكى تارىشا پۈتۈك. چىرا دامكۇدىن تېپىلغان.

تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، تۇتۇق بېگىلىكىنى كۆپىنچە ئۇدۇن خانى ئۆتىگەن. بەش ئايماق تەسىس قىلىپ، كېيىن 10 ئايماققا كۆپەيتكەن.

1991 ـ يىلى چىرا ناھىيە دامكۇدىن شەكلى ۋە ياسىلىشى ئوخشاش تۆت تارىشا پۈتۈك چىققان. ئۇنىڭ ئىككى يۈزىگە قارا سىياھتا خەنزۇچە ۋە ئۇدۇنچە خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، ئاۋۋال خەنزۇچىسى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇدۇنچىسى يېزىلغان. ئاستىدا كېسىكى بار. ئۇنىڭدا كەييۈەن 15 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 727 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلاردىكى باج ـ سېلىق يىغىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن.

7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن تۇبۇتلەر ئۇدۇنغا بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئۇزاق پۇت تىرەپ تۇرالمىغان. 790 ـ يىلىدىن كېيىن ئاندىن تولۇق كونترول قىلغان. تىبەتچە «دۇنخۇاڭ يىلنامىسى» دا چىسۇڭ دېزەننىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيەلەپ «بۇ خاننىڭ زاماندا مولۇشسۇ رۇمۇشا لەشكەر باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇننى ئىشغال قىلىپ، خەلقنى ئەمىن قىلىپ ئۇلاردىن سېلىق ئالدى» دېيىلگەن. خوتەن رايونىدىن شۇ زاماننىڭ يالدامىلىرىدىن مەسىلەن، مازار تاغدىن خەت ـ چەك ۋە رەسىم قاتارلىقلار تېپىلدى.



خەنزۇ يېزىقىدىكى تىلخەت. دەندانئۆيلۈكتىكى خارابىلىقتىن تېپىلغان.



مازار تاغ خارابىلىقى ـ تۇبۇت ئەسكەرلىرى تۇرغان قورغان.



مازار تاغدىن چىققان قەغەز رەسىم، ئۈستىدە تۈبۈتچە خەت بار.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇدۇن خانى فۇدۇشىن (ۋىيسارا كىرتى) ئەلچىدىن سوۋغات ئەۋەتكەن. چاڭئەنگە ئىككى قېتىم بارغان. تاڭ تەيزۇڭ ئۇ دەپنە قىلىنغان جاۋلىڭ قەبرىستانلىقىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 14 سەردارىنىڭ تاش ھەيكىلىنى ئويدۇرغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە فۇدۇشىنمۇ بار. ئۇ تەيزۇڭ خانىنىڭ دەپنىسىگە قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. تاڭ گاۋزۇڭ فۇدۇشىنغا ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر باش سانغۇنى، ئوغلى يېخۇ دىيەنگە شىرمەت چەۋەندەز ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنى مەرتىۋىسىنى بەرگەن ۋە نۇرغۇن مال-مۈلۈك، بىر يۈرۈش قورۇ ئىنئام قىلغان. فۇدۇشىن چاڭئەندە ئۇزاق تۇرۇپ قالغاچقا ئورنىغا فۇدۇشيۇڭ (ۋىيسارا ساڭرام) تەختكە ئولتۇرغان. كېيىن ئۇ ۋايسرا تۇتۇق بېگىلىكىگە تەيىنلىنىپ ئورنىغا ئوغلى فۇدۇجىڭ (ۋىيسارا ۋىكرام) خان بولغان. كېيىن ۋىيسارا فۇ شىجەن، فۇدۇدا، فۇدۇگۇي، ۋىيساراشىڭ (ۋىيسارا سامبخاۋا)، ۋىيساراياۋ (ۋىيساراۋاخام) قاتارلىقلار مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خانلىققا تەيىنلەنگەن. ۋىيسارا سامبھاۋا ئۇدۇن تارىخىدىكى مەشھۇر خان بولۇپ، 755-يىلى «ئۆڭلۈك-سۈيگىن توپىلىڭى» يۈز بەرگەندە تەشەببۇسكارلىق بىلەن 5000 ئەسكەر باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئۇدۇننىڭ خەن دەۋرىدىن بۇيانقى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى

## قەدىمي قەبرىستانلىق ۋە قەدىمي ئاھالە

1983ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1984ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 14 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سامپۇل دېگەن جايدا 52 قەدىمىي قەبرە، ئىككى ئات ئورىكىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىق قازدى. 1992ـ يىلى ۋە 1996ـ يىلى يەنە 18 قەبرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ جايلىشىش دائىرىسى كەڭرەك، قەدىمىي قەبرە بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، توپ دەپنە قىلىش ئاساس قىلىنغان قەبرىستانلىق رايونى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى بىر كىلومېتىرچە كېلىدۇ؛ ھەر بىر قەبرىگە كۆپىنچە ھاللاردا بىر قانچە ئادەم، نەچچە ئون ئادەم ھەتتا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بىللە دەپنە قىلىنغان. مەسىلەن 1ـ نومۇرلۇق قەبرىگە 133 ئادەم، 2ـ نومۇرلۇق قەبرىگە 146 ئادەم قويۇلغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4ـ ئەسىرگىچە، تەخمىنەن خەن دەۋرىدىن شەرقىي جىن دەۋرىگىچە توغرا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن. بولۇپمۇ دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ سۆڭىكىنى باھالاش ۋە ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈش كىشىلەرنى قەدىمكى ئۇدۇنلىكلەرنىڭ چىراي-تۇرقىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.



(سولدىكى) سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن چىققان جەسەتنىڭ كومپيۇتېردا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى كۆرۈنۈشى (ئاستىدىكى) سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.



تۇتاش تەنلىك نەقىشلىك ياغاچ ئويما. ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 7.8 سانتىمېتىر. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە ئۇ مۇراسىم ۋاسىتىلىرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەن.

سامپۇل ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى ئۇزۇن لېكىن تار، يۈز سەتھى كۆرۈنەرلىك چوقچايغان (بۇرنى ئېگىز)، بۇرۇن تۈۋى مۇناسىپ ئولتۇرۇشقان. ئالىملار ئۆلچىگەن بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ باش سۆڭىكى ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ياۋروپا ئىرقىنىڭ ھىندى-ئافغان تىپىنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

بەزى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە، قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار ساكقا كىرىدىكەن. بەزى جەھەتتە ئەللىك ئالىملار تىلغا ئالىدىغان ساك نامى، كۆپىنچە ھاللاردا ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ سۆڭىكى ياۋروپا ئىرقىنىڭ ھىندى-ئافغان تىپى دەپ بېكىتىلسە، ئۇلار توخرىلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇدۇن زېمىنىدا چياڭلار (羌人) مۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

## زىرائەت تېرىشنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان، مېۋە-چېۋە كۆپ چىققان

خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇدۇننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە قىلىنغان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: ئۇدۇن ئېلىنىڭ «يەرلىرى زىرائەت تېرىشقا باب كېلىدۇ، ئۈجمە ئۆستۈرىدۇ، كەندىرمۇ تېرىيدۇ، تاغلىرىدىن ياخشى قاشتېشى چىقىدۇ. ياخشى ئات، تۆگە، قېچىرلار بار» دېيىلگەن. «سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىمۇ: ئۇدۇن ئېلى «كەندىر، بۇغداي، تېرىق، شال، مېۋە-چېۋىلەرنى كۆپ ئۆستۈرىدۇ. باغۋاراڭلار كۆپ، تېغىدىن ياخشى قاشتېشى چىقىدۇ» دېيىلگەن. «لياڭنامە. غەربىي شىمالدىكى رۇڭلار تەز

www.uyghurkitap.com

كىرىسى»دە: «ئۇدۇن ئېلىنىڭ يەرلىرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قۇمساز ۋە شېغىللىق، هاۋاسى شال، بۇغداي تېرىش، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز، كۆكتاتلىرى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوخشاش»، دېيىلگەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تۆمۈر قورال ۋە ياغاچ قوراللارنى تەڭ ئىشلەتكەن.



ياغاچ دەستىلىك تۆمۈر ئورغاق. ئورغاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1 سانتىمېتىر. بۇ هازىر بىزگە مەلۇم بولغان شىنجاڭ دائىرىسىدىكى دەۋرى بالدۇرراق بولغان، تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ بىرى.



ياغاچ پەنجە



تېرىق نېنى



هايۋان سۆڭەكلىرى. ئۈچ پۇتلۇق خونجا ئاياققا سېلىنغان بولۇپ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى

لوپ ناهىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن ئۈن يېمەكلىكلىرىمۇ چىققان، نان يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن خالتىغا سېلىنغان. يېمەكلىكلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپى تېرىق نېنى بولۇپ، يۇملاق، دىيامېتىرى 10سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2-، 3 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىسى بىر ئاز ئولتۇرۇشقان، هازىرقى نانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكى بولۇشى مۇمكىن. قوي، ئات قاتارلىق هايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنىمۇ گۆرگە قويۇپ قويغان

بولۇپ، ۋاقت ئۇزارغانسېرى چىرىپ سۆڭەكلىرىلا قالغان. گۆش يېمەكلىكلىرى كىشىلەر تۇرمۇ- شىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، چارۋىچىلىقمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان. مېۋىلىك دەرەخلەر دائىم ئۇچرايدۇ. ئۆرۈك مېغىزى، بادام، ياڭاق ۋە ئۈزۈم ئۇرۇقى قاتارلىقلار چىققان. خوتەندە نەچچە يۈز يىلدىن ئاشقان ئۈزۈم، ئەنجۈر، ياڭاق قاتارلىق دەرەخلەر ھېلىمۇ ئۆسۈپ تۇرماقتا.

## كىيىنىشى

ئۇدۇندا ئىشلەپچىقىرىلغان يۇڭ توقۇلما ۋە يىپەك رەختلەرنىڭ تارىختىن بۇيان داڭقى بار. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى يۇڭ توقۇلمىلار كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى بولغان. پىلە بېقىش، يىپەك تارتىش، يىپەك توقۇش تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە پاختا توقۇمىچى- لىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يىپەك ۋە پاختا، كىيىم-كېچەكلەر ۋە ئاساسىي كىيىم-كېچەك- لەرنىڭ ماتېرىيالى بولغان.

سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن چىققان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى، ئۆلگۈچى- نىڭ ھايات چېغىدا ئادەتتە كىيىدىغان كىيىم-كېچەكلىرى ۋە بىر ئاز ھەمدەپنە قىلىغان بۇيۇملار بولۇپ، تۈرى كۆپ، رەڭگى ئوچۇق، توقۇش تېخنىكىسى بىر قەدەر يۇقىرى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز ساندا يىپەك توقۇلمىلار ۋە پاختا رەختلەرمۇ چىققان.



يۇڭ يوپكىنىڭ بىر قىسمى. سامپۇلدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق- تىن قېزىۋېلىنغان.

ئەرلەر ئۇزۇن ۋە قىسقا چاپان، ئىش- تان كىيگەن، چاپانلار ئىچىدە يۇمىلاق ياقى- لىق، پوسىمىلىقلىرى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ھۇشۇقا تېگىدۇ. ئەر- لەرنىڭ كىيىدىغان ئىشتىنىنىڭ كۆپىنچىسى پانۇس شەكىلدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇچلۇق قىزىل چەكمەن قالپاق. ئېگىزلىكى 26 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىيامېتىرى 28 سانتىمېتىر.

پۈشقىقى، بەل ئايلانمىسى كەڭ، ئېغىزى پۈرمىلەنگەن.

ئاياللىرى ئۇتاش يوپكا كىيگەن بولۇپ، يوپكىلار كۆپۈنچە ھەر خىل رەڭدىكى يۇڭ توقۇلمىلاردىن توغرا يوللۇق كىرىشتۈرۈپ تىكىلگەن.

ئەر ۋە ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن ئۆتۈك كىيگەن، ئۆتۈك خۇرۇمدىن ئەستىرى كىگىزدىن تىكىلگەن، پىيما، كىگىز پايپاقلارمۇ بار.

ساماپۇللۇقلار چېچىنى ياكى ئۆرۈۋالغان ياكى تۇرمەللىۋالغان، باش كىيمى كەيگەن، ئەرلىرى چېچىنى تۇرمەللىۋېلىش ياكى بىر تاللا قىلىپ ئۆرۈشنى ئاساس قىلغان. ئاياللىرى كۆپ تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان. باش كىيىمىنىڭ پاسونىمۇ كۆپ، تۆپىسى يۇملاق، سوقۇچاق، كۇرە شەكىللىك، كانايسىمانلىرى بار. كىگىز ، چەكمەن قالپاق ۋە توقۇما باش كىيىملەر بار.



كىگىز ئەستەرلىك كۆن ئاياغ. ئۇزۇنلۇقى 17.5 سانتىمېتىر. بوغۇچلۇق.



«پانۇس» شەكىللىك ئىشتان. ئۇزۇنلۇقى 75 سانتىمېتىر، پۇچقاق ئېغىزى 12 سانتىمېتىر. سىدام چەكمەندىن تىكىلگەن.

تاڭ دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ-زىنەتلىرىنى ساگراملارنىڭ تېمىغا سىزىلغان تېۋىنغۇچىنىڭ ئۇستىبېشىدىنمۇ كۆرەلەيمىز: ئەر چېچىنى گەدىنىگىچە قويۇپ قىرقىتقان، ياكى يۇملاق تۆپىلىك باش كىيىم كەيگەن. ئۇچىسىغا قاپلىما ياكى ئۇدۇل پەشلىك قارىلىق كىيىمى كەيگەن بولۇپ، يېڭى تار، ياقا ئۇچى ۋە ئالدى ئېتىكى جىيەكلىك. بېلىگە بەلباغ باغلىغان، پىچاق، شارپا، ھەميان، چاقماق تاش قاتارلىقلارنى ئاسقان. ئايال چېچىنى ئېگىز تۇرمەللىۋالغان ياكى ئۆرىگەن. كىيىنىشى ئالاھىدە بولۇپ «V» شەكىللىك ئۆرە ياقىلىق، بەل تاسمىسى بار چاپان كىيگەن، كانايسىمان ئۇزۇن يېڭى بار. پۈتكۈل كىيىم-كېچەكلىرىگە كەڭ جىيەك تۇتۇلغان.



ئەسلىدە ئاق چەكمەن كىيىم. ئۇزۇنلۇقى 61 سانتىمېتىر، دولىسىنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر. يۇملاق ياقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك ئېغىز ئېچىلغان. ئاقۇچ كۆك شايى جىيەك تۇتۇلغان. ئاستىغا چاك قويۇلغان. دولىسىغا بېزەك يىپ تىكىلگەن.





بۇ ئىككى يۇڭ توقۇلما قېزىۋېلىنغان چاغدا «پانۇس پاسونى» دىكى ئىشتاننىڭ ئىككى پۇتىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچى بولۇپ، ئۆلگۈچىگە كىيگۈزۈپ قويۇلغان.



خوتەن ناھىيەسىنىڭ بوزاق يېزىسىدى-
كى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن چىققان جەسەت-
نىڭ پۇتىدىكى قىزىل شايى تەگلىك گۈل
كەشتىلەنگەن ئاياغ، بەش دەۋر زامانىغا
توغرا كېلىدۇ.



چىرا ناھىيە بالاۋاستى ساگرام خارابىسىدىكى تېۋىن-
غۇچى دەۋر زامانىدىكى ئۇدۇنلۇقلەرنىڭ كىيىنىش ۋە زى-
بۇ-زىننەت ئىشلىتىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تام
رەسىمى. رېتى: ئوغۇل بالا، ئەر، ئايال. تاڭ ۋە بەش
سۇلالە دەۋرىدىكى خوتەنلىكلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، زى-
بۇ-زىننەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قوشام ئۆيلەردە ئولتۇرغان، شەھەر بىنا قىلغان

تارىخنامىلەردە قەدىمكى ئۇدۇندا شەرقىي شەھەر ۋە غەربىي شەھەر دەپ ئىككى شەھەر بار دەپ قەيت قىلىنغان بولۇپ، «خەننامە. غەربىي يۇرت (قۇرىغار) تەزكىرىسى» دە: «شەرقىي ۋە غەربىي شەھەر باشلىقى تەسىس قىلىنغان، مەركىزى خوتەن شەھىرى»، دېيىلگەن. كېيىنكى تارىخىي مەنبەلەردە «پايتەختى غەربىي شەھەر دېيىلىدۇ، ئۆي-ئىمارەت، رەستىلىرى بار» دېيىلگەن. يەنە بۇ شەھەرنى «دائىرىسى سەككىز-توققۇز چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. خان ئوردىسىغا رەڭلىك رەسىملەر سىزىلىپ، بەك ھەشەمەتلىك بېزەلگەن. ئۇدۇندا «چوڭ شەھەر بەش، كىچىك شەھەر نەچچە ئون» بولغان. قەدىمكى ئۇدۇننىڭ مەركىزىي شەھىرى يەنى تارىخنامىلەردە ئېيتىلغان «غەربىي شەھەر» نىڭ جايلاشقان ئورنى توغرىسىدا كۆپچىلىك مۇھاكىمە قىلىشىپ، بىردەك پىكىرگە كېلەلمىدى.



دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 454-غارىدىكى تام سۈرەتتىكى ئۇدۇن شەھىرى. سۇڭ دەۋرىگە تەئەللۇق.

لوپ ناھىيە بازىرىغا غەربىي شىمالدىن 17 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق گىرۋىكىدىكى ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرىنىڭ سېپىلى، يۇملاققۇم قەدىمىي شەھىرىنىڭ سېپىلى بىلەن ئوخشاش ئەمەس، بۇ سېپىل كېسەكتىن سېلىنغان بولۇپ، ھازىر ئۇزۇنلۇقى 105 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.6 مېتىرچە، قېلىنلىقى 1.8 مېتىر كېلىدىغان بىر بۆلۈكى ساقلىنىپ قالغان. ئەگمە شەكىللىك. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەسلىدىكى سېپىل يۇملاق بولۇپ، دىيامېتىرى 305 مېتىر، سېپىلنىڭ كۇنگۇرىسى بار. يۇقىرىسىدىكى كىچىك چاسا تۆشۈكلەرنى قاراۋۇللۇققا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؛ شەرقىي قىسمىدا قوقتا ئىزى باردەك قىلىدۇ. چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان چوڭ كېسەكلەرگە بەلگە ئويۇلغان بولۇپ، T، U، E، ⏀، # قاتارلىقلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كوچا-كويلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

ئاقسىپىلدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار كۆپرەك بولسىمۇ كۆپىنچىسى سۇنۇق پارچىلار بولۇپ، ساپال بۇيۇم، مىس ئورغاق، مىس مۆھۈرلەر بار. پۇللار ئەڭ كۆپ بولۇپ ۋۇجۇ يارمىقى،



لوپ ناھىيەسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرىنىڭ سېپىلى

خەنزۇچە-قارۇشتىچە ئىككى يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇللار بار. ئەڭ كېيىنكى پۇللاردىن سۇڭ دەۋرى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۇللار بار. ئۇنىڭ كۆلىمى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ شەرقىي شەھىرىمۇ بار بولغانمىدۇ؟

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كېرىيە ناھىيەسىدىكى قارا دۆڭدە ئىككى ئورۇندىكى ئاھالىلار ئولتۇراق ئۆيىنىڭ خارابىسىنى ئېنىقلىدى. بۇنىڭدىن شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنى «سىرىش تام (لاي سۇۋاق قوشام تام)» قىلىپ سالغانلىقى مەلۇم بولدى. يەنى ئاۋۋال چاسا ياغاچنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ رامكىسىمان ئۇل ھاسىل قىلغان، ئاندىن ئۇل چاسا ياغاچنى تېشىپ، ئەركەك ۋە چىشى تۇرۇملاش ئۇسۇلىدا توغراق ياغاچلىرىنى يونۇپ رەتلىك كىرگۈزۈپ تامنىڭ تۈۋرۈكى قىلىپ ئۆينىڭ ئاساسى رامكىسىنى قۇرۇپ چىققان ۋە ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆگزە رامكىسىنى قۇرۇپ چىققان. ئاندىن بۇ تۈۋرۈكلەرگە دەرەخ شېخى ۋە قومۇشلارنى توقۇپ ئاخىرىدا ئۈستىگە لاي سۇۋاپ تامنى پۈتكۈزگەن. ئۆيلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ئەمەلىي ئېھتىياجقا قاراپ لايىھىلەنگەن.



↑ ياغاچ ئەندۈۋا. شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ يادىكارلىقى. كېرىيە ناھىيەسىدىكى قارا دۆڭ خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

بۇنداق «قوشام تام» سېلىش ئۇسۇلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدە كەڭ تارقالغان. چەترەك رايونلاردا ھازىرمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئۆي سالىدۇ.



كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قارا دۆڭ خارابىلىقىدىكى ئولتۇراق ئۆي. ۋېي-جىن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

## ياغاچنى ئويۇپ (قىرىپ) قاچا-قومۇچلار ياسىغان



سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان كاسا ۋە ياغاچ چۆمۈچ

قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار ئايىاقنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن. سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن چىققان ياغاچ قاچا-قۇچىلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1984-يىلى 1-، 2- نومۇرلۇق قەبرىدىنلا 100 دىن ئارتۇق چىققان. بۇلار ئاساسەن تاماق قاچىلىرى بولۇپ ئاياق، چۆچەك، ياغاچ قەدەھ، ياغاچ تەخسە، ئەمبەل، ياغاچ قوشۇق، سوغا، كاناي، ياغاچ كۈپ قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، شەكلىمۇ ھەرخىل، ياغاچ پەتنۇس-تەخسىلەرنىڭ يۇمىلاق، سوقىچىقى بار. بۇنىڭدىن باشقا، ياغاچ تاغاق، سۈزگۈچ، پەرداز قۇتىسى، قۇتا، ياغاچ ھاسا قاتارلىقلارمۇ بار.

سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ قورالالارنىڭ يۈزىدىكى ئىزنالاردىن قارىغاندا دەۋرى بالىدۇرراق بولغان ياغاچ قوراللارنى ياساشتا چېپىش، ئويۇش، ھەرىدەش، يونۇشنى ئاساس قىلىپ، شەكىلگە كەلتۈرگەندىن كېيىن سىلىقداپ پارقىراتقان. تەخمىنەن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاددىي قىرىش ستانوكى بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇن ياغاچ سايمانلار قىرىپ ياسىلىدىغان بولغان.



بىر قۇلاقلىق ياغاچ قەدەھ. ئېگىزلىكى 12.6 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 17.8 سانتىمېتىر. سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



مۈڭگۈز قوشۇق. 20 سانتىمېتىر. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان.

يۇمىلاق ياغاچ تەخسە. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان.



ياغاچ ئاياقلار. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان.



L شىرە. ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 12.5 سانتىمېتىر. تۆت پۇتى هايۋان تۇيىقى شەكىللىك. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



سوغا شەكىللىك
ياغاچ ئويما. ئېگىزلىكى
18 سانتىمېتىر ، كەڭلى-
كى 9 سانتىمېتىر، خو-
تەن شەھىرىدىكى
گۈلۋاغ قەدىمىي قەب-
رىستانلىقىدىن قېزىۋې-
لىنغان. ←

→ ياپقۇچلۇق
ياغاچ قۇتا. ئېگىزلىكى
21.5 سانتىمېتىر،
دىيامېتىرى 11.9 سان-
تىمېتىر. ئايلاندۇرۇپ
قىرىپ سىپتا ياسىغان.
يۈزى سىلىق. بەش
دەۋر زامانىغا تەئەل-
لۇق. بۇزاق قەدىمىي
قەبرىستانلىقىدىن قې-
زىۋېلىنغان.





سوغا. ئېگىزلىكى 12.8 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 9.2 سانتىمېتىر. قىرىپ ياسىغان. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



رەڭلىك سىزىملىق سوغا. ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 5.5 سانتىمېتىر. يۇملاق ياغاچتىن ئويۇلغان. قارا سىياھتا ئۈچ بۇرجەك گۈل چىقىرىلغان. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان.

## نەپىس ياسالغان ئۇدۇن ساپال قاچا-قۇچىلىرى



بىر قۇلاقلىق ساپال كوزا. ئېگىزلىكى 22.7 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 12 سانتىمېتىر قولدا ياسالغان. قارا چاپان سىرلىش، سامپۇلنىڭ بالدۇرقى مەزگىلدىكى ساپال قاچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.



ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كوزا. ئېگىزلىكى 45 سانتىمېتىر، قۇلىقىغا ئادەمنىڭ باش ھەيكىلىنى چاپلاپ چىقارغان. قورسىقىدىكى چاپلىغاندەك چىقارغان مارجان نەقىش ئىچىگە ئادەملەر ئوبرازىنى تۇشقۇزغان. تەخمىنەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان يادىكارلىق.

ساپال بۇيۇملار يېڭى تاش قورالالر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مۇھىم تۇرمۇش قورالى بولغان. ياساش ھۈنەر-سەنئىتىمۇ دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان. بۇ ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئەينەن ئىنكاسى. ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇش سۈپىتىدە ھەتتا دەۋرنى پەرق ئېتىشنىڭ مۇھىم ئاساسى.



ساپال چەينەك. ئېگىزلىكى 16.5 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر. لوپ ناھىيە سوغۇققۇمدىن قېزىۋېلىنغان.



باغ چەگمە قۇلاقلىق ساپال كوزا. قارا چاپان سېلىنغان. ئېگىزلىكى 11.8 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 8.5 سانتىمېتىر. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ساپال بۇيۇم.



باغ چەگمە قۇلاقلىق كوزا. ئېگىزلىكى 29 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 9.5 سانتىمېتىر. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلارنى كۆزەتكەندە، ئۇلار قۇم ئارىلاش ساپال بولۇپ، قولدا ياسالغان. كۆپىنچىسى سىيدام، ئاز ساندىكىلىرىگە چاپان سېلىنغان. سېغىز توپىنىڭ تەركىبىدىكى ئېلېمېنت ۋە ئوتنىڭ تېۋى ئوخشاش بولمىغاچقا، ساپالنىڭ رەڭگىمۇ پەرقلىق بولغان.





شارىر (جەسەت كۈلى) كوزىسى. ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، دۈمبىسىگە ئادەم يۈزى ۋە گۈل بەرگى نەقىشلەر چاپلىما قىلىپ چۈشۈرۈلگەن، قورسىقىدىكى نەقىشلەر بولسا مارجان تىزما نەقىشلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





باغ قولاقلىق پوكمە قوساق ساپال كوزا. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.





بىر قولاقلىق ساپال كوزا. ئېغىزى تەخسىسىمان، سىرىق چاپان سىرلانغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق.

ساپال خۇمرا. ئېگىزلىكى 16.5 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دىيامېتىرى 13.5 سانتىمېتىر. چاقتا ياسىغان. دولىسىغا كۆندىلەك بېزەك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەئەللۇق بۇيۇم.



بىر قۇلاقلىق چاپلىما گۈللۈك شارىر (جە-
سەت كۈلى) كوزىسى. ئېگىزلىكى **26** سانتىمېتىر،
دىيامېتىرى **11** سانتىمېتىر. خوتەن ناھىيەسىدىكى
لاگرۇ خارابىلىقىنىڭ ئەتراپىدىن چىققان بولۇپ،
ئىچىگە شارىر قاچىلانغان. شىمالىي سۇلالىلەر —
تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق.



بىر قۇلاقلىق ساپال ئۈزىق. بەش
دەۋر — سۇڭ دەۋرىگە تەئەللۇق، خوتەن
ناھىيەسىدىن قېزىۋېلىنغان.



ساپال كۈپ. ئېگىزلىكى 78 سانتىمېتىر. قېزىپ
ئېلىنغاندا ئىشلىتىپ سۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇس-
تەھكەملىگەن ئىزناسى بار. ۋېي-جىن دەۋرلىرىگە
تەئەللۇق. قارا دۆڭ خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كوزا. ئېگىزلىكى **14.5** سانتىمې-
تىر. قۇم ئارىلاشما ساپال. مۈرە قىسمىدا چاپلىما قوي باش
بېزىكى بار. ۋېي-جىن دەۋرلىرىگە تەئەللۇق. قارادۆڭ
خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى www.uyghurkitap.com



ساپال چىراغ. ئېگىزلىكى 3.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇق دىيامېتىرى 11 سانتىمېتىر، بەش دەۋر — سۇڭ دەۋرىگە تەئەللۇق، لوپ قارىقاش ياۋا تېرەكتىن قېزىۋېلىنغان.



بىر قۇلاقلىق جۇغلىق ساپال چۆگۈن. ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر، بەش دەۋر — سۇڭ دەۋرىگە تەئەللۇق، چىرا ناھىيەسى سايباغدىن قېزىۋېلىنغان.



قوش باغ ياپىلاق چۆگۈن. ئېگىزلىكى 26 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 7 سانتىمېتىر. بەش دەۋر — سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق. لوپ ناھىيە سوغۇققۇمدىكى قەدىمي قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان.



جۇغلىق ساپال چۆگۈن. ئېگىزلىكى 34 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 12 سانتىمېتىر. بەش دەۋرگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيە بۇزاقتىكى قەدىمي قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان.



قوش باغ ئۆتكۈزگۈچلۈك ساپال چوگۇن. ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىر. بوينى ۋە دولىسىغا پاراللېل سىزىق ۋە دولقۇن نەقىش ئويۇلغان. بەش دەۋر — سۇڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى بالىماس خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

سامپۇل قەدىمى قەبرىستانلىقىدا ئا-
ياللارنىڭ جەستى،
كۆپىنچە پەرداز بۇ-
يۇملىرى، بۇلار ئا-
ساسلىقى پەرداز قۇ-
تىسى، خالتا، تارغاق،
كۆرگۈ (ئەينەك)،
قاش قەلىمى قاتارلىق
ھەمدەپنە بۇيۇملىرى
بىلەن بىللە كۆمۈل-
گەن. بۇ ئاسارە-ئەتىقىلەركۆر-
كەم ياسالغان بولۇپ ئۆزگىچە-
لىككە ئىگە.



«تۇرمۇشتا قولاي-
لىق، ئەتىۋارلىق» مىس
كۆرگۈ. دىئامېتىرى 6.2
سانتىمېتىر. سامپۇل قە-
دىمى قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان.



سىرلىغان سۈزگۈچ. كەڭلىكى 7.4 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر، 61 چىشلىق. ياسىلىش شەكلى ۋە سىرلىشىدىن قارىغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى چۇ بەگلىكىدە ياسالغان. سامپۇل قەدىمى قەبرىستانلىقىدىن چىققان.

www.uyghurkitap.com



ئۇتقۇچلۇق قوش بېلىق نەقىشلىك مىس كۆرگۈ. دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىر. سۇڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



تارتىش بۇيۇملىرىنى سالىدىغان پەلەك قاپچۇق. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



كىمخاپتىن تىكىلگەن تارغاق ۋە كۆرگۈ خالتىسى. ئۇزۇنلۇقى 21 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، يىپەك توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن، ئىچىدە ئىككى كىچىك خالتا بار بولۇپ بىرىگە تارغاق، بىرىگە كۆرگۈ سېلىنغان. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

## مەدەنچىلىك ۋە قۇيمىچىلىق

ئۇدۇننىڭ مەدەنچىلىكى (مېتالچىلىقى) توغرىسىدا تارىخنامىلەردا مەلۇماتلار ئاز. «لىياڭنامە. غەربىي شىمال روڭلىرى ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇدۇن ئېلىدىكىلەر مىس بۇيۇملارنى قۇيۇشقا ئۇستا» دېيىلگەن. خوتەن ناھىيەسىدىن يىغۋېلىنغان بۇ مىستىن قۇيۇلغان بېزەكنىڭ يۇملاق تەگلىكىدە بىربىرىگە دۈمبىسىنى قالىپ تۇرغان ئۈچ پالۋان بېلىنىڭ يۇقىرىسىنى ئېچۋەتكەن. كالتە ئىشتان كەيگەن، ئىككى قولىنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ كۆتۈرگەن. بېشىدا يوپۇرماققا ئوخشايدىغان تەشمە نەقىشلىك بېزەكنى كۆتۈرگەن. ياساش ھۈنىرى چولتا.



مىس بېزەك. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26.5 سانتىمېتىر. ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر. قۇيۇپ پەرچىنلىگەن. خوتەن ناھىيەسىدىن يىغۋېلىنغان.





↑ كىچىك مىس پىچاق. ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر. ئاقسىپىل خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان. خەن دەۋرىگە تەئەللۇق.

← مىس قوشۇق. سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 9 سانتىمېتىر. كېرىيە قارا دۆڭ خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

www.uyghurkitap.com



تۆمۈر توقا. ئۇزۇنلۇقى 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

**1959**ـ يىلى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقچى تاغلىق رايونىدىن بىر قەدىمكى مەدەنىيلىك خارابىسى ۋە ئۇنىڭدىن پۈۋلەش نەيچىسىنىڭ سۇنۇقى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېغىزىنى ئېتىۋەتكىلى ئۇزۇن بولغان ئۆڭكۈردىن قىزدۇرغان تۆمۈر ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغان تاش ئىسكىنە ۋە تاش بولقىنىڭ تېپىلىشى، ئەينى چاغدا ئۇدۇندا مەدەنىيلىكنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تاش قوراللاردىن پايدىلىنىپ كان ئېچىش تېخمۇ بالدۇر، يەنى مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بارلىققا كەلگەن.

## رەڭگا ـ رەڭ يۇڭ توقۇلمىلار

تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە: بۇ ئەلدىن «زىلچا، سېپتا كىگىز چىقىدىكەن» ۋە «چەكمەن كىيىم، جۇۋا كىيىدىكەن» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى يۇڭ توقۇلمىلار ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ بىردىنبىر كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى بولغان. خەن دەۋرىگە كەلگەندە كىشىلەر يۇڭ توقۇلمىلارنى كىيىم ـ كېچەك ۋە بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلغان. لېكىن توقۇلمىلارنىڭ تۈرى كۆپەيگەن، توقۇش تېخنىكىسىمۇ ئۆسكەن، نەقىشلىرى نەفىس، رەڭگى كۆركەم بولغان.





يېشىل تەگلىك بۇغا نەقىشلىك كەشتە. ئۇزۇنلۇقى 38 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر. بۇغىلار كېتىۋاتقان، تۆت تۇياقلىق، چوڭ مۈڭگۈزلۈك، قانتى بارھالەتتە كەشتىلەنگەن. سامپۇلدىن چىققان.(ئالدىنقى بەتنىڭ ئاستىدىكى رەسىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يۇڭ يىپنى قولدا ئېگىرىش ئاساس قىلىنغان. ساپال ئۇرچۇقتىن پايدىلىنىپ يۇڭ يىپنى «Z» يۆنىلىشلىك ئەشكەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قولدا چۆرۈپ ئېگىرىدىغان چاق بارلىققا كەلگەن.



قوڭغۇر - سېرىق كاتەكچە يوللۇق چەكمەندىنىڭ پارچىسى. ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، تۈز يوللۇق توقۇلما. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



رەڭلىك يوللۇق توقۇلما بەلباغ. ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. رەڭگى كۆركەم. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

يېشىل تەگلىك، ئاتلىق ئوقيا ئېتىۋاتقان كۆرۈنۈش كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما (پارچىسى). كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر. بۇغا كېتىۋاتقان، تۆت تۇياقلىق، چوڭ مۈڭگۈزلۈك، قاناتلىق ھالەتتە كەشتىلەنگەن. سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان.



بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان كەشتىلىك توقۇلمىلارغا ئاساسەن يوپكىغا تىكىلگەن بېزەك بەلبېغى بولۇپ، تەگ توقۇلما پۈتۈنلەي سىدام، ئارقاق ئۆتكۈزۈش ۋە پەنجە ئۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق رەڭگا-رەڭ نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلىرى ۋە بۇغا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار، دەرەخ، ئوت-چۆپ، گۈل-چېچەك قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن. ئۇلاردا يەنە تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن تاغ، ھەرە چىشى شەكىللىك گېئومېترىيەلىك گۈل نۇسخىلىرىمۇ بار.



كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما پارچىسىنىڭ كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، قىزىل تەگكە ھەرە چىشسىمان سىزىقلار كەشتىلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەتلەسكە بەك ئوخشايدۇ. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



→ مەخمەل ئەدىيال. تەخمىنەن خەن دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى مەلىكئاۋات خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



← يوپۇرماق گۈللۈك ئىگەر يوپۇق. ئۇزۇنلۇقى 76 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 74 سانتىمېتىر. تۆياق قىسىش ئۇسۇلىدا تۆت چېگىلگەن، تۆت بۇرجىكىگە پۆپۈك چىقىرىلغان. مەزمۇت، گۈللىرى رەتلىك، ئۇ شىنجاڭنىڭ تۆتىلىق ئەدىيالنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ئەمەلىي بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى 2-نومۇرلۇق ئات ئورىكىدىن قېزىۋېلىنغان.

↓ قوش باشلىق يىلان تېنى چۈشۈرۈلگەن كەشتە. قالدۇق پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 55 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر. سىيدام چەكمەنگە قىزىل،سېرىق، توق قىزىل، كۆك، جىگەر رەڭ قاتارلىق رەڭلەردىكى يۇڭ يىپتا دولقۇنسىمان جىيەك ۋە قوشباش يىلان تەنلىك ھايۋاننىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن.



يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كەشتىلىرىمۇ بەك كۆركەم بولۇپ، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان تەۋەررۈكلەردىن قارىغاندا ئاساسەن گۈل-نەقىشلەر تىكىپ ئاخىرىنى تۈگۈش ئۇسۇلىدا كەشتىلەنگەن.

قىسقىسى، يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۇدۇننىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى قول سانائىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن گىلەم ھازىرمۇ دۇنياغا داڭلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى



«يىپەك يولى» نىڭ كۆرسەتمە خەرىتىسى

## يىپەك يولى

ئېلىمىزنىڭ چاڭئەن ياكى لوياڭ شەھىرىدىن چىقىپ خېشى كارىدورى، تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، كۆكئارت (پامىر) ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ غەربىي ئاسىياغا، ئاخىردا ئوتتۇرا(ئاق) دېڭىزنىڭ شەرقىگە يېتىپ بارىدىغان بۇ يول «يىپەك يولى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى يەتتە مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، يەر شارى ئېكۋاتورىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ قاشتېشى، يىپەك، تۆمۈر قورال، سىرلانغان بۇيۇملىرى، فارفور بۇيۇملىرى ۋە قەغەز تېخنىكىسى قاتارلىقلار مۇشۇ يول ئارقىلىق غەربكە تارقالغان؛ غەرب ئەللىرىنىڭ ئەينەك، خۇشبۇيلۇق، گۆھەر، ئۈزۈم قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق جۇڭگوغا ئېلىپ كېلىنگەن. جۇڭگونىڭ كۇڭزىچىلىق، تەرىقەتچىلىك قاتارلىق پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرى ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەر ئارقىلىق غەربكە تارالغان؛ بۇددىزم، زارۇ ئاسترىزم، مانىي دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقالغان. جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ماددىي ئەشيالار ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ئەگەشىپ، ئۇدۇن شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى جۇغلىنىدىغان جايغا ئايلانغان ۋە مۇشۇ ئالماشتۇرۇش داۋامىدا ئۇدۇن مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلغان.

## قەدىمكى ئۇدۇندا قوللىنىلغان يېزىقلار

يېقىنقى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ئۇدۇندا مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى بىر قانچە ئەسىردە قارۇشتى يېزىقى كەڭ تارقالغان. بۇ يېزىق دەسلەپتە ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. كېيىن كۇشان خانلىقى ئۇنى قەندىھار تىلىنى خاتىرىلەشكە ئىشلەتكەن. لېكىن، ئۇدۇنلۇقلار قوللانغان سانسكرىت يېزىقىدا ساك تىلى ئامىللىرى بار.



ئولتۇرغان ھالەتتىكى مىس بۇت. ئومۇمىي ئېگىزلىكى 42 سانتىمېتىر، سىرىق مىستىن كەشمىردە قۇيۇلغان، چىرا كونا دامكودىن قېزىۋېلىنغان.



ئاقسىپىلدىن قېزىۋېلىنغان ئوتتۇرىسىغا تۆگىنىڭ رەسىمى بېسىپ چۈشۈرۈلگەن خەنزۇچە-قارۇشتىچە ئىككى يېزىقتىكى پۇل. دىيامېتىرى 2 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ.



تەگلىككە ئويۇلغان بىراھما يېزىقى.



خەنزۇچە-قارۇشتىچە يېزىقتىكى پۇل.



گۈل بېسىلغان پاختا رەخت. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

خوتەن ۋىلايىتىدىن يىغىۋېلىنغان خەنزۇچە-قارۇشتىچە ئىككى يېزىقتىكى پۇل ۋە ئۇنىڭ چوڭايتىلغان رەسمى.





نىيە ناھىيەسىدىكى ئەندىرە خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تىلخەت. ئۇنىڭدا ئۇدۇن خانىنىڭ يىلى يېزىلغان.

5- ئەسىرلەردە ھىندى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىراھمى ھەرپىدە ئۇدۇن تىلى خاتىرىلەنگەن بىر تىلنى تىلشۇناسلار، ئۇدۇن — ساك تىلىنىڭ بارلىققا كېلىپ راۋاجلىنىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشتى، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ئۇنى، «قەدىمكى ئۇدۇن تىلى» دەپ ئاتىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب شۈەنزاڭمۇ: ئۇدۇنلۇقلار « ھىندىستاننىڭكىگە تەقلىد قىلىنىپ، شەكلى ئازراق ئۆزگەرتىلگەن يېزىقنى قوللىنىدىكەن» دەيدۇ. خەنزۇ تىل- يېزىقىمۇ قوللانغان، 9-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان.



ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا ئايىتى.



دەندانئۆيلۈكتىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇ يېزىقىدىكى تىلخەت.



خوتەن ۋىلايىتىدىن قېزىۋېلىنغان قە-
دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت-چەك.

## يىپەك - ئۈجمىچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى



شەرقىي ئەل مەلىكىسىنىڭ يىپەك ئۇرۇقىنى ئېلىپ كىرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ياغاچ تاختىغا سىزىلغان رە-
سىم. تاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. چىرا دەندانئۆيلۈك خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

يىپەك بېقىپ يىپەك تارتىش، يىپەكتىن رەخت توقۇش ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. قە-
دىمكى يۇنانلىقلار ئېلىمىزنى «سېرېس» ← يىپەك ئېلى ــــ ← دەپ ئاتىغان. يىپەك خەن
دەۋرىدە غەربكە تارقالغان بولۇپ، كېيىن يىپەكچىلىك تېخنىكىسى ۋە كۆپىتۇرمە گۈل چىقىرىش
ئۇسكۇنىسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە رىم قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. يىپەك يولىنىڭ
مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان ئۇدۇن 2-، 3-ئەسىرلەردە يىپەك-ئۈجمىچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە
تارقىلىشىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىغان.

ئەجدىھا ۋە سۇمۇرغ چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ خالتىنىڭ پارچىسى. ئۇزۇنلۇقى 12.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7 سانتىمېتىر. خەن دەۋرىگە تەئەللۇق. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.





ساپال پىلە قۇرتى، ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان.



پىلە غوزىسى. ئۇزۇنلۇقى 4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر. يۇقىرى تەرىپىدە پىلە كېپىنىكى چىشلەپ يىرتقان ئىزناسى بار. قاراقاش ناھىيەسىدىكى قۇمرابات خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



جىگەررەڭ تەگلىك، ھايۋان يۈزى، تام رەسىملىك كىمخاپ. بۇ قالدۇق پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.3 سانتىمېتىر. ھايۋان يۈزى بىلەن تام نۆۋەتلەشتۈرۈپ تىزىلغان. چۆرىسىگە ئۆرە تۇرغان بىر قوينىڭ رەسمىنى توقۇپ قويۇشى بەك قىزىقارلىق.



قىزىل تەگلىك ئاق چاسا گۈللۈق بويىما يىپەك شارپا (پارچە-
سى.) شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەئەللۇق. ئۆرۈش ۋە ئارقاق يىپ-
لىرىنى پىششىق ئىشىپ توقۇپ ئاندىن سىزما گۈلنى باسۇرۇپ تۆرۈپ
بوياپ گۈل چىقىرىش، ئۈدۈن يىپەك توقۇلمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى.
كېرىيە ناھىيەسىدىكى قارا دۆڭ خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



قوڭۇر تەگلىك،
مانىي مەرۋايىتى
چۇشۇرۇلگەن كىمخاپ
ياغلىق. ئۇزۇنلۇقى
22.5 سانتىمېتىر.
كەڭلىكى 17 سانتىمې-
تىر. بۇزاق قەدىمي
قەبرىستانلىقىدىن قې-
زىۋېلىنغان.



قىر يوللۇق ئاق گۈللۈك چوڭ يوتقان-
نىڭ بىر قىسمى. ئۈستىگە ئالتۇن ياپراقچە
چاپلىغان بولۇپ پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۈدۈن-
لۈكلەرنىڭ توقۇلمىلارنى زىننەتلەشتىكى بىر
ئۇسۇلى. بوزاق قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

بۇ يىپەك توقۇلمىلار ئىچىدە مانىي مەرۋايىتى رەسمى چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ ئەڭ نەفىس. بۇ مۇرەككەپ توقۇلمىلىق بۇيۇم بولۇپ، چىگراق ئىشلىگەن سېرىق يىپەك يىپنى ئۆرۈش يىپ قىلىپ، قوڭۇر ئاق سېرىق، ئاق، كۆك ئارقاق يىپلاردىن ئارىلاش توقۇلغان. قوڭۇر تەگكە مانىي مەرۋايىتىنىڭ رەسمىنى چۈشۈرگەن. بۇنداق كىمخاپ توقۇش تېخنىكىسى ئىلمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ۋە سۇڭ دەۋرىدە كەڭ ئومۇملاشقان (مودا بولغان).

## يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى



يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۇدۇنىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى قول سانائىتى بولۇپ، خەن دەۋرىدىلا ئۆزگىچىلىككە باي قول ھۈنەر-سەنئىتى شەكىللەنگەن.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بەزىلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئۇسلۇبىغا ئىگە توقۇلمىلاردۇر. مەسىلەن: «ئاتلىق پالۋاننىڭ ئاسما رەسمى»نى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يۇڭ توقۇلمىمۇ سىدام تەگنى ئاساس قىلىپ ئۆرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ ئارقاققا پەنجە ئۇرۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان كەشتىلىك بۇيۇم بولۇپ، گۈل نۇسخىسى ۋە تېخنىكىسىدىن قارىغاندا سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان سىدام كەشتىلىك توقۇلمىلارغا ئانچە ئوخشىمايدۇ. پېرسوناژ ئوبرازى ۋە چەمبىرەكتىن قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان يادىكارلىقلىرىدا ئىپادىلەنگەن پېرسوناژ خاراكتېرىغا ئوخشايدۇ. بۇ كەشتىلىك توقۇلما، يىپەك يولى ئارقىلىق كىرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا توقۇلمىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئاتلىق پالۋاننىڭ ئاسما رەسمى. ئۇزۇنلۇقى **116** سانتىمېتىر، كەڭلىكى **84** سانتىمېتىر. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغاندا «پانۇس» ئىشتان قىلىپ تىكىپ، ئۆلگۈچىگە كىيدۈرۈپ قويۇلغان.



→ قوش ئار-قاق توقۇلمىلىق يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىككەن تارغاق ۋە ئەينەك خالتىسى. ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.2 سانتىمېتىر، سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



← قىزىل تەگلىك، توق يېشىل يولىغا كېپىنەك كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما (بىر قىسمى). سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



→ قىزىل تەگ، توق يېشىل يولىغا يوپۇرماق كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما. سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

سامپۇلدىن يەنە سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان، توق يېشىل يولىغا گۈل كەشتىلەنگەنگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يۇڭ توقۇلمىلارمۇ چىقتى. گۈل نۇسخىلىرىدىن ئۈسۈملۈك، گۈل-چېچەك نۇسخىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، هايۋانات نەقىشلىكلىرىمۇ ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ.

خوتەندە يەنە خەن دەۋرىنىڭ پاختا بۇيۇملىرىمۇ تېپىلدى. بۇنىڭغا سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن گۈللۈك كۆك پاختا رەختنى مىسال كەلتۈ-

كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



توق يېشىل يوللۇق يۇڭ توقۇلما (بىر قىسمى) سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

رۇشكە بولىدۇ. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە يىپەك، پاختا توقۇلمىلار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. شۇڭا تاڭ راھىبى شۆەنزاڭ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ «كۆپىنچىسى يېرىك شايى ۋە پاختا رەختىلەردىن كىيىم كىيىدىكەن» دېگەن.

## خانلىق نەغمە-نەۋانى قەدىرلىگەن، خەلقى ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن بولغان

تاڭ راھىبى شۆەنزاڭ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ قايتاشىدا خوتەندىن ئۆتكەندە «خانلىق نەغمە-نەۋانى قەدىرلىگەن، خەلق ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن ئىكەن» لىكىنى كۆرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىلا ئۇدۇن ناخشا-مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقالغان. «غەربىي ئاستاندىن پارچە-پۇرات خاتىرە» دە خاتىرىلىنىشىچە، چى ئاغىچا خېنىم خەن گاۋدىغا ھەمراھ بولۇپ، 7-ئاينىڭ 7-كۈنى بەيزى كۆلىگە كەلگەندە ئۇدۇن نەغمىلىرىنى ئورۇنلىغان. سۈي دەۋرىدىكى ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ئىچىدە «ئۇدۇن بۇددا كۈيى» نىڭ بىر مەھەل داڭقى چىققان. تاڭ



ئەرش نەغمە-ناۋاسى. سولدىكىسى ئىككى قولى بىلەن جېڭ چېلىپ تەڭكەش قىلىۋاتىدۇ. ئوڭدىكىسى توغرا نەي چېلىۋاتىدۇ. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



دەۋرىدە چاڭئەندە بىر مۇنچە ئۇدۇن نەغمىچىلىرى بولغان، بۇلارغا ۋېيسارا چىن، ۋېيساراكان قاتارلىق مەشھۇر نەغمىچىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ۋېيساراكان ناخشا ئېيتىش ۋە بالىمان چېلىشقا ئۇستىلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

ئىككى مايمۇننىڭ نەغمە قىلىشى. ئىككى مايمۇن يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چاڭنى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويغان. سولدىكىسى نەي چېلىۋاتقان، ئوڭ تەرەپتىكىسى قولىنى ئېغىزىغا قويۇپ ئىسقىرتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



مايمۇنلارنىڭ نەغمە قىلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن ساپال پارچىسى. ئېگىزلىكى 1.6ـ2.5 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

نەغمە قىلىۋاتقان ساپال مايمۇنلار. ئېگىزلىكى 2.2ـ2.5 سانتىمېتىر. ھەممىسى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان، بەزىلىرى دۇمباق، بەزىلىرى پىپا، بەزىلىرى تىزما نەي چېلىۋاتقان بولۇپ ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



www.uyghurkitap.com



پىپا (بەرباب) چالغۇچى. ئېگىزلىكى 11.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.5 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى بالىماس خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



ساپال چوراڭ. شىمالىي سۇلالىلەر ــ تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. قاراقاش ناھىيەسىدىكى قۇمرابات خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



قەدىمكى ئۇدۇن دائىرىسىدىن بىرمۇنچە ساز چېلىۋاتقانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. مەسىلەن: قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى قۇمرابات خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال چوراڭ ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىدە ئىككى تۆشۈكى، ئاستىقى ئۇچىدا بىر پۈۋلەش تۆشۈكى بولۇپ، ھازىرمۇ چالغىلى بولىدۇ.



پىپا چېلىۋاتقان كۆرۈنۈشلۈك ساپال پارچىسى. خوتەن ناھىيە لاسكۇيدىن قېزىۋېلىنغان.

## بارا-بارا سۇسلاشتۇرۇپ رەڭ بېرىپ، كۆپۈنگۈ-پېتىنغۇ قىلىپ سىزىش ئۇسۇلى



ئۇدۇن رەسىمچىلىقى ئىلىمىزنىڭ ھۈ-
نەر-سەنئەت تارىخىدا خېلى زور شان-شۆھ-
رەت قازانغان، ئۇدۇن رەسىملىرىنى سىزىدى-
غانلار «ئۇدۇنچە رەسىم سىزغۇچىلار» دەپ
ئاتالغان. ئۇلار ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قا-
تارلىق جايلارنىڭ بارا-بارا سۇسلاشتۇرۇپ
رەڭ بېرىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ سىزىقچە رەسىم سىزىش
ئۇسلۇبىنى سىڭدۈرۈپ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئا-
مىللىرىنى كىرگۈزۈپ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى شە-
كىللەندۈرگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە «چوڭ-كىچىك ۋىي-
سارالار» (visa) ئەڭ داڭق چىقارغان، چو-
ڭىنىڭ ئىسمى ۋىيسارا ۋازىكېنا بولۇپ، سۈي
سۇلالىسى دەۋرىدە لوياڭدىكى ئوردىغا تەكلىپ





رەققاسنىڭ سۈرىتى. ۋىيسارا ئىراسانگا سىزغان رەسىمنىڭ تەقلىدىي كۆچۈرمىسى. ھازىر چەت ئەلدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

قىلىنغان. ياقا يۇرتلۇقلار ۋە بۇددا رەسىملىرىنى سىزىشتا داڭق چىقارغان. كىچىكىنىڭ ئىسمى ۋىسارائىراسانگا بولۇپ ئۇدۇن خانى تەرىپىدىن خان ھۇزۇرىدا رەسساملىق كارامىتىنى كۆرسىتىشكە تەۋسىيە قىلىنغان. تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىشىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنى سەنئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ۋىسارائىراسانگانىڭ رەسىملىرى ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. چەت ئەلگە ئەچىقىپ كېتىلگەنلىرىدىن «رەققاسىنىڭ سۈرىتى» قاتارلىقلارنى كېيىنكىلەر تەقلىدىي كۆچۈرۈپ سىزغان.

## ئەسەۋۋۇرغا باي ئۇدۇن ساپال ھەيكەلچىلىكى

ئۇدۇننىڭ ھەيكەلچىلىكى ئاساسەن ياغاچ ئويما، لاي ھەيكەل، ساپال ھەيكەل ۋە ئاز ساندىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقىدىن ئىبارەت. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ئويما قۇش بېزەك، خوتەن شەھىرىنىڭ گۇلباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ئويما ئادەم ھەيكىلى، ئۇدۇنلۇقلەرنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۇدۇن ساپال ھەيكەللىرى مۇشۇ زېمىندىكى ھەممە خارابىلىقتىن چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1976-يىلى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان ئادەم باشلىق-كالا باشلىق ساپال سۇ قۇيغۇدا ئورا كۆز ۋە قاڭشارلىق، قويۇق بۇرۇت ۋە چىرايلىق ساقاللىق بوۋاينىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇ تېپىلغۇسىز سەنئەت بۇيۇمى.

ئادەم باشلىق ـــ كالا باشلىق سۇ قۇيغۇ. ئېگىزلىكى 19.5 سانتىمېتىر. ئېغىزى يۇملاق، سۇ چۈشىدىغان تۆشۈكى ئىنچىكە ۋە ئىچى كاۋاك. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.





بوۋاينىڭ ساپال باش ھەيكىلى. ئېگىز-
لىكى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8 سانتىمېتىر.
تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن نـاھىيەسـ-
ىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



ھايۋان يۈزى نەقىش-
لىك ساپال پارچىسى. تـاڭ
دەۋرىگە تـەئەللۇق. يـوت-
قاندىن قېزىۋېلىنغان.



ئادەم يۈزى نەقىشلىك ساپال پارچىسى. تاڭ دەۋرىگە تەئەل-
لۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



قىز بالىنىڭ ساپال ھەيكىلى. خوتەن يوت-
قاندىن قېزىۋېلىنغان.



ئايالنىڭ ساپال ھەيكىلى. ئېگىـزلىكى 3.8 سـانتىمې-
تىر، خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.

ئۇدۇننىڭ ساپال ھەيكەللىرى كۆپ ۋە ھەرخىل. لېكىن، كىچىك بولۇپ چوڭى 20 سانتىمېتىر-دىن ئاشمايدۇ، كىچىكى 3 ~ 2 سانتىمېتىرلا كېلىدۇ. بىر ساپال چەينەك ئاران 2.2 سانتىمېتىر كې-لىدۇ. تۇرىدىن قارىغاندا ئادەم ھەيكىلى، ھايۋان ھەيكىلى ۋە نەقىشلەر بار. ئادەملەر ئىچىدە ئەر ئادەملىرى، قېرىلار، باللار ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ نىقابلانغانلارنىڭ ھەيكىلى بار؛ ھايۋانلاردىن مايمۇن، ئات، تۆگە، يولۋاس، پىل، كالا، ئەجدىھا، قۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەيكىلى بار. خوتەن نا-ھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغانلىرى ئەڭ كۆپ. ئۇلار ئارىسىدا يۇمىلاق ئويما، چاپلىمىلىق ھەيكەللەر بار.



يىرتقۇچ ھايۋان نەقىشلىك سا-پال پارچىسى. ئېگىزلىكى 6 سانتىمې-تىر، خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق.



ساپال ئات. تەن ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



ئەجدىھا نەقىشلىك ساپال پارچى-سى. ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋ-رىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.





ساپال قۇش. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.

ساپال تۆگە. ئۇزۇنلۇقى 6 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



كالا باشلىق سۇ قۇيغۇچ. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



ساپال مايمۇن. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



مايمۇن يۈزلۈك ساپال ھەيكىلى. ئېگىزلىكى 2.2 سانتىمېتىر. ئەسلىدە ئەسۋاب جابدۇقى. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



ھەر خىل ھايۋان يۈزى چۈشۈرۈلگەن ساپال-نىڭ پارچىسى. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



كىچىك ساپال خۇمرا. ئېگىزلىكى 3.1 سانتىمېتىر. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



كىچىك ساپال خۇمرا. ئېگىزلىكى 2.2 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



بىر قۇلاقلىق كىچىك ساپال كوزا. قۇلىقىدا بىر مايمۇن ئولتۇرۇقلۇق. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



ئالتۇن ئۆردەك. ئېگىزلىكى 2.9 سانتىمېتىر. ئۇزۇنلۇقى 3.3 سانتىمېتىر. ئېغىرلىقى 495 گرام. تاك دەۋرىگە تەئەللۇق. قېلىپتا بېسىپ قۇيۇلغان. خوتەن ناھىيەسىدىكى يوتقاندىن قېزىۋېلىنغان.



قاشتاش مايمۇن. ئېگىزلىكى 7 سانتىمېتىر، مايمۇن زوڭزىيىپ ئولتۇرغان. سول قولىدا بىر كىچىك مايمۇننى قۇچاقلىۋالغان، مۈرىسىدە يەنە بىر كىچىك مايمۇننى كۆتۈرگەن.



مىس شىر. ئېگىزلىكى 5.5 سانتىمېتىر. خوتەن ناھىيەسىدىكى بالىماس خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇددا دىنى تەڭرىگاھىنىڭ شان-شەۋكىتى

## بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىشى

ئۇدۇن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى بۇددا مەركەزلىرىنىڭ بىرى. بۇددا دىنى بۇ يەردە پادىشاھ قالدۇرغان ئىلاھىي بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى تارلىق يۇقىرى تەبىقىدىكى هۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلۇغلىشى ۋە ئاۋامنىڭ ئېتىقاد قىلىشىغا ئىگە بولغان. ئۇدۇنمۇ بۇددا دىنى ساھەسىدە يۇكسەك ئابرۇي تېپىپ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان. بۇددا دىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىرلەردە ھىندىستاندا مەيدانغا كېلىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 80-يىللاردا ئۇدۇنغا تارقالغان.

ئۇدۇندا خەلق ئارىسىدا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ھېكايىلەر تارقالغان بولۇپ، خەنـ



ئۇدۇن خانىنىڭ بۇددانى ئىززەت-ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلغانلىق رەسمى. رەسىمدە ئۇدۇن خانى يېڭى سالغان بۇتخانىنىڭ ئالدىدا نۆۋكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن بۇددانى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى 454- غارغا سىزىلغان.

زۇچە «لوياڭ ساڭرامىلىرى خاتىرىسى»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ۋە تىبەتچە «ئۇدۇننىڭ ۋىياكاراناسى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ ئوخشاش بىر رىۋايەت سۆزلەنگەن: «ئۇدۇن خانى ئەسلىدە بۇددا ئەھكاملىرىغا ئىشەنمەيدىكەن، بىر سودىگەر ۋايىروچانا ئىسىملىك بىربىكسۇ (قەلەندەر راھىب) نى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆرۈك دەرىخى ئاستىغا باشلاپ كەپتۇ. خاندىن ئۆزىنىڭ بۇ قىلغىنىنى كەچۈرۈشنى تىلەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ خاننىڭ كەيپى ئۇچۇپتۇ، لېكىن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ۋايىروچاناخانغا: بۇددا سىزنى مۇنار ۋە ساڭرام ياسىسىكەن دەپ مېنى قېشىڭىزغا ئەۋەتتى. مۇشۇنداق قىلسىڭىز پادىشاھلىقىڭىز مەڭگۈ روناق تاپقۇسى، دەپتۇ. ۋايىروچانا قوڭغۇراق چېلىپ بۇددانى خەۋەرلەندۈرگىنىكەن، بۇددا راخولارنى ئۆزىنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپ ئەۋەتىپ هاۋا بوشلۇقىدا جامالىنى كۆرسىتىپتۇ. خان دەرھال يۈكۈنۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۆرۈك دەرىخى ئاستىدا مۇنارلىق ساڭرام سالدۇرۇپتۇ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن بۇددانى تەكلىپ قىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇددا ئەھكاملىرىغا ئەقىدە باغلاپتۇ ۋە بۇددىنى روناق تاپقۇزۇپتۇ.»



بىزگە ئەڭ بالدۇر بايقالغان بۇددا نومى — ئۇدۇندا قارۇشتى يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «دارمالار دەستۇرى»

مىلادىيە 400-يىلى مۆتىۋەر راھىب فاشيەن ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە ئۇدۇنغا كەلگەندە، بۇ ئەلدە 14 چوڭ ئىبادەتخانا بارلىقىنى، ئۇدۇن خانىنىڭ بۇددا دىنىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» دە بۇ ئەلدىكى بۇت سەيلىسىنى بايان قىلىپ: «تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن شەھەردىكى كوچىلار سۇ چېچىپ تازىلىنىدىكەن، كوچىلار ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىدىكەن، شەھەر


中間日如來所有命前世智生死智非妙可
念如佛漏盡智聲聞辟支佛亦念何故佛漏
盡智立力非聲聞辟支佛耶答曰佛漏盡智
亦於妙如來身中所有漏盡智其性猛利若
緣煩惱煩惱即斷聲聞辟支佛漏盡智不猛
利故數數緣煩惱煩惱乃斷譬如二人斫樹
一人勇健如用利斧一人怯劣又用鈍斧彼
俱斫樹而勇健以利斧者疾非怯劣以鈍斧
斫者彼亦如是非以自身所有漏盡智名為
力令彼衆生得漏盡故名力世尊知此衆生
以善進道能盡漏此衆生以樂速道能盡漏
是故名力

阿毗曇毗婆沙卷第五十三

龍朔二年七月十五日右衛將軍鄯國公府
[illegible]與僧道爽及鄯縣省緣知識等
敬於雲際山寺潔淨寫一切
尊經以此福田上資
皇帝皇后七代父母及一切法界蒼生
[illegible]
[illegible]
之道
此經即於雲際上寺常住供養
[illegible]
[illegible]

قوۋۇقلىرىغا زور پەردە ـ چىملدىقلار ئېسىلىپ، ھەشەمەتلىك، كۆركەم بېزىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچـىدە خان ۋە رەپىقىسى، كېنىزەكلىرى تۇرىدىكەن.» بۇت سەيلىسىدە «تۆت چاقلىق بۇت ھـارۋىسى» ياسىلىدىكەن... «بۇت ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك تۇرغـۇزۇلىدىكـەن. ئىككـى پوسا ئۇنـى قوغداپ تۇرىدىكەن؛ مالا ئىكلەر خىزمىتىدە بولـىدىكەن.» بـۇت ھارۋىسى قـوۋۇققا يۈز قـەدەم قالغاندا «خان تاجىنى ئېلىۋېتىپ، يېڭى كىيىم كىيىپ، كۆجە تۇتقان ھالدا قوۋۇقتـىن يالاڭ ئايـاغ مېڭىپ چىقىپ بۇتنى قارشى ئالىدىكەن، ئېسىل كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا سەجدە قـىلىدىكـەن»، «بۇت قوۋۇقتىن كىرگەندە خانىش ۋە كېنىزەكلىرى چاچقۇ چاچقىنچە پەسكە چۈشۈپ بۇتقا تەزىـم قىلىدىكەن. بۇت سەيلىسى مۇشۇ تەرىقىدە 14 كۈن داۋاملىشىدىكەن. خان ۋە رەپىقىسى ئانـدىـن ئوردىغا قايتىدىكەن» دېگەن.

## بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇندە راۋاج تېپىشى

«ۋېينامە»، «جوۋنامە» ۋە «مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسـى» قاتارلـىقلاردا 5 ـ، 6 ـ ئەسىرـلەردىكى ئۇدۇندە بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان كاتتا مەنزىرە: «بۇددىزم ئەقىدىسى بۇ ئەلـدىكـلەر بۇددا ئەھكاملىرىغا چوقۇنىدىكەن، ساڭرام، مۇنار، راھىب ـ راھىبەلەر كـۆپ ئىكەن، بـۇ ئەلنـىڭ خانى ئىخلاسمەن بۇددا مۇرتى ئىكەن. خانى تېخىمۇ ئىخلاسمەن بولۇپ، ھەر بىر پـەرھىز كۈنـى ساڭرامنى ئۆزى سۈپۈرۈپ، سۇ چاچىدىكەن ۋە سەدىقە تاماق بېرىدىكەن»دەپ خاتىرىلەنگەن.

مىلادىيە 644 ـ يىلى شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن قايتاشىدا خوتەنگە كەلگەندە خان «ئۆزى ئالدىـغا چىقىپ كۈتۈۋالغان» ۋە «راھىب، پۇقرالار بىلەن بىللە نەغمە ـ نـاۋا قىلىـپ، كۆجە كۆيـدۈرۈپ



ملڭ بۇتلار. 8-ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق.



بۇددا سىياقىغا كىرىش. ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر. 8-ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەر-
گە تەئەللۇق.



دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 9- غارىغا سىزىلغان مۇقەددەس جاي كالا باش تاغ ساگرامى. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق.

يولنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ كۇ-
تۇۋالغان.» شۆەنزاڭ خوتەندە يەتـ-
تە، سەككىز ئاي تۇرۇپ ماھايانالار-
نىڭ سۇدۇر خەزىنىلىك نوم ۋە ئا-
بدارما خەزىنىلىك نوملىرىنى دائىم
تەپسىر قىلغان، بىر كېچە-كۈندۈز
تۆت ساستىرانى رېتى بويىچە چۈشەن-
دۈرۈپ تەشۋىق قىلغان، خان راھىب
ۋە پۇقرالار بىلەن بىللە تەپسىرنى ئىتا-
ئەت قىلىپ ئاڭلىغان. كۈندە نەچچە
مىڭ كىشى تەپسىر ئاڭلىغىلى كەلگەن.»
شۆەنزاڭ ئۇدۇندىن يولغا چىققاندا خان
يەنە «نۇرغۇن پۇل-پۇچەك، ئو-
زۇق-تۈلۈك يوللۇق تۇتقان.»

www.uyghurkitap.com

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئۇدۇن ئېلى بۇددا دىنىدىكى نۇرغۇن قوغدىغۇچى ئىلاھلارنىڭ ھىمايىسىگە نائىل بولغان. بۇددا كاسىياپا دۇنياغا كەلگەندە ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا بەك ئىخلاسمەن بولغان. كاسىياپانىڭ شارىرى (گوسىرنىگا⟨كالا باش تاغ ـــ كوھمارىم⟩)دىكى قۇتلۇق جاي بىلەن گوماتى (قۇمات) بۇتخانىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئانچە كىچىكرەك بىر تاغ جىلغىسىغا قويۇلغان.

ساكيامۇنى باقىي دۇنياغا سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى لىڭجيۇشەن تېغىدا «دىپانكارا شىرىجنامە» نى بايان قىلىپ بولۇپ، ھەمراھلىرىنى باشلاپ گوسىرنىگا تېغىغا ئۇچۇپ كېلىپ يەتتە كېچە-كۈندۈز بەندىلىرىگە بۇددىزمدىن ۋەز ئېيتقان... بۇنىڭدىن ئۇدۇننىڭ بۇددىزمدىكى يۇقىرى ئورنىنىڭ لىڭجيۇشەن تېغى بىلەن باراۋەر تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



گوسىرنىگا (كوھمارىم) دىكى بۇددا ھەيكىلى. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 9-غارىغا سىزىلغان.

ئۇدۇنلۇقلار، بۇددا نوم-سۇترالىرىنى ئۆزلىرى تۈزگەن، ئۇلار تۈزگەن نوم - سۇترالارنى بۇددا ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان.

ئۇدۇن ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىنى ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇددا دىنىنى روناق تاپقۇزغان.



ئۇدۇن تىلى - يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا نوم - سۇتراسى



مىس بۇت بېشى. 2-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

ئۇدۇندە دەسلەپتە ھىنايانا (كىچىك كولۇڭگۇ) مەزھىپى بۇددىزىمغا خان قاتارلىقلار ئېتىقاد قىلغاچقا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. كېيىن ماھايانا ئۇدۇندا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. 644-يىلى شۋەنزاڭ ئۇدۇنگە كەلگەندە خان ئۇنى «ھىنايانالارنىڭ سارۋاتا ساڭرامىغا ئورۇنلاشتۇرغان» بولۇپ، بۇنىڭدىن ھىنايانالارنىڭ سارۋاستىۋادا مەزھىپىنىڭ مۇئەييەن تەسىر كۈچى بارلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.



رەڭلىك بۇتنىڭ بېشى. 7-، 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. چىرا دامىكۇدىن قېزىۋېلىنغان.

بۇددا دىنى بىلەن قەدىمكى رىۋايەتنى بىرلەشتۈرۈش ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ بىر زور ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇدۇننىڭ تارىخىي ئۇزۇن، قەدىمكى رىۋايەتلىرى كۆپ، مەسىلەن: خانلىق قۇرۇش، خانلىق نامى... ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بۇ رىۋايەتلەرگە بۇددا دىنى تۈسى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ ئاجايىپ-غارايىپ قىلىۋەتتى. ئۇدۇن بۇددىزمغا يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزدى. بۇنىڭغا «چاشقانلىق»، «يۇملاقساچقان رىۋايىتى»، «يىلنىڭ تارقىلىش رىۋايىتى»، «ئەجدىھا دۇمبىقى» ۋە بەزى ساڭرامىلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

## ئۆزگىچە بۇددىزىم سەنئىتى

1) بۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى ساڭرام خارابىسى

بۇتلۇق خارابىسى گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىسىدىن شىمالدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇق ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن. بۇ يەردە ساپال، گەج ھەيكەل سۇنۇقلىرى، پۇل، ئۇششاق بېزەك بۇيۇملىرى قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.



لاي بۇت. كاسايانىڭ يۇرۇكلىرى تۈز بولۇپ، تاش ئويما ئۇسلۇبى بىلىنىپ تۇرىدۇ. 4-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. لوپ ناھىيە راۋاق خارابىسىدىكى مۇنار قورۇسىدىن قېزىۋېلىنغان.

1984-يىلى كەيپۇەن تومپۇرى، گەج ھەيكەل پارچىلىرى، تاش چاق قاتار-لىقلار تېرىۋېلىندى. ۋۇجۇ پۇلى يەر يۈ-زىدىن تېپىۋېلىنغا ۋۇجۇ يارماقلىرىغا ئاساسلانغاندا خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بولسا كېرەك.

بۇ يەر، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»دە دەپ ئاتىغان«تۈنۈك» تاشلاندۇق بۇتخانا خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. خۇاڭ ۋېنبى، «ئۇ يەردە لاي ھەيكەل سۇنۇقلىرى كۆپ ئۇچراپ تۇ-رىدۇ»، بۇتخانىنىڭ شىمالىدىن ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدا «ئۆي ئىزى بار ئىكەن، كوچا-كويلارنى ھې-لىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن، بىر قەدىمي شەھەرنىڭ خارابىسىدەك قىلى-دۇ» دېگەن ۋە بۇ جاي شۈەنزاڭ تىل-غا ئالغان بۆگەي شەھىرى بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. شۈەنزاڭ: «خان شەھىرىنىڭ غەربىگە ئۈچ يۈز نەچچە چاقىرىم ماڭسا بۆگەي شەھىرىگە بارى-دۇ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى يەتتە چىدىن ئارتۇق كېلىدىغان ئولتار-غان بۇت بار»، دەيدۇ. بۇ بۇت كەش-مىردىن كەلتۈرۈلگەن ئىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇدۇندا خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن خان كەشمىرنى ھۇجۇم قىلماقچى بولغان، كەشمىرمۇ لەشكەرلىرىنى تەخ قىلىپ، قانلىق جەڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرغاندا ئارخات ئۇدۇن خانىنىڭ خېلى يىللار ئىلگىرى



ئېلىپ يۇرىدىغان بۇت تەكچىسى رەسمى. 3-، 4-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. ئامان-ئېسەنلىك، بەخت تىلەش ئۈچۈن ئېسىپ يۇرۇشكە تەييارلىنىدۇ.



ئولتارغان بۇتنىڭ قېلىپى. ئېگىزلىكى **41** سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر. 5-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. كاساياسىدىكى پۇرۇك «U» شەكىللىك پىرقىرايدۇ. كېرىيە ناھىيەسىدىكى تېپىلغان.



ماخېسۋا تەڭرى (تام رەسمى 8 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق). دەندانئۆيلۈكتىكى ساڭرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

كەشمىردە بالا راھىب بولغاندا كيىگەن كاساياسىنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئەينى چاغدىكى ئىككى ئەل ئارىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن خانى دەرھال لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپتۇ ۋە بۇ جايغا ساڭرام سالدۇرۇپ بالا راھىب مەزگىللىرىدە تېۋىنغان بۇرھانلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ساڭرامغا راھىب قوبۇل قىپتۇ ۋە گۆ- ھەركۆزلۈك خانتاجىسىنى بۇرھانىنىڭ بېشىغا قويۇپتۇ.



ساكرادېۋانام ئىندرا (قابىل تەڭرى شاھ) نىڭ تام رەسمى. ئېگىزلىكى **11.5** سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.8 سانتىمېتىر. 7 ـ 8،- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. قاراقاش ناھىيەسىدىكى سەككىز كۆل خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





گۇما ناهىيەسىنىڭ پىيالما يېزىسىدىكى بۇددا خارا-بىسىدىن قېزىۋېلىنغان گەج بېزەك.

تېۋىنغۇچى مالائىكىنىڭ ھەيكىلى. ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.5 سانتېمېتىر. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. گۇما ناهىيەسىنىڭ پىيالما خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.



## 2) دۇۋادىن قېزىۋېلىنغان بۇت قېلىپى

دۇۋا بازىرى گۇما ناھىيەسىنىڭ غەربىي، پىيالمانىڭ جەنۇبىدىكى دۇۋا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. 1980-يىلى بۇ يەردىكى كان رايونىدىن بۇت ياساشقا ئىشلىتىلگەن بىر تۈركۈم گەج قېلىپلار تېپىلدى. ئۇلار ئاساسلىقى بۇتنىڭ بېشى، قولى، پۇتى، قۇلىقى، جۈپ بوغا، بېزەك نەقىشلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، ماتېرىيال ياسايدىغان بىر تاش ياغۇنچاقمۇ بار. بۇتنى قېلىپ بىلەن قۇيۇش ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى. بۇ بۇددىزم سەنئىتى گۈللەنگەن مىلادىيە 6-، 7- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.



بۇتنىڭ باش قېلىپى. ئېگىزلىكى **22.5** سانتىمېتىر، كەڭلىكى **17.5** سانتىمېتىر.



قوش قۇلاقلىق قېلىپ. ئۇزۇنلۇقى **23.5** سانتىمېتىر، كەڭلىكى **14** سانتىمېتىر.



پۇت (بىر قىسمىنىڭ) قېلىپى. ئۇزۇنلۇقى **13** سانتىمېتىر، كەڭلىكى **11** سانتىمېتىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇغا قېلىپى. ئۇزۇنلۇقى 23 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 13.16 سانتىمېتر.



يۈگمەچ ئوت نەقىشلىك باش قېلىپى. ئۇ-زۇنلۇقى 12 سانتىمېتر، كەڭلىكى 10.5 سانتى-مېتر.



بىكسۇنىڭ باش قېلىپى. ئېگىزلىكى 13.5 سانتىمېتر، كەڭلىكى 12.5 سانتىمېتر.



نىلۇپەر بەرگى نەقىشلىك قېلىپ. ئۇ-زۇنلۇقى 14.4 سانتىمېتر. كەڭلىكى 10 سانتىمېتر.



يالقۇن نەقىشلىك بېزەك قېلىپى. ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7 سانتىمېتىر.

### 3) قۇمرابات خارابىلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار

قۇمرابات خارابىلىقى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا بولۇپ، ھازىر «قۇمات پاشايىم (كەپتەر-لىك مازار)»دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «يۇملاق ساچقان» شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋ-رىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە قەيت قىلغان رىۋايەتتىكى «چاشقانلىق» شۇ. بۇ يەردىن دەس-لەپكى قەدەمدە ئۈچ ساگرام ۋە بىر قەبرىستانلىق تۈركۈمى تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇتخانا خارابىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر، كەڭلىكى 9 مې-تىر، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 1ـ0.8 مېتىر كې-لىدۇ. بۇ يەردىكى كۆپلىگەن گەج بۇت ۋە بېزەك-لەرنىڭ سۇنۇقلىرى تېرىۋېلىندى.



تەسۋىي نەقىشلىك قېلىپ. ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8 سانتىمېتىر.

ئۇچرىغان تام رەسىمى سۇنۇقلىرىدا مىڭ بۇت، مايترى سىمت، بۇددا، ھايۋانات رەسىمل-رى، تېۋىنغۇچىلار رەسىمى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرە بۇت ۋە تېۋىنغۇچى مالا-ئىك رەسىمىنىڭ دەۋرى بالدۇرراق. ئۇ مىلادىيە 6ـئەسىرگە تەئەللۇق.



بۇتخانىنىڭ ئارا تېمى يۇپ-قىراق، ئاساسىي بۇت بۇرۇنلا يوقالغان. پەقەت، بۇددانى ئايلىنىپ تېنىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بۇددا ھەيكىلىنىڭ پارچىسى قېپقالغان. كىچىك بۇتلارغا رەڭ بېرىلگەن. ئوچۇق قىزىل ۋە سارغۇچ قىزىل كاسايىلار كىيدۈرۈلگەن. بۇتلارنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە بېشىدىن قارىغاندا، بۇخارابە بۇددا دىنى يوقالغىچە ناھايىتى ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

تېۋىنغۇچى مالائىك ھەيكىلى. ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.5 سانتىمېتىر. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



رەڭلىك ئۆرە بۇت. ئېگىزلىكى 7.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



لاي بۇتنىڭ بېشى. بېشىنىڭ كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.8 سانتىمېتىر. باشنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 سانتىمېتىر. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



بۇدداغا ئۆزگىرىش. ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9 سانتىمېتىر. 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



پىل بېشى. ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9 سانتىمېتىر، 8-ئەسىرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق.



مىڭ بۇت رەسىمى. ئېگىزلىكى 34 سانتىمې-تىر، كەڭلىكى 27 سانتىمېتىر. 8-ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق.



بۇدداغا ئۆزگۆرۈش. ئېگىزلىكى 34 سانتىمېتىر. كەڭلىكى 27 سانتىمې-تىر. 8-ئەسىرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق.



ئىلاھىي چاشقان پادىشاھىنىڭ تاختاي رەسىمى. 7-، 8- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. كېرىيە ناھىيە دەندەنئۆي-لۈكتىكى ساڭرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

www.uyghurkitap.com



گوسرىنگادىكى ساكيامۇنى رەسىمى. سەرلەۋھەگە «نامونىڭ گوسرىنگادا تۇرغانىدىكى مۇقەددەس چىرايى» دەپ يېزىلغان. بەش دەۋر مەزگىلىگە تەئەللۇق. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 72-غارىنىڭ تېمىغا سىزىلغان رەسىم.

### 4) بۇددىزم تەڭرىگاھى — گوسرىنگا (كوھمارىم)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كاسياپا بۇددا ۋە كېيىنكى زامان بۇدداسى ساكيا مۇنىلار بۇ يەرگە كېلىپ تەڭرىدلەرگە دارمادىن ۋەز ئېيتقان، ۋە: بۇ جاي كەلگۈسىدە ئاۋاتلىشىدۇ، (ئەل-ئاۋام) بۇددىزمنى ئۇلۇغلاپ چوڭ چوڭ كولۇڭگوغا ئېتىقاد قىلىدۇ، دېگەن. بۇ جاي ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ، ئۈچ دەۋر بۇددالىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. بىر ئارخات تاش غاردا نىرۋاناغا يېتىپ تىنچلىنىپ، مايتىرىنىڭ قايتا تۆرۈلىشىنى كۈتكەن. ئۇدۇن خانى گوسرىنگادا بىر ساڭرام سالدۇرغان، كېيىن بىر خانزادە راھىب بولۇپ ئارخاتلىق ماقامىغا يەتكەن. قىسقىسى، مۆتىۋەرلەر، راھىبلار پات-پات بۇ يەرگە توپلانغان، «بۇتنىڭ ئالدىدا شام ئۆچمىگەن.»

ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاراقاش دەرياسى بويىدىكى كوھمارىمنى گوسرىنگا دەپ قاراۋاتىدۇ. يېقىندا گوسرىنگا ساڭرامىنىڭ خارابىسى تېپىلدى؛ كوھما-



ئىستىقامەت غارى. كوھمار تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدا.

رىمنىڭ دەرياغا يۇزلىنىپ تۇرغان تىك قىياسىدا كالىنىڭ
بېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قازغان ئىزنالار بار، ئىك-
كى يېنىغا پەلەمپەي يول چىقىرىلغان، ئوتتۇرىسىدا يا-
غاچ شوتا ۋە بۇت قويغان ئىزنالار بار بولۇپ، دۇن-
خۇاڭ مىڭئۆيىدىدىكى تامغا سىزىلغان گوسىرنىگاغا بەك
ئوخشايدۇ. قىيادا ئىككى قەۋەت تاش ئۆي بار؛ ئاس-
تىنقىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىرچە، كىرىش ئۇزۇنلۇ-
قى 11 مېتىر بولۇپ تېمىدا چېقىپ ئويغان ئويۇق ئىزى
بار. ئۆگكۈرنىڭ ئىچىدىكى ياغاچ شوتا بىلەن ئۇستۈن
قەۋەتتىكى تاش ئۆيگە چىققىلى بولىدۇ. ئۇ كونۇسسى-
مان بولۇپ، تېگىنىڭ كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى
4 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ تاش ئۆيلەرنىڭ ئاستى ئىلگىرى
ياغاچ شوتا بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. قىيادا 10 نەچچە
تاش غار بار بولۇپ قىيا بويلاپ سۇغا يۈزلەندۈرۈپ
رەتلىك تىزىلغان. ئېگىزلىكى 15 مېتىرچە، كەڭلىكى
7.2ـ12.5 مېتىر، چوڭقۇرلىقى 1ـ4 مېتىر بولۇپ،
راهىبلارنىڭ ئىستىقامەت غارى بولۇشى مۇمكىن.



گوسىرنىگانىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 9ـغارىدا.



گوسىرنىگا ساڭرام خارابىسى ـ كوهمارىمنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېۋىنغۇچى مالائىك ھەيكىلى. ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر، 6-، 7-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

**5) لاڭرۇدىكى ساڭرام خارابىسى**

خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى گوسرىنگا تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر بۇددا ئۆي-ئىمارەتلىرىنى بايقىدى.

بۇ بىر تار ئۇزۇنچاق خارابە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 1000 مېترچە، شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدۇ. قاراقاش دەرياسىغا قاراپ تۇرىدۇ، مەدەنىيەت قاتلىمى كۆپىنچە 20 سانتىمېتىرنىڭ يۇقىرىسىدىكى، چاسا شەكىللىك ئۇلىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، نىلۇپەر نەقىشلىك، گۈل بەرگى نەقىشلىك گەج قېلىپ ۋە سارىرا كوزىسى قاتارلىقلار تېرىۋېلىندى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى لاڭرۇدىن ئۇچار ئىلاھەنىڭ لاي ھەيكىلى يىغىۋېلىندى، بەدىنىنىڭ يېرىمى نىلۇپەر ئارىسىدا بولۇپ، ئىككى قولىدا قاشتاش تەسۋىنى تۇتۇپ تۇرغان، باش شەكلى، يۈزى باشقا ۋىلايەتلەردە تېپىلغان ئۇچار ئىلاھە رەسمى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دولقۇنسىمان چاچ تۆگۈنىدە بىر تال تۆگۈن مارجىنى تىك تۇرغان.

دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ نوم غارىدىن تېپىلغان خەتتىن قىياس قىلغاندا، بۇ جاي ساتكايا ئەۋلىيالار ئىبادەتخانىسى بولۇشى مۇمكىن. خەتنىڭ كۆپ يېرىدە «ئاكاساگارىخا بۇدساتۋا غەربىي قاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى ساتكايا ئىبادەتخانىسىدا تۇرغان» لىقىنى تىلغا ئالغان.



ئاكاساگاربخا بۇدساتۋانىڭ رەسىمى. سەرلەۋ-
ھەگە « ئاكاساگاربخا بۇدساتۋانىڭ غەربىي قاش
دەرياسىنىڭ بويىدىكى ساتكايا ئىبادەتخانىسىدىكى
رەسىمى» دەپ يېزىلغان. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ
237-غارىغا سىزىلغان. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق.



ساتكايا ئەۋلىيالار بۇتخانىسىدىكى بۇددا رە-
سىمى. سەرلەۋھەگە «ساتكايا ئەۋلىيالار ئىبادەتخا-
نىسىدا تۇرغان بۇددانىڭ رەسىمى» دەپ يېزىلغان.
تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ
231-غارىغا سىزىلغان.

### 6) مەلىكىئاۋاتتىكى بۇددا ئۆي - ئىمارەت خارابىسى

خارابىلىق خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا، غەربىي شىمالىي قۇم دۆڭلىرى بىلەن ئورالغان. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى خارابىلىقنىڭ مەركىزىدىكى تاش تۇۋرۇك ئەتراپىدىكى ساگرام خارابىسىنى قېزىپ، كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ تۇۋرۇك، بىراھمى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇت بېشى قاتارلىقلارنى تاپقان.



↑ مۇنار ئۆلى. مەلىكئاۋات ساگرام خارابىسى

↓ مەلىكئاۋات بۇددا ئۆي- ئىمارەتلىرى خارابىسى





1975 ـ يىلى بۇ يەردىكى بىر گەمە ئىچىدىن بىر كۈپ قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئىچىگە 45 كىلوگرام ۋۇجۇ يارمىقى قاچىلانغان. بۇ پۇللار ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ پۇللىرى ئىكەن. 1975 ـ يىلى خارابىلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىنى سىناق تەرىقىسىدە قازغاندىمۇ كۆيگەن ياغاچ تۈۋرۈك، تۈۋرۈك ئۇلى، لاي بۇت، چېچىلىپ ياتقان ھەيكەل سۇنۇقلىرى ۋە قالدۇق تام رەسىمى قاتارلىقلار تېپىلغان.

بۇ جاينىڭ كونا ئىسمى «كۇمات» بولۇپ، كوھمارىم بىلەن بولغان ئۇدۇل ئارىلىقى 20 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىمۇ ئۇدۇن تىلىدىكى « ttira ـ Guma » يەنى قۇمات ساگرامى بىلەن ئوخشاش. بۇ خارابىنىڭ دائىرىسى ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جايىنى بۇددا ئىمارەت خارابىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۇدۇننىڭ بۇددىزم تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

بۇت، ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10.5 سانتىمېتىر. ئەسلىدە قېلىپتا قۇيۇپ ۋە كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ ياسالغان (تامغا چاپلانغان)، بۇددا سىياقىغا كىرىپ بەدىنىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بۇددا بودىساتۋانىڭ ھەيكىلى بولۇشى مۇمكىن. 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



رامكىلىق چاسا شەكىللىك نەقش. بۇددا ئىمارىتىنىڭ گەج بېزىكى. 4 ـ ،5 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



تېۋىنغۇچى مالائىك (ئۇچار پەرىشتە.) ئۇزۇنلۇقى 16سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر. 5-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

7) بۆگەي ئۆيلۈكتىكى ساڭرام خارابىسى

بۆگەي ئۆيلۈك 1982-يىلى بايقالغان بىر ساڭرام خارابىلىقى بولۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا. ساڭرامنىڭ قالدۇق تېمىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 100 مېتىر، خارابىنىڭ شەرقىدىرەك بىر چاسا بۇتخانا بار بولۇپ، چۆرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىرچە كېلىدۇ. خوتەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى بۇ يەردىن بىر ئۇچار پەرىشتەنىڭ تامغا چاپلانغان لاي ھەيكىلىنى يىغىۋالدى. مالائىكنىڭ بېلىنىڭ ئۈستى ئوچۇق، قىسقا يوپكا چىگىۋالغان، بېشىغا تاج كەيگەن، بويىنىدىكى مېدالىئون «U» شەكلىدە ئەگىگەن، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكرىكىنى كەرگەن، ئىككى پۇتى سەل-پەل ئايرىلغان، ئىككى پۇتى پۇلاڭشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئىككى قولىدا قاشتاش تەسۋى تۇتقان.

بۇتخانىدا تامنىڭ بىر مېتىردىن ئېگىزرەك قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، راست ئادەم



يەر ئىلاھەسىنىڭ تام رەسىمى. بۇددانىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغان يەر ئىلاھەسى. نومدا ئېيتىلىشىچە، ئەگەر بىرسى «ئالتۇن يارۇق» نى تەپسىر قىلسا، ئۇ يەردىن چىقىپ مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىمەن، قوغدايمەن دەپ ۋەدە قىلغانمىش.



تېۋىنغۇچى. تام رەسمى. 7-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

بويى ئېگىزلىكىدىكى بۇددا ھەيكىلىدىن ھازىر پاقالچىقى ۋە پۇتىلا قالغان، ئوتتۇرىسىدا بىر ئايال يۈكۈنۈپ قولىنى جۈپتەكلەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

بۇددانىڭ «八» شەكلىدىكى پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى **0.48** مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ زور بىر تام رەسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇددانىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئون نەچچە دولقۇنسىمان نۇرنىڭ چاقناپ تۇرۇشى تېۋىنغۇچىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ خارابىلىق ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالغان. ھازىر بىز كۆرگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا بۇ ساگرامىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن. ئۇچار ئىلاھ لاي ھەيكىلىنىڭ ۋاقتى بالدۇر، تام رەسمىدىكى بۇددانىڭ رەسمى بولسا سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىن كېيىنكى رەسىملەردۇر.

### 8) راۋاق بۇددا چوڭ مۇنارى

راۋاق بۇددا چوڭ مۇنارى خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرغىچە بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان بۇددا ئىمارىتى بولۇپ، لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا **50** نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇلاق كەسمە قۇملۇقىدا. ئېگىزلىكى توققۇز مېتىرچە كېلىدىغان مۇنار ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مۇنار ستەيىن ۋە گېرمانىيەلىك چۈنكىل تەرىپىدىن قېزىلغان. **1929**-يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دە خاتىرە قالدۇرغان.

راۋاقتىكى مۇنار قورۇسى خارابىسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. لېكىن ھويلىنىڭ ئىككى

www.uyghurkitap.com



راۋاق بۇددا مۇنارى

يېنىدىكى ھەيكەللەرنىڭ بىر مۇنچىسى قۇم تېگىدە قالغان. ھازىرقى بىلگەنلىرىمىزدىن قارىغاندا مۇنار گەۋدىسى ۋە ھەيكەللەر ھەممىسى دېگۈدەك بىر دەۋرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان، تام ياقىلاپ ياسىغان ئۆرە بۇت ۋە ئالدىدىكى ئولتارغان بۇتلارمۇ بىر دەۋرنىڭ ئەمەس، ئەڭ كېيىنكىسىنىڭ يىل دەۋرى 6-ئەسىرگە تەئەللۇق.

راۋاق چوڭ مۇنارى ئۆلچەمسىز كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى توققۇز مېتىرچە كېلىدۇ. ئاساسي تەگلىكى چاسا شەكىلدە، چۆرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدۇ.

چوڭ تېپلىق بۇددا مۇنارى بۇددىستلارنىڭ ئاساسلىق چوقۇنۇش ئوبيېكتى، ئىشىك ئالدىدا دەرۋازىۋەن ياكى تېۋىنغۇچى قويۇش ھىندىستان بىناكارلىق ئادىتى بولۇپ، راۋاقتىكى بۇددا مۇنارىدىن ھىندىستان بۇددىزمى ۋە بىناكارلىقىنىڭ تەسىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خوتەن ۋىلايىتىدىكى مۇكەممەل ساقلانغان، دەۋرى بالدۇرراق بۇددا ئىمارىتى ھېسابلىنىدۇ.



بۇددا سىياقىغا كىرگۈچىنىڭ لاي ھەيكەللىرى

راۋاق بۇددا مۇنارى قورۇ تېمىنىڭ ئىچى-تېشىدىكى ھەيكەل-لەر ئاساسەن بۇددا ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرى. چوڭ ئۆرە بۇتنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېترغا يېتىدۇ. ھەر 6-7 مېتىردا بىرنى ياسى-غان. بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شىما-لىي تاملىرىدا ئەڭ كۆپ. ھەر ئىككى بۇددا ھەيكىلى ئارىلىقىغا بىردىن بۇدساتۋا ھەيكىلى سەپ-لەنگەن.



بۇدساتۋانىڭ رەڭلىك ئۆرە ھەيكىلى. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



يېقىنقى يىللاردا خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىق-لىرىنى باشقۇرۇش ئورنى راۋاقتىن بىر تۈركۈم ھەيكەللەرنى تاپتى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆلەڭگىلىك نىلۇپەر ئولتۇرىسىدىكى بۇد-ساتۋا. دىيامېترى 11.2 سانتىمېترچە كېلىدۇ. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



كۆلەڭگە نىلۇپەردە ئولتۇرغان بۇددا. دىيامېترى 17 سانتىمېتر. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



راۋاق مۇناردا تەسۋىرلەنگەن ئىشىك باقار. دەھرىي (دىندىن خالىي) ئۇدۇنلۇك



ئايال تېۋىنغۇچى (تام رەسىمى)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇستىشىغا سۇس قىزىل يوللۇق كىيىم كىيگەن ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ رەسمى تېپىلدى، باش تەرىپى سەل پۇچۇلغان، بېلىنىڭ ئۇستىگە چىپسا كېلىدىغان كەيىم كىيگەن، ئاستىغا پۇرمە يوپكا كىيگەن، بېلىگە بېزەكلىك بەلباغ باغلىغان. ئوڭ قولىدا ئىسرىقدان كۆتۈرۈپ تېۋىنىپ تۇرغان. قىزىقارلىقى ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان «ئىشىكباقار» بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى قاراپ تۇرغان. يۈزىنىڭ يۇقىرىسى چاسا، ئاستى تار، كۆزى چوڭ ۋە ئۇزۇن، قاڭشىرى ئېگىز ئەمەس، شاپ بۇرۇت، ساقىلىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ئالدۇرغان. ئۇستىبېشىغا يۇمىلاق ياقىلىق قارىلىق كىيىم كىيىپ بەلباغ باغلىغان. پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ ئىشتاننىڭ پۇچقىنى ئاياغنىڭ قونچىغا تىققان. ياغلىقنى ناھايىتى ئەپلەشتۈرۈپ چىگكەن، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلباغسىمان بېزەك بار. چاچنى چوققىغا قايناممىسىمان تۈرمەللىگەن بولۇپ، نىيە قەدىمي قەبرىستانلىقىدىكى ئۆلگۈچىنىڭ باش بېزىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى رەسىم ئاددىي ۋە راۋان سىزىقلار بىلەن جانلىق سىزىلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئەينەن تەسۋىرى.

9) كونا دامىكو ئەتراپىدىكى بۇددا دىنى خارابىلىقلىرى

كونا دامىكو ھازىرقى دامىكۇ يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا. دەندانئۆيلۈكتىن جەنۇبقا ماڭسا ئۇزۇنتات، پەرھات بەگ يايلىقى، خادىلىق، بالىۋاستى قاتارلىق جايلاردا بۇددا ساڭراملىرى (ئىبادەتخانىلىرى) ئۇچرايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار زىچ جايلاشقان. بۇ ساڭراملاردا ھەيكەل، تام رەسىمى قاتارلىقلار كۆپ.

www.uyghurkitap.com

قۇملۇقنىڭ ئىلگىرلىشى ۋە دەريا سۈيىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ئاھالە تەدرىجىي جەنۇبقا كۆچۈپ، ساگراملارمۇ تەدرىجىي جەنۇبقا سىلجىغان، جەنۇبقا سۈرۈلگەنسېرى ساگراملارنىڭ مەخپىيەت مەزھىپى تەركىبىمۇ شۇنچە كۆپىيىپ بارغان. ھازىر بىلىشىمىزچە، نىسپىي ئېيتقاندا بالۋاستى ساگرامدا مەخپىيەت مەزھىپىچە تام رەسىملىرى كۆپرەك بولۇپ، ۋايروچانا بۇددانىڭ ئۆرە ھەيكىلى ھەم ئولتارغان ھالەتتىكى ھەيكىلى بار؛ دەۋرى كېيىن دېگەندىمۇ 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن.



ئۇزۇنتات بۇددا مۇنارى. ئېگىزلىكى 2.7 مېتىر، 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



ۋايروچانا بۇددانىڭ تاختاي رەسىمى. 7-8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. پەرھاتبەگ يايلىقىدىكى ساگرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.



كۆلەڭگىلىك ياسالغان ئۇچار مالائىك. 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، خادىلىقتىكى ساگرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.



ھارىت. 6ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. پەرھاتبەگ يايلىقىدىكى ساگرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

قىيغاز (قىرىق غاز) ۋە ئۇزۇنتاتتىكى مۇنار، خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرغىچە ساقلانغان شەكلى ۋە ياسىلىشى ئالاھىدە بولغان بۇددا مۇنارى.

ئۇزۇنتات خارابىلىقىدىكى مۇنار ئۆلچەمسىز لاي-لاتقا كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان. يەر يۈزىدە ساپال سۇنۇقلىرى، پۇل، ياغاچ سايمان، مىس كۆرگۈ قاتارلىقلار چېچىلىپ ياتقان. مەشھۇر ئۇدۇن يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك مۇشۇ جايدىن تېپىلغان.

قىيغاز ئۇزۇنتاتنىڭ غەربىي شىمالىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا. مۇنار لاي-لاتقا كېسەكلەردىن چۆرىسىنى قوپۇرۇپ، ئوتتۇرىسىنى لاي بىلەن تولدۇرۇپ ياسالغان.

پەرھاتبەگ يايلىقىدىكى ئەڭ نەپىس رەسىم، ھارىتنىڭ رەسىمى. ئۇنىڭ قولى پەسكە ساڭگىلىغان، مۇرىسى، بىلىكىگە مىنىۋالغان ۋە ئالدىغا يۈگرىپ كەلگەن يالىڭاچ بالىلارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى قىزىل سىزىق بىلەن سىزىلغان.



مىڭ بۇتنىڭ رەسىمى. بالاۋاستىدىكى ساگرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

بالاۋاستىدا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى كۆپرەك بولۇپ، مىڭ بۇتنىڭ رەسىمى يان تامنى قاپلىغان، بۇددالار كىيگەن كاسايالارنىڭ رەڭلىرى مەسىلەن: قوڭۇر، قىزىل، توپا رەڭ، كۆك ئارىلاش رەڭلەر يول-يول نۇرلارنى پەيدا قىلغان. بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن «ئالتۇن يارۇق» تىن ئۆزگەرتىلگەن ۋەقەلىك رەسىملەر يېڭى مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ؛ بۇددانىڭ ئىككى پۇتىنىڭ نىلۇپەر ئۈستىدە تۇرۇشى؛ تەسكەيگە نۇرغۇن ئۆزگەرمە بۇددالارنىڭ يىغىلىشى؛ بۇددانىڭ پۇتى ئاستىدىن يەر ئىلاھەسىنىڭ ئىككى قولىدا بۇددانىڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشى، سول يېنىدا خۇرمۇزتا تەڭرىنىڭ قوغداپ

www.uyghurkitap.com



ئاستىنقى رەسىمنىڭ قىسمى ــ ئاسۇرا.

تۇرۇشى، ئاستى تەرەپ ئىككى ياندىكى ئاسۇرا ۋە ئايرانجانا دەرياسى مۇئەككىلى. رەسىملەر بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە ئوچۇق بولۇپ ئۇدۇن بۇددىزمى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم تېپىلىدىغان رەسىملىك كۆرۈنۈش.



سولدىكى سۇرەتنىڭ قىسمى ــ ئايرانجانا دەرياسى مۇئەككىلى.



«ئالتۇن يارۇق» تىن ئۆزگەرتىلگەن ۋەقەلىك رەسىملىرىنىڭ سىزىق تەسۋىرى.

بالاۋاستىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ بىر نەچچە رەسىم، ئۇدۇنچە رەسىم سىزىش ئۇېقىمىدىكىلەرنىڭ تىپىك ئەسىرى. ئىككى قولىنى جۈپتەكلەپ تۇرغان خورمۇزتا (ھورمۇزدا)تەڭرىنىڭ باش رەسىمى سىزىقلىرى چىڭ، توم-ئىنچىكىلىكى مۇۋاپىق بولۇپ، «تۆمۈرنى ئېگىپ سىم تارتىپ يۆگەش» ئۇسلۇبىنىڭ تىپى.





خورمۇزتا تەڭرى (تام رەسىمى) 7 ـ ،8ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. بالىۋاستىدىكى ساگرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.





ۋايروچانا بۇددانىڭ تام رەسىمى. 7ـ ،8ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. بالىۋاستىدىكى ساگرام خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

### 10) دەندانئۆيلۈك خارابىلىقىدىكى ساڭرام

دەندانئۆيلۈك خارابىلىقى چىرا ناھىيە دامىكو يېزىسىنىڭ شىمالىدىن 90 كىلومېتىرلىق يىراقلىقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ قىنى خارابىلىقتىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ھازىر ئولتۇراق ئۆي، ساڭرام قاتارلىق قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى ۋە ئېتىز، ئېرىق-ئۆستەڭ، مېۋىلىك باغ قاتارلىقلارنىڭ خارابىسى ساقلانغان. ئۆي-ئىمارەت خارابىسىدىن ھازىر بىزگە مەلۇم بولغىنى 14 ئورۇندا بولۇپ، ھەر بىر خارابە تۈركۈمدە بۇتخانا بار.









پەلەك شاھ ۋە قۇت ئىلاھەسى لاكسمىي. دەندانئۆيلۈكتىكى 2-نۇمۇرلۇق ساگرامىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن قېزىۋېلىنغان. 7-، 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



قۇت ئىلاھەسى رەسمى

ستەيىن پەقەت دەندانئۆيلۈكتىنلا يۆتكەپ كېتىشكە «مۇۋاپىق كېلىدىغان» ھەيكەلدىن 150 نى قازغان. بىزگە ھازىر ئۇ بۇتلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۇلار ئېلان قىلغان سۈرەتلەردىنلا ئانچە-مۇنچە بىلەلەيمىز: ئۇلار ئارىسىدىكى چوڭ بۇتنىڭ بېشىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، تەسكەيدىكى بۇدداغا ئۆزگىرىش ھەيكىلى قېلىپتا قۇيۇلغان. ئۇلار ئارىسىدا يەنە ئۆرە تۇرۇقلۇق بۇت ۋە ئولتۇرۇغلۇق بۇتلار بار.

بۇ يەردىكى تام رەسىملىرى مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، بۇددا ھەيكىلى، مىلىك بۇت ۋە بۇدساتۋا قاتارلىقلارنىڭ ھەيكىلى، رەسىمى قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ قۇت ئىلاھەسى لاكسمىسىنىڭ رەسىمى بەك نەپىس سىزىلغان.

www.uygurkitap.com



دەندانئۆيلۇكتە ساقلىنىپ قالغان تاختاي رەسىملىرى ئەڭ كۆپ. خەلق رىۋايەتلىرىدىن «چاشقان شاھى»، «مەلىكىنىڭ پىلە ئۇرۇقىنى يوشۇرۇن ئېلىپ كىرىشى» قاتارلىقلار سىزىلغان. مەخپىيەت مەزھىپى تېمىسىدىكى رەسىملەرمۇ بار. مەسىلەن، بىر يۈزىگە «تۆت قوللۇق بۇدساتۋا» يەنە بىر يۈزىگە ماخېسۋارا تەڭرى سىزىلغان تاختاي رەسىم قاتارلىقلار ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ گەۋدىلەندۈرۈپ بىرەلەيدۇ.

رەڭلىك تاختاي رەسىم. بۇ يۈزىگە ماخېسۋارا تەڭرى سىزىلغان. 7-، 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

ستەيىن بۇ خارابىلىقتىكى تۇرالغۇ ئۆيدىن قارۇشتى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان نومسۇترا ۋە خەت-چەكلەرنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇ ھۆججەت «تاڭ خاندانلىقىنىڭ دالى (مىلادىيە 768-يىلى)3-يىلى 3-ئايدا يونۇپ تەييارلاندى» دېگەنلەر بار بولۇپ، بۇ ئەتراپىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئالتە شەھەرگە قاراشلىق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن لىسىل(Ii - siI) دېگەن جايدا «دۆلەت قوغداش ئىبادەتخانىسى» (خۇگوسى) بار ئىكەنلىكى، راھىبلىرىنىڭ چيەنيىڭ، باۋمىڭ، فاجىن، داۋچاۋ، خۇيدا، خۇييۈەن قاتارلىق راھىبلىق ئىسمى بارلىقى ئېنىق.



بۇ يەردىكى ساڭراملارنىڭ سېلىنىشقا باشلىغان دەۋرى خېلى بالدۇر. بۇدداغا ئۆزگىرىش

رەڭلىك تاختاي رەسىمنىڭ يەنە بىر يۈزىگە «تۆت قوللۇق بۇدساتۋا» سىزىلغان. 7-، 8- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

ۋە ئۇچار مالائىك ئوبرازىدىن قارىغاندا، ئۇ مىلادى-يە 4-، 5- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. 6-ئەسىرنىڭ بېشىدا سۇڭ يۈەن ھىندىستانغا باراشىدا بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇددا ھەيكىلىنىڭ «مىسلىسىز قەددى-قامەتلىك، چىرايى نۇرلۇق» ئىكەنلىكى، «ئىبادەتخانا، مۇنارلار نەچچە مىڭغا يەتكەن» لىكىنى كۆرگەن. شۈەنزاڭمۇ ئۇنى «پىما شەھىرى» دەپ ئاتىغان. «بۇددانىڭ ھەيكىلىنى سەندەلدىن ئويىدىكەن، ئېگىزلىكى ئىككى جاڭدىن ئاشىدىكەن» دېگەن.



پىما (پېيىن) شەھىرىدىكى ساكيامۇنى رەسىمى. سەرلەۋھەگە «ئۇدۇنىنىڭ پىما شەھىرىدە سەندەلدىن ئويۇلغان بۇددا رەسىمى» دەپ يېزىلغان. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. دۇنخۇاڭدىكى 231-غارغا سىزىلغان.



«يىپەكچىلىك مۇئەككىلى» نىڭ تاختاي رەسىمى. 7-، 8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇتنىڭ بېشى. ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر، 6-ئەسىرلەرنىڭ.

11) قازناق ساڭرام خارابىسى

قازناق ساڭرامى كېرىيە ناھىيەسى نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇق بويىدا بولۇپ، ئەتراپىدا زور كۆلەملىك قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى بار. 1983-يىلى ئېنىقلاش ئۆچۈن قېزىلغان.

بۇ يەردە تۆت تەرەپلىك بىر كىچىك بۇتخانا بار. جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 8.4 مېتىر، ئىشىكى جەنۇبقا ئېچىلغان.

بۇ يەردىن كىچىك لاي بۇتلارمۇ قېزىۋېلىنغان بولۇپ، قالغان ئېگىزلىكى 0.5 مېتىرچە كېلىدۇ.

ھەيكەل، تام رەسىمنىڭ ئۇسلۇبى ۋە قېزىۋېلىنغان پۇللاردىن قارىغاندا بۇ خارابە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ـــ يەنى 6-ئەسىرلەرنىڭ يادىكارلىقى بولسا كېرەك.

قارا دۆڭ خارابىسى ھازىرقى كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 220 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى جايدا. كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ تەكلىماكانغا ئىچكىرىلەپ كىرسە، نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار ئىچىدىكى بىر قورغان كىشىلەر تەرىپىدىن «قارا دۆڭ» دەپ ئاتالغان. 1993-يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسى



N 61 ــ ساڭرامنىڭ بىر بۆلۈكى. 3ــ، 4ــ ئەسىرلەرنىڭ.

تەتقىقات ئورنى بىلەن فىرانسىيە پەن تەتقىقات 135ــ ئورنى بىرلىشىپ قارا دۆڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى ساڭرام خارابىسىنى قېزىپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا N 61 ، N 62 دەپ نومۇر سالدى. بۇ ئىككى ساڭرام قۇمنىڭ تېگىدە قالغان بولۇپ، ئازراق ياغاچ قۇرۇلمىلىرىلا ئېچىلىپ قالغان.

N 61 ــ ساڭرام قارا دۆڭنىڭ جەنۇبىغا قىيپاشىراق شەرقىدە. N 62 ــ ساڭرام قارا دۆڭنىڭ جەنۇبىدا. سۇپا ئۇلىدىن ئۆتەر يولغىچە بولغان ئاز بىر قىسمىلا قالغان.

ھازىر بىزگە مەلۇملۇق بۇ بۇتلار بۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە نەپىسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا كۆپايە قىلىدۇ.

12) بۇزاقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر

مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە ئارخېئولوگ-
يە خادىملىرى خوتەن ناھىيەسىنىڭ بوزاق يې-
زىسىدىكى ئىمام مۇساكازىم مازىرىدىن يىل
دەۋرى مىلادىيە 10-ئەسىرلەر يەنى بەش
دەۋردىن سۇڭ دەۋرىگىچە تەئەللۇق بولغان
ۋاقىتقا تەئەللۇق قەبرىستانلىق تۈركۈمىنى
بايقاپ، كىشىلەرگە ئۇدۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتى-



ئولتۇرغان بۇددانىڭ ھەيكىلى. ئېگىزلىكى 64.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر. 3-، 4-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.



ئولتۇرغان بۇددانىڭ ھەيكىلى. 3-، 4-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

دىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى نامايان قىلدى. **1983**ـيىلى ئۇنىڭدىن ئىككى قەبرە ئېنىقلاندى. بۇ ئىككى قەبرە تىك گۆر بولۇپ مېيىت جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان. پۇت-قوللىرىنى تۈز سۇنغۇزۇپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزغان، يېپەك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ساپال، ياغاچ، قاچا-قۇچا قاتارلىقلارنى قويۇپ دەپنە قىلغان. ئۆلگۈچىنىڭ بىرى چوڭ ئەر، بىر كىچىك قىز.

بۇزاقتىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان جەسەت ساندۇقىغا تۆت ئىلاھ سىزىلغان: بېشىغا سىزىلغىنى قىزىل باش قۇشقاچ، ئايىغىدىكى شۇەنۋۇ (تاشپاقا، يىلان)، سول ياندىكى كۆك ئەجدىھا، ئوڭ ياندىكى ئاق يولۋاس. لېكىن، قىزىل باش قۇشقاچنىڭ قانات قېقىشى ئالتۇن قانatلىق قۇشقاچقا ئوخشايدۇ. قۇيرۇقىنى دىڭگايتىشى توز پەيلىرىنى يايغاندەك تۇرىدۇ. تاشپاقىغا يىلان چىرماشقىنى شۇەنۋۇ.



ياغاچ جەسەت ساندۇقى. ئۇزۇنلۇقى **216.6** سانتىمېتىر، بېشىنىڭ كەڭلىكى **54.5** سانتىمېتىر- ئېگىزلىكى **17** سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى **72** سانتىمېتىر، ئاياغ كەڭلىكى **51** سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى **61** سانتىمېتىر. قاپقاق ئۈستىگە يۇملاق ياغاچ مىخ نەقىشلەنگەن.

بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئۆلگۈچىنىڭ باش تەرىپىنىڭ يېنىدىكى ئاق شايىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىگە سىياھتا خەنزۇچە ۋە ئۇدۇنچە خەت يېزىلغان. خەنزۇچىسىدا «ئاغىچا خېنىم تولىمۇ ساداقەتمەن ئىدى. ئەر ۋەزىر لى ۋاڭئەر» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن بۇ جاينىڭ ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاق ئەجدىها رەسمى



كۆك ئەجدىها رەسمى



ئاستىغا قوش سۇمۇرغ رەسمى نەقشلەنگەن.




ئاق شايىغا يېزىلغان خەنزۇچە خەت.





شۈەنۋۇ رەسمى.

رەڭلىك رەسىملىك جەسەت ساندۇقى. ئۇزۇن- لۇقى 216.6 سانتىمېتىر. باش تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 54.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 72 سانتىمېتىر، ئايىغى- نىڭ كەڭلىكى 51 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 61 سانتىمې- تىر. بېشىغا قىزىل باشلىق قۇشقاچ سىزىلغان. بۇزاق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان.

# ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى

## ئۇدۇن ۋە دۇنخۇاڭ

ئۇدۇن خانى ۋىساراسامباۋا (لى شېڭتيەن) مىلادىيە 912-يىلى تەختكە ئولتۇرغاندا، كېيىنكى جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى» دەپ ئۇتۇغات نامى بېرىلگەن. شۇ سەۋەبتىن خانلىق ئىسمىمۇ «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئۇنىڭ پادىشاھى تۈركچە «خان» ياكى «خاقان»، «ئالتۇنخان» دىگەن ناملارنىمۇ قوللانغان. دۇنخۇاڭدىكى ساۋ ھاكىمىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان.

ئۇدۇن خانى ۋىساراسامباۋانىڭ تېۋىنىۋاتقاندىكى سۈرىتى. بەش دەۋرنىڭ.

ۋىساراسامباۋانىڭ رەسمىنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ خانىشىنىڭ دانا تەگرىقۇت تەرىپىدىن پۈتۈن ئۇتۇغات نامى بېرىلگەن «بۈيۈك خاندانلىقتىكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ چېۋەر، ۋاپادار پادىشاھىنىڭ پەرى خانىشى ساۋ ئاغىچا خېنىم ئىخلاسى بىلەن تېۋىنىدى» ناملىق رەسمى سىزىلغان. ۋې-




ۋىساراسامباۋانىڭ رەسمى ھازىرمۇ دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيىنىڭ 98-غارىدا ساقلانماقتا.



ئۇدۇن خانى ساۋ ئاغىچا خېنىمنىڭ تېۋىنىۋاتقاندىكى سۈرىتى. بەش دەۋرنىڭ. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 98-غارىغا سىزىلغان.

ساراسامبىھاۋا دۇنخۇاڭدىكى تەپرىقچى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانى ساۋىيجىننىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئالغان، ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى ساۋيىجىننىڭ نەۋرىسى ساۋيەنلۇغا ياتلىق قىلغان. كېيىن شاھزادە سۇڭدى يەنى ساۋ ئاغىچا خېنىم تۇغقان ۋىيساراسۇرا، ۋىيساراسامبىھاۋانىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

بۇ خەتتە «شاجۇ ھىراۋۇلى نەنلىڭ تۆرەمگە بىر كاك ئاق قاشتېشى تەقدىم قىلدىم، ئاددىي ۋە كۆرۈمسىز بولۇپ قالدى، رەنجىمىگەيلا، چوڭراقىغا ساقلاپ باقتىم، نام-نىشان قىلغۇدەك ئالاھىدە نەرسە يوق بولۇپ قالدى، ۋاقىپ بولغايلا» دېيىلگەن. يەنە ياغاچچى ياڭ جۇنزى« زىنھار ئەۋەتكەيسىز، سورىغىنىنى ئايىمايمەن» دەپ يېزىپ قويغان. يۇقىرىسىغا ئىككى تامغا بېسىلغان بولۇپ، چوڭىغا «كامالەت تېپىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسىز» دەپ؛ كىچىكىگە «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى خەزىنە تەگرىقۇتنىڭ تامغىسى» دەپ يېزىلغان ۋە «خەت-ئالاقە بارسا مۇشۇ بىر چوڭ بىر كىچىك ئىككى تامغىسىغىلا قارىغايلا، بۇنىڭدىن باشقا تامغا يوق» دەپ ئەسكەرتكەن.

www.uyghurkitap.com



ئۇدۇن مەلىكىسىنىڭ تېۋىنىۋاتقاندىكى رەسىمى. سەرلەۋھەگە «بۈيۈك خاندانلىقتىكى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تەڭرىقۇت ئوتۇغات نامى بەرگەن پادىشاسىنىڭ 3-مەلىكىسى لى ئاغچا خېنىم — يېڭى نائىبىبەگ ساۋيەنلۇنىڭ خانىمىنىڭ تېۋىنىشى» دەپ يېزىلغان. بەش دەۋر زامانىسىغا تەئەللۇق. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 61-غارىغا سىزىلغان.



白玉壹團
賜沙州節度使男
令公汝宜收領勿怪
輕尠候大般次別有
信物汝知
其本道福君子千万發遣西来所要不责也
在書信未請着二印一大玉印一小玉印更無別印也

«ئۇدۇن خانىدىن شاجۇ ھاراۋۇلى نەنلىڭ تۆرەمەگە ئەۋەتىلگەن قوشۇمچە خەت» 965-، 962-يىللار-نىڭ. دۇنخۇاڭدىكى نوم غارىدىن بايقالغان.

# موگاۋ غارى مىڭئۆيىدىكى ئۇدۇنغا دائىر بۇددا رەسىملىرى



↑ مانجۇ سىرى بۇدساتۋانىڭ يېڭى نۇسخىدىكى رەسمى. مانجۇ سىرى بۇدساتۋا شىرنىڭ ئۈستىدە ئولتارغان. ئۇدۇن خانى شىرنى يېتىلىگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇدۇن خانى مانجۇسىرى بۇدداغا ئىخلاس قىلغان. بەش دەۋر زامانىسىغا تەئەللۇق. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 220_غارىغا سىزىلغان.

↓ بۇددانىڭ ئۇدۇن تاش ئويما رەسىمى. تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. موگاۋ مىڭئۆيى 237_غار.



www.uyghurkitap.com



ئۇدۇن بۇت يۇيۇش رەسمى. بۇددا قولىدا نىلۇپەر تۇتقان، پۈتۈن بەدىنى سارغۇچ بۇت يۇ-يۇش سۇيۇقلۇقىغا پۈركەنگەن. بەش دەۋردە سىزىلغان. دۇنخۇاڭدىكى موگاۋنىڭ 98-غارىدا.

ئۇدۇن بۇددا رەسمى. كارامەتلىك بۇددا ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ئىلاھىي چىرايى ياكى ھەققىي چىرايى سىزىلغان رەسىمنى كۆرسىتىدۇ. موگاۋ غارىغا سىزىلغانلىرى: «گوسىرنىگادىكى بۇددا رەسمى»، «نامو بۇددانىڭ مۇقەددەس رەسىمىنىڭ گوسىرنىگاغا كىلىپ جايلىششى»، «ئۇدۇننىڭ پىما (پېيىن) شەھىرىدىكى بۇددا رەسمى»، «ساكيامۇنىينىڭ ئۇدۇن پىما شەھىرىدىكى سەندەل ئويما رەسمى»، «ساكيامۇنىينىڭ ئۆزىنىڭ راجاگرخا شەھىرىدىن ئۇچۇپ، خەيبەن ساڭرامىغا چۈشۈشى.»

يۇيۇلىدىغان بۇتلارنىڭ ئۈلگىرى-كېيىنلىرىدىن: ۋىپاسىي بۇددا ۋە بەدەشقان بۇددا. گۇزاندىكى بۇددا ھەيكىلى،بوگەي ئۆيلۈكتىكى بۇددا ھەيكىلى قاتارلىقلار، ئاكاساگاربخا بۇدساتۋا غەربىي قاشتېشى دەرياسىنىڭ بويىدىكى ساتكايا ساڭرامىغا جايلاشقان، يەنە مانجۇ سىرى، ئاۋالۇكتىسۋارا قاتارلىق بۇدساتۋا ۋە دارما ھامىي ئىلاھلىرىنىڭ ھەيكىلى قاتارلىقلار بار.



پەرىزات دېۋاكانىيا. ئوڭ قولىدا مەرۋايىت، پۇتىنىڭ يېنىدا دۆۋە-دۆۋە ئاشلىق بار. ئۇدۇننى قوغدايدىغان پەرىشتىلەرنىڭ بىرى. تاڭ دەۋرىدە موگاۋ مىڭئۆيىنىڭ 9-غارىغا سىزىلغان.

→ ئۇدۇننىڭ قەدىمكى شەھىرىدىكى بۇددا رەسىمى. تاڭ دەۋرىدە موگاۋ مىڭئۆيىنىڭ 237_غارىغا سىزىلغان.

↓ گانى بۇددانىڭ رەسىمى. سەرلەۋھەگە «گانى ساكيامۇنى بۇددا شىرىۋىلەر دۆلىتىدىن گۈزان شەھىرىگە كېلىپ جايلاشتى»، دەپ يېزىلغان. ساكيامۇنى «بەدەشقان بۇددا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەش دەۋردەدۇنخۇاڭدىكى موگاۋ مىڭئۆيىنىڭ 72_غارىغا سىزىلغان.






مىڭ يىل دەۋران سۈرگەن بۇددا ئېلى ئۇدۇن ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىيلار بىلەن نەچچە ئون يىل جەڭ قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1006_يىلى سەلتەنىتى ئاخىرلاشتى. لېكىن، شانلىق مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەنئەنىسى مىراس قېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك خەزىنىسى بولۇپ قالدى.

ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن قىسقارتىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نىيە خارابىلىقى



# نىيە خارابىلىقى ①

## غەربىي يۇرت نىران شەھەر خانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئايان بولۇشى

### نىران شەھەر خانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئايان بولۇشى

#### تەبىئىي جۇغراپىيىسى

نىيە دەرياسى قۇرۇم تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىر كېلىدىغان ئېگىز جايىدىن باشلىنىپ، چوڭقۇر تاغ جىلغىلىرىدىن، نىيە بوستانلىقىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا ئاقىدۇ. نىيە خارابىلىقى نىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىچكىرىسىدىكى نىيە دەرياسىنىڭ ئاياغ ئۇچىدا بولۇپ، ئەتراپى چوڭ قۇملۇق، قەدىمكى دەريا، قۇرۇق توغراق، شامال يېمىرىپ كەتكەن يەر يۈزى. ئۇنىڭغا سىرلىق ھەم چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت يوشۇرۇنغان.



يىراقتىن كۆرۈنگەن قۇرۇم تېغىدىكى قار - مۇزلار، نىيە دەرياسىنىڭ باشلىنىشى

نىيە دەرياسى نىيە ئاھالىسىنىڭ ئانا

---

① بۇ — «نىيە» ناملىق بېروشورا (شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2004-يىل 1-نەشرى) بولۇپ، شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



دەرياسى بولۇپ، قاپاقئاسقان كەنتى، چوڭ مازار تەرەپلەردىن ئېقىپ ئۆتۈپ پايانسىز قۇم دېڭىزدا غايىب بولىدۇ.




← نىيە خارابىلىقىنىڭ خەرىتىسى
خارابىلارنىڭ جايلىششى خەرىتىسى



قۇملۇق تاشيولى.
بۈگۈردىن نىيەگىچە قۇملۇق تاشيولى ياسىلىپ نىيە خارابىلىقىغا بارىدىغان يېقىن يول بار بولدى.



قەدىمكى دەريا يولى. ئىككى قىرغاقتىكى توسما، ئوتتۇرىدىكى ئەگرى-بۈگرى دەريا قىنى ۋە لاتقا.



قەدىمكى كۆۋرۈك،
بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى يەتتە كىلومېتىر
يىراقلىقتا يالغۇز ئاياغ
كۆۋرۈك دەريا قىنىدا
توغرىسىغا تۇرغان.



چوڭ كۆلنىڭ ئىزى
ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن يۇ-
مىلاق دائىرىلىك قورشالغان.

www.uyghurkitap.com

هازىرغىچە بايقالغان خارابىلار **100** دىن ئارتۇق ئورۇندا بولۇپ، ساڭرام، تۇرالغۇ، مەھكىمە، خۇمدان، باغ-ئېتىز، ئورمان بەلبېغى ۋە كۆل، قوتان-ئېغىل، يول-كۆۋرۈك، قەدىمىي شەھەر ۋە قەدىمقەبرىلەر نىيەلىكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش،تۇرمۇش مەنزىرىسىنى نامايەن قىلىدۇ.





## شىمالدىكى خارابىلىق

نىيە خارابىلىقنىڭ شىمالدىكى 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزى بايقالدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۆت، بەش تۇرالغۇ خارابىسىنى بايقىدى. قالدۇق تام، ياغاچ تۈۋرۈك، قوشام تام بار. يەنە ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرىكى بىرونزا دەۋرىدىكى تاش قورال، ساپال ۋە تۇچ قوراللارنى تاپتى.




شىمالدىكى خارابىنىڭ خەرىتىسى



قۇم بېسىپ كەتكەن ئۆلتۈراق ئۆينىڭ تىك تۇرغان تۈۋرۈكلىرى.



تاش چاق. ئاق كۋارتس. دىيامېتىرى 4.8 سانتىمېتىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ بىر سىرلىق جاي بولۇپ، ئۇ شىمالدىكى جايلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىدىكى ساپالچىلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بوستانلىق دېھقانچىلىقى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيلىك قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇ بىر بايقاش نىيە دەرياسى بويلىرىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تارىخىنى زور بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى.



↑ رومكىسىمان ساپال قاچا. ئېگىزلىكى 22.8 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 16 سانتىمېتىر. 1993-يىلى تېپىلغان.



↑ ئىككى باغلىق قۇلاقلىق كوزا. 1996-يىلى يىغىۋېلىنغان، ئېگىزلىكى 26 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 19.6 سانتىمېتىر.



← ئاق داغ گۈللۈك ساپال كوزا. 1996-يىلى تېپىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 16 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 14.4 سانتىمېتىر.





↑ نەقىش ئويۇلغان ساپال كورۇشكا. ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 11 سانتىمېتىر. 1996-يىلى يىغىۋېلىنغان.

← سۆڭەك مارجان. جەمئىي 456 دانە. ئۇزۇنلۇقى 0.4-0.95، يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن يېپقا ئۆتكۈزگەن.



قوش باغ ئورنىتىلغان قۇلاقلىق تۇك شەكىللىك ساپال كوزا. ئېگىزلىكى 20.8 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 16.6 سانتىمېتىر، گېئومېترىيەلىك نەقىش ئويۇش بۇ مەدەنىيەت تىپىدىكى ساپال قاچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى.



هاسىنىڭ قاشتېشى بېشى. 1966-يىلى يىغىۋېلىنغان. تېگى ئاق قاشتېشى. ئېگىزلىكى 5 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 6 سانتىمېتىر.

www.uyghurkitap.com



مىس ئورغاق. كەينى تۈز، بىسى يانتۇ، ئۇزۇنلۇقى 7.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.5_2.3 سانتىمېتىر.



تاش يارغۇنچاق: ئېگەر شەكىللىك، ئۇزۇن-لۇقى 24 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 8.4 سانتىمېتىر.



تاش يارغۇنچاق. ئېللىپىس شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى 38.4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر.



تاش ئورغاق. تۆت دانە. ئۇزۇنلۇقى 14.3_16.6 سانتىمې-تىر ، كەڭلىكى 2.5_7 سانتىمېتىر، دېھقانچىلىقنىڭ شاھىدىتى.



III MNM 93 قەبرىستانلىقىدا ساپال قاچىلار ياكى ئۆرە، ياكى يانتۇ، ياكى دۈم چېچىلىپ ياتقان. سۇ-نىران قەبرىستانلىقنى مۇشۇنداق بۇزۇۋەتكەن.



بىر قۇلاقلىق ساپال كوزا. توپا رەڭ، بىر يانىغا دۇمباقراق، ئېگىز بويۇن.

## نىران خانلىقى قەدىمىي قەبرىستانلىقى

1993-يىلى نىيە خارابىلىقىدىكى N3 (9289) تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ 300 مېتىر جەنۇبىدىن بۇ قەبرىستانلىق بايقالدى. ئېقىن سۇ تەكرار يالاپ قەبرىنىڭ شەكلى ۋە بۇيۇملارنىڭ تۈزۈلۈشىنى بۇزىۋەتكەن بولسىمۇ، ساپال قاچىلارنىڭ ئۆزگىچە شەكلى، قەدىمكى نىران خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.



ئىككى باغلىق قۇلاقلىق كوزا. قارا ساپال، ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر ، دىيامېترى 14.5 سانتىمېتىر.



← بىر قۇلاقلىق جۇغىلىق ساپال كوزا. قارا ساپال، ئېگىزلىكى 39 سانتىمېتىر ، قورسىقىنىڭ دىيامېترى 86 سانتىمېتىر، شەكلى قاپاققا ئوخشايدۇ. قىزىل ئارىلاش قوڭۇر پىلەك سىزىلغان.



جوغىلىق ئېگىز بويۇنلۇق ساپال كوزا. قارا ساپال، بويىنى ئېگىز، كىچىك جوغىسى بار، ئېگىزلىكى **33.5** سانتىمېتىر.



بىر قۇلاقلىق يوغان قورساقلىق كوزا. قارا ساپال، ئېگىزلىكى **31** سانتىمېتىر ، دىيامېتىرى **20** سانتىمېتىر ، قورسىقىنىڭ دىيامېتىرى **98** سانتىمېتىر.



بۇددا مۇنارى نىيە خارابىلىقى يۆنىلىشىنىڭ ئاساس نۇقتىسى

## نىيە خارابىلىقى

نىيە خارابىلىقى بۇددا مۇنارىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئورنى شىمالى پاراللېل ″ 34 ′ 58 ° 37 شەرقىي مېرىدىئان ″ 14 ′ 43 ° 82 دا. بۇ يەر تەبىئىي يېزا-كەنتلەر بولۇپ، نىيە دەرياسىنىڭ تار، ئۇزۇن ئېقىنىنى بويلاپ تارقاق جايلاشقان. دائىرىسى جەنۇبتىن شىمالغا 25، شەرقتىن غەربكە يەتتە كىلومېتىر، كۆلىمى 175 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «نىران خانلىقىنىڭ مەركىزى نىران شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگەن 8820 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 480 تۈتۈن — 3360 كىشى، لەشكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر»، دېيىلگەن. مىلادىيە 59-76- يىللىرى پىشامشان خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ سانسكرىتچە يازما مەنبەلەردە «كادوتا ‹چادوتا› ئايىمىقى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. مىلادىيە 3-ئەسىردە ئۇدۇن خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان.




بۇددا مۇنارىنىڭ تەكشى كەسمە يۈز خەرىتىسى. قالدۇق ئېگىزلىكى 5.8 مېتىر. ئىككى قاتلاملىق چاسا تەگلىكى بار، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 3.9 مېتىر، مۇنار گەۋدىسى سىلىندىرسىمان، دىيامېتىرى 1.9 مېتىر.



بۇددا مۇنارىنىڭ كۈن ئولتارغان چاغدىكى كۆرۈنۈشى.

www.uyghurkitap.com

## جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر

بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىدىن 13 كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر خارابە بايقالدى. ئۇزۇن دىيامېتىرى 185مېتىر، قىسقا دىيامېتىرى 150 مېتىر، شەھەرنىڭ ئىچىگە يۇلغۇن ۋە قۇم بارخانلىرى توشۇپ كەتكەن. قالدۇق تامنىڭ 1/5 قىسمى ساقلىنىپ قالغان. نىيەدىن قېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ 11پارچىسىدا مەلۇم «شەھەر» تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېنىق قىلىپ «ۋاتتائاۋانا شەھىرى» دېيىلگەن.




قەدىمكى شەھەرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى



قەدىمكى شەھەر سېپىلى ئۆيەر-بۇيەردىن ئۈزۈلگەن. ھازىرمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.



شەھەر قوۋۇقى خارابىسى. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى قازغاندا بۇ قوۋۇق دەسلەپكى قەدەمدە ئېشەك بېشى لەمپىلىك كۆپ قاتلاملىق قوۋۇق دەپ قارالدى.





24N(92A9) تۇرالغۇ خارابىسى. ستەيىننىڭ 1906-يىلى 7-، 8-نومۇرلۇق ئىككى ئۆيىنى قېزىش ئەھۋالى.



ستەيىن قازغان(93A10) 13N تۇرالغۇ خارابىسى. ۋاتتائاۋانانىڭ يامۇلى بولۇشى مۇمكىن.



بىر قۇلاقلىق ساپال كومزەك ۋە ياغاچ ئۆي جاھازلىرى.



8N (11A 92) تۇرالغۇ خارابىسى.




يۇقىرىدىكى سۈرەت: تۇرالغۇنىڭ ھاۋادىن تارتىلغان ئومۇمىي كۆرۈنۈشى

ئوتتۇرىدىكى خەرىتە: خارابىلارنىڭ تارقاق جايلىشىش خەرىتىسى

تۆۋەندىكى سۈرەت: خارابىلىقنىڭ يېقىندىن كۆرۈنۈشى



**تۇرالغۇ 2N(4B92) خەرىتىسى**

يۇقىرىدىكى خەرىتە: تۇرالغۇ-
نىڭ ئەمەلىي ئۆلچەنگەن خەرىتىسى



ئوتتۇرىدىكى سۈرەت: ئۆينىڭ
كۆمۈلۈپ قالغان يەر ئاستى لىمى

تۆۋەندىكى سۈرەت: مېھ-
مانخانىدىكى ئۇچ سۇپا





www.uyghurkitap.com



3N(92B9) تۇرالغۇ خارابىسى



يۇقىرىدىكى سۈرەت: خارابىنىڭ يېقىندىن كۆرۈنۈشى

ئوتتۇرىدىكى سۈرەت: قۇرۇلۇشنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

تۆۋەندىكى سۈرەت: خارابىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى



ۋاتتائاۋانا يامۇلىنىڭ خارابىسى. بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىدىكى 2~3 كىلومېتىر جايدا بولۇپ، بۇ جايدىن ئادەملەر، زور ۋەقەلەر، باج يىغىش، يەر قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى تارىشا پۈتۈكلەر چىقتى.



خۇمدان خارابىسى. نىيه خارابىلىقى ئىچىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونلىرى جايلاشقان بولۇپ، 10 دىن ئارتۇق ئورۇندا خۇمدان خارابىسى بايقالدى.

26N(92AB) تۇرالغۇ خارابىسى. ياخشىراق ساقلانغان قۇرۇلما.



www.uyghurkitap.com



## 5N(93A35) تۇرالغۇ خارابىسى

بۇددا مۇناردىن 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، چوڭراق تۇرالغۇ خارابىسى. كادوتا يامۇللىرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بەش يۇرۇش ئىمارەت، هويلا دەرۋازىسى، ساڭرام، مۇزخانا، ئۆي قاتارلىقلار بار. قارۇشتى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر چىققان.








تەڭرى بىلەن ئادەمنىڭ ياغاچ ئويما هەيكىلى. FD مەركىزى تۈۋرۈكنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئۆيلەردىن چىققان. تۆت تال. ئېگىزلىكى 64 سانتىمېتىر.



↑ ساڭرام (93 A 35) 5N تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە. تەكشى يۈزى «回» خېتى شەكىللىك. ئۇزۇنلۇقى 5.3 مېتىر، كەڭلىكى 5.2 مېتىر. ئوتتۇرىسىدىكى كۋادرات شەكىللىك مۇنبەر ئۇلى.



↑ تامغا سىزىلغان بۇت. دائىرىسىنى قارا يىپ بىلەن يۆمگەن. بەش ئەزاسىنى قېنىقلاشتۇرۇپ سىزغان. كالپۇكى قىزىل، شاپ بۇرۇت، قارايۇقى، دولىسى ئۇچۇق، كاتەكچە كاسايا كىيگەن.



← تامغا سىزىلغان بۇت. ساڭرامدىن چىققان، گەۋدىسىنىڭ يېرىمى قالغان، ئوڭ تەرەپكە قاراپ تۇرغان، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويغان، چاپىنىغا پەي ئوقيا نەقىشلەنگەن.

www.uyghurkitap.com



ياغاچ ئۆيما نەقىشلىك كۆتۈرمە رام

يۇقىرىدىكى سۈرەت: 1906 -يىلى قازغان نەق مەيدان.





ئاستىدىكى سۈرەت: رامنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىكى نەقىشلەر. نىيە خارابىلىقىدا بايقالغان نەقىشلىك ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ئاز ئەمەس. قاناتلىق ھايۋان، تەڭرى ئې-تىدەك قىلىدۇ.







→ ياغاچ ئويما ئۇرۇندۇق پۇتى. 4N(5B92) خارابىسىدىكى 7-نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆيدىن چىققان. شىر (يولۋاس) باشلىق، تىلى ئۇزۇن، قاناتلىق، پۇتى ئات تۇيىقسىماندەك تۇردۇ.

↑ ئادەمنىڭ ياغاچ ئويما يالىڭاچ ھەيكىلى. 3N(7A169) تۇرالغۇ خارابىسىدىكى 1-نومۇرلۇق ھۇجرىدىن چىققان.



→ ياغاچ ئويما ئۇرۇندۇق پۇتى. 4 N(8B92) خارابىسىدىكى 7-نومۇرلۇق ئۆيدىن چىققان. ئىككى تال، قانىتى بار. ئادەم باشلىق، پۇتى ئات تۇيىقسىمان، ئوڭدىكىسى ئەر، سولدىكىسى ئايال.

كىتاب تورى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com



گۈل ئويۇلغان ياغاچ جوزا. 3N(992B) تۇرالغۇ خارابىسىدىكى 7-نومۇرلۇق ھوجىرىدىن چىققان، جوزا يۈزى يوق. ئۇزۇنلۇقى 67.8 سانتىمېتىر ، ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر. بۇ نىيە خارابىلىقىدىن چىققان ئەڭ نەپىس قاپارتما نەقىشلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى.





↑ ئىشكاپ(92 A 8) N 26 خارابىدىكى 8-نومۇرلۇق ھۇجرىدىن چىققان.

← چار تار (892B)N4 تۇرالغۇ خارابىسىدىكى 12-نومۇرلۇق ئۆيدىن چىققان. تۆت قۇلىقىدىن ئۈچىلا قالغان.



گېئومېترىيەلىك يوللۇق يۇڭ ئە-
دىيال (92B9)N 3 خارابىسىدىن چىق-
قان. كەڭ-تارلىقى ئوخشاش بولمىغان
بەلباغسىمان يولىغا گېئومېترىيەلىك گۈل
چۈشۈرۈلگەن.



تۈۋرۈك ۋە كۆتۈرمە جازا. نىيە خارا-
بىلىقىدا ھۇجرا سېلىشتا ياغاچنى ئاساس
قىلىش، گۈللۈك كۆتۈرمە جازا ئىشلىتىش
ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى شەكىللەن-
دۈرگەن.

گۈل ئويۇلغان ياغاچ جوزا قېزىلغان نەق مەيدان. ئىككى يانغا گۈل چۈشۈرۈش نىيە ياغاچ ئويمىچىلىقىدا كۆپ ئۇچرايدىغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يوپۇرماق، مېۋە، گېئومېترىيەلىك سىزىق قاتارلىقلىرىمۇ بار.





قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك. قارۇشتى يېزىقى «ئېشەك كالپۇكى يېزىق» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادىيە 3-ئەسىرگىچە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا ئىشلىتىلگەن. تولۇقسىز بولمىغان مەلۇماتتىن قارىغاندا نىيە خارابىلىقىدىن مۇشۇ يېزىقتىكى تارىشا پۈتۈكلەردىن 839 دانە قېزىۋېلىنغان. بۇ بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان بىرسى بولۇپ، لايدا پېچەتلەپ ئوبدان ساقلانغان، پادىشاھنىڭ رەسمىدەك تۇرىدۇ.





قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنىڭ شىنا شەكىللىك، تەك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك ۋە ئۇ- زۇنچاق قاتارلىقلىرى بار.



قوي تېرىسىگە يېزىلغان خەت-چەك. بۇنىڭغا قارۇشتىچە خەت يېزىلغان. تارىشا پۈتۈكتىن باشقا تېرە پۈ- تۈك، شايى پۈتۈكلەرمۇ بار.



→ خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك. نيىە خارابىلىقىدىن چىققان. تارىشا پۈتۈك ئاز دېگەندىمۇ 67 گە يېتىدۇ. بۇ 5 N (35 A 93) تۇرالغۇ خارابىسىدىن چىققانلىرى بولۇپ، ئۇزۇنى 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەيشىنىڭ 5-يىلى دېگەن يىلنامە پۈتۈكمۇ بار.





«ئاشلىق مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى»
1959-يىلى يىغىۋېلىنغان، ئېگىزلىكى 1.7، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 2 سانتىمېتىر.

## 1959ـيىلىدىكى تەكشۈرۈش

شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ تەكشۈرۈشىدە59 MNM 001
نومۇرلۇق قەبرە قېزىلىپ چىرايلىق تاۋار ـ دۇردۇن كـ
يىملەر، ماتا، مىس ۋە تۆمۈر قورالالار، ساپال قاچا ـ قـۇ
چىلار، ياغاچ جابدۇق قاتارلىقلار چىقتى. قەبرىنىڭ دەۋ
رى مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەر.



↑ بىللە دەپنە قىلىنغان ئەر ـ خوتۇننىڭ
قۇرۇپ كەتكەن جەستى. ئوڭدىكى ئـەر 50
ياشلاردا، سولدىكى ئايال 40 ياشلاردا.



↑ چەيچەكلىك ساپال
خۇمرا، قارا چاپان سالغان. دولـ
سىدا بىر ئايلانما ئۆچ بولۇڭ نـە
قىشى بار. ئېگىزلىكى 22.5، دىيا
مېترى 12.3 سانتىمېتىر.



← پىلەك قاپ ۋە مىس ئـەي
نەك، شايى ئەينەك خالتىسى. قـاپ
نىڭ ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر،
ئەينەكنىڭ دىيامېترى 12.3 سـان
تىمېتىر.

www.uyghurkitap.com



گۆللۈك پاختا رەختنىڭ قېپقالغان پارچىسى. 001MNM 59 نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان. قېپقالغان ئۇزۇنلۇقى 86، كەڭلىكى 45 سانتىمېتىر. ئۇڭ بۇرجەكتىكى بۇدساتۋانىڭ يېرىم رەسىمى ياكى مول-ھوسۇل ئىلاھەسىنىڭ رەسىمى.



«ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولغاي» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ چاپان. ئۇزۇنلۇقى 133 سانتى-مېتىر، كەڭلىكى 174 سانتىمېتىر، ئالدى ئوچۇق، يېڭى تار، بەلباغ باغلىغان ئىزى بار. ئېتىكى كەڭ.



بىر قۇلاقلىقساپال كوزا. 95MNIM8 دىن چىقـ-
قان، ئېگىزلىكى 43 سانتىمېتىر، دولىسىغا بەلگە ئويۇلـ-
غان. يۇمىلاق ۋە يوغان قورساق، ئېغىزى تۈز، تېگى
كىچىك ۋە تەكشى.



ئۇجۇ، خوچۇەن، ئەللىك داچۇەن دېگەن پۇللار. تېگى مىس، خارابىلىقتىن خەن سۇلا- لىسىنىڭ نۇرغۇن پۇللىرى تېپىلدى. بۇلار ئەينى زاماندا نىران خانلىقىدا ئاساسلىق ئوبوروت قىـ- لىنغان پۇللار.



تۆمۈر چوت. 1959 ـ يىلى يىغۋېلىنغان. ئۇزۇنـ- لۇقى 15.5 سانتىمېتىر. ئەينى زاماندىكى ناھايىتى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قورالى.

www.uyghurkitap.com



گۈل ئويۇلغان ياغاچ تۈۋرۈك. ئۇزۇنلۇقى 1.62، كەڭلىكى 0.18 مېتىر. گۈل ۋە مېۋە ئۇلاشما قاپارتمىلىق قىلىپ ئويۇلغان.



گۈل ئويۇلغان ئىشىك قانتى. يۇقىرى يۈزىدىكى ئادەم ۋە پىلنىڭ ئويۇنشۇۋاتقان كۆرۈنۈشى. ئاستىدىكى قاناتلىق هايۋان.



گۈللۈك ئاياق، «ۋەن» خېتى چەپچىكىگە ئويۇلغان.



ياغاچ چاق. دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11، دىيامېتىرى 7.6 سانتىمېتىر.



ياغاچنى تېشىپ ئوت چىقارغۇچ. 95MNIM4 خارابە-
سىدىن چىققان. دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35، تەشكۈچىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 10.5، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر.



↑ ياغاچ دەستىلىك تۆمۈر ئورغاق.
95MNIM4 خارابىسىدىن چىققان. دەس-
تىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31.8 سانتىمېتىر. دېھ-
قانچىلىق ئىرانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم
ئورۇندا تۇرغان.



→ ئۆرۈش يىپىنى يۆتكەش ئەسۋابى.
گىلەم توقۇشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان
ئەسۋاب. ئۇزۇنلۇقى 22، كەڭلىكى 13.5
سانتىمېتىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





↑ مارجان. سەدەپ بېزەكلەر. (93 A 9) N 14 نىڭ جەنۇبىدىكى
ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىدىن چىققان.

← ياغاچ گۈرجەك

↓ MNI 95-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.



## 1995-يىلى قەدىمىي قەبرىنى قېزىش

95 MNI نومۇرلۇق قەبرىستانلىق بۇددا مۇنارىنىڭ شىمالىدىكى 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، نىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئېگىز قۇم ئېدىرىغا جايلاشقان. 10 قەدىمىي قەبرە تېپىلدى. ئۈچىدە ساندۇق شەكلىدىكى تاۋۇت ساندۇقى بار. بىر گۆر-دىن ساندۇق تاۋۇت چىقتى. گۆرنىڭ شەكلى ۋە چىققان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكار-لىقلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە بۇ جاي ملا-دىيە 3-، 4-ئەسىرلەردىكى نىران خانلىقى خان جەمەتىنىڭ قەبرىسى دەپ ھۆكۈم قى-لىندى. يەنە ئىككى قەبرىدىن ھەمدەپنە بۇ-يۇملار كۆپ چىقتى. خان جەمەتى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بولىشى مۇمكىن.




95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى



95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M قەبرىنى ئېنىقلاش ئەھۋالى. بۇ كۆلىمى ئەڭ زور بىر قەبرە بولۇپ تاۋۇت ساندۇقى ۋە تاشقى تاۋۇتلۇق بار.



95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M
تاۋۇت. ساندۇق شەكىللىك. تۆت پۇتلۇق، ئۇ-
زۇنلۇقى 228 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 90 سانتىمې-
تىر ، ئەر-ئايال ئىككى كىشى بىللەن دەپنە قىلىن-
غان «باش قوشسا خان-تۆرىلەر تۇمەن يىللار،
ئۇندا غولدار ئەۋلادلار» دېگەن خەت چۈشۈرۈل-
گەن كىمخاپ يوتقان يېپىلغان. ئەرنىڭ جەسىتىنىڭ
بويى 1.74 مېتىر، ئوق، يا، چاپچاللارنى ھەمدەپ-
نە قىلغان. چاپچىغا بەلباغ، غىلاپ، ئوقيا خالتىسى
ئېسىقلىق؛ ئايالنىڭ جەسىتىنىڭ بويى 1.62 مېتىر،
بىر پەرداز قۇتىسىنى ھەمدەپنە قىلغان. ئىچىدە
مىس ئەينەك بار.



95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى
3M قەبرىدىكى ئەر-ئايال. بېشى شىمالغا
قارىتىلغان. پۇتىنى تۈز سۇنۇپ ئوڭدىسىغا
ياتقۇزۇلغان، بېشىغا تۆت قىرلىق ياستۇق
قويۇپ، يۈزىنى يېپىپ قويغان.



ئەرنىڭ جەستى 95 MNI - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 8M قەبرىدىن چىققان. ئۇزۇن چاپان كىيگۈزۈلگەن، بەلباغ باغلىغان. ماتا ئىشتان، كۆن ئاياغ، شايى پەلەي كىيگۈزۈلگەن.



ئايالنىڭ جەستى 95 MNI - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان. يالغۇز دەپنە قىلىنغان. ياش ئايال.





«باش قوشسا خان- تۆرىلەر تۈمەن يىللار، ئۇنىدا غولىدار ئەۋلادلار» دېگەن خەن چۇشۇرۇلگەن كىمخاپ يوتقان. MNI 95 -نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىلغان. يۇقىرىدىكى رەسىم: كىمخاپنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشى. تۆۋەندىكى رەسىم: ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.



MB MNI 95 -نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىنىڭ خەرىتىسى.

كىمخاپ پوسما. تۆپىسى يۇملاق ئۇچلۇق، ئىككى تال شايى باغ تىكىپ قويۇلغان. ئۇزۇنلۇقى **60** سانتىمېتىر ، چوڭقۇرلۇقى **24** سانتىمېتىر ، شايىباغدا خەنزۇچە « 山 内 生 河»،« 德»،« 子» دېگەن خەتلەر بار. پوسمىنىڭ جىيىكىگە قارا سىياھتا قارۇشتىچە خەت يېزىلغان.







جاۋا ئاياغ. **95** MNI ـنومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان. ئۇزۇنلۇقى **29** سانتىمېتىر ، كەڭلىكى **16.5** سانتىمېتىر ، ئىچىگە كىگىز تۇتۇلغان، ئۈستىگە بېغىشلىق گۈل نەقشى تىكىپ قويۇلغان.

www.uyghurkitap.com



سېرىق-كۆك كاتەكچە يولluق كىمخاپ چاپان. 95 MNI -نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M قەبرىدىن چىققان. ئۇزۇنلۇقى 122 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 225 سانتىمېتىر.



«长乐大明光» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ ئىشتان. 95 MNI -نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M قەبرىدىن چىققان، ئۇزۇنلۇقى 118 سانتىمېتىر ، پۇچقىقىنىڭ كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر.



كمخاپ يۈز پايقۇچ. 95 MNI ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M قەبرىدىن چىققان. ئۇزۇنلۇقى 64 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 58سانتىمېتىر .



↑ كمخاپ پەلەي 3Mقەبرىدىن چىققان، ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىـ
مېتىر، كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر.



→ «延年益寿 ^· 葆子孙» (ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولغاي، پەر-
زەنتلىرىڭىز ياشنىغاي) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كمخاپ گۈل نۇسخىسى.

www.uyghurkitap.com



يىپەك ياغلىق 95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M قەبرىدىن قېزىلغان. ئۇزۇنلۇقى 186 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر. كۆك، قىزىل ئىككى رەڭلىك قىرلىق كاتەكچە گۈللۈك.



چەكمەن خالتا. 95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3M قەبرىدىن قېزىلغان. ئېگىزلىكى 17 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر.



ئەجدىھا-يولۋاس گۈللۈك مىس ئەينەك ۋە ئەينەك خالتىسى. 3M تىن چىققان. يۇمىلاق، تېگىنىڭ دىيامېترى 9.8 سانتىمېتىر، ئەينەك خالتىسىغا «世母极锦宜二亲传子孙» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. (ھەممىڭلارنىڭ ئېسىل كىمخاپىي ئاتا-ئانىغا لايىق. ئەۋلادلارغا تەۋەررۈك.)





« شەرقتىن چىقسا بەش ئەختەر، ئوتتۇرا ئىقلىمغا نەپ يېتەر»

ئوتتۇرىدىكى سۈرەت: كىمخاپ بىلەكلىكنىڭ ئومۇمىي كۆ-رۈنۈشى.

يۇقىرىدىكى سۈرەت: كىمخاپنىڭ گۈللىرى.

تۆۋەندىكى سۈرەت: كىمخاپنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى.

95MNIM8 دىكى ئەر جەسەتنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئوقيانىڭ يېنىغا قويۇلغان، بىلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.5، كەڭلىكى 12.5 سانتىمېتىر ، باغلىغۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى21 سانتىمېتىر، يولۋاس، ئەجدىھا، تۇمار، ئىلاھىي تۇرنا، توز، خاسىيەتلىك هايۋان ۋە تاغ، يۇلتۇز قاتارلىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. مۇشۇ كىمخاپ بىلەن بىر قەبرىدىن قېزىلغان «جەنۇبىي



www.uyghurkitap.com



«ۋاڭ»(王)خەتلىك جوغلىق ساپال كوزا. 95 MNI-نومۇر-لۇق قەبرىستانلىقتىكى 8M دىن چىقتى. ئىچىدە سېسىغان، قۇرۇپ كەتكەن يېمەكلىك بار ئىكەن. شۇ زاماندا نىران پىشامشان دۆلىتىنى قوشۇۋالغان بولسىمۇ «خان» نامىنى ساقلاپ قالغان.

چانلارغا جازا يۈرۈش قىلىش» دېگەن خەت بار كىمخاپ پارچىسى بىلەن بىر. بەش يۇلتۇز: (ۋېنېرا، يۇپېتېر، مارس، ساتۇرنىنى كۆرسىتىدۇ). «شەرقتىن چىقسا بەش ئەختەر، ئوت-تۇرا ئىقلىمغا نەپ يېتەر »، «جەنۇبىي چانلارغا جازا يۈرۈش قىلىش» دېگە-نى بەش يۇلتۇزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا شەرقتە چىقىشى، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي چانلارغا جازا يۈرۈش قىلىشتا جەز-مەن غەلىبە قىلىشغا زور پايدىلىق دېگەن مەنىدە. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىكتىكى ھۆكۈمەتنىڭ نىران خانىغا قىلغان سوۋغىتى ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز.



قوش باغلىق ساپال كوزا. 95 MNI-نومۇرلۇق قەبرىستاند-لىقتىكى 1M دىن چىقتى. ئېگىز-لىكى 13.6 سانتىمېتىر. ئۇششاق يۇملاق گۈللۈك.



← ياغاچ قوزۇقلۇق كىيىم ئاسقۇ. تەبىئىي دەرەخ شېخىنى ئازراق تۈزەشتۈرۈپ ياسىغان. ئېگىزلىكى 115 سانتىمېتىر، 3M تىكى ئەرنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا قويۇلغان.



↑ جام. 95 MNI ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 6M دىن چىققان. دىيامېتىرى 10، ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر. قىرىپ ياسىغان.



→ تەڭنە (كاسا). دىيامېتىرى 27.8، ئېگىزلىكى 9.5 سانتىمېتىر. تېرىق قاچىلانغان.

ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى قىسىم
## تەزكىرە - رىسالىلەر

مولla نىياز بىننى قارىي سابىر

# ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە خوتەن بۇددىزمىنىڭ زاۋاللىقتا يوز تۇتۇشى

(1796-يىلى 7-ئاي)

*[ئىلاۋە ] بۇ شائىر موللا نىيازنىڭ 2080 مىسرادىن تەركىب تاپقان «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق تارىخىي داستانىنىڭ نەسرىي يەشمىسى. بۇ نەسرىي يەشمىنى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى تارىخ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1959 - يىلى ئىشلىگەن. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى يانۋاردا باستۇرغان. ماۋزۇ تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى.*

كائىنات، ئادەم، جىن، دۇنياۋى ھايات ئاخىرەتنى يارىتىپ بارلىق ھاياتقا «رىزىق» (ئوزۇق) بەرگۈچى تەڭرىگە ھەمدۇ سانا (تەشەككۈر) بولسۇنكى: ئۇ — تەڭرى بىر قەترە (بىر تامچە) سۇ (مەنىي) دىن گۆھەردەك (ئەزىز) ئادەم ياراتتى. ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز، يەرنى يۆلەنچۈكسىز ياراتتى، تەڭرىگە ھەمدۇ - تەشەككۈر ئېيتىشتا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۆز مەرھەمىتى بىلەن بىراۋنى ئەزىز قىلسا، قارشىلىق قىلغۇچى يوق. تەڭرىنىڭ باشلىنىشىغا زامان (ۋاقىت) يوق، ئاخىرىسىغا ھەم ھېچ «ئىنتىھا» (ئاخىرلىشىش) يوق، يەنى مەڭگۈدۇر. بارلىق شاھلارنىڭمۇ شاھى تەڭرىدۇر. ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىشلاردىن تەڭرى ئاگاھ (ۋاقىپ) بولغۇچىدۇر. تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ ۋۇجۇدىغا ۋە قانداقلىقىغا تەپەككۇر مۇنازىرە قىلىش ۋە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەستۇر. تەڭرىنىڭ

تەڭرىلىكى مەڭگۈدۇر. تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى — دوستى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغۇچى، بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىپتىخارى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە تەۋۋە- لىرىگە، سەپداشلىرىغا، دوستلىرىغا ۋە دوستلىرىنىڭ ھەمدوستلىرىغا «دۇرۇت» (رەھمەت) ئېيتقاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھەسەننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىماملار ھەققىدە شۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

## ئىمامى نەسرىددىن، ئىمامى مۇئىنىددىن، ئىمامى زەھرىددىن، ئىمامى قاۋامىددىنلەرنىڭ نەسەب ۋە ئىسىملىرى توغرىسىدا

شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئىمام ھۇسەيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغ- لى؛ زەينىلئابىددىن ئىمام ھۇسەيىننىڭ ئوغلى؛ زەينىلئابىددىننىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممەدى باقىر؛ ئىمام مۇھەممەدى باقىرنىڭ ئوغلى ئىمام جەففىرى سادىق؛ جەففىرى سادىقنىڭ ئوغلى ئىمام مۇسا كازىم؛ ئىمام مۇسا كازىمنىڭ ئوغلى ئەلى مۇسارىز؛ ئەلى مۇسارىزنىڭ ئوغلى مۇھەممەد تەقى، ئىمام مۇھەممەد تەقىنىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممەد نە- قى، ئىمام مۇھەممەد تەقىنىڭ ئوغلى ئىمام ئەسكىرى؛ ئىمام ئەسكىرى- نىڭ ئوغلى ئىمام قاسىم؛ ئىمام قاسىمنىڭ ئوغلى ئىمام ئەپتەھ؛ ئىمام ئەپتەھنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئەۋلاددۇر ۋە ئۇلار بارلىق ئادەملەرگە يولباشچىدۇر (يۇقىرىدىكى تۆت ئىمام زەبى- ھۇللا دېگەنلەر ئىمام ئەپتەھنىڭ ئوغۇللىرىدۇر).

ئىماملار ماۋارا ئۇننەھردىن چىقىپ، يۇسۇپ قادىرخاننى قەشقەرگە قوشۇن بىلەن ئەۋەتىشى، يۇسۇپ قادىرخان قەشقەرگە كېلىپ مەسلىھەت- لەشكىنى بۇلارنىڭ تارىخىي ۋەقەسى توغرىسىدا خەۋەر بەرگۈچى ئاپتور شۇنداق خەۋەر قىلىدۇكى: ئىمام ئەپتەھنىڭ ئوغلى بولغان تۆت ئىمام مادايىنز د[①]دا تۇراتتى. ئۇلار بىلەن ئەمىرلەر، ئەسكەرلەر بىللە ئىدى. مەسلىھەت قىلىشىپ، تۆت ئىمام ئىسلام دىنىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە دىن- نى كۈچەيتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى نىشانلاپ، ئاتاقلىق قەھرىمان يۇ- سۇپ قادىرخاننىڭ ئىلتىماسى بويىچە، قەشقەرگە يۇسۇپ قادىرخاننى ئە- ۋەتمەكچى بولۇشتى. يۇسۇپ قادىرخان:— ئەي شاھلىرىم، قەشقەر خەل-

① ئىراندىكى مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى

قى بۇددىست ئىكەن، مۇسۇلمانلارغا بۇددىستلار باشلىق ئىكەن. ھەر بىرىڭلارنىڭ دەۋرىدە ئۇ يەرلەر ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈلۈپ، دىن راۋاجلانسا، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، دىن ئۇچۇن جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بولسا توپلانسۇن! — دەپ ئېلان قىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىن ئۇچۇن جەڭ قىلىشقا قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىنىپ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى، يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر يېرىگە يېتىپ كېلىپ، قەلئەگە يېقىن بىر جايغا چېدىر قۇردى. يۇسۇپ قادىرخان قەشقەر ئاھالىسىگە قارىتا:— بىزگە تۆت ئىمام بۇيرۇق قىلدى. سىزلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشىڭىزلار كېرەك، ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭلار جاھىللىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈڭلەرگە زۇلۇم قىلغان بولۇرسىزلەر، قانلىرىڭىز ئېرىقتىكى سۇدەك ئاققۇزۇلۇپ، باشلىرىڭىز ساي تېشىدەك كېسىپ تاشلىنىدۇ. مال ـ مۇلۇكلىرىڭىزلەرنى ۋەيران قىلىمىزلەر، دېگەن مەزمۇندا بىر مەكتۇپ يازدى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بۇ مەكتۇبى قەشقەر ئاھالىسىگە يېتىپ كەلگەچ، ئوقۇپ ۋاقىپ بولۇپ مەسلىھەت قىلىشتى. مەسلىھەتتىن كېيىن: ـ ئەگەر بىزنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغۇچىلار پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولسا،ئۇلارنىڭ جامالىنى (يۈزىنى)كۆرۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتىپ جان پىدا قىلساق، — دېگەن جاۋابنى بەردى.

نامە ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچى بۇ جاۋابنى يۇسۇپ قادىرخان غازىغا يەتكۈزدى. يۇسۇپ قادىرخان مۇنداق دېدى:— قەشقەر خەلقى بۇ سۆزنى ئېيتىپ تۇرغاندا، بىز ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشمىز لازىم ئەمەس، ئىماملارغا بىر نامە ئەۋەتەي، — دەپ كاتىپقا بۇيرۇدى. نامە مۇنداق ئىبارىلەر بىلەن يېزىلدى: «سىلەرنىڭ نەزىرىڭلار چۈشسە، چۆللەر كۆللۈككە ئايلىنىدۇ، سىلەرنىڭ سۈپىتىڭلار قۇياشقا ئوخشايدۇ، سىلەر بۇيرۇق قىلىش بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم، قانداقلا مۇشەققەت يۈز كەلتۈرسە، دىن يولىدا شەرەپلىك دەپ بىلدىم، ئەلۋەتتە ھەر بىرىڭلارنىڭ قەدىمى يەتسە، بۇ يەرلەردە دىن جارى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس»، دەپ تاماملاپ ماڭدۇردى. خەت ئېلىپ ماڭغۇچى كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، مادايىن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئىماملار بۇ چاغلاردا ئوۋ قىلىپ دەشتلەرنى كېزىپ تاماشا قىلاتتى. خەتچى موللا يۇسۇپ قادىرخاننىڭ نامەسىنى ئىمامغا تاپشۇردى. ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ:— قەشقەر خەلقى ئىسلام دىنىغا زار ئىكەن. لېكىن بىزنىڭ بېرىشىمىزغا كۆز تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، ئەلۋەتتە. بىز

دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا بارىمىز، ھەر كىم بۇنداق جەڭنى قىلسا، خۇدا ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلسۇن، ھەر كىم بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسا، خۇدا ۋە پەيغەمبەر ئۇ كىشىگە مەدەت قىلىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى. پىدائىيلار توپلاندى. ئىماملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلىپ، روھىدىن بېشارەت ئالدى. بېرىلگەن بېشارەتتە مۇنداق خەۋەرلەر بار ئىدى: «قەشقەر ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ، لېكىن، ئىماملار باشلىق نۇرغۇن كىشى شېھىد بولىدۇ.» بۇ بېشارەتنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى قانچە قېتىم ئايلىنىپ زىيارەت قىلىپ ئارقىغا قايتىپ خۇشال ـ خۇرام يۈردى. ئىماملار يۈرۈش قىلىپ، ئەنجان تېغىغا كېلىپ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ چۈشتى. ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىگە بىر دانىدىن «نوقۇت» دانىسى تاشلىدى. ئۇ، نوقۇت دانلىرىنى يىغىۋېلىپ تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ كۆردى، توپتوغرا بىر چارەك چىقتى. دانلارنى ساناپ كۆرگەندە ئەسكەرلەر سانى 140 مىڭ كىشى ئىكەن. ئىماملار شۇنداق دېدى: «بۇلار بىزنى دەپ شۇنچە جاپا تارتىپتۇ. بەزىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلسە، بەزىلىرى قورقۇتۇش بىلەن قورقۇپ كەلگەن بولۇشى چوقۇم، ھەر كىم قايتىشنى ئىختىيار قىلسا قايتسۇن، بېرىشنى ئارزۇ قىلغانلار بارسۇن.» بۇ سۆزلەرنى قوشۇندىكىلەر ئاڭلاپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ:— بىزنىڭ جېنىمىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پىدا قىلسۇن، ئەگەر دۈشمەنگە قارشى تاش ئېتىش كېرەك بولۇپ قالسا، تاش ئورنىدا بىزنىڭ بېشىمىز ئېتىلسا رازىمىز. تىرىكلا بولساق بىللە بولىمىز، بىزنىڭ تىلىكىمىز — سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۆتكەيمىز، قىيامەت كۈنى بوۋىڭىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولماسلىق ئۈچۈن، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا جان بېرىمىز، — دەپ يىغلىشىپ ئېتىقاد بىلدۈرۈپ تۇرغانلىقى بىلىندى. ئىماملار قوشۇندىن مۇنداق ئاۋازنى — يەنى ئېتىقادنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى قايناپ، بېشىنى يالاڭباشتاق قىلىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، قوشۇندىكىلەر قوشۇلۇپ «ئامىن!» دېيىشتى، ھەممە ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم تىلىدى. شۇ كۈنى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا نامە يۈرگۈزدى، ئارقىدىنلا ماڭدى. ھەر تەرەپتىن ئاق بايراقلار كۆرۈندى. بايراقلارنىڭ نىشانىسىدىن قارىغاندا، 100 مىڭ ئەرنىڭ بەلگىسى كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پادىشاھلاردەك تاج كىيىپ، بې-

لىگە كەمەر باغلىغان ئاتلىق ئىماملار ئالدىن چىقىپ كەلدى، يۇسۇپ قا ـ
دىرخان غازى ئىماملارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. بىر ـ بىرىدىن
ئەھۋال سوراشتى. يۇسۇپ قادىرخان كۆرۈشۈپ بولۇپ:— ئۇلار ئۇشتىيا
قالدى، مېنى ئالدىن بېرىپ يۇسۇپ قادىرخانغا خەۋەر بەرگىن دەپ ئەۋەت ـ
تى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. يۇسۇپ قادىرخان كۆپ خۇشال بولدى ۋە ئۇلار ـ
نى مېھمان قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بىلەن شادلىق ناغرا ـ كا ـ
نايلىرىنى چالدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇشلۇق شاھ مەنسۇر، ئەخمەت
خوجا سەئىد، خوجا ئەزىز قاتارلىقلار يېتىپ كەلدى. بۇلار ھەممىسى ھەر ـ
بىي كېيىنىش بىلەن كېيىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كۈنى كەچ بولۇپ
قاراڭغۇ چۈشتى. ئەتىسى قۇياش چىقىپ جاھاننى يورۇتتى، ئەنجان تەرەپ ـ
تىن سەنجەر كاسانى، سۇلتان ھەيدەر كاسانى، خوجا ئىسمائىل، خوجا يۇ ـ
سۇپ، خوجا ياقۇپ، خوجا ھەسەن، خوجا سۇلايمان قاتارلىق كاسانلىقلار
يېتىپ كەلدى. يۇسۇپ قادىرخان بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ،
ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن،
20 بايراق قوشۇن يەنى 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئوبۇلمۇزەپپەر ۋە سۇلتان
قاسىم خارەزىمى، خوجا ئەزەم، خوجا كۈچەك، خوجا شاھباز قاتارلىق خا ـ
رەزىملىكلەر يېتىپ كەلدى. يۇسۇپ قادىرخان بۇلارنىڭمۇ ئالدىغا چىقىپ
كۈتۈۋالدى، قەشقەر خەلقى ھەيران بولۇشۇپ قالدى. ئەتىسى سۇلتان جالا ـ
لىددىن ۋە سۇلتان سەئىددىن، زىيائىددىن، ئالائىددىن، خوجا شەمىددىن،
سۇلتان ھەسەن زىيائىددىن، خوجا مەھمۇد مۇھەممىدى، تاھىر، خوجا
يەھيا، خوجا ئۆمەر ناسىر، خوجا مەنسۇر، خوجا ئابدۇلكەرىم، خوجا ئاب ـ
دۇلغوپۇر، ئابدۇلرەھىم قاتارلىق باغدادلىقلار يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ
ھەيۋىتىدىن زېمىن تىترەپ تۇراتتى. بۇنداق كەلگەن ئەسكەر بىلەن قەش ـ
قەر تولدى. تېخى ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن كېلىپ بولغانلىقى بىلىنمەيتتى.
قىلىچلار قىلىچقا، نەيزىلەر نەيزىگە ئۇرۇلاتتى. بۇ كۈنى كەچ چۈشۈپ ئارام
ئالدى. ئەتىسى 52 مىڭ ئەسكەر بىلەن قورال ـ ياراغ (مىلتىقلار) بىلەن
قوراللىنىپ، تۆت ئىمام يېتىپ كەلدى. يۇسۇپ قادىرخان:— ئەي قەشقەر
خەلقى! ئەمدى ھەممىڭنىڭ شاھى — ئىماملار كەلدى، ئىمان ئېيتىپ مۇ ـ
سۇلمان بولۇشتىن باشقا چارە يوق. ھەممىڭلار ئالدىغا چىقىڭلار! ـــ دەپ
ئېلان قىلىپ، ئىماملارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ كۆ ـ
رۈشۈپ ئارام ئالدى. قەشقەر خەلقى ئوق ساداقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئې ـ

سىپ، ئىماملارغا تەزىم قىلىپ كېلىشتى. ئىماملار ئۇلارغا جاۋاب قايتۇر-ماستىن تۇرۇپ يۈسۈپ قادىرخاندىن سورىدى:— بۇ خەلقلەر مۇسۇلمانمۇ ۋە ياكى بۇددىستمۇ؟ يۈسۈپ قادىرخان:— بۇلار ئىمان ئېيتىشقا كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىماملار يەنە:— بۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەل-دىمۇ ياكى قورقۇنچ بىلەن كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. شۇنىڭدەك خەلقتىن سورىغاندا، ئۇلارمۇ: — بىز ئىمان ئېيتىشقا كەلدۇق، — دەپ ئېيتىشتى. ئىماملار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەشقەر ئاھالىسىگە ئىسلام ئىمانىنى ئۆگەتتى، ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. تۆت ئىمام قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ھەممە خەلق قوشۇلۇپ «ئامىن!» دېدى. بۇددىستلىقتىن ئە-سەر قالماي يوقالدى. ئىماملار قەشقەر ئاھالىسىنى ئىسلام دىنى شەرىپى بىلەن مۇبارەكلىدى. ھەممە خەلق خۇشال بولدى. ھەممە خەلق مېھمانلارنى ئۆز مەيلىچە كۈتۈۋالدى. يۈسۈپ قادىرخان غازى قەشقەر خەلقىگە پادىشاھ بولدى، خەلقلەر ھىمايە قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئەي ئەقىللىق، ھوشيار! بۇ سۆزلەردىن شۇنداق ئاگاھ بولكى، ئى-ماملار قەشقەردە مەلۇم مۇددەت تۇردى. يۈسۈپ قادىرخان قەشقەر ئاھا-لىسىگە پادىشاھلىق قىلاتتى. تۆت ئىمام قادىرخانغا ۋەسىيەت قىلىپ: — يۇرتنى ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلىڭ، ئەگەر بىز ئۇرۇشتا قۇربان بول-ساق، جەستىمىز تۇزلەڭدە قالمىسۇن، شەرىئەت قىلىچىنى جارى قى-لىڭ، بىز ئۈچۈن قەبرە قىلىپ، ۋەخپە مۈلۈكلەرنى بېكىتىپ، شەيخ - جارۇپكەشلەر بەلگىلەپ، نەزىر - نۇزۇرەت ئۈچۈن قازان، شەمسى (چىراغ)لەر بەرپا قىلىڭ. مازارلىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شەيخلەر قويۇڭ، ئۇلار بىزگە دۇئا قىلسۇن ... — دېدى. يەنە بىر قانچە ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ قوشۇن بىلەن قوزغىلىپ يەكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يەكەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر نەچچە يۈز ئادەم «يار» (سۇ چېقىندىسى بىلەن ھاسىل بولغان يارلىق)نى كولاپ ئۆي قىلىپ ئول-تۇرغان ئىدى. ئۇلار تۆھپە - سوۋغاتلار تەييارلاپ ئىماملارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى. ئىماملار ئۇلارغا ئىمان تەكلىپ قىلدى، ئۇلار قو-بۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئىماملار ئۇلارغا دۇئا قىلىپ: — بۇ يۇرت (يەكەن) خوتەن مۈلكىنىڭ پايتەختى بولسۇن، دەپ خەلق بىلەن خەير-لىشىپ «ماچىن» تەرەپكە (خوتەنگە) قاراپ يۈردى. ئىماملار يولدا كېتى-ۋېتىپ ئەر - ئاياللاردىن بىر مۇنچە كىشىلەرنى ئۇچراتتى، ئۇلارنىڭ

بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىردى، بەزىسى قېچىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال
خەلق ئىچىدە: «گۇمىدا گۇمان قالدى، مۇجىلىقلار قاچتى» دېگەن بىر
مەسەل بولۇپ قالدى. ئۇلار تامامەن ئىسلام دىنىغا كىرمەي قالدى. ئالـ
دىنقى ئەسكىرىي قىسىم بىلەن ئىمام مۇھەممەدى شاكىر يۈرگەن بوـ
لۇپ، جوقتى رەشىت، نوكتى رەشىت ئىسىملىك خوتەنگە پادىشاھلىق
قىلىپ تۇرغان بۇددىستلارنىڭ يول ئۈستىدە قويغان قاراۋۇل (پوس)لىـ
رىغا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ نۇرغۇن ئۇرۇشۇپ، ئاقىۋەت «قۇمىراۋات»دېـ
گەن يەردە قۇربان بولدى. لېكىن، ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇددىستلارنىڭ
زور قىسمىنى ھالاك قىلدى. بىر نەچچە بۇددىست قۇتۇلۇپ قېچىپ بېـ
رىپ جوقتى رەشتكە خەۋەر قىلدى، جوقتى رەشتىنىڭ ھوشى بېشىدىن
قاچتى. دەرھال ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئەسكەرلىرىنى تەييارلىـ
تىپ، قەلئەنى مۇستەھكەم قىلدى. ئۇرۇشقا تەييارلىق ھەم خەۋەر قىـ
لىندى. ئۇلار يۈرۈپ ئىمام مۇھەممەدى شاكىر شېھىد بولغان قۇمىراۋاتـ
قا يېتىپ كەلدى. ئىمام شاكىرنىڭ قىزىل قانغا بۇلغىنىپ ياتقان جەـ
سىتىنى كۆرۈپ، ئىماملار ۋە بارلىق ئەسكەرلەر زور تەزىيەت بىلدۈـ
رۈپ، قۇمىراۋاتقا دەپنە قىلىپ، ماچىن (خوتەن) تەرەپكە قاراپ يۈرۈش
قىلىپ، ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ قەلئە ئالدىدا چېدىر تىكىپ چۈشتى.
جوقتى رەشىت بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ماچىن
شەھىرىدە بىر «سېھىر» (جادۇگەر) بۇددىست بار بولۇپ، ئۇ، جوقتى
رەشتىنىڭ قېشىغا كىرىپ: — مەن ئىسلام ئەسكىرىگە قارشى بىر
ئىلاج قىلاي، قەلئەنى جادۇگەرلىك بىلەن كۆزدىن غايىب قىلىپ يوشۇـ
رۇن قىلاي، — دەپ جادۇگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئىـ
ماملار شەھەرگە ئەلچى كىرگۈزۈشنى بۇيرۇدى: — ئەگەر ئىسلام دىنىـ
نى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسا، دەخلى قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر
قوبۇل قىلمىسا، جەڭ قىلىشمىز كېرەك، — دەپ بىر كىشىنى ئەلچى
قىلىپ كىرگۈزدى. ئەلچىگە شۇنداق تاپشۇردى: — بۇ كەلگەنلەر ماۋارا
ئۇننەھردىن كېلىپتۇ. دىن ئۈچۈن جاپا چېكىپ كەپتۇ. 140 مىڭ
ئەسكىرى بار، مەقسىتى دىن ئۈچۈندۇر. خۇدانى بىر دەپ بىلىپ مۇـ
سۇلمان بولسۇن، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۆز ـ ئۆزىنى دوزاخقا تاشلايدۇ،
ئىسلام دىنى بىر گۆھەردۇر، بۇ گۆھەرنىڭ باھاسىغا يەتمىسە، ئىشنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئەلۋەتتە ئۇ دوزاخقا كېتىشى

چوقۇم. ئەلچى بۇ سۆزلەرنى ئىماملاردىن ئاڭلاپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. شەھەرگە كىرىپ ئىماملارنىڭ سۆزىنى جوقتى رەشىتكە بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. جوقتى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇلاندى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، جادۇگەرنىڭ قېشىغا كىردى. ئىماملارنىڭ ئەلچى ئارقىلىق كىرگۈزگەن سۆزىنى سۆزلىدى. بۇ جادۇگەرنىڭ ئىسمى شەمئان ئىدى. ئۇنىڭ قىرىق شاگىرتى بولۇپ، ھەر بىرى بىر شەيتانغا باراۋەرلىك قىلاتتى. قىرىق شاگىرتى بىلەن شەمئان بىر بولۇپ جادۇگەرلىك قىلىشقا كىرىشتى. جوقتى رەشىت، نوقتى رەشىتلەرنىڭ ئاخىرقى قارارى — مۇسۇلمان بولماسلىق ۋە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىش بولدى. ئەلچىگە ھەم شۇنداق جاۋاب بەردى. ئەلچى ئىماملار قېشىغا كېلىپ، بېرىلگەن جاۋابنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىماملار ئۇرۇشقا ناغرا-كاناي چالدۇرۇپ تەييارلاندى. ئۇرۇش سەپلىرى تۈزۈلدى. ئىماملار قوشۇنى قەلئەگە قاراپ ھۇجۇم باشلىشى بىلەنلا، شەھەر قەلئەسى كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر قانچە زامان نېمە قىلىشنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇردى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قىرىق يىل، بەزىلەرنىڭ رىۋايىتىچە قىرىق كۈن كۆزدىن يوشۇرۇندى. مۇنداق دېيىش بۇددىستلار بېشىغا قاتتىق كۈن چۈشكەنلىكتىن، بىر كۈن بىر يىلغا تەڭ كۆرۈنگەن، دېگەنلىك بولسا كېرەك. بۇ جادۇگەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قاماققا ئېلىشىدۇر. مەسىلەن، تۈلكە شىرنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە ئويۇن-كۈلكە قىلىدۇ، ئەگەر شىرنى كۆرگەندە ئۆزىنى يوشۇرماي تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىماملارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار قېچىپ يوشۇرۇنماي تۇرالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئىماملارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار قېچىپ يوشۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن، ئەتىسى ئىسلام لەشكەرلىرى ئاتلىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەردە نۇرغۇن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ سورىدى. بۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ: — نوكتى، جوقتى قاتارلىق مەلئۇنلار ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن بۈگۈن كېچە قېچىپ كەتتى. جادۇگەرلەرمۇ قاچتى. ئۇلار تاغ تەرەپكە كېتىشتى. شەھەر ئۆزى يوشۇرۇنغان ئەمەس ئىدى، ماڭا رەھىم قىلىپ ئازاد قىلساڭلار، مەن خەلققە تەشۋىق قىلىپ ئىماملار تەرەپكە رىغبەتلەندۈرەي، ئۆزۈمدىكى يامانلىقلارنى يوقىتاي، — دېدى. لېكىن ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۇ ئادەم-

نى باغلاپ ئىمامىلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئىماملارنىڭ ئالدىدا
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. خوتەن شەھىرىنىڭ ۋە
نوكتى، جوقتىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ: —
ئۇلار 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلار 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن
قېچىپ كەتتى. شەھەردە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ئاجىزلار قالدى. ئۇلار-
نىڭ مۇسۇلمان بولۇش ـ بولماسلىقى ماڭا نامەلۇم، ـــ دېدى. ئى-
ماملار:— شەھەرگە ئەلچى كىرسۇن، ـــ دەپ بۇيرۇدى. ئىسلام ئەسكى-
رىدىن غەربىي ئاسىيالىق قەيتۇس ئىسىملىك بىر كىشى ئەلچى بولۇپ،
بىر ئادەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شەھەرگە كىردى. شەھەرگە «خەل-
خال» باشلىق ئىدى، ئەلچى كىرىپ خەلخال بىلەن سۆزلەشتى. خەلخال-
نىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. خەلخالنىڭ ئادەملىرىدىن بىر قانچە
نادانلار ئەلچى قەيتۇسنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. قەيتۇس يېنىدىن قى-
لىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەتتە كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈردى. خەلخالنىڭ
ئادەملىرى كالىدەك قاچاتتى. قەيتۇس شىرغا ئوخشاش قوغلايتتى. بۇ
ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ: — ئوشلۇق شاھ قاسىم بېرىپ ياردەم بەرسۇن، ـــ
دەپ بۇيرۇق قىلدى. شاھ قاسىم ئادەملىرى بىلەن يېتىپ بېرىپ قەل-
ئەگە ھۇجۇم قىلدى. دەرۋازىنى ئۇمۇد (چوماق) بىلەن ئۇرۇپ چاقتى.
قەيتۇسنىڭ ئىنىسى مايەمەن 700 كىشى بىلەن بېرىپ ياردەم بەردى.
قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئاتنىڭ ئوغلىدىن، ئوغلىنىڭ ئاتىدىن خەۋىرى
بولمىدى، قانلار ئېقىشقا باشلىدى. بۇددىستلار چىداشلىق بېرەلمەي ئا-
مانلىق تەلەپ قىلدى، بۇلارغا ئامانلىق بېرىپ، ئىماملارنىڭ ھوزۇرىغا
قايتىپ باردى. مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئۇرۇشتا 200 كىشى شېھىد بولغا-
نىدى. بۇددىستلاردىن 560 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. خەلخال ئادەملىرى بى-
لەن قورال ـ ياراغلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ چىقىپ تــوۋا قىلىپ، دۈش-
مەنلىكنى تاشلاپ ئۆتمۈشكە پۇشايمان قىلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇل-
مان بولدى. خەلخالنى ماچىن (خوتەن)گە پادىشاھ قىلدى. ئەتىسى خو-
تەن ئەھلى تۆھپىلەر ئېلىپ كېلىپ كۆرۈشتى. ئۇلار:— ئەي ئىماملار،
بىزدە ئۇجاتلىق دەپ بىر خىل ئادەملەر بار، كۆرۈنۈشتە دىنغا ئىتقىدا
قىلىسمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئاداۋەت (دۈشمەنلىك) ساقلايدۇ، ـــ دېدى.
ئىماملار: ـــ ئەگەر كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىسا، ھەر ئىككى دۇنيادا «ئۇ-
جاتلار نىجات تاپماس»، دېدى.

# جوقتى رەشىت ۋە نوكتى رەشتلەر قاچقاندىن كېيىن

بۇ ھەققتە رىۋايەت قىلغۇچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: جوقتى، نوكتىلارنىڭ قاچقانلىقىدىن شەھەر خەلقى خەۋەر يەتكۈزدى. ئىماملار پۈتۈن قوشۇننى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىشقا بۇيرۇدى، بۇددىستلارنى تاپقان يەرگە قەدەر قوغلاپ بېرىشنى كۆرسەتتى. پۈتۈن قوشۇن تاغ ئارىسىغا يۈرۈش قىلدى. ھەر بىر ئەسكەر قولىغا بىر داندىن تاش ئېلىپ ماڭدى، يولدىن ئازماسلىق ئۈچۈن تاشنى تىزىپ تاشلاپ بەلگە قىلىپ ماڭاتتى، بىر يەرگە كەلگەندە تاشنى يەرگە تاشلىدى، بۇ يەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ «ماقەيە» دەپ ئاتالدى. قوشۇن مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئورۇق بىر تۆگىنى يېتىلىگەن بىر بۇددىستنى ئۇچراتتى، بۇ تۆگە بىر ھەيكەلگە ئوخشاش ئورۇق بولۇپ، تۈيىقىدىن باشقا يېرى پۈتۈنلەي يېغىر بولۇپ كەتكەن، تېرىلىرى ئاشلاپ ئەتكەن تېرىدەك بولۇپ كەتكەن، ئاندا ـ ساندا تۈكلىرى قالغان، ئۈستىگە ئارتقان يۈك تاغدەك كۆرۈنەتتى. دېمەك، سۆڭەك ۋە تېرىدىن باشقا نەرسە قالمىغان ۋە يۈكنى كۆتۈرۈشتىن دەرمانسىزلانغانىدى. ھەر قەدەم بېسىپ بىر «بۇھا!» دەپ ۋارقىرايتتى (يەنى تۆگە ئۆز ھالىغا يىغلايتتى). بۇ بۇددىست يۈك ئۈستىگە پۈتىغا كىيىدىغان چورۇقنى ئارتقانىدى. ئىماملار:— قەلئەنىڭ ئادەملىرى قەيەردىن سۇ ئىچىدۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئادەم:— دەريانىڭ ئىچىدىن مىستىن نو قىلىپ شەھەرگە سۇ كىرگۈزۈلگەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە: ـــ نونىڭ ئېغىزىنى ئىزدەپ تېپىپ بېكىتىۋەتسە، سۇ توختايدۇ، — دېدى. بۇ ئادەمنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، چېچىنى يېڭىدىن چۈشۈرۈپتۇ. ئېيتقان سۆزىدىن يالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دېمەك، بۇ بۇددىستلارنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكى بىلىندى. ھەر بىر كىشى ئۇنىڭغا بىردىن تاش ئاتتى، ئۇ تۆگىسى بىلەن تاش ئاستىدا قالدى. ھازىر بۇ يول بىلەن ياش ـ قېرى ھەر كىم ئۆتسە، تاش ئېتىپ ئۆتۈش رەسىمدۇر. ئىسلام قوشۇنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، يىراقتىن بىر قارا كۆرۈندى. ئادەم ئەۋەتىپ توختىتىپ قارىسا، ماچىنلىق (خوتەنلىك) بۇددىستلار ئىكەن. نەتىجىدە توقۇنۇش بولۇپ، بۇددىستلار قاچ-

تى، مۇسۇلمانلار قوغلاپ بىر ئېقىنغا (سۇلۇق سايغا) يەتتى، سۇ بويىغا
كەلگەنلىكىگە ھەممىسى خۇشال بولدى. بۇ يەر سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدى-
غان، گۈللىرى ئېچىلغان، بۇلبۇللىرى سايرىشىپ تۇرغان، دەرەخلىرى
كۆپ، ھاۋالىق بىر جاي ئىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ئارام ئالغاندىن
كېيىن، بۇددىستلارنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئىز-
دەپ يۈرۈپ ئاقىۋەت بۇددىستلارنى تاپتى. بۇددىستلار تاغ ئىچىدە تاش-
تىن سېپىل قىلىپ بىر شەھەر ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چېدىر - بار-
گاھلىرىنى قۇرۇپ كىرىۋالغانىدى. بۇددىستلار بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇشلار
قىلدى. بۇددىستلار قىستالسا قەلئە ئىچىگە قېچىپ كىرەتتى، چىقىپ
يەنە ھۇجۇم ياساپ ئۇرۇشاتتى. قەلئەنى بۇزۇپ كىرىشكە چارە تاپالمى-
دى، ھەر كىم بىر خىل چارە قىلىشنى ئېيتتى. ئەڭ ئاخىرى، قەلئەگە
كىرىدىغان سۇنى توسۇپ ئېلىشنى نىشانلاپ، ئىزدەپ يۈرۈپ قەلئەگە
كىرىدىغان ئېغىزنى تېپىپ، يەر ئاستىدىن مىس نو بىلەن سۇ كىرىدى-
غان ئېغىزنى توسۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قەلئەگە كىرىدىغان سۇ توختاپ
قالدى. ئۇرۇشمۇ قىلمىدى. بۇددىستلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنلاشقانلىق-
تىن، قەلئەنى تاشلاپ يەنە بىر تەرەپكە قاچتى. بۇددىستلارنىڭ قاچقاز-
لىقىنى بىلگەن ئىسلام ئەسكەرلىرى ۋە ئىماملار مېڭىپ بىر يەرگە
كەلدى. بۇ يەر ئىنتايىن خۇش ھاۋا، سۇلۇق، دەرەخزارلىق يەر بولۇپ،
بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان ئىمام مەھدى ئاخىر زاماننىڭ
يوشۇرۇنۇپ قالغان جەسىتى (مازىرى) بار ئىدى، ئۇنىڭ روھى بىلەن
ئۇچراشتى. بۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ، جەففىرى تەيراننىڭ ما-
زىرى بار يەرگە كەلدى، ئۇنىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللاشتى.
جەففىرى تەيران: — مەن ئەرەبىستاندا «ئوھۇد» ئۇرۇشىدا شېھىد بول-
غاندىن كېيىن، ئىسلام بايرىقىنى چىشلەپ ئۇچۇپ كېلىپ بۇ يەرگە
جايلاشقان ئىدىم. چۈنكى پەيغەمبەر: — بىر كۈنى قەشقەر يېرىگە مې-
نىڭ ئەۋلادىم بارىدۇ، دەپ ئېيتقان ئىدى، — دېدى. بۇنىڭ روھىغا دۇئا
قىلىپ خوشلىشىپ قايتتى. قوشۇندىكى كىشىلەر كېلىپ ئىماملارغا
خەۋەر بەردى: — بۇددىستلارنىڭ قەلئەسىدىن ناغرا - دۇمباق ئاۋازى
چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بايقاش ئۈچۈن، ياشلاردىن

بىر قانچىمىز قەلئەگە كىرىپ باقتۇق، يالغۇزلا دۇمباق ئاۋازى چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن بىرەر جانلىق ھايات يوق، بىز بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ، شەھەر ـ قەلئە ئىچىنى يۇگۇرۇپ يۈرۈپ ئاختۇردۇق. نەتىجىدە، بىر دانە قوتۇر مەست تۆگىنىڭ تىزلىنىپ ياتقىنىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا دۇمباقنى باغلاپ قويۇپتۇ، دۇمباققا ئۇرۇلىدىغان تاياققا تۆگە قۇيرۇقىنى ئۇرۇش بىلەن تاياق دۇمباققا تېگىپ دۇڭ ـ دۇڭ ئاۋاز چىقىدىكەن، — دېدى. ئىماملار بۇنى ئاڭلاپ قەلئەدە ئادەم يوق ۋە قاچقانلىقىنى بىلىپ: — قوشۇن ئاتلانسۇن! دەپ بۇيرۇق قىلدى. قوشۇنىنىڭ ئالدىدا شاھ قاسىم ئۆز تۇغلىرى بىلەن بۇددىستلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. چۈنكى ئۇرۇش قىلىش بۇنىڭ ئالدىدا ئويۇنغا ئوخشاش ئىدى. بۇلار خەۋەرسىز كېتىپ بارغاندا، بىر بۇلۇڭدا يوشۇرۇنۇپ بۆكتۈرمە قىلىپ ياتقان بۇددىستلار تۇيۇقسىزلا چىقىپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا شاھزادە شاھ مەنسۇر شېھىد بولدى. شاھ قاسىم ئىنىسىنىڭ شېھىد بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ يىغلاپ، ئۆز ئىنىسىنىڭ شېھىد بولغانلىقىنى تەسۋىرلەپ تەزىيەتلەر بىلدۈرۈپ، بۇددىستلارغا ھۇجۇم قىلدى، بۇددىستلارنى ئۆلتۈرۈپ باشلىرىنى ساي تېشىدەك ياتقۇزدى. ئەڭ ئاخىرىدا شاھ قاسىم ھەم شېھىد بولدى. بۇلار بۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا، تۆت ئىمام يېتىپ كەلدى، ئەھۋالنى كۆرگەنىدىن كېيىن، شاھ مەنسۇرنى دەپنە قىلدى، قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاھ قاسىمنى دەپنە قىلدى. پۈتۈن قوشۇن يىغلاشتى. ئۇلار شۇنداق دېيىشتى: — بىزگە بۇ يەرلەردە قىزىل قان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىماملار: بىزنىڭمۇ شېھىد بولۇش ۋاقتىمىز يېقىنلاشقان ئوخشايدۇ، — دەپ خۇدادىن مەدەت تىلەپ تۇرۇشتى. ئىماملار نامازغا تۇردى، ئەسكەرلەر تاماق تەييارلاشقا مەشغۇل بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئارىلىقتا بۇددىستلار ئۇرۇش سەپلىرىنى تۈزەپ تەييارلىنىپ تۇردى. ئاش پىشىپ ئۈلگۈرمىدى. ئاقىۋەت تاماق يېمەستىن تۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بۇ كۈنى ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، بۇددىستلارنى قىستىدى ۋە كۆپچىلىكىنى ھالاك قىلدى، بىر قىسمى مەجرۇھ بولدى، بۇددىستلار كۆپ ئىدى، مۇسۇلمانلاردىنمۇ نۇرغۇن ئادەم قۇربان بولدى. ئاقىۋەت ئۇرۇش

توختىتىش ناغرىسىنى چېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ فرونتتىن قايتتى. شۇ كۈنى ئىسلام ئەسكەرلىرى ئارىسىغا ئىككى دانە ئىت پەيدا بولۇپ، سۆڭەكلەرنى غاجىلاپ يۈرەتتى. بۇ ئىتلار چېدىرغا يېقىن كېلىش بىلەن ئىماملاردىن بىرى قولىغا ئوقيا ئېلىپ ئىتنى ئېتىشقا تەييار بولغاندا، يەنە بىر ئىمام:— ياق، ئاتماڭ! ئىت بولسىمۇ ئارام ئالسۇن، — دەپ توسۇپ قويىدى. بۇ ئىككى ئىت ئەسلىدە ئىت شەكلىدە گىرىم قىلغان جاسۇس ئادەملەر ئىدى. بۇ كېچىسى بۇ ئىككى ئىت شەكىللىك جاسۇس يا (ساداق) لارنىڭ چىللىرى (كىرىچلىرى)نى كېسىپ، قىلىچلارنىڭ غىلاپلىرىنى يەملىدى. مىلتىقلارنىڭ ئىچىگە (ئىستوۋۇلىغا) قۇم تىقىپ قويدى. ئاتلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۈزەڭگىلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى ناماز ئۆتەشكە تەي-يارلاندى. 170 سەپ بولۇپ قاتار تىزىلدى. خوجا ئابدۇللا دېگەن چوڭ ئالىم كىشى نامازغا ئىمام بولدى. بۇددىستلار دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كەلدى. ئىمام بولغان خوجا ئابدۇللانىڭ خاتىرىگە ھېچ سۈرە (ئايەت) كەلمىدى. سۈرە «بەقەرە» دېگەن ئۇزۇن ئايەتنى ئو-قۇدى، ئىككىنچى رەكەتكە «تاھا» سۈرىسىنى ئوقۇدى. بۇ ئىككى ئۇزۇن ئايەت بىلەن باشلانغان نامازنى ئۆتەپ تامام بولغىچە، بۇددىستلار پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ شېھىد قىلدى. ئىمام ئوڭ تەرىپىگە سالام بەرگىنىدە، ئۈچ يېرىم سەپ ئادەم قالدى. سولغا سالام بەرگىچە بىر يې-رىم سەپ ئادەم قالدى. ئىماملارنىڭ غەزەپلىرى ئۆرلەپ، ئاتلىرىغا مى-نىپ جەڭ قىلماقچى بولغانىدى، ئوڭ تەرەپتىكى ئۈزەڭگە يوق، قى-لىچلار غىلاپلىرىغا يەملەنگەن، يالارنىڭ چىللىسى كېسىلگەن، بۇ ئەھۋالغا پەرىشتىلەر نازارەت قىلىپ يەر ۋە ئاسمانلار تىترىدى. ئوتقا سۇ ئېلىشقاندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، يالىڭاچ قالغانلار كىيىم-گە ئۆزىنى ئاتقاندەك، ئاچ قالغانلار تاماققا ئۆزىنى ئاتقاندەك كىرىشىپ كەتكەن ھالدا ئۇرۇش بولدى. قانلار سۇدەك ئېقىشقا باشلىدى. ئوڭ قول، سول قولغا ئات يۈگۈرۈتۈپ ئۇرۇشاتتى. ئۆلۈكلەردىن دۆۋىلەر تىكلەندى، بۇددىستلار كۆپ قىرىپ تاشلاندى، بۇددىستلار چىداشلىق بېرەلمەي قاچتى. شەيخ جالالىدىن باغدادى (باغدادلىق) بۇددىستلارنى

قوغلاپ باردى. قوغلاپ كېتىۋېتىپ بىر چوڭقۇر يەرگە يېتىپ بارغاندا، بۆكتۈرمە قىلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر مۇنچىلىغان بۇددىستلار چىد-قىپ ھۇجۇم قىلىپ، جالالىدىن باغدادنى شېھىد قىلدى، قالغان قىسىم بۇددىستلارنى قوغلاپ مەردلىك كۆرسەتتى. ئىماملار نامازغا تۇرۇپ بىر تال چىچىنى قولىغا ئېلىپ يەرگە كۆمدى، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ چاچ دەرھال كۆكلەپ دەرەخ بولدى. ھازىر، ھاجەتلىك ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ دەرەختىن بىر تال شاخنى يىرىپ تەلەپ قىلسا، ھاجىتى ھەل بولىدۇ. ئىماملار ناماز ئۆتەپ تۇرغان يەرگە بۇددىستلار ئىماملارنى «زەي-ھە» قىلىپ (بوغۇزلاپ) شېھىد قىلدى. كۈن تۇتۇلۇپ قاراڭغۇ چۈشتى، ئاسمان ۋە يەر پىغان (ناله) قىلدى. تاغلاردىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. با-ياۋاندىكى ياۋايى قۇشلارمۇ يىغلىدى. ئىماملار ياش يىگىتلەر بولۇپ، غۇنچە چېغىدا خازان بولۇپ توزۇپ كەتتى. دىمەك، جوقتى، نوكتىلەر ھەزرىتى ئىماملارنى شېھىد قىلدى، بايراق تۇتقۇچىغا قەست قىلدى، بايراقچى بايراقنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ ھېچبىر كىشىگە بەرمى-گەندە، قولىنى كېسىپ تاشلىدى. بايراقنى تىزىغا قىسىۋالدى، تىزىنى كەسكەندىن كېيىن، بوينىغا قىستى، بوينىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كې-يىن بايراق ھاۋاغا ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز جاھان قاراڭغۇلىشىپ ئاندىن كۈن ئېچىلدى. بۇددىستلار ماچىن تەرەپ-كە ماڭدى. ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن قىرىق كىشى ھايات قالغان بولۇپ، بۇلار كۆپ يىغلاپ، زار قاقشاپ، ئىماملار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ، ئا-خىرى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇلار غايىب بولۇپ كەتتى. بىر كىشى ئايرىلىپ قېلىپ، تاغ - دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ قەشقەرگە كېلىپ، يۈسۈپ قادىرخانغا خەۋەر يەتكۈزدى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يىغلاپ تەزىيە تۇتۇپ، خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. خوتەنگە كېلىپ شېھىد بولغان ئىماملارنى كۆرۈپ يىغلاپ ھوشسىزلىنىپ، قايتا ھوشىغا كېلىپ، تۆكۈلگەن قانلارنى، كېسىلگەن باشلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتى بىلەن بۇددىستلارنىڭ جەسە-تىنى ئايرىغىلى بولمايتتى، يۈسۈپ قادىرخان خۇداغا مۇناجات قىلىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن يامغۇر ياغدى. بۇددىستلارنىڭ يۈزى تۆۋەن بول-

دى. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشى قىبلىگە قارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلـ
مانلارنى پەرق ئېتىپ، شېھىتلەرنى دەپنە قىلدى. ئىماملارنىڭ جەسەتـ
لىرىگە ساندۇق ياسىتىپ دەپنە قىلدى، مازىرىغا يەر ـ زېمىنلەرنى
ۋەخپە قىلىپ، تۇغ ـ بايراق بېكىتىپ زىننەتلىدى. ئاش پىشۇرۇشقا
قازان، شەمئىدانلارنى ئاستى، قەشقەردىن باشلاپ قومۇلغىچە قانچە شە-
ھەرلەرنىڭ ئاشلىق ۋە چاھار پايلىرىنىڭ «دەھيەك» (ئوندىن بىر)نى تۆت
ئىمام ئۈچۈن نەزىر قىلدى. قىرىق ئۆيلۈك ئادەمنى بارلىق ئالۋان ـ
سېلىق تۆلەمدىن ئازاد قىلىپ، شەيخلىككە بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن
يۈسۈپ قادىرخان غازى قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. ھەر يىلى بىر قېتىم
كېلىپ، ئىماملار ئۈچۈن نەزىر ـ نۇزۇرەت ئۆتكۈزۈپ دۇئا قىلىپ قاي-
تاتتى. ھەر كىشىنىڭ ھاجىتى بولسا، ئىماملارنىڭ مازىرىغا قوي، كالا
سويۇپ نەزىر قىلىپ بىر نەچچە كۈن ياتسا، ھاجىتى ھەل بولىدۇ. بەزى-
بىر ئادەملەر يولنىڭ يىراقلىقىدىن بارالماي قالىدۇ ياكى پىتنە ـ پا-
سات، قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق
سەۋەبلىك كېلەلمىگەنلەر، ئىخلاس قىلىپ تۆت ئىمامنىڭ ھەققىدە سە-
دىقە ۋە نەزىر ئۆتكۈزسە، بۇنداقلار تۆت ئىمامنىڭ شاپائەت قىلىشى بى-
لەن دۇنيادا بەخت ـ سائادەت، بايلىق ـ پاراۋانلىققا ئېرىشىپ، ئاخى-
رەتتە (قىيامەت كۈنى) شاپائەت قىلىنىپ، كەچۈرۈم قىلىنىشقا ئىگە
بولۇپ، جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. مەن ئاپتور (نىيازى) ئەڭ گۇ-
ناھكار بەندىمەن، ھېچبىر ياخشى ئەمەلىيەت مەندىن ۋۇجۇدقا كەلمىدى.
لايىق ئىبادەت (بەندىچىلىك) قىلالمىدىم، ماڭا ئوخشاش شەرمەندە ئادەم
پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدە يوقتۇر، ئىلاھىم (خۇدايىم) ھەزرىتى مۇھەم-
مەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى
كەچۈرگىن، مەن «نىيازى»نى ئۆزۈڭنىڭ قۇللىقىغا قوبۇل قىلغىن.

## ئاپتورنىڭ تەرجىمىھال بايانى

*ئەي ئەقىللىق كىشىلەر، مەن كەمىنە بىر نادان (بىلىمسىز)، غاپىل (تۇيغۇسىز) كىشىمەن، مېنىڭ يېشىم كىچىك، ئۆزۈم بىلىمسىز،*

كەمچىلىكلىرىم كۆپ ئىدى. ئەلۋەتتە، كىچىكلەر خاتالىق ئۆتكۈزسە چوڭ كىشىلەر ئەپۇ ئېتىدۇ. ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتى بولمىغانلىقتىن، مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى شېئىرىيەت بىلەن داستان قىلىش قولۇمدىن كەلمەيتتى. ئانامنىڭ يۇرتى خوتەن، ئاتامنىڭ يۇرتى خوتەننىڭ تاغ يېرىدىن بولۇپ، ئۇلار تۆت ئىمامنىڭ «نىيازى» (بېغىشلىمىسى ۋە نەزرىسى) قىلىپ، ئىسمىنى «نىياز» دەپ قويۇشقان ئىكەن. دېمەك، مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم بولسا خوتەن ئىدى، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپرىقىم ھەم شۇدۇر. نەسلى ـ نەسەبىم خوتەندۇر، تۇرغان يېرىم ھەم شۇ ئىدى. يەتتە يۇشتۇم (يەتتە بوۋام) مۇ خوتەندە جاھانغا كېلىپ، خوتەندە كۆمۈلگەن ئىكەن ۋە شۇ يۇرتتا ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئىكەن. ئاتام قىرىق ياشقا يەتكەندىمۇ زادى بالىسى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئىماملارنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ كېچىنى ئىبادەت قىلىپ تەلەپ قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئانامنىڭ ھامىلىسىگە پەيدا بولۇپ ۋۇجۇدقا كېلىپتىمەن. تۇغۇلغاندا ئاجىز ـ كىچىك بىر ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلغان ئىكەنمەن، ئاتا ـ ئانىلىرىم خۇداغا شۈكرى قىلىپ تەربىيە قىلىپتۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن مېنى تەربىيەلەشكە كىرىشىپ چوڭ قىلىپتۇ. ئىسمىنى «موللا نىياز» قويۇپ، ئىماملارغا نىياز قىلىپتۇ (بېغىشلاپتۇ). تۆت ياش ۋاقتىمدا مەكتەپكە بېرىپتۇ، ئاتام داۋاملىق مەن بىلەن بولاتتى، ئىمان، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتەتتى. يېشىم ئالتە ـ يەتتە ياشقا يەتكەندە، ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، بېشىمغا يېتىملىك غەم تېغى بېسىپ چۈشتى. كۆڭلۈمنى يېتىملىك ھەسرەت داغلىرى قاپلىدى. ئاتا يوق ھەر يەرگە باراتتىم. كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ يۈرەتتىم ھەم مەكتەپتە ئوقۇشۇمنى داۋام قىلدۇراتتىم. شۇ ئارىدا پاتلا ساۋاتىم چىقىپ، ھەر قانداق بىر سۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ خاتىرەمگە چۈشسە، نەزم (شېئىر) قىلاتتىم. شېئىرىمنى ئاڭلىغانلار رازىلىق بىلدۈرۈپ ياخشى كۆرەتتى. كۆپلىگەن شېئىر يازغانلىقىمدىن، خەلق ماڭا «كىچىك شائىر» دەپ ئات قويدى. خىيالىمدا داۋاملىق بىر ئەسەر يارىتىش ھۆكۈم سۈرەتتى. مۇشۇ خىيال بىلەن يۈرۈپ يېشىم 20 گە يەتتى. خۇداغا سېغىنىپ ئىماملارنىڭ مازىرىغا بېرىپ يىغلاپ، ئۆزۈمنىڭ تەلىپى ئۈستىدە ئىد-

ماملارنىڭ روھىدىن بېشارەت سورايتتىم. چۈشۈمدە بىر ئېگىز تاغنى كۆردۈم. ئۇ تاغقا چۈمۈلىدەك ياماشتىم، تاغقا قاراپ چىقىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇلۇغ سۈپەتلىك بىر كىشى پەيدا بولۇپ:— ئەي ئوغلۇم! غەم قىلما، — دەپ قولۇمنى تۇتۇپ تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئاھ چېكىپ ئويغاندىم، شۇندىن باشلاپ شېئىردا تىلىم راۋان (جارى) بولۇشقا باشلىدى. ئىماملار ماڭا مەدەت بەردى. ماھارىتىم ۋە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە شېئىر يازدىم. بۇ كىتابتا كەمچىلىك، خاتالىقلار كۆرۈلسە ئەپۇ قىلىڭلار، ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، كاژ (ئەگرى) ماڭىدىغان پەلەك (دەۋر) زىرەكلىك، تەبىئەتلىك كىشىلەرنى خار قىلدى. شائىرلارغا خېرىدار (تەلەپكار)مۇ يوق، شېئىر گۆھىرىنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. شېئىرنىڭ قىممىتىنى تونۇمىغانلار خارابىگە كۆمۈلگەن مەخپىي خەزىنە (ئالتۇن، جاۋاھىر)لارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەردۇر. بۇنداق ئەھۋال تۈپەيلىدىن بەك مالال بولاتتىم (مەيۈسلىنەتتىم)، ئۆز ئەھۋالىم بىلەن ئاۋارىچىلىق تارتتىم، بەزىبىر چاغدا ئاشىقلار (جەمئىيەتتىن ئۈزۈلگەن كىشىلەر) بىلەن بىللە يۈرەتتىم. بۇ ۋاقىتلىرىمدا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ خەمسەسى ۋە شېئىرلىرى ماڭا مۇڭداش بولاتتى. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى مېنى سۇخەندان (سۆزچى) قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى ئەلىشىرنىڭ نەمەكدانى (تۇز قاچىسى)دىن لەززەت ئالغۇچى ھېسابلىدىم. ھەر قانداق تاماق تۇزسىز بولسا، ئەلۋەتتە تەمى يوق، بەتتەم بولىدۇ، تۇزى يوق تاماقتىن قۇمغا ئارىلاشقان قاتتىق تاش ياخشى. دېمەك، مەن ئۆزۈمنى ئىماملارغا مەنسۇپ قىلىپ، شۇلارنىڭ مازىرىدا ياتاتتىم، مېنىڭ ئەھۋالىمغا يېتىدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. جاھان خەلقى (جەمئىيەتتىكى ئادەملەر) گە ئارىلاشمايتتىم، ئاتا - ئانام، خوتۇن، بالىچاقام يوق. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ھەم يوق ئىدى. چۆلدە يىغلاپ يۈرەتتىم، ئۆز-ئۆزۈمگە ئۆلپەت ئىدىم. كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرلىشىپ كېتىشىنى، ئەگەردە لوقماندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىمۇ، سۇلايمان پەيغەمبەردەك چوڭ پادشاھ بولسىمۇ، رۇستەمدەك كۈچلۈك پەلۋان بولسىمۇ، ھۆردەك قىزلار خىزمەتكارى، ھەمنەپىسى بولسىمۇ، پۈتۈن پەرىشتىلەر

خىزمەت قىلىپ بەرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋەت ئەجەل چاڭگىلىغا چۈشۈشى ۋە ھېچكىمنى ئۇنى توسۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلىدىم. لېكىن ياخشى يادىكار قالدۇرغان كىشىنىڭ ئېتى ئۆچمەسلىكىنى ۋە خەلق ئۇنى ياخشى نام بىلەن ئاتايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ، ئاددىي بولسىمۇ بۇ شېئىر داستانىنى يېزىپ قالدۇردۇم. سۆزلىرىمدە، شېئىرىمدا، خېتىمدا ئەيىب - نۇقسانلار كۆرۈلسە، كەچۈرۈپ دۇئايىڭىزدا ياد ئېتىڭ.

تۆت ئىمامنىڭ خوتەندە ئورۇش قىلىپ شېھىد بولغان ۋاقتى تارىخى ھىجرىيەنىڭ 390 - يىلى (مىلادىيە 990- يىلى) زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 - كۈنى ئىدى. بۇ كىتاب ھىجرىيەنىڭ ( 1212-مايمۇن يىلى مىلادىيە 1797- يىلى) ھەمەل پەسلى (مارت) باھار مەۋسۇمى جۈمە كۈن تامام بولدى. يېزىلىشتا بەزى «ئىماملا»دا، بەزى سايباغ يېزىسىدا تۇرۇپ يازدىم.

«ئىماملا» دېگەن بۇ سۆز خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ، ھازىرقى كۈندە تۆت ئىمام دەپنە قىلىنىپ مازار بولغان يەرنىڭ ئىسمى «ئىماملا» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن ۋىلايەت چىرا ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئەتراپى تاغلىق بىر رايوندۇر. سايباغ دېگەن يەرمۇ «ئىماملا» رايونىغا تۇتاش بىر رايوندۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئەۋەز سەدىرىددىن قاراقاشى

# مەجمۇئەتۇل ئەھكام

## (ھۆكۈملەر مەجمۇئەسى)

*[ئىلاۋە: ] «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»(ھۆكۈملەر مەجمۇئەسى) ناملىق بۇ ئەسەر ــ
قاراقاش ناھىيە ماڭلاي يېزا موغاللا كەنتلىك شائىر، تارىخچى، ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم
مۇھەممەد ئەۋەز سەدىرىددىن قاراقاشى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1127ـ يىلى (مىلادىيە
1715ـ1716ـ يىللىرى) يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمە ۋارىيانتلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ـ
نىڭدىن ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قەدىمكى كىتابلار بۆلۈمىدە 14 بابلىق بىر نۇسخىسى ساقلانماق ـ
تا. كىتابخانىلارغا سۇنۇلغان بۇ ئەسەر ــ خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدا ـ
رىسىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر بۆلۈمىدە ساقلانغان 21 بابلىق بىرقەدەر تولۇقراق نۇسخىسى
(كىتابنىڭ بەت ئېگىزلىكى25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17.5 سانتىمېتىر. جەمئىي 57 بەت،
ھەر بېتىدىكى خەت 14 قۇر، ھازىرقى زاماندىكى سۇس كۆك سىزىقلىق تىنتىرەت دەپتەرگە
يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن)غا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. نە ـ
شىرگە تەييارلاش داۋامىدا، پەرىدە ئىمىن نەشرگە تەييارلاپ «قىيايەتنامە ۋە سائەتنامە» نام ـ
لىق كىتابچىغا كىرگۈزگەن نۇسخىنىڭ بىزدىكى نۇسخىدا كەم بولغان توققۇز بابى (23ـ باب ـ
تىن 31ـ بابقىچە) ۋە ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلىمنىياز بىرلىشىپ يازغان «پالنامە
ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياقاراشلىرى» ناملىق كىتابتا نەقىل ئورنىدا كەلتۈرۈلگەن
چۈش تەبىر قىسمى (22ـ باب)نى قوشۇپ، ئوتتۇز بىر بابلىق بۇ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»
نەشرگە تەييارلاندى.*

*مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئېيتىلغان مەزمۇندىن قارىغاندا، بۇ قول يازمىمۇ
تېخى تولۇق نۇسخا ئەمەس. بۇ ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھەر خىل ـ
لىقىدىن، كۆچۈرۈش داۋامىدا كاتىپلار ۋە خەتتاتلارنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆزلىرى قوشۇپ
كۆچۈرگەن ياكى مەلۇم قىسىملىرىنى خالىغانچە قىسقارتىپ كۆچۈرگەنلىكىنى جەزملەشتۈر ـ
گىلى بولىدۇ. شۇڭا، تىل جەھەتتە، بەزىلىرى ئەسلىي تىلىنى ساقلاپ قالغان، بەزىلىرى ھا ـ
زىرقى زامان ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلگەن، بەزىلىرى ئارىلاش ھالەتتە ساقلانغان. ئىشى ـ
نىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، بۇ ئەسەرنىڭ تېخىمۇ
مۇكەممەل نۇسخىسى مەيدانغا كەلگۈسى.*

## بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

ھەمدۇ بىھەد ۋە سەنايى بىئەدەد ئۇل مەئبۇد خۇدايى ئەززە ۋە جەللە
بىھەمتاغەكىم، زەررىيات ئادەمنى ئەدەم كىشۋەرىدىن ۋۇجۇد شەھىرىستا ـ

نغا كەلتۈردى ۋە سەپاس ۋە سەتايەش بى قىياس ئول ھەيىيا توغرا كىپ-لىدۈناغاكىم، ئەرادەت ئەزلى ۋە ھىكمەت لەم يەزلى بىرلە مەرائىھىل مەۋجۇداتنى ئەدەم دەرياسىدىن زەھۇرىغا يەتكۈزدى. بەخشەندەئىكىم ئەۋ-ۋەلىن ۋە ئاخىرىن ئانىڭ خۋان ئىھسانىدىن خۇرسەندە ۋە بەخشاندەئىد-ىكىم مۆھسىنىن ۋە مەزنىبىن ئانىڭ نەۋال رەھمەتىغە ھاجەتمەند.

**نەزم:**

چۇن كەرەمى قىلدى رەۋان بەھرى جۇد،
كۇن ۋە ماكان خەلقغە بەردى ۋۇجۇد .
لەۋھە ئۇزرە تا ئايلەدى جارى قەلەم،
جۇملەئى ئەشيائىسغە يازدى رەقەم .
ئەرش بىناسىنى رەپىئ ئەيلەدى،
فايەئ كۇرسىنى ۋەسىئ ئەيلەدى.
قىلدى تۇتۇندىن توققۇز ئەفلاكىنى،
ئەيلەدى ئادەم(نىڭ) بىر ئۇۋۇچ خاكىنى.
يەتتە كەۋاكىپ ئون ئىككى بۇرۇج،
گاھ قىلىپ پەست ۋە گاھا دەر ئەرۇج.
ئۆرلەدى يەتتىنچى پەلەكتىن زۇھەل،
مۇشتەرى ئالتىنچىدە تاپتى مەھەل.
ئەيلەدى مىررىخ بەشىنچىسىدىن زەھۇر،
بەردى چاھارۇمدە قۇياش پەيزى نۇر.
ئەيلەدى زۆھرە ئۈچىنچى پەلەكدە مۇدام،
قىلدى ئىككىنچىدە ئەتارۇد مەقام.
ئەۋۋەل ئەپلاكىدە جەزىم قەمەر،
بولدى نەكىن خاتەمىدىن مۇستەقەر.
ئانھەمەكىم سابىت سەييارەدۇر،
جۇملەئى ئالامەت ئىلە ئەستارەدۇر.
مۇلكى مەلەك ئانھەممە ئافاق ھەم ،
ئوت ۋە سۇ، بادە بىلە تۇپراق ھەم .
پىشەئى ۋە بەھرە دۇررەئى تاغلار،
قەريە ۋە شەھەر ۋادى باغلار.
ئادەم ۋە ھايۋان ۋە ھۇشى تەيۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇە-شاياتۇن پەرى مار-مۇر.
بىرلىكىغە بارچەسى بى ئىشتىباھ ،
كەلدى خىرەد ئالىدە رەۋشەن گۇۋاھ.

ئاندىن كېيىن نەئت رەسۇلى خۇدا ھەزرەتى سەيىدۇلمۇرسەلىن ۋە خاتەمۇننەبىن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغە كۆپدىن كۆپ سەلەۋات ۋە ھەددىن ئارتۇق تەھىيات نامىيات زاكىيات ئول زۇبدەئى مەخلۇقات ۋە خۇلاسەئى مەۋجۇدات ۋە ئەفزەل مەخلۇقات ۋە تەۋھىد دائىرىنىڭ مۇدا-رى ۋە نەبۇۋۋەت ئىقلىمى تاجدارى ۋە قىيامەت مەئرىكىسىنىڭ شەھ-سۇۋارى ئەنىس ھەزرەتى بارا تەئالا، ئەئنى بەجاناب مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

**نەزم:**

خەتىم رەسۇل خاتەم پەيغەمبىران ،
كۇن ۋە ماكان پارچىغا شاھۇجاھان.
ئەختەرى بۇرجى شەرپى كائىنات ،
دۇررە يەتىما سەدەپ مۇمكىنات .
ساھىب مەئراج مۇئەللا مۇقام،
خۇاجەئى لەۋلاكە ئەلەيھىسسالام .

ۋەسسالام بىھەد ۋە دۇرۇد بىئەدەت ئول ئەسھابىغاكىم، ھەر قايسى-لىرى بىر كىۋاكىبغا رەھنىمايىدىن خۇرشىدە ئالەم ئەرايى ئەلەمۇلىيەق-نىدۇرلەر. ۋەسەللەم تەسلىمەن ئابىدەن ھەمەدەن كەشىرەن كەشىرەن .

بۇ پەقىرى خاكسارى ۋە پەرىشان روزىگار مۇھەممەد ئىۋەز ئىبىن مەۋلانە سەدىرىددىن قاراقاشى، ئول ئەر پاكى زات، ئالى نىجات، راسىخۇلئىمان، باسىتۇلئىمان ۋە سەددەرۇلدەۋران، رەشىدۇلئىقران، مۇھەببەتۇلئىخۋان، مۇھىبۇلئۇلىمائى، مۇئمىنۇل فەقەرائ، ئەنىسۇررە-ئايا شەھباز، ۋەجھىممەت، سۇمرۇغ قاف، ئىززەت ئەسالەت باغىنىڭ يار ئەشجەرى، ئەدالەت بوستانىنىڭ تازەرىسى، شەھەر ئىمارەت كىشىۋە-رىنىڭ فايەقى ۋە تاق مۇسەننەدنىڭ لايىقى.

**نەزم:**

مېھرەئى مۇنبەر پەلەك سەرۋەرى،
كەۋاكىب رەخنەدەئى دىن پەرۋەرى.
مۇيەسسەر مۇبارگەن بى فەرھى قەدەم،

مۇقەددەمدىن بولدى زىيادەت ئەدەم.
خاتەر مۆئمىنلەر ئەجەپ شاددۇر،
دىنكى ئانىڭ دەۋرىدە ئابادۇر.
شۇكۇر خۇدا رەھمەتىڭغە سەد ھەزار،
بۇ سۇپەتلىك بىرىبان شەھىريار.
ئادىل ۋە دەريادىل ۋە رەۋشەن زەمىر،
ھۇۋەش خىردالىدا ئۇل بى نەزەر.
ھاكىم با شەھىرى ئىنساپلىق،
يوقتۇر ئۇلۇس ئىچىدە ئەۋساپلىق.
لازىم ئىرۇر بارچىغا كىم سۇبھى شام،
خەتىم خۇدا دەۋلەتىڭگە مۇستەدام.

ئەئىنى شەھباز ئىبنى مىر مۇھەممەد شاھ بەگ دوغلات زەيد ئومۇرە ۋە داۋام دەۋلەت، رەيئى مەرتىبە دەرجات ئىشارەت ۋە ئىلتىماس ۋە ئىنايەت ئىستەئائى يەئىنى ئىستىئدادى بىرلە بىر نەچچە كەلىمە ھوكمائى ئەقۋالىدىن تارىخ ئەييام سائەت ئەھۋالاتىدىن ۋە ئىختىيارات ئون ئىككى بۇرجىنىڭ ئەھكام سەئىد ۋە نەھىسلەرىنىڭ بايانى ۋە ھىساب ھەمەل، ئەھجەزەد بۇۋەد، رەجالۇلغايىپ ۋە سەكىرە يۇلتۇزلارنىڭ ھىكمىتىدە ۋە ئىختىلاپات ۋە سەۋتۇلئەزەن بابىدا ۋە ئىنتىقالات شەمس ۋە قەمەر يەتتە كەۋاكىپنىڭ بايانىدا ۋە توققۇز ئەپلاك ۋە چاھار ئەناسىر، يەتتە ئىقلىم، مەۋلۇد، ئاجايىبات ۋە غارايىبات ئالەم زىكرىدە ۋە شەھەرلەر، قەريەلەر، قەلئەلەر ۋە قەزىھلەر ۋە پىشەلەر، بەھرى ۋە باياباىلار ۋە جەزىرە-چەشمىلەر ۋە تاغلار ۋە دەريالەر ۋە باغلار، ئاندىكى مىۋىلەر ئەۋساپىدا فىلجۇملە تەئلىقات ئىلىم ھىكمەت ۋە نۇجۇم ھەيئەتدىن، ئەمەل ھىساب ۋە فەراسەت ھىكمەتدىن جەمئى قىلىندى. ئول سەۋەپتىن ھەر قاياندىن ۋە باشقا ئەۋلاتدىن بۇ نۇسخەدا مۇندەرىج بولدىلار. بۇ كىتابغە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دەپ ئات قويۇلدى. شايەد مۇسەننىپ مەنزۇر ئەدلۇل ئەبسار مەقبۇل سۇخار ۋە كەبار بولغاي. ھەر سەھۋە خاتاسى بولسا، قەلەم ئەفۇ بىرلە ئىستىلاھ بىرىپ ۋە خامەھى كەرىم بىرلە ئەفۇ مەھۋە قىلغايلار.

ئەۋەلقى بابدا تارىخنى بايان قىلۇر.

ئىككىنچى بابدا ئەرەب زىكرىدىكى يىلىنىڭ بېشىنى بايان قىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى بابدا ئەجەم ھۆكۈمالىرىنىڭ ئېتىبارىدىكى يىلنىڭ بېشىـ
نى بايان قىلۇر.
تۆتىنچى بابدا سائەت، ھەپتىلەرنى بايان قىلۇر.
بەشىنچى بابدا يەتتە كەۋاكىبنى بايان قىلۇر.
ئالتىنچى بابدا ئىختىياراتى قەمەرنى بايان قىلۇر.
يەتتىنچى بابدا كۈنلەرنى بايان قىلۇر.
سەككىنچى بابدا ھېساب ھەمەلنى(ئەبجەدنى) بايان قىلۇر.
توققۇزىنچى بابدا ھىساپ ئەھجەزەدبۇۋەدنى بايان قىلۇر.
ئونىنچى بابدا رەپتارى رەجالۇل غايىپنى بايان قىلۇر.
ئون بىرىنچى بابدا ستارەئى سەكرەنى بايان قىلۇر.
ئون ئىككىنچى بابدا ئىنتىقىلات قەمەرنى بايان قىلۇر.
ئون ئۈچىنچى بابدا ئادەملەرنىڭ سەفەر قىلماقىنى بايان قىلۇر.
ئون تۆتىنچى بابدا ئاينىڭ بېشىنى بىلمەكنى بايان قىلۇر.
ئون بەشىنچى بابدا كۈن تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر.
ئون ئالتىنچى بابدا ئاي تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر.
ئون يەتتىنچى بابدا ئاپتاپ سائەتى تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر.
ئون سەككىزىنچى بابدا كېچىدە ئاي تۇتۇلغاننى بايان قىلۇر.
ئون توققۇزىنچى بابدا ئاپتاپ تۇتۇلغاننى بايان قىلۇر.
يىگىرمىنچى بابدا ئاي، ھەپتە سائەتى تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە بىرىنچى بابدا يەر تەۋرىمەكنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە ئىككىنچى بابدا چۈش كۆرمەك ۋە چۈش تەبىرىنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە ئۈچىنچى بابدا قۇلاق قىچقىرغاننى بايان قىلۇر.
يىگىرمە تۆتىنچى بابدا ئۆي كۆچمەكنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە بەشىنچى بابدا ئىگىن كەسمەكنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە ئالتىنچى بابدا ئىگىن كىيمەكنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە يەتتىنچى بابدا ئىگىن يۇيماقنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە سەككىزىنچى بابدا غۇسلىنى بايان قىلۇر.
يىگىرمە توققۇزىنچى بابدا چاچ چۈشۈرمەكنى بايان قىلۇر.
ئوتتۇزىنچى بابدا تىرناق ئالماقنى بايان قىلۇر.
ئوتتۇز بىرىنچى بابدا بەخت۔تەلەي سائىتىنى بايان قىلۇر.
ئەۋۋەلقى باب تارىخنى بايان قىلۇر

ئەمما بىلگىلىكىم، تارىخنىڭ مەئنىسى «ئۆتكەن ۋاقىت» دېگەن بولۇر. ھۆكۈمالار ئىستىلاھىدا، ھەر ھادىسە ئەزىمكىم بۇ دارىلھەۋادىسدا پەيدا بولۇر. تارىخنى ئاندىن ئەتىبار قىلىپدۇرلەر. مەسىلەن: توپان ۋە سەددەئى ئىسكەندەر ۋە ھىجرەت ئەنھەزرەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلاھىزال قىياس.

تارىخ تۆت قىسىمدۇر. بىرىنچى تارىخ رومى، ئىككىنچى تارىخ پارسى، ئۈچىنچى تارىخ جەلالى، تۆتىنچى تارىخ ئەرەبى ۋە ھەر قايسى تارىخلارنىڭ بايانى نۇجۇم كىتابلىرىدا مەزكۇردۇر. بىزنىڭ تارىخكى مەشھۇر ۋە مۆئتەبەردۇر. ئانى بايان قىلايلى:

تارىخ ئەرەبى ئولدۇركى، ئانى ھىجرەت ھەم دەيدۇرلەر. ھىجرەت تارىخنىڭ سەبەبى ئولدۇركى، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەن ۋىلايىتىگە ھاكىم ئەردىلەر، خەلىپە ھەزرەت ئەلى، ھەزرەت ئۆمەر رەزىيەللائەنھۇگە نامە ئىبەردىلەركىم، سىزلەردىن بىزلەرگە نامە كىلەدۇر. ئەمما تارىخى مەلۇم ئەمەسكى، بۇ نامەنى قاچان پۈتۈپدۇرلەر ۋە نە ۋاختىدا تەھرىر تاپىپدۇرلەر. مۇندىن كېيىن نامە ئەبەرسىلەر نامەنى ئەلبەتتە تارىخى بىرلە پۈتسۇنلەر دىدىلەر .

بەس، ھەزرەت ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنى يىغىپ ۋە ئەسھابى ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن مىشۇرەت قىلدىلاركىم، بىنايى تارىخنى قايدىن ئالۇرمىز دەپ. بەزىلەر ئەيدىلەركى، ۋافات ئەنھەزرەتدىن ئالساق مۇناسىبدۇر، چەراكى، ۋاقىئە ئەزىمدۇر دىدىلار. ھەزرەت ئۆمەر رەزىيەللارھۇ ئەنھۇ ئەيدىلاركى، ئەنھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلەمنىڭ ۋافاتلىرى ئۇلۇغ ھادىسە ئەزىمدۇر. ئانى زىكىر قىلساق، داغ فىرقەتلىرى ھەر تازەبى ئەندازە بولغۇسىدۇر دىدىلار. بەزىلەر ئىتتىپاق قىلدىلەركىم، ئەنھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلەمگە پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلگەن ۋاقتى ئەۋۋەلىدۇر. چۈنكى ۋاقىئە ئەزىمدۇر دىدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىئاللا ئەنھۇ ئېيتتىكى، مۇشۇنداق بولسا توغرا بولىدۇ. ئەمما مەن ئۇ چاغلاردا ئىسلامغا كىرمىگەن. مەن ئەشۇ ۋاقىتلىرىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بىر قىسما بولىدۇ. بەس، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىئاللائەنھۇ يوقارقى مەزمۇنلارنى يېزىپ ھەزرىتى ئەلى كەردمۇللا ۋەجھۇ قېشىغا ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللا ۋەجھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقتىنى خوپ كۆردى. ساھابىلەرمۇ

www.uyghurkitap.com نۇرقۇتلۇق كىتاپ تور بېكىتى

مەجلىس ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقتىنى تارىخنىڭ بېشى قىلىشنى بېكىتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقتى: زۇلھەججىنىڭ 29ـ كۈنى پەيشەنبە كۈنى ئىدى. بۇ مۇنازىرە ھىجرىيە تارىخىنىڭ 17ـيىلىدا ۋاقىئە بولدى.

## ئىككىنچى باپتا ئەرەب زىكرىدىكى يىلنىڭ بېشىنى بايان قىلۇر

بىلگىنكى يىلنىڭ بېشىنى ئەرەبلەر ماھى مۇھەررەمدىن ئېتىبار قىلىپتۇرلەر. ئەگەر ماھى مۇھەررەم شەنبە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، ئول يىلى زىمىستان دىشۋارلىق بىلەن ئۆتكەي. بوغداي ۋە ئۈزۈمگە ئاپەت يەتكەي.

ئەگەر ماھى مۇھەررەم يەكشەنبە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، ئول يىلى يېغىن تولا بولغاي. خەلق ئىچىدە ئۆلۈم-زەخمەتلەر پەيدا بولغاي. يىلنىڭ ئاخىرىدا مەئىشەت كەم بولغاي ۋە قىممەتچىلىك بولغاي.

ئەگەر ماھى مۇھەررەم دۈشەنبە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، ئول يىلى تەشنالىق ۋە شىكەستىلىك كۆپ بولغاي ۋە تەڭگى مۇئاش بولغاي.

ئەگەر ماھى مۇھەررەم سەيشەنبە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، ئول يىلى زىمىستان بەغايەت سوغۇق بولغاي. يامغۇر تولا ياققاي. قاتتىق سەئقەلەر پەيدا بولغاي. مۆۋىلەرگە ئاپەت يەتكەي. خەلق ئارىسىدا ئۆلۈم-يىتىم كۆپ بولغاي.

ئەگەر ماھى مۇھەررەم چارشەنبە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، ئول يىلى بوغداي بەغايەت خوپ بولغاي. يىل ئاخىرى مەمۇرچىلىق بولغاي.

ئەگەر ماھى مۇھەررەم پەيشەنبە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، قىش مىيانە ئۆتكەي. بوغداي، مۆۋىلەر بىھەد بولغاي. خەلق ئىچىدە رەنج-زەخمەت كۆپ بولغاي.

ئەگەر ماھى مۇھەررەم جۈمە بولسا، دالالەت قىلۇركىم، بۇ يىل زىمىستان ئاسان ئۆتكەي. قار-يامغۇر كەم ياغقاي. ئەمما ياش، گۆدەكلەر ئىچىدە ئۆلۈم تولا بولغاي.

ئۈچىنچى باپتا ئەجەم ھۆكۈمالىرىنىڭ ئېتىبارىدىكى يىل بېشىنى

بايان قىلۇر
ئۇل يىل باشلىرى بۇ نەزم بىلەن بايان قىلىندى:

سەر بەسەر نەزم ئىلە بايان ئەتتىم،
جەد-جەھەد ئەيلەبان ئايان ئەتتىم.
تاكى خەلق ئىچرە يادىكار بولغاي،
ھىكمەت ئەھلىگە كۇشۋار بولغاي.
تاكى نەزم ئەتتىم سەلاسە راۋان،
ئەيتايىنكىم ئىشتەڭىز ياران.

## ئەھكام شەنبە

شەنبە بولسا نەۋرۇز ئاي ئاگاھ،
ئەسرى قەھەتدۇر مەئازۇللاھ.
پادىشاھلار ئارا خۇسۇمەت جەڭ،
بولغۇسى پىتنىھاي رەڭگا-رەڭ.
سەبەك بىسيار بەرىق ئىلە يامغۇر،
مىۋىلەر بولمىغاي ۋەلى ئەڭگۇر.
بولغۇسى ياش ئارا ئۇلۇم بىسيار،
خەلق ئەھۋالى ئۆتكۇسى دىشۋار.
يەنە سەر سەبزەئى دەرەخت بولغاي،
تۆرفە بەرباد پايى سۇخەن بولغاي.
زۇلۇم خۇنرىزى خەلق ئارا بىسيار،
ۋەقەنا رەببەنا ئەزابەننار.
ياخشى بولغاي ۋەلى زىرائەتلەر،
تارىغاي يەر يۈزىدە نىئمەتلەر.
سەبزەسى خوپ ۋە ھاسىلى كەمدۇر،
بارچە سەرغا ئۇل خۇدايى ئالەمدۇر.
ئەي بورادەر بۇ كۇندە يەتتە نىمە،
مۇستەھەبتۇر يىمەكلىكى بىھىمە.
سەببەب سەنبۇۋەس سەينە ۋە سەنجەد،
شىررەئى سەركە ئەيلىگەي سەنجەد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە ئىچمەك بۇ كۈندە ھەپتە سالام،
سۈننەت بولدى نەبى ئەلەيھىسسالام.
يەنە ئەلبەتتە دۇئا ئوقۇغىل،
سىدقى دىل بىرلە ئۈچ قاتار ئوقۇغىل.
بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم بىسمىللادائىن،
بىسمىللا دۇئائىن بىسمىللاھى شىفائىن.
ئاللاھۇممە رەببە ھەزە سۈننەت جەددىدتە ۋەئەنتە مۇلكى قەدىم ۋە-ئەسئالىكە مىن غەيرىھا ۋەما فىھا بىرەھمەتىكە يائەرھەمەرراھىمىن.
ئايەت ھەپتە سالام بۇدۇر:
سالام قەۋلامىن رەببىل ئەررەھىم
سالام ئەلى ئىبراھىم
سالام ئەلا ئول سولايمان
سالام ئەلا نوھ فىئەل ئالەمىن
سالام ئەلا مۇسا ۋە ھارۇن
سالام ئەلەيكۇم تەبەتۇم فاد خىلۇ ھا خالىدىن
سالام ھا ھۇددا مەتلۇئۇل فەجىر .

## ئەھكام يەكشەنبە

رۇزى يەكشەنبە بولسا نەۋرۇزى،
بىلگىل ئانى دەلىل فىرەۋزى.
كەڭرۈلۈك بولغاي بۇ جاھان توقلۇق،
بىتەرەپ خەلق ئارىسىدىن يوقلۇق.
كىشرەت ۋە لەشكەر ئۈلۈم كەمرەك،
بارچە ئەل بەھۇزۇر بىغەمرەك.
نئمەت مىۋە بىگران بولغاي،
مەفلىسۇ بىۋە پىگىران بولغاي.
پالىزۇ پىنبەراز سەھرايى،
لالەمى ۋە كۈزگۈ ئانچە كارايى.
ئۆزگەسى ئانچە تاپمىغاي رەۋنەق،
بولمىغايكىم ۋەلىك بەرگاھى ھەق.

ئاخىرى يىلدا قىممەت بولغاي ئاش،
بولغۇسى خەلق ئىچرە تەڭمۇئاش.
لىك ئۈز پەزلى بىرلە رازاق ھەي،
ئەلنى ئول قايغۇدىن خالاس ئەتكەي.

## ئەھكام دۇشەنبە

بولسا نەۋرۇزى ئاي ئەۋلۇل ئەبسار،
رۇزى دۇشەنبە ئەيلەيىن ئىزھار.
پادىشاھلار زەئىپىراق بولغاي،
لىك خەسىم ئوقىدىن يىراق بولغاي.
تاغ ئارا غەلبە بىشۇمار بولغاي،
باغ ئارا مىۋە ئابدار بولغاي.
مال بىئاپەت، يېغىن بىسيار،
ئەللەف سەبزەۋۇ ئەيلاغىن تەييار.
خەلق ئارا كەڭرۇ نىئىمەت ئالۋان،
پۇقرا ئەل كۆڭلى خۇررەم خەندان.
ئارفە ۋە غەلبە پەنبە ۋە پالىز،
تاپىغاي ئانچە رەۋنەق ئەڭىز.
بولماغاي زەئىب گۇد خۇدالارغا،
مىڭ بالالەر كىلۇر بالالەرغا.
زىنھار ئەي بۇرادەر ئۇشبۇ يىل،
قوي تىجارەتنى ، كۆپ زىرائەت قىل.
قىممەت بولغاي مەئاش ئاخىر سال،
ئۆتكۇسىدۇر ۋەلىك بەرق مىسال.

## ئەھكام سەيشەنبە

رۇزى سەيشەنبە بولسا داۋىر،
ئەيتايىن ھۆكمىنى قىلىڭ باۋىر.
پادىشاھلار ئارا نىزائى ۋە نەفاق،
قوزغالىپ بەلكى جۇملەئى ئەفاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شور ـ غوغا پىتنە ئەنگىزى،
بولغۇسى رۇزىگارى خۇنرىزى.
جەبىر زۇلۇم ئاشكارە بولغۇسىدۇر،
بىر ـ بىرىگە شىكار بولغۇسىدۇر.
مۇلكى ھەددى شەرقى مۇلكىدىن،
كەتكۇسىدۇر زەمانە مەلكىدىن.
يەنە مەغرىبتە بىر ئۇلۇغ شاھى،
ئاخىرەت مۇلكىگە قىلدى راھى.
بولغىسىدۇر ۋەلىكى ئەرزانى،
ۋە سەئىت ئىممەت پەرۋانى.
يازغى بىرلە پالىزغە ئاپەتتۇر،
مىۋەئى رەۋنەقى لەتاپەتتۇر.
سەيىل بىۋەقت بولغىسى باران،
بىلمىگەن سۆزگە ئۆزرەئى ياران.
يەنە يىل ئاخىرىدا قەھەد زامان،
ئۆتكۈسىدۇر ۋەلىك تېز راۋان.

## ئەھكام چارشەنبە

چۇنكى نەۋرۇز چاھارشەنبە دۇرۇر،
ھىكمەت ئەھلىغە ياخشى تەنبىھدۇرۇز.
بولغۇسى قەھەتلىك ھەممە ئەفاق،
قالىغاي ئەلدە شەپقەتۇ ئىتتىپاق.
ئەلامان جوكى ۋە ئەبياران،
ئوغرىغاي ئوغرى تىبە كاران.
زۇلۇم ۋە خۇنرىز خەلق ئارا بىسيار،
ۋەقەنا رەببەنا ئەزابەننار.
ئەنھەمە پىتنەدۇر پەساد بولغاي،
لىك سودا يولى كۇشاد بولغاي.
پادىشاھلارغا كامىرانلىقدۇر،
تەخت ۋە ئىززەتتە ئامانلىقتۇر.

زەئىپ ئىچرە خەستەلىك بىسيار،
ھەم ئۇششاقلەرگە بەستەلىك بىسيار.
پالىز ۋە پىنىنەھۇ بىقىياس بولغاي،
ياش ئىلە تەجلەغە شەھۋار بولغاي.
ھاشارەت گىزەندەئى تاشخور،
مەگىس ۋە مورۇ پىشەئى زەنبۇر.

## ئەھكام پەيشەنبە

پەيشەنبە چۇ بولسا نەۋرۇزى،
بولغۇسىدۇر فەراخ ماھ رەۋزى.
بولغۇسى ئەمىر ئەكابىرۇ شادىمان،
بەزمەئى ئىشرەت خۇررەمۇ خەندان.
ئۇلۇمالارغا ھەم ئامانلىقتۇر،
ياخشىلارغا قاچان يامانلىقتۇر.
گەرچە كۆپ دەرت ۋە غەم ئۇلۇسقا يىتەر،
بولمىغاي ئەلگە ھىچ خەۋپ ۋە خەتەر.
سەتۋارش رەئدۇ بەرق ئىلە باران،
بولسا بىھەد مۇنى بىلىڭ ياران.
لالەئى كۇزگۇ بىشۇمار بولغاي،
ئۆزگەسى بەلكىم كەم بەرار بولغاي.
ئەرزان ۋە ماش-كەندىر ۋە كۇنجۇت،
قىلسالڭ ئەدزىر بولارغا تۇن-كۇن جەھۇد.

## ئەھكام ئازنە

بولسا نەۋرۇز ئالەم ئازنە،
بولغىسىدۇر فىراخ روز يەنە.
كىشىلەر قەدشەقۇ سىرۋ بىنۇقسان،
ھاسىل بولغاي بىرىگە يۇز ۋە توقسان،
يەتمىگەي ھىچ مىۋەگە ئەسۇب،
پىشنەھى ھەرگىز تۇگەتمىگەي تۇشۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇرت بولۇر باغۇبانلىق ئەرزانلىق،
ھەر گادا ئۆيىدە قىلۇر خانلىق.
گەرچە ئاغرىق تۇلا سەھەت كەمرەك،
بەرق بىسيار سەرۋى مەھكەمرەك.
بولغۇسى كۆپ نىكاھ تۇن ـ كۇنلەر،
كەچكۇسى ئەيشى بىرلە ئەر ـ خاتۇنلەر.
بىھەد بولغاي باھار بىپالىز،
كۆزگۈ بىرلە كىبەزگە يوق ئەگىز.

## تۆتىنچى باپتا سائەت، ھەپتەلەرنى بايان قىلۇر

ئەۋۋەل ھەپتە يەكشەنبە بولسا ئىش ئىپتىدا قىلماق، بىنائى ئىمارەت قىلماق، ئۇلۇغلارغا ۋە پادشاھلارغا مۇلاقەد بولماق،دۆلەت ۋە ئىززەت كۇندۇركى، كىۋاكىپى شەمس.

ئەۋۋەل ھەپتە دۇشەنبە بولسا، سەپەر قىلماق، دەۋا قىلماق، ئەمنىيەت ۋە جەمئىيەت كۇندۇركى، كەۋاكىپى قەمەر.

ئەۋۋەل ھەپتە سەيشەنبە بولسا، قەسىد ھىجامەت قىلماق ۋە ئىستىپراغ ۋە بەئىزى ئاداۋەت قىلماق كۇندۇركى، كىۋاكىبى مىررىخ.

ئەۋۋەل ھەپتە چاھارشەنبە بولسا، دورا ئىچمەك ۋە دەپئى ۋەسۋاس قىلماق ۋە خىيالەت فاسىدلارنى بىر تەرەپ قىلماق ۋە پەراسەت قىلماق ۋە ئىپتىدائى تەئلىم قىلماق ۋە خەت پاساھەت قىلماق ۋە تەبىر مەسلەھەت قىلماق كۇندۇركى، كىۋاكىبى ئەتارۇت.

ئەۋۋەل ھەپتە پەيشەنبە بولسا، دۇئا ۋە مۇناجات قىلماق، تەلەپ ھاجەت ۋە زىكىر تائەت ۋە تەھسىل رادات قىلماق كۇندۇركى، كىۋاكىپى مۇشتەرى.

ئەۋۋەل ھەپتە ئازنە ـ جۇمئە بولسا ۋاقتى نىكاھ خاتۇنلار بىرلە ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت قىلماق، رەقس ۋە سەمائى قىلماق ۋە شادىمانلىق كۇندۇركى، كىۋاكىپى زۆھرە.

ئەۋۋەل ھەپتە شەنبە بولسا، شىكار قىلماق، خوشۋەقت ۋە خوشلۇق ۋە سەيىر سەھرا قىلماق، تەلەپ مەئىشەت قىلماق، ئېرىق، كۆل ۋە قۇدۇق قازماق ۋە ماشايىخلارغا مۇلاقات بولماق كوندۇركى، كىۋاكىپى زۆھەلدۇر.

## بۇ پەسىلدە ئەييام سائەت نەھىسنى بايان قىلۇر

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن ئەۋۋەل پىشىنگىچە نەھىسدۇر. باقىسى سە-ئىددۇر.

دۈشەنبە كۈنى نامازدىگەردىن نامازشامغىچە نەھىسدۇر. باقىسى سە-ئىددۇر.

سەيشەنبە كۈنى ئەۋۋەل روزدىن پىشىنغىچە نەھىسدۇر. باقىسى سە-ئىددۇر.

چاھارشەنبە كۈنى ئاخىر نامازدىگەردىن كۈن ئولتۇرغىچە نەھىس-دۇر، باقىسى سەئىددۇر.

پەيشەنبە كۈنى ئەۋۋەل چۈش ۋاقتىدىن ئەۋۋەل پىشىنغىچە نەھىس-دۇر، باقىسى سەئىددۇر.

ئازنە كۈنى ئەۋۋەل چاشتىدىن ئاخىر چاشتىغىچە نەھىسدۇر. باقىسى سەئىددۇر.

شەنبە كۈنى ئەۋۋەل پىشىندىن ئەسىرغىچە نەھىسدۇر. باقىسى سە-ئىددۇر.

## بۇ پەسىلدە يەتتە كىۋاكىپنىڭ سەئىد-نەھىسنى (خاسىيەتلىك ۋە پىشكەللىكىنى) بايان قىلۇر:

بىرىنچى زۇھەل نەھىسدۇركى، كۈنى شەنبەدۇر.
ئىككىنچى شەمس نەھىسدۇركى، كۈنى سەيشەنبەدۇر،
ئۈچىنچى ئەتارۇت نەھىسدۇركى، كۈنى پەيشەنبەدۇر.
تۆتىنچى مۇشتەرى سەئىددۇركى، كۈنى يەكشەنبەدۇر،
بەشىنچى مىررىخ سەئىددۇركى، كۈنى دۈشەنبەدۇر.
ئالتىنچى زۆھرە سەئىددۇركى، كۈنى چاھارشەنبەدۇر،
يەتتىنچى قەمەر سەئىددۇركى، كۈنى ئازنەدۇر.

## ئايلار سائىتى بايانى

بىرىنچى ئاي زۇھەل، ئىككىنچى ئاي مۇشتەرى، ئۈچىنچى ئاي

uyghurkitap.com

مىررىخ، تۆتىنچى ئاي شەمس، بەشىنچى ئاي زۆھرە، ئالتىنچى ئاي ئەـ
تارۇد، يەتتىنچى ئاي قەمەر، سەككىزىنچى ئاي زۇھەل، توققۇزىنچى ئاي
مۇشتەرى، ئونىنچى ئاي مىررىخ، ئون بىرىنچى ئاي شەمس، ئون ئىكـ
كىنچى ئاي زۆھرە.

## بەشىنچى بابتا يەتتە كىۋاكىبنى بايان قىلۇر

**يەكشەنبە كۈنى:** ئەۋۋەل روزى شەمس، ۋاقتى چاشت زەھرە، چۈش ۋاقتى ئەتارۇد، ناماز پېشىن قەمەر، ئىككى ناماز ئاراسى زۇھەل، ۋاقتى ئەسىر مۇشتەرى، ۋاقتى شام مىررىخ.

**دۈشەنبە كۈنى:** ئەۋۋەل روزى قەمەر، ۋاقتى چاشت زۇھەل، ۋاقتى پېشىن مىررىخ، ۋاقتى چۈش مۇشتەرى، ئىككى ناماز ئارىسى شەـ
مس، ۋاقتى دىگەر زۆھرە، ۋاقتى شام ئەتارۇد.

**سەيشەنبە كۈنى:** ئەۋۋەل روزى مىررىخ، ۋاقتى چاشت شەمس، ۋاقتى چۈش زۆھرە، ۋاقتى پېشىن ئەتارۇد، ۋاقتى ئىككى ناماز ئارىسى قەمەر، ۋاقتى ئەسىر زۇھەل، ۋاقتى شام مۇشتەرى.

**چاھارشەنبە كۈنى:** ئەۋۋەل روزى ئەتارۇد، ۋاقتى چاشت قەمەر، ۋاقتى چۈش زۇھەل، ۋاقتى پېشىن مۇشتەرى، ئىككى ناماز ئارىسى مىررىخ ، ۋاقتى دىگەر شەمس، ۋاقتى شام زۆھرە.

**پەيشەنبە كۈنى:** ئەۋۋەل رۇزى مۇشتەرى، ۋاقتى چاشت مىرىخ، ۋاقتى چۈش شەمس، ۋاقتى پېشىن زۆھرە، ئىككى ناماز ئارىسى ئەتاـ
رۇد، ۋاقتى دىگەر قەمەر، ۋاقتى شام زۇھەل.

**ئازنە كۈنى:** ئەۋۋەل رۇزى زۆھرە، ۋاقتى چاشت ئەتارۇد، ۋاقتى چۈش قەمەر، ۋاقتى پېشىن زۇھەل، ئىككى ناماز ئارىسى مۇشتەرى، ۋاقتى ئەسىر مىررىخ، ۋاقتى شام شەمس.

**شەنبە كۈنى:** ئەۋۋەل رۇزى زۇھەل، ۋاقتى چاشت مۇشتەرى، ۋاقتى چوش مىررىخ، ۋاقتى پېشىن شەمس، ئىككى ناماز ئاراسى زۆھرە، ۋاقتى دىگەر ئەتارۇد، ۋاقتى شام قەمەر.

## شەب (كېچە) سائەتلىرى

شەنبەـ ئەۋۋەل شەب مىررىخ، خۇپتەن شەمس، باش توخۇ ئەتارۇد،

نەسەب شەب زەھرە، ئاخىرقى توخۇ قەمەر، سۇبھى كازىب زۇھەل، سۇبـ-
ھى سادىق مۇشتەرى.

يەكشەنبە- ئەۋۋەل شەب ئەتارۇد، خۇپتەن قەمەر، باش توخۇ مۇشتە-
رى، نەسەب شەب زۇھەل، ئاخىرقى توخۇ مىررىخ، سۇبھى كازىب شە-
مس، سۇبھى سادىق زۆھرە.

دۇشەنبە- ئەۋۋەل شەب مۇشتەرى، ۋاقى خۇپتەن مىررىخ، باش توخۇ
زۆھرە، نەسەب شەب شەمس، ئاخىرقى توخۇ ئەتارۇد ، سۇبھى كازىب
قەمەر، سۇبھى سادىق زۇھەل.

سەيشەنبە- ئەۋۋەل شەب زۆھرە، خۇپتەن ئەتارۇد، باش توخۇ زۇ-
ھەل، نەسەب شەب قەمەر، ئاخىرقى توخۇ مۇشتەرى، سۇبھى كازىب
مىررىخ، سۇبھى سادىق مىررىخ.

چاھارشەنبە- ئەۋۋەل شەب شەمس، خۇپتەن زۆھرە، باش توخۇ ئە-
تارۇد، نەسەب شەپ قەمەر، ئاخىرقى توخۇ زۇھەل، سۇبھى كازىب مۇش-
تەرى، سۇبھى سادىق مىررىخ.

پەيشەنبە- ئەۋۋەل شەپ زۆھرە، خۇپتەن ئەتارۇد، باش توخۇ قەمەر،
نەسەپ شەپ زۇھەل، ئاخىرقى توخۇ مۇشتەرى، سۇبھى كازىب مىررىخ،
سۇبھى سادىق شەمس.

ئازنە- ئەۋۋەل شەپ قەمەر، خۇپتەن زۇھەل، باش توخۇ مىررىخ، نە-
سەپ شەب مۇشتەرى، ئاخىرقى توخۇ شەمس، سۇبھى كازىپ زۆھرە،
سۇبھى سادىق ئەتارۇد.

قاچانكىم، سائەت زۇھەلغە يەتسە ياخشىدۇركى، كۆل- ئېرىق قاز-
ماق، زىرائەت تېرىماق، يېڭى كىيىم كەيمەككە ياخشىدۇر. ھەر پەرزەنت-
كى بۇ سائەتتە توغرا كېلىدۇللۇد قىلسا، ئۆمرى ئۇزۇن، بەختلىك
بولغاي.

قاچانكىم، سائەت مۇشتەرىگە يەتسە، دەۋا قىلماق، قازىلار ۋە پادى-
شاھلار قاشىغا بارماق، ھاجەت تىلىمەك، يېڭى كەيمەك ۋە كەسمەك، ئە-
قىدە نىكاھ قىلماق، مەجلىس قىلماق، ئىش ئىپتىدا قىلماقغا خوپدۇر.
ھەر پەرزەنتكى بۇ سائەتتە ۋۇجۇدقا كەلسە دانىشمەن ۋە بەختلىك،
ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

قاچانكىم سائەت مىررىخقە يەتسە، ئۇلۇغلارنى كۆرمەك، سىلاھ ئەت-
مەك، دۇشمەنگە قەسد قىلماق خوپدۇر. ھەر پەرزەنتكى بۇ سائەتتە ۋۇ-

جۇدقا كەلسە زالىم ۋە جاللات، خۇنخور بولغاي.

قاچانكىم سائەت شەمسكە يەتسە، پادىشاھلارغا مۇلاقەت بولماق، يېڭى كەيمەك ۋە كەسمەك، ئالماق-ساتماق ۋە سەپەر قىلماق، ھاممامغا بارماق، ئالتۇن ئىشلەتمەك ياخشىدۇر. ئەگەر بۇ سائەتتە پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە ئالىم، بەختلىك، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

قاچانكىم سائەت زۆھرەگە يەتسە، خوتۇن ئالماق، ئەھلى نەغمىلەر سۆھبىتىگە بارماق، نىكاھ قىلماق، يېڭى كەيمەك ۋە كەسمەك، ئېلىم-سېتىم قىلماق، ھىجامەت قىلماق(قان ئالماق)، بىمارلارغا ئىلاج قىلماقتا پايدىلىقتۇر. ھەر پەرزەنتكى بۇ سائەتتە ۋۇجۇدقا كەلسە، ئەيشى-ئىشرەتكە دوست بولغاي.

قاچانكىم سائەت ئەتارۇتقا يەتسە، قۇرئان ئوقۇماق، خەت پۈتمەك، مەكتەپكە بارماق، ئەلچى ئەبەرتمەك ياخشىدۇر. ئەگەر بۇ سائەتتە پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە ئۇلۇغ، ھىممەتلىك بولغاي.

قاچانكىم سائەت قەمەرگە يەتسە خوتۇن ئالماق، سەپەر قىلماق، پادىشاھلارنى كۆرمەك ۋە سەيد قىلماق، نەقىل- تەھۋىل قىلماق، ئەلچى ئىبەرمەك، ھىجامەت قىلماق(قان ئالماق)، تىبابەت قىلماق، دورا ئىچمەك، زىرائەت قىلماق، باغ-بوستان سالماق، يېڭى كەيمەك-كەسمەك، ئېرىق-كۆل قازماق، ئۇلۇغلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە بارماق ــ بۇ ئىشلارغا خوپ ئەمەس. ھەم پۈشىدە ئىشلارنى قىلماقتا، خاتۇن ئالماقتا ــ بۇ خىل ئىشلارنى قىلماقتا ھەم ياخشى ئەمەس. ئەگەر پەرزەنت بۇ سائەتتە ۋۇجۇدقا كەلسە، ئۆمرى قىسقا، غەملىك بولغاي.

## ئالتىنچى باپتا ئىختىيارات قەمەرنى بايان قىلۇر

ھەر قايسى ئاينى كۆرگەندە نىچۈك نىمەرسىگە باقماق كېرەك ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ئەيتۇرلار:

ھەركىم مۇھەررەم ئاينى كۆرسە، قىزىل ئەشياغا باقماق كېرەك. قىرىق بىر مەرتىبە كەئبە تاۋاب قىلغاننىڭ ساۋابى بولغاي.

ھەر كىم سەپەر ئاينى كۆرسە، ئائىنەگە (ئەينەككە) باقماق كېرەك. قىرىق پەيغەمبەرنىڭ ساۋابىنى تاپقاي.

ھەر كىم رەببىيەلئەۋۋەل ئاينى كۆرسە، ئېقىن سۇغا باقماق كېـ

ـرەك. قىرىق تۇگە خۇدا يولىدا قۇربانلىق قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپقاي.
ھەر كىم رەببىيەلئاخىر ئايىنى كۆرسە، ئاتىنىڭ يۈزىگە باقماق كېـ ـرەك. ھەممە گۇناھلىرىدىن پاك بولۇر.
ھەر كىم جامادىيەل ئەۋۋەل ئايىنى كۆرسە، ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈزىگە ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ يۈزىگە باقماق كېرەك. ئاتا-ئانىسىنىڭ رىزاسىـ ـنىڭ ساۋابىنى تاپقاي.
ھەر كىم جامادىيەلئاخىر ئايىنى كۆرسە، كۈمۈشكە باققاي. مۇنكىر-ـ نىكىرنىڭ سوئالىدىن ئاسان خالاس تاپقاي.
ھەر كىم رەجەپ ئايىنى كۆرسە، قۇرئانغا نەزەر قىلغاي. پىلسىراتتىن ئاسان ئۆتكەي.
ھەر كىم شەئبان ئايىنى كۆرسە، قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلـ ـغاي. نامەئى ئەئمالىنى ئوڭ قولىدىن بەرگەيلەر.
ھەر كىم رامىزان شەرەپ ئايىنى كۆرسە، قىلىچقا باقماق كېرەك. مىڭ شېھىدنىڭ دەرىجىسىنى تاپقاي.
ھەر كىم شەۋۋال ئايىنى كۆرسە، ئۆز لىباسىغا باقماق كېرەك. دەۋـ زەخ ئوتىدىن خالاس تاپقاي.
ھەر كىم زۇلقەئدە ئايىنى كۆرسە، كېنىزەك-خاتۇنلارنىڭ يۈزىگە باقماق كېرەك. بېھىش ھۆرلىرىدىن نىسىپ بولغاي.
ھەر كىم زۇلھەججە ئايىنى كۆرسە، ئۆز-ئۆزگەنىڭ يۈزىگە باقماق كېرەك. سوراقسىز جەننەتكە كىرگەي.

## يەتتىنچى باپتا كۈنلەرنى بايان قىلۇر

ھەببە ئىبنى مۇنبە رازىئاللائەنھۇ رىۋايەت قىلىپدۇرلاركىم، تۆرتـ ـنىڭ ئىچىدىن ئاختارىپ كۈنلەرنىڭ ياخشى-يامانىنى، سەئىد-نەھسـ ـلىرىنى ئايرىپ «ئەخبارنامە» ئاتلىق كىتاب چىقارىپدۇرلەر. ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللا ۋەجھۇ ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەـ سەللەمدىن ئانداغ رىۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، قايۇ كىشى ھەر ئىشقا قەـ دەم قويسا ئاي ۋە كۈننىڭ ياخشى-يامىنىنى بىلىپ، ئاي-كۈنلەرنىڭ سەئىد، نەھسىدىن خەبەر ئېلىپ ئاندىن كېيىن ئول ئىشقا قەدەم قويماق

كېرەك. چۈنكى، ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا كالام مەجىددە يارلىقاپدۇركىم، «قەۋلە تەئەلافى يەۋمى نەھىس مۇستەمىر» ۋە يەنە«فى يەۋمى نەھساتىن» دەپ خەبەر بەردى. ئايەت كەرىمەنىڭ قەدىمىغە بىنائەن:

ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ياخشى ھەرتۇرلۇك ئىشلارغا مۇبارەكتۇركى، چۈنكى، ئاللاھتەئەلا بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتتى ۋە بۇ كۈندە نىكاھ قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، سەپەر قىلماق، تون ۋە ئاياغ كەيمەك ۋە كەسمەك، دەرەخ تىكمەك، ئۇرۇق چاچماق ، ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچمەك، بىنايى ئىمارەت قىلماق، كۆل ۋە ئېرىق قازماق، ئالماق ـ ساتماق، دورا ئىچمەك، بارچە ئىشلارغا مۇبارەكدۇر. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇدىغا كەلسە، بەخت ـ دۆلەتلىك بولغاي ، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي. ئەگەر بۇ كۈندە كىشى ئاغرىسا، پات شىپا تاپقاي. ئەگەر دۈشمەنگە روبىرو بولسا، دۈشمەندىن غالىپ كەلگەي. ئەگەر بۇ كۈندە قان ئالدۇرسا، خوپ ئەمەس. تومۇرلىرى قۇرۇپ سەت بولغاي. ئەگەر كىشى بۇ كۈندە سەپەرگە چىقار بولسا، مەغرىب تەرەپكە سەپەر قىلغايكىم، ستارە سەكرە دېگەن بۇ كۈندە شەرقدە بولۇر.

ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى مۇبارەكدۇركى، بارچە ئىشلارغا سەئىددۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم ھەزرىتى ھاۋا ئانىمىزنى بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سول قۇبۇرغىسىدىن ئېلىپ ياراتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جۇپتىن قىلىپ بۇ كۈندە نىكاھ قىلدىلار، بۇ كۈندە ئوغۇل ئۆيلىمەك، قىزنى كىيوغا بەرمەك ۋە ئالماق ـ ساتماق، ئۇرۇغ ساچماق، خىرمان ئۇسماق، ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچمەك، سەپەر قىلماق، ئۇلۇغلارنى كۆرمەك، ھاجەت تىلىمەك، بىنايى ئىمارەت قىلماق، دەرەخ تىكمەك، دورا ئىچمەك، كۆل ۋە ئېرىق چاپماق، بارچە ئىشلارغا سەئىد ۋە مۇبارەكدۇر. ئەگەر ھەر ئىشنى ئاينىڭ ئىككىسى باشلىسا، ئول ئىشلارنى بۇ كۈندە تامام قىلسا، مۇبارەك بولغاي، ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇدىغا كەلسە بەخت ـ سائادەتمەند بولغاي، ئەگەر كىشى بۇ كۈندە ئاغرىسا پات شىپا تاپقاي. ئەگەر، بۇ كۈنلەردە قان ئالدۇرسا، ئانچە خوپ ئەمەس.

ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى بەغايەت نەھىسدۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ھەزرەت ئادەم ئاتىمىزنى ھاۋا ئانىمىز بىلەن گۇناھكار قىلىپ، بۇ كۈندە بىھىشتىن قوغلاپ چىقاردىلار، بىر ـ بىرلىرىدىن جۇدا قىلدىلار. بۇ

كۇندىن كۆپ ئىپتىيات قىلماق كىرەككى بەغايەت نەھىسدۇر. شەيتان ھەم بۇ كۇندە كىشىدىن غالىپ بولغاي. ئەگەر بۇ كۇندە چۈش كۆرسە غەلەت كۆرگەي، ھەر پەرزەندىكى ۋۇجۇدىغا كەلسە، بەدبەخت بولغاي، بۇ كۇندە قان ئالدۇرسا مۇبارەكدۇر. ئۆزگە ئىشلارغا نەھىسدۇر. ئەگەر بۇ كۇندە ئاغرىسا ئۇزاققا قالغاي.

ئاينىڭ تۆتىنچى كۇنى ياخشىدۇركى، بارچە ئىشلارغا سەئىددۇر . بۇ كۇندە دورا ئىچمەك، ئۇرۇغ ساچماق، خىرمان ئۇسماق، بىنايى ئىمارەت قىلماق، دەئۋايى خۇسۇمەت قىلماق ۋە پەرزەندىنى مەكتەپكە بەرمەك، نىكاھ قىلماق، گۇناھلىرىدىن يىنىپ تەۋبە- ئىستىغپار قىلماق، بارچە ئىشلارغا بۇ كۇن ياخشىدۇر. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، ھەزرەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ھەزرەت ھابىلنى ھاۋا ئانىمىز بۇ كۇندە تۇغدىلار. بۇ كۇن ئۇبدان مۇبارەك كۇندۇر، ئەمما بۇ كۇندە سەپەر قىلماققا ياخشى ئەمەس. ئەگەر بۇ كۇندە قان ئالدۇرسا شىپا تاپقاي، ئەگەر پىنھان ئىشلارنى قىلسا ئاشكارە بولۇر. ئەگەر ئول كۇن كىچە چۈش كۆرسە پات ۋاقىئەغە كەلگەي، ھەر كىم بۇ كۇندە ئاغرىسا پات شىپا تاپقاي.

ئاينىڭ بەشىنجى كۇنى نەھىسدۇر. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، بۇ كۇندە قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەن كۇندۇر. ھەر پەرزەندىكىم بۇ كۇندە ۋۇجۇدىغا كەلسە خۇن ناھەق قىلغۇچى ۋە پەسادجۇي ۋە زالىم بولغاي ۋە يا جاللات بولغاي. ئەگەر بۇ كۇندە ئاغرىسا ئۇزاق ئاغرىغاي. ئەگەر قان ئالدۇرسا سەھىل بولغاي.

ئاينىڭ ئالتىنجى كۇنى ياخشىدۇركى، بارچە ئىشلارغا سەئىددۇر ، بۇ كۇندە ھەر نىچۈك ئىشلارنى باشلىماق كىرەك. ئۆز مۇرادىچە تامام بولغاي. نىكاھ قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، دەرەخ تىكمەك، بىنايى ئىمارەت قىلماق، ئۇرۇق ساچماق، باغۇ-بوستان قىلماققا سەئىددۇر. ئەگەر بۇ كۇندە ئاغرىسا پات پۇرسەتتە سەھەت تاپقاي. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۇندە ۋۇجۇدىغا كەلسە دەۋلەتلىك بولغاي. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، بۇ ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۇندۇر. بۇ كۇندە تۇغۇلغان پەرزەندلەر جۇۋان مەرد بولغاي. ئەمما، بۇ كۇندە بىر نىمەسى يىتسە پات تىپىلغاي.

ئاينىڭ يەتتىنچى كۇنى ياخشىدۇركى، بارچە تۇرلۇك ئىشلارغا سە-

ئىددۇر ، ھەر نىچۈك ئىشلارنى باشلىماق كېرەك. ئۆز مۇرادىچە تامام
بولغاي. نىكاھ قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، دەرەخ تىكمەك، بىنايى ئىما-
رەت قىلماق، ئۇرۇغ ساچماق، باغۇ- بوستان قىلماق سەئىددۇر. ئەگەر
بۇ كۈندە ئاغرىسا پات پۇرسەتتە شىپا تاپقاي. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە
ۋۇجۇدىغا كەلسە، جۇۋانىم سېخى دۆلەتلىك بولغاي. غايىپ بولغان نە-
مەرسىلەر پات قولغا كەلگەي. ئالىملار تەجرىبە قىلىپدۇرلەركىم، نىكاھ
قىلماق، ئالماق-ساتماق، يېڭى تون — كىيىم-كېچەك كىيىمەك، جىماﺋ
قىلماق، ئەلچى ئىبەرمەك، ئەيشى-ئىشرەت قىلماق، ھىجامەت قىلماقغا
ھەم ياخشىدۇر. ئەگەر، بۇ كۈندە ئاغرىسا پات پۇرسەتتە سەھەت تاپقاي.
بۇ كۈندە ھەر پەرزەندىكى ۋۇجۇدىغا كەلسە، يالغانچى بولغاي. بەزىلەر
ئەيتىپدۇرلاركىم، بەزى سۆزلەرنى بۇ كۈندە كىشىگە سۆزلىمەسلىك
كېرەك. بەزىلەر ئەيتىپدۇركىم، ئاينىڭ يەتتىسى نەھىسدۇر. چۈنكى،
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەختۇ-بەختى بۇ كۈندە بەربات بولغان.

ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى مۇبارەكدۇركى، بارچە ئىشلارغا سەئىد-
دۇر. ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالامنى بۇ كۈندە تۇغدىلار. ھەر پەرزەن-
دىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇدىغا كەلسە، ئىلىم-ھېكمەتكە كامىل بولغاي. ئەم-
ما بۇ كۈندە نىكاھ قىلماق، ئىلىم-ھېكمەت ئۆگەنمەككە ياخشىدۇر.
ئەمما، بىنايى ئىمارەت قىلماقغا ۋە سەپەر قىلماقغا ياخشى ئەمەسدۇر.
يەنە بەزى ئىشلارغا نەھىسدۇركى — ھىجامەت قىلماق، ساچ ئالماق،ئۇ-
لۇغلارنى كۆرمەككە ياخشى ئەمەسدۇر. ئەگەر بۇ كۈندە ئاغرىسا خەتەر-
دۇر. سەدىقە بەرمەك كېرەك.

ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى نەھىسدۇركى، ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىس-
سالامنىڭ كىمەلىرى بۇ كۈندە سۇ ئۈزرە قارار تاپتىلار. ئەگەر كىشى بۇ
كۈندە ئىش باشلىسا ياخشى ئەمەس. دۇنياغا تەئەللۇق ئىشلارنى قىلماق-
غە ياماندۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكى ستارە سەكرە يەردە بولۇر. ئەگەر كىشى
بۇ كۈندە سەپەر قىلسا، ئولاغى ئاقسار ياكى ھالاك بولۇر. ئەگەر پىيادە
ئۆزى سەپەر قىلسا، ئۆزى ئاقسار، ئەلبەتتە. ھەر ئىشقا قەدەم قويسا يا-
مان بولغاي، ئەگەر بۇ كۈندە بىر نەمەسى يىتسە تېپىلمىغاي، ئەگەر
بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بىر نەرسە ئامانەت قويسا ئوغرى ئالغاي. ئەگەر
ئۇرۇغ سالسا ئۈنمىگەي. ئەگەر خىرمان ئۇسسىسا بى بەرىكەت بولغاي.

ئەگەر ھاجەت تىلىسە، ئىجابەت بولمىغاي. ئەگەر بۇ كۈندە پەرزەنت ۋۇ-جۇدىغا كەلسە، بەدخۇي-بەدئەسىلى بولغاي. قان ئالدۇرسا، كۈچسىز، كەم ماغدۇر، ئاجىز بولغاي. ئەگەر ئاغرىق بولسا، پات شىپا تاپماس.

ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى ياخشىدۇركى، ھەممە ئىشلارغا سەئىددۇر. چۈنكى نوھ ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈندۇر. يەنە ھەم تۇپان بالاسىدىن بۇ كۈندە نىجاد تاپتىلار. بىسيار مۇبارەك كۈندۇر. بۇ كۈندە نىكاھ قىلماق، ئوغۇل- قىزنى بۇ كۈندە گۇدخۇدا قىلماق، ئۇلۇغلارنىڭ دىدارىنى كۆرمەك، ھاجەت تىلىمەك ۋە بارچە ئىشلارغا ياخشى كۈندۇر. ئەگەر بۇ كۈندە پەرزەنت ۋۇجۇدىغا كەلسە ئۆمرى ئۇزۇن، ئىلىم-ھىكمەتلىك بولغاي، چۈنكى ھەزرىتى ھەكىمى لوقمان بۇ كۈندە تۇغۇلغان. ئەگەر كىشى بۇ كۈندە قان ئالدۇرسا، قۇلىنجى كېسىلىگە گىرىپتار بولغاي.

ئاينىڭ ئون بىرىنچى كۈنى ھەم ياخشىدۇركى، ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈندۇر. بۇ كۈندە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرغا پادشاھ بولدىلار. بۇ كۈندە كىتاب باشلىماق، خەت پۈتمەك، ئىش ئېيتىدا قىلماق، ئالماق-ساتماق، دورا ئىچمەك، ھىجامەت قىلماقغا ياخشىدۇر. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇدىغا كەلسە پاراسەتلىك بولغاي. ئەگەر قان ئالدۇرسا مىيانەدۇركى ۋە ئەلا كۆزى نابەنا بولۇر.

ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى قۇتلۇق كۈندۇركى، بارچە ئىشلارغا سەئىددۇر. چۈنكى بۇ كۈندە ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋنىن ئوزرە زەپەر تاپقان. بۇ كۈندە دەئۋائى خۇسۇمەت قىلماق، ئوغۇل-قىزنى گۇد خۇدا قىلماق، ئالماق-ساتماق، ھاجەت تىلىمەك، ئەيشى-ئىشرەت قىلماق — تۈرلۈك ئىشلارغا ياخشىدۇر. لېكىن، ئۇلۇغلار ئالدىغا بارماق خوپ ئەمەس. ئەمما قان ئالدۇرسا قايغۇلۇق بولغاي.

ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى غايەت ۋە نەھايەت نەھس كۈندۇركى، ھەممە ئىشلارغا خوپ ئەمەس. چۈنكى نەمرۇد ئەلەيھۇل ئەنھۇنى خۇدايىتەئەلا بۇ كۈندە ھالاك قىلدى ۋە يەنە ئىبلىس ئەلەيھۇل ئەنھۇ ھەم خۇدايىتەئەلاغا بى پەرمانلىق قىلىپ، تەۋقى لەنەت بويىنىغا چۈشكەن كۈندۇر. ئەگەر بۇ كۈندە ئاغرىق بولسا، ئۆلدەم خوفى بولغاي. ھەزەر قىلماق كېرەك. زارى تەزرىئ بىلە نەزرىۇ نىياز ۋە خەتمە خۋاجىكان بىلە بولماق كېرەك. ئەگەر بۇ كۈندە قان ئالدۇرسا خوپ ئەمەس.

www.uygurkitap.com

ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ياخشىدۇركى، بارچە ئىشلارغا سەئىددۇر. چۈنكى ھەزرىتى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنى بۇ كۈندە تەۋۋەلۇد قىلغاندۇر. يەنە ھەم ھەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىپ قالغان كۈندۇر. بۇ كۈندە ئۇلۇغلارنى كۆرمەككە بىسيار ياخشى كۈندۇر. بۇ كۈندە كۆپ ئىشلارنى قىلماق سەئىددۇر. بىنايى ئىمارەت قىلماق، پەرزەندلەرنى مەكتەپكە بەرمەك ۋە گۈدخۇدا قىلماقغا بىسيار خوپدۇر. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇدغا كەلسە، بەخت-دەۋلەتلىك بولغاي. ئەگەر ئاغرىق بولسا، پات سەھەت تاپقاي. قان ئالدۇرسا ئاغرىق بولغاي.

ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ياخشى كۈندۇركى، ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى بۇ كۈندە توغرا كېلىدۇللۇد قىلدىلار. ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىرلە ھەزرىتى ھاۋا ئانىمىزنى بۇ كۈندە بىر يەردە جەمئى قىلدىلار. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇتقا كەلسە كۆركلۈك ۋە دەۋلەتمەند بولغاي. بۇ كۈندە نىكاھ قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، ھۈنەر ئۆگەنمەك ۋە خەتنە قىلماق، ئېرىق قازماق، بىنا ئىمارەت قىلماق، سەپەر قىلماقغە سەئىددۇركى، بارچە ئىشلار ئۆز رايىچە تامام بولغاي. ئەگەر قان ئالدۇرسا ئىللەتلەر بىلگۈرگەي (ئىللەتلەرنى بىلىندۇرگەي. )

ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى بارچە ئىشلارغا قاتتىق نەسدۇركى، كۆپ پەرھىز قىلغاي. چۈنكى بۇ كۈندە قارۇننى جەمئى مال ۋە ئوغۇل-قىزلىرى بىرلە يەر يۇتتى. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇتقا كەلسە دىۋانە، بۇزۇق ئادەم بولغاي. ئەگەر قان ئالدۇرسا، دوزاخ ۋەھىمىسىدىن ۋە جەمئى ئىللەتلەردىن خالاس بولغاي. ئەگەر بۇ كۈندە بىر نەرسىسى يىتسە ياكى غايىپ بولسا پات پۈرسەتتە تېپىلغاي.

ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى مۇبارەكدۇر. ئەمما، بەزى ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق كېرەك. بۇ كۈندە قان ئالدۇرماق، ساچ ئالدۇرماقفا ياخشىدۇر. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇتقا كەلسە مەجنۇن ۋە بىھوش بولغاي.

ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى بارچە ئىشلارغا مۇبارەكدۇركى، سەپەر قىلماق، ئۇرۇق ساچماق، خىرمان ئۇسماق، نىكاھ قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، بىنايى ئىمارەت قىلماق، ئاغرىققا داۋا قىلماقغا سەئىددۇر.

ئەگەر بۇ كۈندە چۈش كۆرسە، تۆت كۈندە مەلۇم بولغاي.

ئاينىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى مىيانەدۇركى، بەزى ئىشلاردىن پەر-ھىز قىلماق كېرەك. ئۆيدىن ئۆيگە كۆچمەك، ئۇرۇغ ساچماق، خىرمان ئۇسماق، نىكاھ قىلماقغا مىيانەدۇر. ئەمما قان ئالدۇرماق، ساچ ئالدۇر-ماقغا خوپدۇر. ئۆزگە ئىشلارغا مەنئىدۇر.

ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى ھەممە ئىشلارغا مۇبارەكدۇركى ، ھەز-رىتى سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇ كۈندە تۇغۇلدىلەر. بۇ كۈنلەردە ھاجەت تىلىمەك، ئىمارەت قىلماق،نىكاھ قىلماق، سودا-سېتىق قىلماق، كۆ-چەت تىكمەك، كۆل- ئېرىق قازماقغا ياخشىدۇر. ساچ ئالدۇرسا مۇبارەك بولغاي. ئەمما، بۇ كۈندە ئاغرىق بولسا سەدىقە بەرمەك كېرەك. ئەگەر، قان ئالدۇرسا ياخشىدۇر. ئەگەر، بۇ كۈندە پەرزەندە ۋۇجۇدىغا كەلسە خۇشخۇي بولغاي.

ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى قاتتىق نەھسىدۇركى ، بارچە ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق كېرەك. ئالاھىزەل ئەل قىياس ئۆيدىن تاش-قىرى چىققۇلۇق ئەمەس.

ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى بارچە ئىشلارغا مۇبارەكدۇركى، سەپەر قىلماق، ئەلچى ئىبەرمەك، ئەيشى-ئىشرەت قىلماق، بىنايى-ئى-مارەت قىلماق، كۆل ۋە ئېرىق قازماق، باغۇ- بوستان قىلماق، كۆچەت تىكمەككە ياخشىدۇر، ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇدىغا كەلسە خىز-مەتكار بولغاي.

ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى ھەم ياخشىدۇركى، ھەزرىتى زىك-رىيا ئەلەيھىسسالام بۇ كۈندە تۇغۇلدىلەر. بۇ كۈندە نىكاھ قىلماق، بىنا-يى-ئىمارەت قىلماق، ئۆي كۆچمەك، شەھەر-بازارغا كىرمەك، ئۇلۇغلار-نىڭ دىدارىنى كۆرمەك، شىكار قىلماق، پەرزەندىنى مەكتەپكە بەرمەك، خەتنە قىلماق، قان ئالدۇرماققا ياخشىدۇر. ئەگەر بۇ كۈندە پەرزەند ۋۇ-جۇدىغا كەلسە، سېرىق چىراي بولغاي.

ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى قاتتىق نەھسىدۇركى، يامان شۇم كۈندۇر. بارچە ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق كېرەك. ئەگەر بۇ كۈندە ئاغ-رىسا خەتەردۇر. سەدىقە بەرمەك كېرەككى، خەتمە قۇرئان قىلماق بىرلە بولماق كېرەك. ھەر پەرزەندىكى بۇ كۈندە ۋۇجۇتقا كەلسە، بەدخۇي، بەد-پېئىل ۋە بەدكەردار ، ئاتا-ئانىسىغا ئازار بەرگۈچى بولغاي . ئەگەر قان

www.uyghurkitap.com

ئالدۇرسا، بىمار بولغاي.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ھەم نەھىسدۇركى، بارچە ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق كېرەك. قان ئالدۇرماقتىن ئۆزگە ئىشلارغا ياخشى ئەمەس.

ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قۇتلۇق كۈندۇركى، پادىشاھلارنى كۆرمەك، ھاجەت تىلىمەك، بىنايى ئىمارەت قىلماق، باش ـ ئاياغ تون، ئۆتۈك كەيمەك، كىيىم كەسمەك، ئاتنى ئاختا قىلماق، ئۇرۇغ ساچماق، خىرمان ئۇسماق، ئۆي كۆچمەك، كۆل ـ ئېرىق قازماق، يېڭى ئۆيگە ۋە شەھەرگە بارماق، نىكاھ قىلماق بارچە ئىشلارغا ياخشىدۇر .

ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ھەم ياخشى قۇتلۇق كۈندۇركى، ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدۇر. بۇ كۈنلەردە ئۇ ـ لۇغلارنىڭ قېشىغا بارماق، تون، كىيىم، ئۆتۈك كەيمەك ۋە كەسمەك، ھۈنەر ئۆگەنمەك، ھىجامەت قىلدۇرماق، ئۆي كۆچمەك ــ بارچە ئىشلارغا ياخشىدۇر. ئۇشبۇ كۈندە تۆمۈر داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قول ـ لىرىدا مۇم بولدى.

ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى ھەم سەئىددۇركى، ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈندۇر. يەنە ھەزرىتى ئىسمايىل ئەلەيـ ـ ھىسسالامنى قۇربانلىق قىلغىلى ئېلىپ بارغان كۈندۇر. ھەر پەرزەندـ ـ كى بۇ كۈندە ۋۇجۇتقا كەلسە، بەخت ـ دۆلەتلىك بولغاي. ئالماق ـ ساتماق ۋە دېھقانچىلىق قىلماق، ئۆي كۆچمەككە ياخشى سەئىددۇر. ئەمما قان ئالدۇرسا بىسيار خەتەردۇر.

ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ياخشىدۇركى، بارچە ئىشلارغا ئۇبداندۇر. لېكىن سەپەر قىلماق، ئۇرۇغ ساچماق،دەرەخ تىكمەك، بىنايى ئىمارەت قىلماق، يېڭى كېيىمەك ۋە كەسمەككە نەھىسدۇر. بۇلاردىن ھە ـ زەر قىلماق كېرەك. قالغان ئىشلارغا ياخشىدۇر .

ئاينىڭ ئوتتۇزى سەئىددۇركى، بارچە ئىشلارغا ئۇبداندۇر. ھەر تۇر ـ لۇك ئىشلارنى باشلىماق مۇبارەكدۇركى، باشلىغان ئىشى ئۆز مۇرادىچە تامام بولغاي. تون پىچماق، كەيمەك، ھاجەت تىلىمەك، ئۇلۇغلانى كۆر ـ مەك، نىكاھ قىلماق، بىنايى ئىمارەت قىلماققا ياخشىدۇر.لېكىن سەپەر قىلماققا ياخشى ئەمەسكى، مەزكۇر بولغان ئىشلاردىن باشقىغا پەرھىز قىلغاي.

كۈنلەرنىڭ ياخشى ۋە يامىنىنى يەنە بۇ نەزمىدىن بىلمەك لازىم.

**نەزم:**

جەئپەر سادىق ئىمام رەھنەما،
پېشۋايى ئەۋلىيايى ئەتقىيا.
ئاي ھېسابىنى سەرانجام ئەتتىلەر،
سەئىد ۋە نەھس كۈنىن ئەئلام ئەيتتىلەر.
بىل ئون ئىككى ئاينى بىر يىل ئاتار،
ھەر بىر ئاي ئوتتۇز كۈننى تۇغار.
ئاينىڭ بىرى مۇبارەكتۇر دەيمىش،
نەچچە ئىشدۇر قىلماقى مەرغۇپ ئىمىش.
گويا ئول ئەيد يا نەۋرۇز ئىمىش،
ئول كۈنى قىلسا بۇلۇرلار بارچە ئىش.
بولدى مەخلۇق ئول كۈنى ئادەم ئاتا،
ئىلىم ـ ھېكمەت ئاڭا قىلدى ئەتا.
ئالماق، ساتماق مۇبارەك ئۇشبۇ كۈن،
قىل سەپەر كۆڭلۇڭە بەد كەلتۇرمىسۇن.
بولسا پەرزەند ئاقىبەت بەھبۇت ئىمىش،
كىۋاكىپ تالىئ ئاڭا مەسود ئىمىش.
خاتۇن ئالماق، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىستىمەك،
پادىشاھتىن ئىستىئانەت تىلىمەك،
ئاي ئىككىسى ھەم مۇبارەكتۇر ساڭا،
تەگرىدىن مەئىيىن ئىنايەتتۇر ساڭا.
گەر قىلۇر بولساڭ ھەر ئىشنى ئىختىيار،
قىلغىل ئەنى ساڭا بولدى بەختىيار.
ئاينىڭ ئۈچى بەغايەت نەھىستۇر،
كىم قۇبۇل ئەتمەس بىلىڭ بەر ئەكسىدۇر.
ئادەم، ھاۋا بېھىشتىن چىقتىلەر،
نەچچە يىللار زار بولۇپ قان يۇتتىلار.
ئىپتىدا قىلىڭ ھەر ئىشنى يا قىلتىڭ سەپەر،
نەھىس ئىرۇر قىلساڭ كۆرەرسەن كۆپ زەرەر.
ئاينىڭ تۆرتى بەغايەت خوپ ئىمىش،
نەچچە ئىشتۇر قىلماقى مەرغۇپ ئىمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئول كۆنى توغدى ئاندىن ئەي ۋەھىد،
ھابىل ئادەم ئوغلىدۇر بولدى شەھىد.
يا ئىمارەت، يا زىرائەت، يا شىكار،
يا ئالۇرسەن چاھارپايى نامدار.
لېكىن قىلماغىل سەپەر ئەي زاھىرۇ،
چۇشمەسۇن جانىڭغا، مالىڭغا ئەلۇ.
بولسا پەرزەندىڭ مۇبارەك رويىدۇر،
ھەم پەرازى روزى نىكۇ خۇيىدۇر.
نەھىس بىلگىل ئاينىڭ بىشىنى سەن،
قىلماغىل بۇ كۇندە ھىچ بىر ئىشنى سەن.
قىلما ئول كۇنى ھىچ ئىشنى ئىختىيار،
كىم قىلۇر، بولغاي بۇ ئىشدىن خارۇ-زار.
چۇنكى ئول كۇنى تۇغدى ھاۋا قابىلى،
ھابىلىنىڭ ئول ئىرۇر بىشەك قاتىلى.
ئول كۇنى قىلسا توغرا كېلىدۇللۇد ھەر ۋەلىد،
ئۆمرى ئۇزۇن روز سەئىددۇر بىئەدەد.
ئالتىنسى ھەر ئاينىڭ شايەستەدۇر،
مىھنەت ئىشىكى يۇزىگە دابىستەدۇر.
ھەر كىشى قىلسا سەپەر تاپقاي مۇراد،
بەخت ئىشىكى يۇزىگە بولغاي كۇشاد.
بولسا پەرزەند بولغاي ئول ئەھىل پەھىم،
كۆرمىگەي ئۆمرىدە ھىچ رەنج ئەلەم.
يەتتەسىن سەئىد ئەيتىلا ھەر ئايدا ،
كىم قىلۇر ھەر ئىشنى تاپار كۆپ پايدا.
ئىختىيار ئەتسەڭ ھەر ئىش قىلساڭ بولۇر،
خۇشخۇرام ئۆمۇر ئۆتكۇزسەڭ بولۇر.
بولسا پەرزەنتكى ھەم ئەختەر ئول،
خىۋاھ ئوغۇل، خىۋاھ بولسۇن دۇختەر ئول.
سەككىزى ئاينىڭ مۇبارەكتۇر ئەجەپ،
ھاجەتىڭ بولسا كىشىدىن قىل تەلەپ.
ھەرنە ئىشۇ قىلماقىغا رۇخسەتتۇر ساڭا،

قىلغان ئىشىڭدىن پەراغەتتۇر ساڭا.
لېكىن قىلماغىل سەپەر ئەي نۇر ئەمىن،
ھەر كىشىگە بەرمەگىل بىھۇدە دىن.
بولسا ھەر پەرزەنت ھەق ئەمرى بىلەن،
ئەڭا بەرگەندۇر رىزىقنى ئۆمرى بىلەن.
توققۇزى ئاينىڭ ئەگەر قىلساڭ سۇئال،
قىلساڭ ئەيرۇر سەئىد ھەر ئىش نىكامال.
يا زىرائەت يا بىنايى كارىدۇر،
يا كۆڭۈلدە خاتۇن ئالماق باردۇر.
نىيىتىڭ بولسا سەپەر بارساڭ بولۇر،
ئىختىيار ئەتسەڭ ھەر ئىش قىلساڭ بولۇر.
ئۇن ئەردى ئايدىن خالايىق بىلدىلار،
نوھ پەيغەمبەر جاھانغا كەلدىلار.
ئالماق ۋە ساتماق ياراشۇر ھەم سەپەر،
پادىشاھ ئالدىغا بارماققا ھەزەر.
كىم ئىمارەت- قەسىر ئېتەر يا كەشتىكار،
سەئىد ئىرۇر ھەر ئىشنى قىلساڭ ئىختىيار.
ئاينىڭ ئۇن بىرىدە ئىشت نەبى،
كەلدى ئادەم سەلبىدىن بولدى سەبى.
ئىپتىدايى كارى بولسۇن يا سەپەر،
سەئىد ئىرۇر ھەر ئىشقا بارساڭ كارگەر،
ئاينىڭ ئۇن ئىككىسى بىسيار خوپ،
ھەرنە قىلساڭ بولغۇسى بىسيار خوپ،
بولماغىل دەئىۋايى ئىشىغا دەر ئەيان،
كىم بولۇر كۆرگەي ئۇل ئىشىدىن كۆپ زىيان.
ئاينىڭ ئۇن ئۈچىدىن قىلغىن ھەزەر،
قىلمىساڭ ئۇلكۇن ھەزەر كۆپتۇر خەتەر.
ئاينىڭ ئۇن تۆرتىنى بىلگىل سەئىد،
گەر سەپەر قىلساڭ بولۇر ئەي خوشخەۋەر.
قەرز بەرمەك، ئالماق ۋە بەيئۇ شەرا،
زەرئى قىلماق يا بىنا قىلماق سەرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاينىڭ ئون بەشىدىن ئەي نۇرى ئەمىن،
قىل ھەر ئىشنى بەرمەگىل ھېچ كىمگە دىن.
ئۇلكۈنى گەر بولسا پەرزەنتىڭ سىنىڭ،
كۆزىگە نوقسان يېتەر بىر كۈن ئانىڭ.
ئاينىڭ ئون ئالتىسى ھەم نەھىس ئۆتەر،
جايىل ئەيدۇر كىشكىم بىھىس ئىتەر.
قىلسا بولماستۇر ھەر ئىشنى ئىختىيار،
كىم قىلۇر كۆرگەي زەرەر ئەي نامدار.
ئاينىڭ ئون يەتتىسى ھەم خوپ ئىرۇر،
نۇسخەلەردا ئۇشبۇ سۆز مەكتۇپ ئىرۇر.
بەرمەگىل لېكىن كىشىگە بىر دەرەم،
ئاندىن ئالۇردا كۇرارسەن كۆپ نەدەم.
ئاينىڭ ئون سەككىزى قىلساڭ سوئال،
سەئىد ئىرۇر ئۇل كۈن ئىشىت ئەي نىكامال.
ھەرنە ئىش قىلسا بولۇر خوپ لېكىن،
بەرسە بولۇر بىر-بىرىگە ئۇل كۈندىن.
ئاينىڭ ئون توققۇزىدىن ئال خەبەر،
سەئىد ئىرۇر ئاندىن ئىشتىكىل ئەي پەسەر.
ئۇل كۈنى تۇغدى ئانادىن ئەي كەرام،
ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام.
قىلسا بولۇر ھەرنە ئىش بولسا ئەگەر،
خۋاھ زىرائەت خۋاھ ئىمارەت خۋاھ سەپەر.
ئاينىڭ يىگىرمەسىن بىلگىل يېقىن،
ئوتەدۇر ھالى بۇ كۈننىڭ ئەيتايىن.
ھېچكىمگە بەرمەگىل قەرز ئەي پەسەر،
قەرزى مەقرازى مۇھەببەتتۇر ئەگەر.
ئايدىن يىگىرمە بىر بولسا ئەگەر،
نەھىس ئىرۇر ئۇل كۈن ساڭا بەردىم خەبەر.
ئايدىن بولسا يىگىرمە ئىككى روز،
سەئىد ئىرۇر ئۇلكۈن ئىشتىكىل ئۇشبۇ سۆز.
بولسا ھەر ئاينىڭ يىگىرمە ئۇچىنچى كۈنى،

بىل مۇبارەكتۇر كۈنۈ ھەم تۈنى.
تۇغدى ئول كۈنى ئانادىن ئەي كەرام،
ھەزرەت يۈسۈپ سىدىق ئەلەيھىسسالام.
ئاينىڭ بولسا يىگىرمە تۆت كۈنى،
نەھىس ئېرۇر نەھىس بەغايەتدۇر زەبۇن.
ئول كۈنى تۇغدى ئانادىن ئەي ئەمىن،
شەمەن بەد بەخىت فىرئەۋن لەئىن.
ئاينىڭ بولسا يىگىرمە بەش كۈنى،
قىلما ھىچ ئىش نەھىسدۇر ئاڭلا مۇنى.
ئايدىن بولسا يىگىرمە ئالتە روز،
ئاقىل ئەرسەڭ تۇت قۇلاغىڭغا بۇ سۆز.
ھەرنە ئىش قىلساڭ مۇبارەك خەيىردۇر،
يا زىرائەت يا سەپەر يا غەيرىدۇر.
لىك خاتۇنغا ئاراده قىلما غىل،
ئۆزنى سەن ئاتدىن پىيادە قىلماغىل.
ئولكۈنى ھەركىمگە ئىللەت بەرسە زور،
ھالىنى سالغىل خۇداغا ئول بىلۇر.
بولسا گەر پەرزەند ئۇمرىدۇر ئۇزاق،
ئۆزى خوش ئۆتكەي ئانىڭ باشىدىن ئاياق.
بىل يىگىرمە يەتتە كۈن ھەر ئايدا،
كىم سەپەر قىلسا كۆرەر كۆپ پايدا.
ھەرنە ئىش قىلسا مۇبارەكتۇر ئىشى،
نە قىلۇر بولساڭ قىل ئولكۈن ئەي كىشى.
بىل يىگىرمە سەككىز ھەر ئايدىن ئۆتەر،
گەر سەپەر قىلساڭ نە خەۋپ نە خەتەر.
ئانادىن تۇغدى ئۇ شول كۈن ئەي كەرام،
ھەزرىتى يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام.
ئاينىڭ بولسا يىگىرمە توققۇزى،
ھەم مۇبارەكتۇر تۈن ۋە كۈن ئەي قۇزى.
ئاينىڭ ئوتتۇزىدىن ئالغىل خەبەر،
بۇ ئەجەپ كۈندۇر مۇبارەك ئەي پەسەر.

www.uyghurkitap.com

ئاقىل ئەرسەڭ ئۇشبۇ سۆزگە قىل ئەمەل،
بىئەمەللەر ئىشىغا بولغاي خەلەل.
ئاينىڭ سەئىد ئىلە نەھسلەرىن،
قىلدى راۋى ھوكۇمائى سالىھىن.
ھەزرىتى جەئپىرى سادىق ئىمام،
نەقىل ئەيلەپ ئۇشبۇ نەزم بولدى تەمام.

ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئانداغ ئەيتىپتۇركى، ھەر يىلدا ئون ئىككى كۈن نەھس ئەكبەردۇر. بۇ كۈنلەردىن كۆپ ئېھتىيات قىلغايلەر. ئەگەر، بۇ نەھس كۈنلەردە پەرزەند ۋۇجۇدىغا كەلسە، ھەرگىز كامالىغا يەتمىگەي. ئەگەر، بۇ كۈنلەردە ئاغرىسا سەھەت تاپمىغاي. ئەگەر، بىر كىشى بىر ئىشقا قەدەم قويسا، ئۇل ئىشى تامامىغا يەتمىگەي. ئەگەر دەرەخ تىكسە، كۆچۈرسە قۇرۇپ قالغاي. ئەگەر دۇشمەن بىرلە روبىرو كەلسە ياكى جەڭ قىلسا ھالاكەتكە يەتكەي. بۇ كۈندىن كۆپ ھەزەر قىلماق كېرەك.

مۇھەررەم ئاينىڭ تۆتى، ئون بىرى نەھسدۇر. سەپەر ئاينىڭ ئۈچى، يىگىرمىسى نەھسدۇر. رەبىيەل ئەۋۋەل ئاينىڭ سەككىزى نەھسدۇر. رەبىيەل ئاخىر ئاينىڭ بىرى، ئون بىرى نەھسدۇر.جامادىيەل ئەۋۋەل ئاينىڭ ئونى، ئون توققۇزى نەھسدۇر.جامادىيەل ئاخىر ئاينىڭ ئىككىسى، تۆتى نەھسدۇر. ماھى رەجەپنىڭ ئون بىرى، ئون ئۈچى نەھسدۇر. شەئبان ئاينىڭ تۆتى، ئالتىسى نەھسدۇر. رامىزان ئاينىڭ ئۈچى، سەككىزى نەھسدۇر. ماھى شەۋۋالنىڭ ئالتىسى، يىگىرمە سەككىزى نەھسدۇر. ماھى زۇلقەئىدىنىڭ ئىككىسى، ئۈچى نەھسدۇر. ماھى زۇلھەججىنىڭ ئالتىسى، سەككىزى نەھسدۇر.

ھەر يىلدا ئون ئىككى كۈن نەھس ئەزىمدۇر. بۇ كۈنلەردىن كۆپ ھەزەر قىلماق كېرەك. سەدىقە بېرىپ، ھېچ ئىشنى ئېپتىدا قىلغۇلۇق ئەمەس. ئۇل كۈنلەر: مۇھەررەم ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى، سەپەر ئاينىڭ ئونى، رەبىيەل ئەۋۋەل ئاينىڭ تۆتى، رەبىيەل ئاخىرنىڭ سەككىزى، جامادىيەل ئەۋۋەل ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى، جامادىيەل ئاخىرنىڭ يىگىرمە ئىككىسى، ماھى رەجەپنىڭ ئون ئۈچى، شەئبان ئاينىڭ ئون ئالتىسى، رامىزان ئاينىڭ ئون تۆتى، ماھى شەۋۋالنىڭ سەككىزى، ماھى زۇلقەئدەنىڭ يىگىرمە سەككىزى، ماھى زۇلھەججەنىڭ يىد-

گىرمىسى نەھىس ئەزىمدۇرلەر.

ھەر ئايدا نەھىس ئەسپەر يەتتە كۈن، بۇلاردىن ھەم كۆپ ھەزەر قىلماق كېرەك. ئول نەھىس كۈنلەر بۇ نەزم بىرلە مەئلۇم بولۇر:

ھەر ئايدا يەتتە كۈن نەھىسدۇر ئەيا مۆئمىن،
ھەزەر قىل ئوزنى بەلادىن قىلاي دىسەڭ ئەمىن.
ئۈچى بىرلە ئون ئۈچى، ئون ئالتە بىرلە بەشى،
يىگىرمە تۆتى، يىگرمە بىرى، يىگىرمە بەشى.

## سەككىزىنچى بابدا ھېساب ھەمەلنى (ئەبجەدنى) بايان قىلۇر

بۇنى بۇ تەرىقە بىرلە بىلمەك كېرەككىم، ئەلبەتتە بۇ ھەرىپلەرنى رەقەم قىلىپ پۈتكەي.

مەسىلەن : ئەلىف، بە، تە، سە، جىم، ھە، خە، دال، زال، رە، سىن، شىن، ئىتقى، ئىزغى، سۋات،زۋات، ئەيىن،غەيىن، فە، قاف، كاف، لام، مىم، نۇن، ۋو ، ھاۋ، لامئەلىف، ئەمزە، يا غىچە

ئەلىف-بىر، بە- ئىككى، جىم-ئۈچ، دال- تۆت، ھاۋ- بەش، ۋو- ئالتە، زە-يەتتە، ھە-سەككىز، ئىتقى-توققۇز، يا-ئون، كاف-يىگىرمە، لام-ئوتتۇز، مىم-قىرىق، نۇن- ئەللىك، سىن-ئاتمىش، ئەيىن-يەتمىش، فە - سەكسەن، سۋات- توقسان، قاف-بىر يۈز، رە- ئىككى يۈز، شىن-ئۈچ يۈز، تە- تۆت يۈز، سە- بەش يۈز، خە- ئالتە يۈز، زال- يەتتە يۈز، زۋات- سەككىز يۈز، ئىزغى- توققۇز يۈز، غەيىن-مىڭ ، لائ - ساقىت .

## توققۇزىنچى باپتا ھېساب ئەھجىزەدبۇدنى بايان قىلۇر.

بىلگىلكىم، بۇ ئىستىغراج ھەزرىتى ئەلى كەرەمۇللا ۋەجھۇدىندۇر. بۇ ئۈچ مۇقەددەمگە مەۋقۇفدۇر. مۇقەددىمە ئەۋۋەل ئولدۇركى، ھەرپ ئەھجىزەدبۇدنى ھىساب ھەمەل بىرلەن يەئنى ئەبجەد ھېسابى بىرلەن مۇلاھىزە قىلماق كېرەك. ئەبجەد بۇدۇر: ئەبجەد، ھۇۋۋەز، ھۇتتى ، كەلەمەن، سەئپەس، قىرشەت، سەخخەز، زەززەغدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى مۇقەددىمە ئولدۇركى، ھىجرەت رەسۇللادىن نەچچە كەچ-

www.uygurkitap.com

مىش بولسا، سەككىزدىن تەرھى قىلىپ تاشلاغىل. ئەگەر بىر قالسا ئەھجىزەدبۇد ھەرپىدىن ئەلىفنى ئالماق كېرەك. ئىككىسى قالسا، ھ نى ئالماق كېرەك. ئالاھىزەل قىياس، تاكى سەككىز قالسا ئاخىرقى دال(د)نى ئالماق كېرەك. مەسىلەن: ا، ھ، ج، ز، د، ب، و، د ـ ھەر ئەدەدكى ھاسىل بۇلادۇر. ئانى ساقلاماق كېرەك.

ئۈچىنچى مۇقەددىمە ئولكى، ھەرىپ زەبىھ ھاۋا بەد راج ـ بۇ ئون ئىككى ھەرىپدۇر. بۇ ئون ئىككى ھەرىپنى ئون ئىككى ئايغا بىرىپدۇرلەر. نىچۈككىم زە نى مۇھەررەمگە ، بە نى سەپەرگە، ھە نى رەببىيەل ئەۋۋەلگە، ھاۋ نى رەببىيەل ئاخىرگە، ۋو نى جامادىيەل ئەۋۋەلگە، ئەلىف نى جامادىيەل ئاخىرگە، بە نى رەجەپكە، دال نى شەئبانغا، ھاۋ نى رامىزانغا، رە نى شەۋالغا، ئەلىف نى زۇلقەددىگە، جىم نى زۇلھەججىگە بىرىپدۇرلار. ھەر ئاينىڭ ئەۋۋەلىنى بىلمەك لازىم بولسا، بۇ تەئيىن بولغان ھەرپىلەرنىڭ ئەدەدىنى ئالماق كېرەك. مەسىلەن: ز، ب، ھە، ھ، ۋو، ا، ب، ھ، ل، ھ، ج ــ بۇ ھەرپىلەرنىڭ ئەدەدى بىرلە ئەھجىزەدبۇد ھەرپىدىن ئالغان ئەدەتكە قوشۇپ جەمئى قىلماق كېرەك. سەككىزدىن تەرھى قىلماق لازىم. ئەگەر بىر قالسا ئاي بېشى شەنبە، ئىككى قالسا يەكشەنبىدۇر. ئەلىيۇل قىياس، تاكى يەتتە قالسا ئاي بېشى ئازنەدۇر. مىسال: بۇ نۇسقىنى پۈتكەندە تارىخقا بىر مىڭ بىر يۈز يەتتە ئىدى. مەجمۇئە ئەدەت تارىخنى سەككىزدىن تەرھى قىلدۇق، يەتتە قالدى. ئەھجىزەد ھەرپىدىن يەتتىنچى ھەرپ د (دال) نى ئالىپ ئالتە ھېساب قىلدۇق. زۇلقەئدەگە بەرگەن ھەرپىدىن ئەلىفنى ئالتىگە جەمئى قىلدۇق، يەنە يەتتە بولدى. بەشنى زىيادە قىلدۇق. ئۇ ئىككى بولدى. يەتتىدىن تەرىھ قىلدۇق، بەش قالدى. شەنبىدىن ئەغاز قىلدۇق، چاھارشەنبەدە تامام بولدى. بەس، مەلۇم بولدىكى، ئاي بېشى چاھارشەنبەدۇر دەپ بىلمەك كېرەك.

## ئونىنچى باپتا رەپتارى رەجالۇل غايىبنى بايان قىلۇر

بىلگىلكىم، ئەھلى مۇقەددىمىنلەر بۇ رەجالۇل غايىپتا ئەرۋاھى تەقەددىسلەرنى تەپتىش قىلىپدۇرلەر. ئەكسەر ئەھلى تەھقىقلەر ئەيتىپدۇرلەركى، بۇ رەجالۇل غايىپنى ئۈچ يۈز ئاتمىش تەن دەپتۇرلەر. مۇندا

ئىختىلاپ ۋاقىئە بولۇپتۇر. ئەمما بۇلارنى ئەھلى تەھقىقلەر ئېيتىپدۇر-
لەركى، بىئىختىلاپ ئۇلار بىر يۈز ئوتتۇز تەن دەپتۇرلەر. بۇلار جۇملە-
سىدىن توقسان تۇققۇز تەندۇرلەر. بۇلار ھەق سۇبھانە ۋە تەئەلانىڭ توق-
سان توققۇز ئىسمى مۇبارەك شەرىپلىرىنىڭ مەزھۇرىدۇرلەر. بۇلارنى
رەجالۇل ئەسمائى دەرلەر ۋە يىگىرمە سەككىز تەن ئۇلارنى رەجالۇل ھە-
رۇف دەرلەر ۋە يەنە ئىككى تەندۇركى، ئۇلارنى رەجەلۇل پەردىن دەرلەر.
ۋە يەنە بىرتەندۇركى، ئۇنى پەردۇلرەجال دەرلەر. قۇتبۇل ئەقتاپ ھەم
دەرلەر. بىلكىم، ھەر قايسى رەجالۇل غايىپنى ھەقتەئەلانىڭ بىر ئىسمى
شەرىپى تەربىيەت قىلۇر. بۇ تەربىيەتتىن ئۇلار تەرەققى قىلۇرلەر ۋە
مەرتىبىگە يىتەرلەر ۋە تامامى ئالەمگە ۋە ئەھلى ئالەمگە پەيزى يەتكۈ-
زۇرلەر. تابىھەدىكى ئۇلار مەغرىبتە بولسىلەر، كىمەرسە مەشرىقتە بول-
سالەر، ئۇلاردىن مەدەت ـ ھىممەت تىلىسە، ئول كىمەرسەگە مەدەت
يەتكۇزەرلەر.

چەراكى، ھەق تەئەلا بۇ ئالەمنى ئۇلارنىڭ تەسەررۇپىدا قىلمىشدۇر.
ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئەلا ھىكمەت كامىلەسى بىرلە ئالەمنى قۇد-
بۇل ئەقتابنىڭ تەھتى تەسەررۇپىدا ياراتمىشدۇر. بۇ رەجالۇل غايىپنى
قۇدبۇل ئەختابنىڭ خىزمەتلىرىگە مۇسەخخەر قىلمىشدۇر. ئەھلى تەئ-
قىقلەر ئۇلارنى ھەر كۇنى بىر بۇرۇجدا تاپىپدۇرلەر ۋە ئۇلار ھەر كۇنى
بىر بۇرۇجتا قۇنارلار. كۇندە ناماز بامداتنىڭ سۇننىتىنى قونغان بىر
بۇرۇجتا ئۇتەپ، پەرىزىنى ھەزرەتى كەھبەتۇللاغا بېرىپ قۇدبۇل ئەختاپ-
قا ئىختىدا قىلۇرلەر. ئۇلارنىڭ رۇخسەتلىرى بىرلە ئالەمگە مۇتىفەررەق
بولدىلەر. ئەھلى ئالەمگە، ئۇلارنىڭ ھال ل ئەھۋاللىرىغا نەزەر قىلۇر-
لەر. بەئزىنى ئىززەت ۋە بەخت-دەۋلەتكە يەتكۇزۇرلەر ۋە بەئزىلەرنى
مەنسەپتىن چۈشۇرۇرلەر ۋە بەئزىنى تەختتىن تابۇتقا تارتار، بەس. ھەر
كىشىگە لازىمدۇركى، ھەر ئىشقا شۇرۇئ قىلۇر بولسىلەر ئۇلار قايسى
تەرەپتە بولسا، ئۇلار تەرەپكە نەچچەند قەدەم يەئنى ئون بىر قەدەم ياكى
يەتتە قەدەم بارىپ، ئۇلار سارى بېقىپ تۆھببەھە قىلىپ ئۇلاردىن مە-
دەد-ئىستىئانەت تىلەپ، ئاندىن كېيىن ئىشقا قەدەم قويسا، ئول ئىش
ئۆز مۇرادىچە بۇلۇر. ھەزرىتى مۇھىددىن ئەرەبىنىڭ رىۋايەتلىرىدە، ھەر
كۇنى ئارۇفلار ئۇلارنى بىر بۇرجدا تاپىدۇرلار .ھەر كىم ھەر ئىشقا قە-
دەم قويۇپ شۇرۇئ قىلۇر بولسا، ئۇلارنى ئىلاجى بولسا ئارقىغا ئېلىپ

شۇروئ قىلسا، ھەممە ئىشلىرى كامالىغا يېتەر. ئۇلارنى ئالدى تەرەپكە ئېلىپ ئىش قىلسا، ئىشلىرى كامالىغا يەتمەس دەيدۇرلەر. تەرىقە ئىستىمداد بۇدۇركى ، ناماز فەجىرىدىن كېيىن ۋە رەدئەۋرادىدىن يېنىپ، ئۈچ مەرتىبە دۇرۇد ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەپلىرىگە بېقىپ بۇ نەۋئى سالام قىلماق كېرەك: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يا رىجالۇلغايىب، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يا ئەرۋاھۇلمۇقەددەس ئەجىبۇنى ۋە ئەتيەئىسۇنى ئەئيەنەۋنى بەقۇۋۋەت ۋەئەرھەمۇنى ۋەھسەلا مىرارەكە ۋە مەقسودى ۋە قەۋمۇ ئەلا ھەۋلەھبەھۇ سەللەم كىم ئاللاتەئەلا فىددۇنيا ۋەلئاخىرەتى فى ئەمرىددىن ۋە مەددەت ئەلەيھى ۋە ئەنزەرۇنى بىنەزىرە يا رەقبا يا نەقبا يا نەجبا يا ئابدال يا ئۇتار يا قۇتبى يا غەۋسە يا غىياس ئەغىسۇنى ئەلەيكۇم ئەتىھەيىيەتۇ ۋەسسىلام بەھورمەتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسىلەۋاتى ۋەسسەلام ۋە سەللەللاھۇتەئەلا ئەلا خەيىر خەلەقە مۇھەممەد ۋە ئەلا ۋە ئەسھابە ئەھجىن بەرەھمەتىكە يا ئەررەمەررەھىمىن». ئەگەر كىشى ئۇلاردىن مەددەت ئىستىمداد تىلەردە بۇ دۇئانى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ يەتتە قەدەم بارىپ، ئۇلارغا بېقىپ سالام قىلىپ مەددەت ئىستىمداد تىلىمەك كېرەك،مۇرادىغا يېتەر.

ئەگەر كىمەرسە سەپەرگە چىقار بولسا ياكى بىر مۇھىم ئىشقا قەدەم قويارىدا، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئەۋۋەلقىگە ئەلەم نەشرەھنى يەتتە مەرتىبە،ئىككى رەكەتكە سۈرە قەدرىنى يەتتە مەرتىبە ئوقۇپ سالام بىرىپ، ئون قاتار ئىستىغپار ئوقۇپ، ئۈچ قاتار دۇرۇد ئوقۇپ بۇ تەرىقە مەزكۇر بىرلە ئۇلار تەرىپىگە يۈزلىنىپ سالام بىرىپ، ئۇلادىن مەدەد ئىستىئانەت تىلەپ، ئۇلارنى ئوڭ ۋە ياكى سول قول تەرەپكە ئېلىپ راۋان بولماق كېرەك.ھاجەتكە يۈز كەلتۈرۈر بولسا ئەلبەتتە ھاجەتلىرى راۋا، مۇشكۇللىرى ئاسان بولۇر.

ئاينىڭ يەتتىسى، ئون تۆتى، يىگىرمە ئىككىنسى، يىگىرمە توققۇزى مەشرىقدا بولۇر. ئاينىڭ بەشى، ئون ئۈچى، يىگىرمە بەشى مەشرىق-جەنۇب ئاراسىدا بولۇر.ئاينىڭ سەككىزى، ئون بىرى، ئون سەككىزى، يىگىرمە ئالتىسى جەنۇبدا بولۇر. ئاينىڭ بىرى، توققۇزى، ئون ئالتىسى، يىگىرمە تۆتى جەنۇب-مەغرىب ئاراسىدا بولۇر. ئاينىڭ تۆتى، ئون ئىككىسى، ئون توققۇزى، يىگىرمە يەتتىسى مەغرىبتە بولۇر.ئاينىڭ ئىككىسى، ئون يەتتىسى، يىگىرمىسى مەغرىب- شىمال ئاراسىدا بولۇر. ئاينىڭ

بەشى، يىگىرمە ئۈچى، ئوتتۇزى شىمالدا بولۇر. ئاينىڭ ئالتىسى، يىگىرمە بىرى، يىگىرمە سەككىزى شىمال- مەشرىق ئاراسىدا بولۇر.

## ئون بىرىنچى بابدا ستارە سەكرەنى بايان قىلۇر

ئەگەر كىمەرسە سەپەرگە چىقماقنى ئىختىيار قىلسا، بۇ ستارە سەكرە يۇلتۇزنى ئارقا تەرىپىگە ئېلىپ چىقماق كېرەك. ئەگەر بۇ ستارە سەكرە يۇلتۇزى ئالدى تەرەپتە بولسە، مەست تۇگىگە ئوخشاش ئاغىزىنى ئېچىپ تۇرار. ھەر نېمەرسە ئوتتۇر كىلىپ قالسا، ئاغزىغا ئېلىپ يۇقارقى كىشىلەرنى بالالارغا موپتىلا قىلۇر. مۇنىڭدىن كۆپ ئېھتىيات قىلىپ ھەزەر قىلماق كېرەك. بولمىسا، سەپەردىن سالامەت يانماس.دەئمۇايى خۇسۇمەت ۋە جەڭدە ھالاكەتكە يۇلۇقار.

ئەلبەتتە، ئەلبەتتە ئارقىغا ئېلىپ تۇرغاي .

بىلمەك كېرەككىم، بۇ ستارە سەكرە يۇلتۇزى ھەر ئايدا ئۈچ مەرتىۋە ئەتراپ ئالەمنى ۋە ئاسمان زىمىننى سەير قىلىپ يۇرەر. ستارە سەكرە يۇلتۇزنى ئوڭ ياكى سول تەرەپكە ئالسا زۇرۇرىيەت ئەباكى يوقتۇر ۋە لېكىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك. ئەجەم ھۆكۈمالىرى ئەيتىپدۇرلەركىم، بۇ ستارە سەكرە دېگەن يۇلدۇزلىرى ئانداغ نېمەرسەدۇرلەركىم، مەست تۇگىگە ئوخشاش ئاغزىنى ئېچىپ يۇرۇپ تامام ئالەمنى سەير قىلىپ خاراپ قىلۇر. بۇ-تەرۇز، زۇھەل، مىررىخ يۇلتۇزلىرى ئون كۈننىڭ ئىچىدە ھەممە پەلەكنى چۆرۈلۈپ تامام قىلۇر. ھەر ئايدا ئون كۈن بىر بۇرۇجتا تۇرار. ئاسمان ۋە زىمىننى باشلارىغا كەلتۈرەرلەر. ئۇلار بار تەرەپكە بارماق خوپ ئەمەس.

ئەگەر كىشى خۇاھلىسالاركىم، ھەر ئىش قىلاي دېسە، يۈزىنى ھەرگىز سەكرە يۇلتۇزى تەرەپكە قىلمىغاي. ستارە سەكرە يۇلتۇزىنى ئالدىغا ئېلىپ ئىش قىلسا، ھەممە ئىشلىرى تەباھ بولۇر. مۇجامىئەن ۋاقتىدا ھەم خوپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆپ ئېھتىيات قىلمىسا، پەرزەنت بولۇپ قالسا، پەرزەندتە كۆپ ئەيىب-ئىللەتلەر زاھىر بولغاي. مەسەلەن: ئىككى كۆزى نابىنا ۋە يا يەكچەشمە، ۋە يا يەكدەست ۋە يا گىلەڭ ۋە يا تاز يا گاس ياكى زالىم، جاللاد، بەدروي، بەدئەئرازى، بەدقىلىق بولۇر. ئادەمىزادغا كېرەككى، مۇنداق ئەھۋالدىن كۆپ ئېھتىيات قىلماق

لازىمدۇر. ئول سىتارە سەكىرە يۇلتۇزلار تۆۋەندىكى دائىرەنىڭ ئىچىدە مەلۇم بولغۇسىدۇر:

سىتارە سەكىرە يۇلتۇزىنىڭ ئورنى

| شەرق تەرەپتە | شەرقىي جەنۇب تەرەپتە | جەنۇب تەرەپتە | غەربىي جەنۇب تەرەپتە | غەرب تەرەپتە | غەربىي شىمال تەرەپتە | شىمال تەرەپتە | شەرقىي شىمال تەرەپتە | يەردە | ئاسماندا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاينىڭ 1، 11، 21 ـ كۈنلىرى ، | ئاينىڭ 2، 12، 22 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 3، 13، 23 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 4، 14، 24 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 5، 15، 25 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 6، 16، 26 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 7، 17، 27 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 8، 18، 28 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 9، 19، 29 ـ كۈنلىرى | ئاينىڭ 10، 20، 30 ـ كۈنلىرى |

رەجالۇلغايىپنىڭ ئورنى

| شەرق تەرەپ | شەرقىي جەنۇب تەرەپ | جەنۇب تەرەپ | غەربىي جەنۇب تەرەپ | غەرب تەرەپ | غەربىي شىمال تەرەپ | شىمال تەرەپ | شەرقىي شىمال تەرەپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاينىڭ 7، 14، 22 ـ كۈنى | ئاينىڭ 18، 26، 8، 11 ـ كۈنى | ئاينىڭ 1، 9، 16، 24 ـ كۈنى | ئاينىڭ 2، 10، 17، 27 ـ كۈنى | ئاينىڭ 5، 13، 25 ـ كۈنى | ئاينىڭ 4، 12، 19، 27 ـ كۈنى | ئاينىڭ 3، 15، 23، 30 ـ كۈنى | ئاينىڭ 6، 21، 28 ـ كۈنى |

## ئون ئىككىنچى بابدا ئىنتىقلات قەمەرنى بايان قىلۇر

نەزم:

ئانچە ئەزماھ ئەن مىساھىب شەد
فەنج دىگەر فىراي بەر سەرى ئان .
ھەس زەھىر جەمئىكى ئاپتاپ دەرشەت ،
يەكۈن ئەغاز پەنجە پەنجە بىران.
ھەركۇچا نىتھاي شۇۋەر ئەدرەش،
ماھ ئانچە بۇۋەد يىقىن مەيدان .
لا ۋەلا لالا ۋە لالا شەش راست،
لىل گۈت گۈت لىل شەھۋەر سەبلە ئەست .

ھەمەل ئوتتۇز بىر، سەۋر ئوتتۇز بىر، جەۋزا ئوتتۇز بىر (ئون ئالتىسىدە ھۇكەر توغار)، سەراتان ئوتتۇز بىر (يىگىرمە تۆتىدە تەرازۇ توغار)، ئەسەد ئوتتۇز بىر، سۇنبۇلە ئوتتۇز بىر (ئون يەتتىسىدە قۇرغۇيەك توغار ـ ئوتەر).

**نەزم :**

سۇنبۇلە شەد ۋەقىت سەھەر شەب نەمەك ،
ھەپتە دىھەم سەت يەكۇم قۇرغۇيەك .

مىزان ئۇتتۇز ، ئەقرەب ئۇتتۇز ، دەلۋە ئۇتتۇز، قەۋس يىگىرمە توققۇز، جەددە يىگىرمە توققۇز، ھۇت ئۇتتۇز (ئون يەتتىنسىدە ئەييام ئەجۇزە كىرەر.) قۇۋۇلەھۇ تەئالا سەبۇئە لەيالىن ۋە سەمانىن ئەييامىن. ھۆكۇما ۋە ئەھلى نۇجۇم ۋە ئۇلىمائى جەئىپەر ئانداغ ئەيتىپتۇرلاركىم، بىر يىلنى تۆت پەسىل قىلىپ ، ھەر پەسىلنى ئۇچ ئايدىن جۇدا قىلىپ-دۇرلار. چۇنانچە جەددىدىن باشلاپ تاكى سەراتانغىچە كۇندۇزنىڭ سائەت-لىرى زىيادە بولۇپ (ئۇزۇراپ )، كىچەنىڭ سائەتلىرى قىسقارىپ بارۇر. يەنە سەراتاندىن باشلاپ تا جەددەغىچە كىچەنىڭ سائەتلىرى زىيادە بو-لۇپ، كۇندۇزنىڭ سائەتلىرى قىسقارىپ بارۇر.

بۇندىن ئۆزگە ۋاقىئەلەرنى ئەھلى دانىشلار ۋە تەبىئى سالىملار ئى-دىراك پەھىم قىلۇرلار.

**نەزم :**

ئەندەر سەرتان يەك قەدەم نەم بۇۋەد خەلىل،
يەك-يەك بەغىز ئوردو دو دەرسە دىگەر.
دەر جەددىدە نەم قەدەم بار يەك ئەكىس،
دان قەد ھەمە ھەپت بۇداي سەر سەرۋەر.

## ئون ئۇچىنچى بابدا ئادەملەرنىڭ سەپەر قىلماقىنى بايان قىلۇر

بىلگىلكىم، ئادەملەرگە كېرەككىم، سەئىد ۋە نەھىس يەنى ياخشى يامان ۋاقىتنى، كۇن، ھەپتە، ئاينى خوپ مۇلاھىزە قىلىپ سەپەرگە چىقماق كېرەك. شەنبە كۇنى نامازدىگەر ۋاقتىدا مەغرىب تەرەپكە بارماق كېرەك. يەكشەنبە كۇنى چۇش ۋاقتىدا مەشرىق تەرەپكە سەپەر قىلماق كېرەك. دۇشەنبە شام ۋاقتىدا مەغرىب تەرەپكە سەپەر قىلماق كېرەك. سەيشەنبە كۇنى پېشىن ۋاقتىدا شىمال تەرەپكە سەپەر قىل-ماق كېرەك. چاھارشەنبە كۇنى ناماز بامدات ۋاقتىدا شىمال تەرەپكە سەپەر قىلماق كېرەك. پەيشەنبە كۇنى سۇبھى ۋاقتىدا رەكەن تەرەپكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

سەپەر قىلماق كېرەك. ئازنە كۈنى چاشت ۋاقتىدا مەشرىق تەرەپكە سەپەر قىلماق كېرەك.

**نەزم:**

بار مەشرىق سارىغا دۈشەنبە،
يەنە شەنبىگە ئەيلەدىم تەنبىھە.
روز يەكشەنبە بىرلە ئازنە،
بارما مەغرىبكە- كەلتۈرۈر گىنە.
يەنە سەيشەنبە، چاھارشەنبە دۇرۇر،
ئول جەنۇبقا بارمىغان خوبتۇر.
پەيشەنبە ھەم بۇ تەرەپ بارما،
مەنپەئەت يوقتۇر بىھۇدە ھارما.
روز سەيشەنبە چاھارشەنبە بەدبال،
رەفتە زىنھار سەبۇي شىمال.

سەپەرگە چىقماقنىڭ ئەدەپلىرى بىسياردۇر. بىلگىلىكى ۋە ئاگاھ بولغىلكى، ھەزرىتى رۇسۇل كەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەـ پەرگە چىقارغا ئىختىيار قىلسالەر، سەئىد ۋە نەھسىنى، ياخشى يامان كۈننى، سائەت ۋاقىتلارنى، ستارە سەكىرە ۋە رىجالۇل غايىپىنى كۆپ مۇلاھىزە قىلىپ، بۇلاردىن كۆپ ئېھتىيات قىلىپ، پەيشەنبە ئەتارۇد سائىتىدە سەپەر قىلۇر ئەردى.

ئەمما، سەپەر قىلادۇرغان كىشى كۆپ ئېھتىيات قىلماق كېرەك. ھەر كىم سەپەر قىلادۇرغان ۋاقىتتا ئىككى رەكئەت ناماز سەپەر دەپ ئۆتىگەي. ئەۋەلقى رەكئەتكە بىر فاتىھە، يەتتە ئىننا ئەنزەلناھنى، ئىككىنچى رەكئەتكە بىر پاتىھە، ئىخلاسنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ سالام بەرـ گەندىن كېيىن بىر پاتىھە ئۈچ ئايەتەلكۇرسى، ئۈچ ئىخلاس، ئون بىر دۇرۇت، يەتتە ئىستىغفار ۋە يەنە يەتتە قاتار بۇ رۇبائىنى ئوقۇپ ئۆزىگە ۋە ئېتىگە دەمىدە قىلغاي. خۇدايىتەئەلا جەمئى ئاپەتلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ئول رۇبائىي بۇدۇر:

ئەنت- ئەنت مەۋلايى بەتتەر ،
سەرۋەچە فەرمايى بەسەپەر.
رەپتىنەت مۇبارەك باد،

بەسالامەت رويى بازارى.

دېگەي ۋە يەنە تۆت رەكئەت ناماز ئۆتىگەي. ھەر بىر رەكئەتىگە بىر قېتىم پاتىھەنى، ئون بەش قېتىم ئىخلاسنى ئوقۇغاي. سالامدىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇغاي:( دۇئا قىسقارتىلدى)

## ئون تۆتىنچى بابتا ئاي باشىنى بىلمەكنى بايان قىلۇر

بىلگىل كىم دائىرەئى ھەزرىتى شەيخ نەسىر تۇسى رەھمەتۇللا ئەلەيھى ئانداغ بايان قىلىپدۇركى ، ئەگەر كىشى ھەر ئاينىڭ قايسى كۇنى ئاي باشىدۇر بىلمەك بولسا ، تارىخ ھىجىرەتدىن مىكائىلنى تاشلاپ، قالغاننى سەككىزدىن تەرھى قىلماق كېرەك .

ھەر قايسى ئاينىڭ بىرىنچى ئۆيىگە باقماق كېرەك. ئەگەر بىر قالسا، قايسى ئايدا ھېساب قىلسا شول ئاينىڭ بىرىنچى ئۆيىگە باقماق كېرەك. قايسى كۇنى پۇتۇلگەن بولسا شول ئايدا ئاي باشى شول كۇندۇر. ئۆزگەلىرىنى مۇھىم شۇبۇ نەۋئى بىلە بىلمەك كېرەك. ئەگەر نۇمۇردىن ئىككى قالسا ئىككىنچى ئۆيىگە، ئۈچ قالسا ئۈچىنچى ئۆيىگە، تۆت قالسا تۆتىنچى ئۆيىگە، بەش قالسا بەشىنچى ئۆيىگە، ئالتە قالسا ئالتىنچى ئۆيىگە، يەتتە قالسا يەتتىنچى ئۆيىگە ئەلاھەزەل ئەل قىياس باقماق كېرەك. شول ئۆيدە قايسى كۇنى پۇتۇلگەن بولسا شول ئاينىڭ بېشى شول كۇن ئىرۇر.

## ئون بەشىنچى بابتا كۇن تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر

بىلگىلكىم، شەنبە كۇنى كۇن تۇتۇلسا، ئەمەلدارلارنىڭ ئىشى ياخشى بولۇر. بىر ئۇلۇغ بەگكە سۇلتان قەھىر قىلغاي.

يەكشەنبە كۇنى كۇن تۇتۇلسا، خەلققە ئاپەت يېتەر، ئاغرىق تولا بولغاي.

ئەگەر دۇشەنبە كۇنى كۇن تۇتۇلسا، ئەمەلدارلار ۋە پۇخرالارغا ياخشى بولغاي.

ئەگەر سەيشەنبە كۇنى كۇن تۇتۇلسا، خۇراسان مەملىكىتىدە توقۇنۇش ۋە قەھەتچىلىك بولغاي.

www.uygurkitap.com كىتاب نۇر بېكىتى

ئەگەر چاھارشەنبە كۈنى كۈن تۇتۇلسا، ئەمەلدارلارنىڭ كۈنى يامان بولغاي. خالايىقلار سۇدىغا مەشغۇل بولغاي.

ئەگەر پەيشەنبە كۈنى كۈن تۇتۇلسا، ئۇلۇغلارغا ۋە سۇلتانلارغا غەم يەتكەي ۋە ئالىملارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولغاي.

ئەگەر ئازنە كۈنى كۈن تۇتۇلسا، بىر ئەزىم خەتەر پەيدا قىلغاي ۋە ئۇششاق ئايالالارغا ئاپەت يەتكەي.

## ئون ئالتىنچى بابتا ئاي تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر

بىلگىلكىم، ئەگەر شەنبە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، ھىندىستان ۋىلايىتىدە تەڭلىك(بۇ يەردە ئېغىرچىلىق، قىيىنچىلىق مەنىسىدە كەلگەن) بولغاي. خۇراسان ۋىلايىتىدە خۇنرىزلىق بولغاي. سەپەر قىلسا، مىيانەدۇر.

ئەگەر يەكشەنبە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، بىر ئۇلۇغ پادىشاغا زاۋال بولغاي.

ئەگەر دۇشەنبە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، شىمالى قۇتۇپتا تەڭلىك بولغاي.

ئەگەر سەيشەنبە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، ئۇلۇغلارغا ۋە پۇخرالارغا تەڭلىك بولغاي.

ئەگەر چاھارشەنبە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالى تەڭلىك بولغاي. بىھۇدە سۆزلەر تولا بولغاي.

ئەگەر پەيشەنبە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، ئۇلۇغ بىر كىشىگە تەڭلىك بولۇر. بارچە رەئىيەتلەرنىڭ ھالى ياخشى بولۇر.

ئەگەر ئازنە كېچىسى ئاي تۇتۇلسا، خاتۇن-قىزلارغا تەڭلىك بولۇر، يالغان خەبەرلەر تولا بولغاي.

## ئون يەتتىنچى بابتا ئاپتاپ سائەتى تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر

بىلگىلكىم، ئەگەر ئاپتاپ بىر سائەت تۇتۇلسا، ياخشى- يامانلىقى بىر يىلدا مەلۇم بولۇر. ئەگەر ئاپتاپ يېرىم سائەت تۇتۇلسا، ئالتە يىلدا مەلۇم بولۇر. ئەگەر ئىككى سائەت ئاپتاپ تۇتۇلسا، ئىككى يىلغا دەلىل بولۇر. ئەلاھىزەل ئەلقىياس، بىر سائەت بىر يىلغا دەلىل قىلۇر. ئەگەر قانچە سائەت ئاپتاپ تۇتۇلسا، شۇنچە يىلدا مەلۇم بولۇر.

## ئون سەككىزىنچى بابتا ئاي سائەتنى تۇتۇلماقنى ئەيتۇر

بىلگىلكىم، ئەگەر ئاي بىر سائەت تۇتۇلسا، ياخشى- يامانى ئىككى يىلدا مەلۇم بولۇر، بۇ ھەم بىر سائەت ئىككى يىلغا دەلىلدۇر. بىلىش لازىمكى، نىمە ئۈچۈن ئاپتاپنىڭ تۇتۇلىشى بىلەن ئاينىڭ تۇتۇلۇش ۋاختى ئوخشاش بولسا، ئاپتاپنىڭ سائىتى يىلغا، ئاينىڭ سائىتى ئايغا دەلىل بولىشى، ئاپتاپ بولسا تۆرتىنچى پەلەكتىدۇر. ئاينىڭ مەقامى بىرىنچى پەلەكتەدۇر. يىراق بىلەن يىقىننىڭ پەرقى بار ھەم بۇ ئىككى نۇجۇمدا سەئىد، نەھىسنىڭ ئەسىرى زاھىردۇر. شۇنىڭ بىلەن پەرقى ئەئتىبار قىلىنۇر. يەنە لازىمكى، ھەر كىۋاكىبنىڭ كۈندىكى سائەت بىلەن سەئىد- نەھىسنىڭ ئالامىتى ئاياندۇرلار.

## ئون توققۇزىنچى بابتا ئاپتاپ تۇتۇلماقنى بايان قىلۇر

بىلگىلكىم، ئون ئىككى بۇرۇج ئون ئىككى ئايغا بىرىلگەندۇر. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| زۇھەل- ھەمەل- مۇھەررەم | مۇشتەرى- سەۋر- سەپەر |
| مىررىخ- جەۋزا- رەبىيەلئەۋۋەل | شەمىس- سەرتان- رەبىيەلئاخىر |
| زۆھرە- ئەسەد- جەمادىيەلئەۋۋەل | ئەتارۇد- سۇنبۇل- جەمادىيەلئاخىر |
| قەمەر- مىزان- رەجەپ | زۇھەل- ئەقرەب- شەئبان |
| مۇشتەرى- قەۋس- رامىزان | مىررىخ- جەددى- شەۋۋال |
| شەمىس- دەلۋە- زۇلقەئىدە | زۆھرە- ھۇت- زۇلھەججە |

قاتارلىقلاردىن ئىبارەتدۇر.

بۇ ئون ئىككى ئاينى يەتتە كىۋاكىپقا بەرگەندۇر. يەئنى بىر- بىرىنى ئىنتىزار قىلغاندۇر. قاچانكىم ئاينىڭ بەشى، ھەپتىنىڭ بەشى، كۈننىڭ، ھەر روزىينىڭ ئەۋەلقى مىيانە- ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا نەھىس ۋاقىت بىرلان نەھىس بۇرۇج بىرلىشىپ ئۇچراشىپ قالغان مەزگىلدە ئاپتاپ، ئاي، ھەپتە، سائەتلەرنىڭ تۇتۇلماقى ئاشكارە زاھىر بولۇر. بۇنىڭ مىسالى، ھەممە ئىش ھەممە ۋاقىئەنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە يامان بولۇشىمۇ شۇنداق مۇناسىۋەت بىلەن مەۋجۇد بولمىشتۇر. پەھىم- پارا-

سەت بىلەن ئاپتاپ-ماھتاپ، كىۋاكىپ، بۇرۇج، سائەت، ئەيياملارنىڭ كىچە-كۈندۈز ۋاقتىلىرىنى مۇلاھىزە قىلسالار، ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولۇشىمىزغا ئاسانلىقدۇر.

## يىگىرمىنچى بابتا ئاي، ھەپتە سائەتى تۇتۇلماقنىڭ بايانى

بىلگىلكىم، ئاپتاپ- ماھتاپنىڭ تۇتۇلماقى دېگەن ئازغىنا بىر مەلۇماتتۇر. بۇ ئىككى ۋەجىھە بىرلە مەۋقۇبدۇر.
بىرى ئۇلدۇركى، نېچۇنكىم ئاپتاپ جاھاندا ئۆز رەۋشىنالىقىنى زاھىر قىلغاندا، ماھتاپ يەنە ئاي ۋە باشقا كىۋاكىپلارغا غالىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كۈن چىققاندا ئاينىڭ تاشى يەنى زىياسى غايىپ بولۇر. باشقا كىۋاكىپلارمۇ شۇنداق. كۈن ئولتۇرغاندا، ئاينىڭ زىياسى جاھانى يارۇتۇر. ھەر بىرىنىڭ سەيرە قىلىشى بىر-بىرىگە مۇخالىپەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاي، كۈننىڭ كۆيۈشى زاھىر بولۇر. مەسىلەن: زۇھەل، شەمس، ئەتارۇدلار نەھس تەرەپتىكى نۇجۇملاردۇر. بۇلار قاچانكىم ئون ئىككى بۇرۇجلارنىڭ نەھسلىرى بىرلان بىر بۇرۇج روبورو بولۇپ قالغان ھالىتىدە كۆيۈش، تۇتۇلۇش زاھىر بولغاي.

## يىگىرمە بىرىنچى بابدا يەر تەۋرىمەكنى بايان قىلۇر

ئەگەر شەنبە كېچىسى ۋە كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، بىر ئۇلۇغ سۇلتانغا زاۋال يەتتى بولغاي. ئالىملارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولغاي.
ئەگەر يەكشەنبە كېچىسى ۋە كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ئۇلۇغلارغا قايغۇلۇق چۈشكەي، بىر تەئزىيەت پەيدا بولغاي، مەزلۇملارنىڭ ئەھۋالى تەڭ بولغاي.
ئەگەر دۈشەنبە كېچە ياكى كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ھىندىستان ۋىلايىتىگە قايغۇ چۈشكەي.
ئەگەر سەيشەنبە كېچىسى ياكى كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، سىپاھلار ئەھۋالى تەڭ بولغاي ۋە ناھەق قان تۆكۈلگەي، خەلق غەمكىن بولغاي.
ئەگەر چاھارشەنبە كېچىسى ياكى كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، تۈركىستان ۋىلايىتىدە جەڭ ۋە پىتنەلەر ۋە خۇنرىزلىق بولغاي.

ئەگەر پەيشەنبە كېچىسى ياكى كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خالايىقنىڭ كۆڭلى پەراموش بولغاي. چىرىك تولا بولغاي.

ئەگەر ئازنە يەر تەۋرىسە، ھەممىگە خەۋپ يېتەر.

يەر تەۋرىگەندە ھەممە يەر ئوخشاش تەۋرىمەس. مەگەر ھادىسە يۈز بەرگەن، ۋاقىئە ئەزىم بولغان جايدا قاتتىق تەۋرىگەي. قالغان يەرگە ئانچە مەلۇم بولغۇدەك مىقدارى يەر تەۋرەر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇدۇركى، شول ۋاقىئە ئەزىمگە دۇچار بولغان مەملىكەت، شەھەر، ۋىلايەتلەردە ئېغىر فىسقى- فەساد، فىتنە- ئەنگىز بولغان ۋە يا يۇقىرا ئەھلىگە زو-لۇم-ىستەم كۆپ بولغاندىن ۋە ياكى دىنى ئىسلام شەرىئەتكە مۇخالىپەت كۆپ بولغان ۋە ياكى پادىشاھ، سۇلتان- ئەمىرلەرنىڭ بىئەدلىكلىرىدىن يەر تەبرىگەي. بۇنداق يەر تەبرەش ئاگاھ قىلىش، تەنبىھ بىرىشتىن ئى-شارەتتۇر. بۇ يەر تەۋرەش رەبىئى مىسكۇندا — يەئنى ئالەمنىڭ تۆت ئەتراپىدا ۋە تۆرت بۇرجىدا بەئزى جايدا بەئزى ۋاقىتلاردا ھەر يىلى ھەر پەسىلدە يۈز بىرىپ تۇرغاي ۋە بەئىزى خالايىقنىڭ غاپىللىقىدىن ۋە نا-شۈكۈرلىكىدىن ھەم يەر تەبرەش بولغاي. مەسىلەن: يەر يۇتۇپ كېتىش، قۇم توپان باسىپ كېتىش ياكى ئاپىتى ئوتقا مۇپتىلا بولۇش ۋە يا ۋابا تائۇن بىلەن ھالاك بولۇشقا ئوخشاش بالايى ئەزىملەر. ئىلاھا، بۇنداق بالا ۋە ئاپەتلەردىن ئۆز پاناھىڭدا ئاسىراغىل. يەنە بىر رىۋايەتدە يەرنى كۆتەرىپ تۇرغان ھۆكۈز يەرنى مۈڭگۈزى ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرغاي.بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزى ئۈستىگە يۆتكىگەن ۋاقتىدا يەر تەۋرەش بولغاي.بۇنداق ئەھۋالدا تەۋرىگەن يەر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئوخ-شاشلا تەۋرىگەي. باشقا جەھەتتىن تەۋرىگەن يەر شۇ ۋەتەننىڭ فىسقى-فەسادىدىن شۇنداغ بالالەر يۈز كەلتۈرگەيلەر-ئامىن.

## يىگىرمە ئىككىنچى بابدا چۈش كۆرمەك ۋە چۈش تەبىرىنى بايان قىلۇر

ئەگەر كىشى چۈشىدە كۈننى كۆرسە،بۇ پەيغەمبەرلەرنى كۆرۈشتىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە يۇلتۇزنى كۆرسە،بۇ مۇراد-مەقسىدى ھاسىل بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە پەيغەمبەرنى، پەرىشتىنى،ئاي-يۇلتۇز ۋە ئالىملارنى كۆرسە،ناماز ئوقۇماق،مۇناجات قىلماق، قۇرئان ئوقۇماق، تەفسىر ئىشتمەك، ئىلىم تەھسىل قىلماق كېرەك.

ئەگەر كىشى چۈشىدە ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپ كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ قولى ئۇزۇن، سۆزى ئۆتكۇر بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە لاچىن كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ ھۆرمىتىنىڭ يوقىرى بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە سېمىز ئۇي (كالا) كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ نېمىتى زىيادە بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە يولۋاس كۆرسە،بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ پادىشاھ، ئەمەلدارلاردىن ئىنئام كۆرۈدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى ئات مىنىپ چۈش كۆرسە،بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە تۆگە مىنىپ ياكى تۆگىنى قىچقىرتىپ چۈش كۆرسە، بۇ، مۇقەررەر ئەزرائىلدۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە بۆرە كۆرسە،بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ دوستىدىن دۈشمەنلىك كۆرۈدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە ئېيىق كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ جىن-شاياتۇنلارغا يولۇقىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە ئالتۇن تەخت كۆرسە، بۇ مۇراد-مەقسىتى ھاسىل بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە ئۆزىنى تەختتە كۆرسە، مۇلۇكدار بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە پادىشاھلارنى كۆرسە، بۇ مەنپەئەت كۆرۈدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب قۇلاق قىچقىرغاننىڭ بايانى

ئەگەر شەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، بىرەر خەۋەر ئاڭلايدۇ.
يەكشەنبە قۇلاق قىچقىرسا، پادىشاھ غالىب بولىدۇ.
دۈشەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، سەپەرگە چىقىدۇ.

سەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشىرسا، دەرھال پايدا كۆرىدۇ.
چارشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشىرسا، ياخشىلىق كۆرىدۇ.
پەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشىرسا، پادىشاھلاردىن ئىنئام ئالىدۇ.
جۈمە كۈنى قۇلاق قىچىشىرسا، ئۆيىگە مېھمان كېلىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب ئۆي كۆچمەكنىڭ بايانى

ئۆيدىن ئۆيگە كۆچەرگە يەكشەنبە،
ياخشى ئەرمەسكىم ئەيلەدىم تەنبە.
ئەي بۇرادەر ، بۇ كۈنى ئەيلە ھەزەر،
ۋەرنە مالىڭغا بولغۇسىدۇر زەرەر.
بەلكى دۈشەنبە كۆچەرنىڭ ئەھكامى،
كىم كۆچەر ئۆكسۈگەي ئانىڭ مالى.
سېھشەنبە ئېرۇر بەغايەت خوپ،
پادىشاھلاردىن كۆرۈر ئىنايەت كۆپ.
چەھارشەنبە كۆچسە مۇرادى ھاسىلدۇر،
كۆچكۈچىنىڭ غايىبى ھازىردۇر.
پەنجشەنبە كۆچەردىن ئەيلە ھەزەر،
ۋەرنە مالىڭ بولغۇسىدۇر خەتەر.
خوپ ئېمەسدۇر كۆچەرگە ئازىنە،
چۈنكى تۇغقان ئارا چۇشەر گىنە.
نەقىل شەنبە قەچان يامان ئولغاي،
مېھمان ئۆزرە ....مېھمان ئولغاي.

## يىگىرمە بەشىنچى باب ئىگىن كەسمەكنىڭ بايانى

كىشىكىم كەسسە ئىگىن روزە شەنبە،
بولۇر بىچارە ئۇپراغۇنچە تەندە.
ۋە گەر يەكشەنبىدە كەسسە بىناگاھ،
قالۇر غەمگە، ياراشماس، بولسۇن ئاگاھ.
كى دۈشەنبە مۇبارەك كەسسە ئىگىن،
كى خوشال بولغايسەن، بولماسسەن غەمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە گەر سەيشەنبە كەسسە نەۋ سەرۇپاي،
كى ئوغرى ئالغايۇ يا سۇغا ئاققاي.
ئەگەر چاھارشەنبە كەسسە خوپ بىسيار،
تەۋانگەر بولغايسەن يەئنى زەردار.
بولۇر ئالىم ئىگەن پەيشەنبە كەسسە،
بولۇر ئىلمى زىيادە، مۇنى بىلسە.
ئەگەر ئازنە كەسسە ئىگەن خوپ،
بولۇر ئۆمرى ئۇزۇن، دەۋلەتى كۆپ.

## يىگىرمە ئالتىنچى باپ ئىگىن كىيمەكنىڭ بايانى

كىيمە شەنبە يېڭى ئىگىن زىنھار،
كىيسەڭ ئەلبەتتە بولغايسەن بىمار.
كىيسە يەكشەنبە خوپدۇر يېڭى ئىگىن،
مۇنى بىلگىل پات ئۇپراغاي لېكىن.
جامە دۇشەنبە كىيگەن ئول بىباك،
ماتەم ئولغاي يەقاسىن ئەتكەي چاك.
كىمىكى سېھشەنبە جامە كىيەر،
بولسا گەر سۇ ئىچرە،ئوتقە كۆيەر.
چەھارشەنبە كىيەرغە راغىب بول،
ئىگىن ئۇستۇن ئىگىنگە تالىپ بول.
پەنجشەنبە كىيگىكى ديبا[①] دۇر،
پەرزەندىڭىزغە بۇ مىسلى زىيبادۇر.
جۇمئەدە سۇننەت ئولدى نەۋئى جامە،
...خاھى تەقيي[②]،خاھى ئىمامە.[③]

## يىگىرمە يەتتىنچى باب ئىگىن يۇيماقنىڭ بايانى

......يۇيسە ئازىنە كۈنى،
ياخشىلىق كۆرگەي تۇنۇ كۈنى.

① ديبا ـ كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇن
② تەقيي ـ تەقىيە، دوپپا،توماق
③ ئىمامە ـ سەللە

شەنبە ئىگىن يۇيماقنى خۇپ دېمە،
غەم بىرلە قايغۇنى بىھەد يېمە.
يۇما يەكشەنبە ئىگىندىن كىر،
ئەر-خاتۇن ئولغاي ئەجەپ دىلكىر.
يەنە دۇشەنبە ئىگىن يۇيماك زىنھار،
يۇيساڭ ئەلبەتتە بولغايسەن بىمار.
سېھشەنبە يۇيسا داۋا بولغاي،
بىسەبەب ھاجەتى رەۋا بولغاي.
چەھارشەنبە كۆنى ئىگىن يۇيدى،
ساتسا ئەلبەتتە كۆرەر سۇدى.
پەنجشەنبە ئىگىن يۇيماك زىنھار،
مالىڭىزغا بولۇر زىيان بىسيار.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب غۇسلى(يۇيۇنماق)نىڭ بايانى

...غۇسلى قىلسە روزى شەنبە،
بولۇر ئۆمرى ئۇزۇن جان، تەنبە.
ئەگەر يەكشەنبەدە غۇسل ئەتمە ناگاھ،
بولۇر رەنجى زىيادە، ئۆمرى كوتاھ.
دۇشەنبە غۇسلى قىل ئەي يار،زىنھار
بولۇر رىزقىڭغە رەۋان مال بىسيار.
سېھشەنبە سۇ قويمە تەنگە زىنھار،
ئەگەر غۇسل ئەيلەسەڭ بولغايسەن بىمار.
تەنىنى چاھارشەنبە كىم ئارىغلار،
بولۇر نېمەت تولا، كۆرگەي ئاسىغلار[1]
تەنىڭنى پەنجشەنبە يۇيما ئەي جان،
ۋەگەر نە مالىڭغە بولغۇسى نۇقسان.
تەنىڭنى روزى جۇمە ئەيلەسەڭ پاك،
يەنە جۇمەغىچە بولماسەن غەمناك.

[1] ئاسىغ- پايدا، مەنپەئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uighurkitap.com

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب چاچ چۈشۈرمەكنىڭ بايانى

كىمكى شەنبە چۈشۈرسە ساچىنى،
قوندى ئىززەت قولىغا لاچىنى.
كىشى ساچىن تۈشۈرسە يەكشەنبە،
سىنغۇسىدۇر ئاياغ ياكى جەينە.
دۈشەنبە تۈشۈرسە ساچىنى،
كىيدى باشىغە تەخت ـ تاجىنى.
سېھشەنبە تۈشۈرسە غەمگە قالۇر،
ئىزدىگەي، تاپماغاي ئاراجىنى.①
چەھارشەنبە تۈشۈرسە ساچىنى،
يېمىگەي دەرت ـ غۇسسە كاجىنى.
پەنجشەنبە ساچىڭنى ئالدۇرساڭ،
كۆرمەگەيسەن قارىنىڭ ئاچىنى.
روزى ئازنە تاپقايسەن بىشەك،
ئاخىرەت مۈلكىنىڭ خىراجىنى.

## ئوتتۇزىنچى باب تىرناق ئالماقنىڭ بايانى

ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرمان قىلىپ مۇنداق دىگەن: «شەنبە، يەكشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ھەرگىز تىرناق ئالماڭلار».

ئەگەر دۈشەنبە كۈنى تىرناق ئالسا، تەڭرىتەئالا ئۇ كىشىگە كاتىپلىقنى ئاتا قىلۇر.ئەگەر پەيشەنبە كۈنى تىرناق ئالسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب بەخت ـ تەلەي سائىتى بايانى

مۇشۇ بەخت ئۇستىدە تۇغۇلغان ئادەم ئىللىق چىراي ۋە ئۆتكۈر كۆزلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ نىشانىسى بېشىدا، قورسىقىدا ھەم ئۇچىسىدا

① ئاراج ـ ئىلاج

بولىدۇ.ئەمما، ئۇ ئادەمنىڭ تۈزى شورلۇق بولىدۇ.كىشىگە ياخشىلىق قىلسا، ئاقىۋەت ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرىدۇ. ئەمما،بىرەر يۇرتنىڭ چوڭى (باشقۇرغۇچىسى) بولىدۇ. مال-دۇنياسى كۆپ بولۇپ، دوستلىرى بىلەن بىللە خوشال-خورام يەپ ئىچىدۇ.خوتۇنىدىن بەختى ئېچىلىدۇ. ھەرگىز باشقىلارنىڭ مىننىتىنى كۆتۈرمەيدۇ. بىرەرسى بىلەن بىرلىشىپ بىرەر ئىش قىلسا (شېرىك ئىش قىلسا) نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئۇلۇغلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولسا بەك ياخشىدۇر.

تەلەيلىك ئادەمگە يىللاردىن چاشقان يىلى يارىشىدۇ. ئايلاردىن ئاشۇرا ئېيى، كۈنلەردىن سەيشەنبە كۈنى ياخشىدۇر.

مال-مۈلۈكتىن ئالتۇن-كۈمۈش، خىزمەتكارلاردىن ئەر كىشى بولسا ئىنتايىن ياخشى. ئەگەر ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئوت يۇلتۇزلۇق ياكى شامال يۇلتۇزلۇق خوتۇن ياراشقاي. يېڭى چىققان ئاينى كۆرسە خوتۇن-قىزلارنىڭ يۈزىگە قارىسا ياراشقاي.بۇ ئادەمگە نىسبەتەن، تىرىكچىلىك بۇرجى جەددى ئېيىغا توغرا كېلىدۇ.قاچانكى كۈن ھەمەل بۇرجىغە كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

مال-دۇنيا بۇرجى سۈر ئېيىدۇر. يېشى چوڭايغانسىرى ئۇ كىشىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولۇپ، مال-مۈلكى كۆپىيىدۇ.

ئاكا-ئۇكا بۇرجى ھەمەل ئېيى بولۇپ، قېرىنداشلىرىدىن ياخشىلىق كۆرىدۇ.

ئاتا-ئانا بۇرجى سەرتاندۇر.ئاتا-ئانىسىدىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

بالا-چاقىلىرىنىڭ بۇرجى ئەسەد ئېيى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بالىلىرى كۆپ بولىدۇ ۋە بالىلىرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ، بالىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

كېسەللىك بۇرجى سۇنبۇلەدۇر................①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتكېرىم ئىسمائىل

① قول يازمىدا كەمتۈك جايلار

[ئىلاۋە] تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان «خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق تۆت پارچە تەزكىرە 1908ـ يىلى يېزىلغان( شىنجاڭ ئۆلكە مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن مۇندەرىجە تۈزۈلۈپ ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەرنىڭ يېزىپ يوللىشى تەلەپ قىلىنغاندىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن) بولۇپ، بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە ئومۇمىي نامى «新疆乡村图志» (شىنجاڭ يېزا-قىشلاقلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى) دېگەن نام بىلەن، «جۇڭگو چېگرا رايونلار تارىخ-جۇغراپىيەسى تەتقىقات مەركىزى» تەرىپىدىن ماداجىن باش تۈزگۈچىلىكىدە تۈزۈلۈپ، گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا تەرىپىدىن 500 نۇسخا باستۇرۇلغان.

20ـ ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرىدا نەشر قىلىنغان بۇ تەزكىرە كىتاب 1884ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ۋە ئۆلكە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي مەزگىللەردىن تونجى بولۇپ بىر قەدەر ئېنىق ۋە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەزكىرە ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەردە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي، جەمئىيەتنى كۆزىتىش ۋە ماتېرىيال ئىگىلەشتىكى يۈزەكىلىكىنى قىلچە يوشۇرماي ئامالىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئېنىق ۋە ئاممىباب يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. بولۇپمۇ، بۇ تەزكىرىلەر مۇشۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنى يېزىشتا دەبدەبىلىك ئىبارىلەر، تېمىغا مۇناسىۋەتسىز قىستۇرمىلارنىڭ ھەددىدىن كۆپ يېزىلىشى تۈپەيلىدىن كېلەڭسىزلىك، ئېنىقسىزلىق ۋە قۇرۇلما چۇۋالچاقلىقى

قاتارلىق ئىللەتلەر سادىر بولۇۋاتقان يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تەز- كىرە يېزىقچىلىقىمىز ئۈچۈن ئۆرنەك بولالايدۇ.

مېغىز بىلەن شاكالنى ياخشى ئايرىيالايدىغان — بۇ تەزكىرىلەردىكى تارىخىي پاكىتلارنى مۇناسىۋەتلىك يازمىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بەھرى- لىنەلەيدىغان ئوقۇرمەنلەر، خۇددى بۇ تەزكىرىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرۇشنى نىيەت قىلىپ تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرغان ۋە مەلۇم ئەجىر سىڭدۈرگەن پېقىرگە ئوخشاشلا، ئەسلىي خەنزۇچە كىتابنى ساقلاپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن — مەتتۇرسۇن سىدىق، غالىب بارات ئەرك ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدۇ.

— تۈزگۈچىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىي ۋېيشىڭ

# خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى [1]

(بىرىنچى قىسىم)

## مۇندەرىجىسى


تارىخى
لەشكىرى ئىشلار خاتىرىسى
ئاھالىسى
ئۇرۇق-جەمەتلەر
كەسپىي ئىشلار
تاغلىرى
يوللىرى
سودا ئىشلىرى
يۇرت سوراش ئۇتۇقلىرى خاتىرىسى
كونا ئىشلار خاتىرىسى
نوپۇسى
دىنى
جۇغراپىيەسى
سۇلىرى
ماددىي مەھسۇلاتلىرى


خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ ئايماقدارىغا تەزكىرە يې-زىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئايماقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى كۆرسەتمىدىكى تۈرلەر بويىچە يېزىلىپ ئېھتىيات بىلەن تەھرىرلەپ چىقىلدى، ئاندىن (يۇقىرىنىڭ) تەكشۈرۈپ تەزكىرە تۈرىگە كىرگۈزۈشىگە تەۋەززۇ بىلەن يوللاندى. ئەمدى رەسمىي گەپكە ئۆتىمىز.

### تارىخى

مەزكۇر زېمىندا قايسى دەۋر، قايسى يىللاردا ئايماق تەسىس قىلىن-غانلىقى توغرىسىدا: تەكشۈرۈلۈشىچە، چيەنلۇڭ يىللىرىدا غەربىي يۇرت تىنچىتىلغاندىن بۇيان خوتەنگە بىر نەپەر خان ئامبىلى تەيىنلەنگەن، كې-يىن مۇسۇلمانلار كاتتىبېشىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى بىلەن يۇرت خاراب

① 1908-يىلى شىي ۋېيشىڭ تەرىپىدىن يېزىلىپ يوللانغان بۇ تەزكىرە 1910- يىلى يې-رۇڭدىن تەرىپىدىن تۈزىتىلىپ تەھرىرلەنگەن.

政绩录

兴利。兴利之举不一而足，前事无可详考，惟检查案档，约稽近治，卑前任潘升直牧震，于光绪二十六年，在和阗共开垦地四万五千二百九十六亩，均经升科册报有案，迄今民利赖之，称道勿衰，因节碌以示观感。去害无考。听讼无考。查卑州设治以来，历前各任所有去害听讼诸事宜，既无州志可考，又无碑史足录，无从汇编。

بولغان. گۇاڭشۈينىڭ دەس-
لەپكى يىللىرىدا ئالدىنقى
باش مۇپەتتىش ليۇجىنتاڭ
تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان
ۋە ئۆلكە تەسىس قىلىش
ئەھۋالىغا قاراپ ۋىلايەت،
ناھىيە تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش
توغرىسىدا خانغا مەكتۇپ يول-
لىغان. شۇنىڭ بىلەن خان
ئامبىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇ-
لۇپ، بىۋاستە قاراشلىق ئاي-
ماق تەسىس قىلىنىپ، ئاي-
ماقنى باشقۇرۇشقا بىر نەپەر
ئايماقدار قويۇلغان، بىۋاستە
قاراشلىق ئايماق تۈزۈمى شۇن-
دىن ئېتىبارەن باشلانغان.
بىۋاستە قاراشلىق ئاي-
ماق تەسىس قىلىنىشتىن
ئىلگىرى — ياۋ، شۇن قە-
بىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە شىيا،
شاڭ، جوۋ سۇلالىلىرى
زامانىدا قەيەرگە تەۋە ئى-
كەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە
يوق. ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق
دەۋرلىرىدە قايسى ئەلگە
قاراشلىق ئىكەنلىكى توغ-
رىسىدىمۇ خاتىرە يوق.
چىن، خەن دەۋرلىرىگە
كەلگەندە قانداق ۋىلايەت،
ناھىيەلەرگە ئايرىلغان ۋە
ئىسمى قانداق ئۆزگەرتىل-

www.uyghurkitap.com

گەنلىكىگە كەلسەك؛ تەكشۈرۈشىمىزچە، مەزكۇر زېمىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇن خانلىقى (于阗国) دەپ ئاتالغان. تاڭ تەزكىرىلىرىدە ئۇ-دۇن، گۇستانا (瞿萨旦那)، خۋامنا (涣那)، چۈدەن(屈丹)، خودەن (豁旦) دېگەنناملار بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ جايدا كۇنشا تۇتۇق مەھكىمىسى(昆沙都督府)تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر شەھەرنىڭ شەرقىدىن سەككىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بۈگۈنكى لوپ ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدىغان يۇرۇڭقاش كەنتى بار بولۇپ، خەن دەۋرىدە كېرىيە خانلىقى (押弥国) دەپ ئاتالغان (قەدىمكى كېرىيە خانلىقىنىڭ ئورنى ئەسلىدىمۇ ھازىرقى كېرىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ، يۇرۇڭقاشتا دېيىش خاتا ـــ ت) شەھەرنىڭ شىمالىدا قاراقاش دەرياسى بار بولۇپ، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە دالى دەرياسى (达利水) دېيىلگەن. قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا ناملاردىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. مەزكۇر ئايماق توغرىسىدا يازما مەنبەلەر كەمچىل، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولمىغاچقا، قوشۇپ ئىزاھات بېرىلدى.

مەزكۇر جايدا ئايماق تەسىس قىلىنىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئايماق نامىنىڭ قانداق ئاتىلىدىغانلىقىغا كەلسەك: تەكشۈرۈشىمىزچە، مەمۇرىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئايماقنىڭ نامىدا ئۆزگىرىش بولۇپ باقمىغان.

## يۇرت سوراش ئۇتۇقلىرى خاتىرىسى

پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇش توغرىسىدا: بۇنى بىرمۇ بىر مىسال بىلەن بايان قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. بۇرۇنقى ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلغىلى بولمىدى. پەقەت ئارخىپىنى كۆرۈپ، يېقىنقى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەھۋالىنى بىلگىلى بولدى. كەمىنە ۋەزىپە ئۆتەشتىن ئىلگىرىكى ئايماقدار پەن شىڭجىن گۇاڭشۇنىڭ 26-يىلى خوتەندە جەمئىي 45مىڭ 296 مو بوز يەر ئاچقۇزغان. بۇ بوز يەر ئېچىش خاتىرىسىدە ئەنگە ئېلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ خەلققە نەپ يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. بۇ ئىشنى كىشىلەر ھازىرمۇ ماختىشىدۇ. بوز يەر ئېچىش، تەمىناتنى تېجەپ قالغاچقا كىشىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرغان. زىياداشلارنى يوقاتقان

ئىشلار، ئەرز-داۋالارنى سورىغان ئىشلارنى ئالدىنقى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر تولۇق خاتىرە قالدۇرمىغاچقا، توپلاشقا ئامال بولمىدى.

## لەشكىري ئىشلار خاتىرىسى

تەكشۈرۈشىمىزچە، غەربىي يۇرت قەدىمدە زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى كۆپ بولغان جايلارنىڭ بىرى. ئۇزاق زامانلار ئۆتكەچكە، بۇ زېمىندا قايسى دەۋردە كىملەرنىڭ لەشكەر تۇرغۇزغانلىقىغا دائىر كىتاب ياكى خاتىرە قالمىغاچقا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولمىدى. پەقەت تۇڭجى يىللىرىدىلا توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھېبىبۇللا مۇپتى خوتەننى ئىشغال قىلىپ، شەھەرنى ئىگىلەپ، لەشكەر تۇرغۇزۇپ بەيئەت قىلغىلى ئۇنىمىغان. گۇاڭشۇنىڭ 3-يىلى ئالدىنقى سەپ باشبۇغى دۇڭ فۇشياڭ «دۇڭ» خېتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ كۆتۈرگەن ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى تازىلىغان. توپىلاڭچىلار كاتتىبېشى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن.

## كونا ئىشلار خاتىرىسى

كەسپىي ئىشلار: خاتىرىلەنمىگەن.

ئىلىم-بىلىم: خاتىرىلەنمىگەن.

تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇيغۇرلار ئىلى چيەنلۇڭ خان يىللىرىدا خانلىقىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئۆزگىچە، خۇي-مىجەزى ھەر كىمنىڭ ھەر خىل بولغاچقا ۋاپادار، دوستانە بولۇشنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىناق-ئىجىل ئۆتۈشنىڭ، مەسئۇلىيەتچان بولۇشنىڭ، كۆيۈنۈشنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. خاتىرىلىگۈدەك ئىش يوق. ئىلىم-بىلىمدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار-يوقلىقىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئاخۇننى چوڭ بىلىدۇ. ئاخۇنۇملار ئايەت ئوقۇش، ناماز ئوقۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ كۆڭلى تەلىماتىنىڭ مەقسىتىگە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ تارىخىدا مەشھۇر ئۆلىمالار، مەشھۇر ۋەزىر، تۆھپىكار ئەمەلدارلار، مەشھۇر سانغۇنلار، ۋاپادار ۋە دىيانەتلىك ئەمەلدارلار ۋە كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ئىشلار، ئەل-يۇرتقا پايدىلىق بولغان داڭلىق تۆرىلەر تاۋاپخانىسى، يۇرت دانىشمەنلىرى تاۋاپخانىسى، سادىق ۋە مەردلىك بىلەن قۇربان بولغانلار تاۋاپخانىسىمۇ يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

### ئاھالىسى

ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار تارىختىن بۇيان مۇشۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرىدۇر.

### نوپۇسى

مۇسۇلمانلار: ئەرلەر 69 مىڭ 693نەپەر، ئاياللار 67 مىڭ 298 نەپەر.
خەنزۇلار: ئەرلەر 812نەپەر، ئاياللار 38 نەپەر.

### ئۆرۈق-جەمەتلەر

تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇيغۇرلار ئىسمىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن، ھەممىسى دېگۈدەك تېرىقچىلىق قىلىدىكەن، ئۇلار ئۇششاق جەمەتلەر بولۇپ، ئېسىلزادە چوڭ جەمەتلەر يوق ئىكەن.

### دىنى

مۇسۇلمانلار: تەكشۈرۈشىمىزچە، يەرلىك خەلق پۈتۈنلەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ زېمىندا بۇنىڭدىن باشقا دىن كەڭ تارقالمىغان.
لاما سېرىق دىنى ۋە قىزىل دىندىكىلەر: يوق.
كاتولىك دىندىكىلەر: يوق.
ئەيسا (پەيغەمبەر)نىڭ دىندىكىلەر (خىرىستىيانلار): يوق.

### ئوقەتچىلىكى

ئىلىم ئەھلىلىرى: 30 نەپەردىن ئارتۇق. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇچە ئوقۇيدىغانلار شۆتاڭ (خەنزۇچە دەرس بېرىدىغان مەكتەپ ـ ت)دىكى بالىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قالغانلىرى دىنىدىن چەقىپ كېتىمىز دەپ ئوقۇمايدىكەن. مەزكۇر ئايماقتا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ بىلىم ئەھلىلىرىدىن 30 نەچچە كىشى بار.
دېھقان: 20 مىڭ 205 نەپەر.
ئىشچى: 9472 نەپەر.
سودىگەر1824 : نەپەر.

## جۇغراپىيەسى

**مەزكۇر ئايماقنىڭ ئورنى ئۆلكە مەركىزىنىڭ قايسى يۆنىلىشىدە ئىكەنلىكى توغ-رىسىدا:** تەكشۇرۇشىمىزچە، مەزكۇر ئايماق ئۆلكە مەركىزى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، قەشقەرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئۆلكە مەركىزى شەھىرىگە 4929 چاقىرىم، قەشقەرگە 1270 چاقىرىم كېلىدىكەن.

ئايماقنىڭ تۆت تەرىپى: شەرقىي لوپ ناھىيەسىگە، جەنۇبتا قاراڭغۇ تاغقا، غەربتە گۇما ناھىيەسىگە، شىمالدا ئاقسۇ يولىغا تۇتىشىدۇ.

ئايمىقىمىز بىر قانچە رايونغا بۆلۈنىدۇ. تەكشۈرۈشىمىزچە، جەمئىي 11 مىڭلىققا (明) غا بۆلۈنگەن بولۇپ: ئىلچى شەھىرى، توسالا، بورازان، سۇپار، بالىماس، قاياش، ماكۇيا، كۇيا، بۇقا، قاراساي، قاراڭغۇ تاغدىن ئىبارەت.

**قايسى رايوننىڭ شەھەرنىڭ قايسى يۆنىلىشىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا:** تەكشۈ-رۈشىمىزچە، ئىلچى شەھىرى مىڭلىقى شەھەرنىڭ شەرقىدىن بەش چا-قىرىم كېلىدىغان جايدا، توسالا مىڭلىقى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن بىر چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، بورازان مىڭلىقى شەھەرنىڭ غەربىدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، سۇپار مىڭلىقى شەھەرنىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، بالىماس مىڭلىقى شەھەرنىڭ غەربىي شىما-لىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، قاياش مىڭلىقى شەھەرنىڭ غەر-بىدىن 95 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، ماكۇيا مىڭلىقى شەھەرنىڭ غەر-بىي شىمالىدىن 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، كۇيا مىڭلىقى شەھەر-نىڭ غەربىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، بۇقا مىڭلىقى شەھەرنىڭ شىمالىدىن 115 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، قاراساي مىڭلىقى شەھەر-نىڭ غەربىي شىمالىدىن 140 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، قاراڭغۇ تاغ مىڭلىقى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن 225 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا.

**رايونلارنىڭ تۆت تەرەپ چېگراسى.** تەكشۇرۇشىمىزچە، ئىلچى شەھىرى شەرقتە يۇرۇڭقاش دەرياسى، جەنۇبتا توسالا، غەربتە توسالا، شىمالدا سۇپارغا تۇتىشىدۇ. توسالا شەرقتە ئىلچى شەھىرى، جەنۇبتا قاراڭغۇ تاغ، غەربتە بورازان، شىمالدا سۇپارغا تۇتىشىدۇ. بورازان شەرقتە تو-

سالىلا، جەنۇبتا قاراڭغۇ تاغ، غەربتە بالىماس، شىمالدا سۇپارغا تۇتىشىدۇ.
سۇپار شەرقتە توساللا، جەنۇبتا بورازان، غەربتە بالىماس، شىمالدىمۇ با-
لىماس يارغا تۇتىشىدۇ. بالىماس شەرقتە بۇقا، جەنۇبتا سۇپار، غەربتە قا-
ياش، شىمالدا قاياشقا تۇتىشىدۇ. قاياش شەرقتە بۇقا، جەنۇبتا ماكۇي،
غەربتە ماكۇي، شىمالدا قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. ماكۇي شەرقتە قاياش، جە-
نۇبتا كۇيا، غەربتە قاراساي، شىمالدا قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىدۇ. كۇيا
شەرقتە ماكۇي، جەنۇبتا بورازان، غەربتە قاراساي، شىمالدا قاراسايغا تۇ-
تىشىدۇ. قاراساي شەرقتە ماكۇيا، جەنۇبتا كۇيا، غەربتە گۇما ناھىيەسى،
شىمالدا قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. قاراڭغۇ تاغ شەرقتە توساللا، جەنۇبتا تى-
بەتكە، غەربتە مۇزتاغ، شىمالدا بورازانغا تۇتىشىدۇ.

شەھەر ئىچى ۋە رايون ئىچىدىكى قەدىمىي يادىكارلىق، بۇتخانا، خاتىرە راۋ-
قى، كۆۋرۈك، شەھەر-بازار، مەكتەپ. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئايماق شەھىرىدە
ۋېنۋۇمياۋ بۇتخانىسى، خۇاڭمياۋ بۇتخانىسى ، تەرەپ مۇئەككىلىرى
بۇتخانىسى ۋە بىر سەبىيلەر شۆتاڭى (كونىچە مەكتەپ) دىن باشقا مەش-
ھۇر قەدىمىي يادىكارلىقلار، خاتىرە راۋىقى، كۆۋرۈك، شەھەر-بازارلار
يوق ئىكەن.

## تاغلىرى

تەكشۈرۈشىمىزچە، ئايمىقىمىزنىڭ جەنۇبىدا قاراڭغۇ تاغ دېيىلىدى-
غان بىر تاغ بار بولۇپ شەھەرگە 580 چاقىرىم كېلىدىكەن. تاغلىرى
تىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، قار-مۇزلار قاپلاپ تۇرىدىكەن. ئادەملەر كەم-
دىن كەم بارىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە توغرىسىغا بولغان چاقىرىم سا-
نىنى قىياس قىلغىلى بولمايدىكەن. سىرتقا ئۆتكىلى بولىدىغان بىر
چىغىر يول بولسىمۇ، ئۇنى باشبۇغ دۇڭ فۇشياڭ ئۇزۇپ تاشلىغاچقا
يېقىندىن بۇيان ئادەم ماڭمىغان.

## دەريا-ئېقىنلىرى

تەكشۈرۈشىمىزچە، ئايمىقىمىزدا ئىككى دەريا بولۇپ، بىرى يۈرۈڭ-
قاش دەرياسى، شەھەرنىڭ شەرقىدىن سەككىز چاقىرىم كېلىدۇ. يەنە
بىرى قاراقاش دەرياسى، شەھەرنىڭ شىمالىدىن 70 چاقىرىم كېلىدۇ.
بۇ دەريالار ئوخشاشلا ئايمىقىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ تاغدىن باش-

لىنىدىكەن. ئۇنى قارلىق تاغ(مۇزتاغ) دەپمۇ ئاتايدىكەن، بۇ تاغ توغرى-سىغا بىر قانچە مىڭ چاقىرىمغىچە سوزۇلغان بولۇپ، قاراقاش دەرياسى قارلىق تاغنىڭ ئاستىدىكى ئېقىندىن باشلىنىدىكەن. ئايمىقىمىزدىكى پولۇ، پۇجىيا، قاۋۇيا، بۇدىيا، سۇمىيا، باغچى، ئۇزۇن ئارال، تۇزاقچى، ئاقساراي، تۇخۇلا كەنتلىرىدىن ئايلىنىپ ئايمىقىمىز بىلەن لوپ ناھە-يەسىنىڭ چېگراسىدىكى كۆيەكئېغىلدىن ئۆتۈپ، شايار ناھىيەسىدىن چىقىپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىكەن.

يۇرۇڭقاش دەرياسى قارلىق تاغدىن باشلىنىپ، كېرىيە چېگراسىدىن چىقىپ ئايمىقىمىزدىكى جامدا، قاتچى، يۇرۇڭقاش كەنتلىرىدىن ئۆتۈپ ئەگرى-بۈگرى ئېقىپ، كۆيەكئېغىلغا كەلگەندە قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىكەن. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە يازدا قار-مۇزلار ئېرىپ دەريا سۈيى ئۆرلىگەندە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن تولۇم، قېيىق بىلەن ئۆتۈشكە توغرى كېلىدىكەن. جايلاردىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەرگىمۇ دەريادىن سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىدىكەن. كۈز كېلىپ ھاۋا سوۋۇغاندا دەر-يادا سۇ قالمايدىكەن. تەكشۈرگەنلىرىمىز «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە مە-لۇماتلار» ۋە يېقىندا چىققان يەر خەرىتىسىدىكى بىلەن ئوخشاش چىقتى. ئايمىقىمىزدىن باشلانغان دەريالار باشقا يۇرتلارغا ئېقىپ بارىدىكەن.

## يوللىرى

تەكشۈرۈشىمىزچە، ئايمىقىمىزنىڭ شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربكە 70 چاقىرىم يۈرسە، زاۋا ئۆتەڭگە بارىدىكەن. بۇ جايدىن كەپ-تەر كۆلگە (قۇمات پاششايىم-ت) 30 چاقىرىم كېلىدۇ. گۇما ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. بۇ چوڭ يول ھېسابلىنىدۇ. شەرققە سەككىز كى-لومېتىر ماڭسا يۇرۇڭقاش دەرياسىغا بارىدۇ، بۇ جايدا لوپ ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ، بۇمۇ چوڭ يول. جەنۇبى قاراڭغۇ تاغقىچە بارىدۇ؛ يەنى «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»تا بېسىلغان چاقماقچۇشتى دېيىلىدىغان قارلىق تاغقا 580 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالىدا ئۇنسۇ نا-ھىيەسىنىڭ يېڭى قاراۋۇلخانىسىغىچە بارىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى 1775 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئادەم ماڭالمايدىغان چىغىر يول بولۇپ، باشقا يۇرتقا بېرىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ماددىي مەھسۇلاتلىرى

**ھايۋانات:** كالا، قوي، ئات، تۆگە، پىلە.

ھايۋاناتىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلىرى: قوي يۇڭى، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، يىپەك، تېرە ماللىرى، خوتەن شايى-ئەتلىسى، كىگىز، گىلەم.

**ئۆسۈملۈكلىرى:** بۇغداي، قوناق، شال، زىغىر، ئارپا، كېۋەز، ئۈجمە ۋە تۈرلۈك قوغۇن-تاۋۇز، دەل-دەرەخلەر.

ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار: پاختا رەخت، قوۋزاق قەغەز (خوتەن قەغىزى)، يىپ ئەديال.

**مىنېراللىرى:** قاشتېشى

مىنېراللاردىن ياسىلىدىغان مەھسۇلاتلار: قاشتاش ئۈزۈك، قاشتاش غاڭزا، بىلەزۈك.

## سودا ئىشلىرى

ئايمىقىمىزدىن چىقىدىغان ماللار: كالا، ئات، قوي، تۆگە؛ پاختا، پىلە-يىپەك ۋە تۈرلۈك قوغۇن-تاۋۇز، دەل-دەرەخلەر. بۇلاردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار: قوي يۇڭى، تېرە ماللار، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، كىگىز، گىلەم، پاختا رەخت ۋە خوتەن قەغىزى.

قانداق مالنىڭ ئايمىقىمىزدا ھەر يىلى قانچىلىك سېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا: مۆلچەرىمىزچە، ھەر يىلى 12 مىڭ تۇياق قوي، 2300 تۇياق كالا، 1000 تۇياقتىن ئارتۇق ئات سېتىلغان. يەرلىك كىگىزدىن ئۈچ-تۆت مىڭ پارچە، يەرلىك گىلەمدىن نەچچە يۈز پارچە، يەرلىك بۆز رەختتىن 40-50 مىڭ توپ، مەشۇتتىن تەخمىنەن 30 مىڭ سەر، شايى-ئەتلەس ئالتە-يەتتە مىڭ توپ، پاختا تەخمىنەن 130 مىڭ جىڭ، قوۋزاق قەغەزدىن 10 مىليون تاختىدىن كۆپرەك، قوي يۇڭىدىن سەككىز-توققۇز مىڭ جىڭ، تېرە كىيىملەردىن 400 قۇردىن ئارتۇق سېتىلغان. يۇقىرىقىلار ئايمىقىمىزدا سېتىلغىنى.

ئايمىقىمىزدىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان ماللاردىن نەلەرگە ئاپىرىپ سېتىلىدىغانلىقىغا كەلسەك، تەخمىنەن ھەر يىلى قوي يۇڭىدىن 10 نەچچە مىڭ جىڭدىن ئارتۇق، يەرلىك كىگىزدىن ئالتە-يەتتە مىڭ پارچە،

يەرلىك گىلەمدىن مىڭ پارچىدىن ئارتۇق، پاختا رەختتىن تەخمىنەن
70ـ80 مىڭ توپ، پاختىدىن 180 مىڭ جىڭ، يەرلىك شايى-ئەتلەستىن
يەتتە-سەككىز مىڭ توپ، قوۋزاق قەغىزىدىن 10 مىليون ـ بىر قانچە
يۈز مىڭ تاختا، يەرلىك مەشۇتتىن 40 مىڭ سەردىن ئارتۇق، تېرە
ماللاردىن 700 تايدىن ئارتۇق سېتىلغان. ھەممىسى ئۆلكە مەركىزىگە ۋە
ئاقسۇ. قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىلغان. ئارىلاپ ـ
ئارىلاپ سىرتقا ئاپىرىپ ساتىدىغانلارمۇ بولغان. ئايمىقىمىزنىڭ سىرت-
تىن ـــ قەيەردىن قانداق ماللارنى كىرگۈزگەنلىكى، قەيەردە ھەر يىلى
قانچىلىك ساتقانلىقىغا كەلسەك، تەكشۈرۈشىمىزچە، ئايمىقىمىزدىكى
ماللار مۇشۇ يەردىن چىققان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن باشقا، سىرت-
تىن ئەكەلگەن ماللارنى چار بازارچىلار پارچە-پۇرات ئەكەلگەن بولۇپ،
توپ ـ توپى بىلەن توشۇپ ئەكىلىپ سېتىش بولمىغان.

(گۇاڭشۈنىڭ 34ـيىلى «مىلادىيە 1908ـيىلى 9 ـئاينىڭ 7ـكۈنى»، ئايماق مەھكىمىسى-
گە يۆتكىلىپ كەلگەن شي ۋېيشىڭ)

ئىككىنچى قىسىم

## مۇندەرىجە

**ئاسترونومىيەسى** (مېردىيان ۋە پاراللېلى، قىش-يازدىكى ئىقلى-
مى، يامغۇر مىقدارى)

**جۇغراپىيەسى** (تارىخىي جەريانى، مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي،
يېزا-بازارلىرى، زېمىن چېگراسى، تاغ تىزمىلىرى، ئېقىنلىرى، تۇپ-
رىقى، ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلىرى، ئۆتەڭلىرى، ئۆتكەللىرى)

**ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار** (ئىنسانچىلىقتىكى ئۆلۈم-يىتىم، نە-
زىر-چىراغ ئىشلىرى، ئەمەلدارلىرى، لەشكىرىي ئەمەلدارلار، لەشكە-
رىي تۈزۈمى، مەكتەپلىرى، يەر بېجى، ھۈنەر-سەنئىتى، سودا ئىشلى-
رى، ساۋاپلىق ئىشلار، قائىدە-يوسۇن ۋە خىلمۇخىل ئۆرپ-ئادەتلىرى،
ئېتىكىسى)

تەبىئىي نەرسىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى (ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلىرى، تەبى-
ئىي ئەشيالىرى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

### ئاسترونومىيەسى

مېرىدىيان ۋە پاراللېلى. شىمالى قۇتۇپتىن باشلىغاندا 37 گىرادۇس 10 مىنۇت، پايتەختتىن غەربكە قىيپاش 36 گىرادۇس 30 مىنۇت.

**قىش، يازدىكى ئىقلىمى.** بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى باشقا شەھەرلەردىن ئىسسىقراق، يازدا قاتتىق ئىسسىق، قىشتا قەھرىتان سوغۇق بولمايدۇ. ئىقلىمىمۇ باشقا جايلاردىن بالدۇر بولۇپ، بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتاتلار ئىشقىلىپ ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئوڭاي پىشىدۇ.

**يامغۇر مىقدارى.** يىلدا يامغۇر ئاز ياغىدۇ. قىشتا يەر مۇزلايدۇ، قارمۇ ئاز ياغىدۇ. قىشتىلا تاغلار ئاپپاق قارغا پۈركىنىدۇ، ئەتىياز ۋە يازدا ئېرىپ دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە قۇيۇلۇپ ئېتىزلار سۇغىرىلىدۇ.

### جۇغراپىيەسى

**تارىخي جەرياني.** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «ئۇدۇن خانلىقى» دەپ ئاتالغان، شياۋۇخان زامانىدىن باشلاپ خۋاشا بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇزۇنتات، چۈنلى، رۇڭلارنى ــ يەنى بۇگۈنكى كېرىيە زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن سۈي سۇلالىسى دەۋرىگىچە ئوردىغا سوۋغا ھەدىيە قىلىپ تۇرغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «گوستانا دۆلىتى» دەپ ئاتالغان. ھۇنلار «ئۇدۇن»، خورلار «خودەن»، ھىندىلار «چۈدەن» (لىيال)، ئاۋام تىلدا «خۋامنا» دەپ ئاتاشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇن (于阗) دىگەن تەلەپپۇزنىڭ ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. جىنگۈەن يىللىرى ئوردىغا بېقىنىپ زېمىنىدا كۇنسا (昆沙)تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، ۋۇزېتيەن زامانىسىدىمۇ دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋەرگەن. بەش دەۋر ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ مەركىزىي ئوردىغا سوۋغا ھەدىيە قىلىپ تۇرغان.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا لياۋ سۇلالىسىغا قاراشلىق بولغان، لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندا نايمانلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، مەركىزىي ئوردىغا بېيئەت قىلمىغان. نامى يەنىلا خەنزۇچە (翰端 ئۇدۇن) دەپ ئاتالغان، تەيزۇخان (چىڭگىزخاننىڭ ئەۋرىسى) ئارغۇننىڭ سۇيۇرغال يېرى بولغان. شىزۇخان (قۇبلاي خان) دەۋرىدە جارچى ـ

سىلاۋچى (ئايغاقچى) ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئوتتۇرىدا سۇلھى تۈزۈلگەن بولسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمەلدىن قالدۇ-رۇلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن چوڭ خانلىق ئا-تالغان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاجىزلىغان. مىڭ سۇلالىسى-نىڭ دېنزۇڭ خان دەۋرىگە كەلگەندە، ئوردىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش ئا-زىيىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «ئۇيغۇر ئېلى» دېيىلگەن. كاڭشى خاندانلىقى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭغارلار تەرىپىدىن قوشۇۋې-لىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 33-يىلى ئەمىن تاپقۇزۇلغان. 34-يىلى يەنە تو-پىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ باستۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خاندانلىقنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە (خەرىتىسىگە) كىرگۈزۈلۈپ خان ئامبىلى قويۇلغان ۋە لەشكەر ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرغۇزۇلغان. گۇاڭشۇنىڭ 9-يىلى (1884-يىلى-ت) خوتەن بۇاستە قاراشلىق ئايمىقى تەسىس قىلىن-غان.

**مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي.** ئايماق قەشقەر دوتەي يامۇلىغا قارايـ-دۇ، تۈزۈلمە ئورنى بوش قالغان بولۇشى مۇمكىن. سېپىلنىڭ ئېگىز-لىكى ئىككى جاڭ (6.66 مېتىرچە) كېلىدۇ، ئەتراپى 539 گەز كېلى-دىغان پوتەيگە تۇتىشىدۇ. شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالىي تەرىپىدە تۆت قوۋۇقى بار، سىرتىدا تاشقى سېپىلى يوق. شەرقىي قوۋۇقتىكى دۇ-كانلار بۇاستە ئۇيغۇرلار رايونىغا تۇتىشىدۇ. سودىگەرچىلىك بەك رو-ناق تاپقان. يېڭىشەھەر سېپىلى كونا شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىدىن ئۈچ چاقىرىمچە كېلىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 10-يىلى (1910-يىلى-ت) ئايماق تەسىس قىلىنغاندا هازىرقى شەھەرگە ئۆزگەرتىپ سېلىنغان. سېلىشتا يېرى تۈز، سۈيى يېتەرلىك ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان. پايتەختكە 12 مىڭ 901 چاقىرىم، ئۆلكە مەركىزىگە تۆت مىڭ 963 چاقىرىم، قەش-قەرگە بىر مىڭ 270 چاقىرىم كېلىدۇ. باشبۇغ بارگاھى ئايماق شەھى-رىدە، ئايماق تۆرىلىرى ئۇيغۇرلار رايونىدا تۇرۇپ ئىدارە قىلىدۇ. بۇ جايدا سېپىل يوق. ئايماق، شەھەر رايونىغا ئىككى چاقىرىمچە كېلىدۇ. ئايماققا كېرىيە ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە قارايدۇ.

**يېزا-بازارلىرى.** شەھەر-يېزىلىرى 11 مىڭلىققا ئايرىلغان بولۇپ، تاشقى سېپىل ئەتراپلىرى توساللا مىڭلىقى، شەرقىي يېزىسى ئىلچى

www.uyghurkitap.com

مىڭلىقى، غەربىي يېزىسى بورازان مىڭلىقى، جەنۇبىي يېزىسى قاراڭغۇ تاغ مىڭلىقى، شىمالىي يېزىسى سۇپار مىڭلىقى؛ شەرقىي شىمالىي يېزىلىرى ئالتە مىڭلىق: بالىماس، قاياش، ماكۇيا، كۇيا، بۇقا، قاراساي مىڭلىقلىرىنىڭ ھەر بىر مىڭلىقىدا بىردىن شاڭيۇ، بىردىن مىراپ قويۇلغان. كەنتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ يۈز بېشى دېيىلىدىغان بىر كىچىك باشلىق قويۇلغان. يۈز بېشى شاڭيۇغا ياردەملىشىپ باج-سېلىقنى سۈيلەش، كۆرسەتمە يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى بىجىرگەن. شەرقىي شىمالىي يېزىدىكى شەھەرگە 70 چاقىرىم كېلىدىغان قاراقاش شەھىرى بىر كىچىك قەلئەگىلا ئوخشاش بولۇپ، ئىچى-سىرتىدا ئاھالە كۆپ، بۇنىڭدىن باشقىلىرى ساپلا ئۇششاق-چۈششەك بازارلار بولۇپ چوڭ بازارلار يوق. ئاپتونومىيەلىك تېررىتورىيە بويىچە شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالدىكى تۆت مىڭلىقنى شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي، شىمالىي رايون دەپ تۆت رايونغا؛ سېپىلغا يېقىن مىڭلىقنى ئوتتۇرا رايون دەپ ئايرىماقچى. غەربىي شىمالدىكى ئالتە يېزا مىڭلىقنى ئالتە رايونغا ئايرىماقچى: بالىماس مىڭلىقى غەربىي شىمالدىكى 1- رايون بولىدۇ. قاياش مىڭلىقى 2-رايون، ماكۇيا مىڭلىقى 3-رايون، كۇيا مىڭلىقى 4-رايون، بۇقا مىڭلىقى 5-رايون، قاراساي مىڭلىقى 6-رايون بولىدۇ. يەنە بىر مەسىلە شۇكى قاياش مىڭلىقى بىلەن بۇقا مىڭلىقى، ماكۇيا مىڭلىقى بىلەن قاراساي مىڭلىقىنىڭ باشقۇرىدىغان كەنتلىرى ئازراق بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا بىر رايون قىلغىلى بولمايدۇ. ئىككى رايون قىلماقچى.

**چېگرا-پاسىللىرى.** شەھەرنىڭ شەرقىگە بەش چاقىرىم ماڭسا يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن لوپ ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغا بارىدۇ. غەربكە 230 چاقىرىم يۈرسە، پاكا يۇلغۇنغا بارىدۇ. بۇ يەر يەكەن مەھكىمىسىگە قاراشلىق گۇما ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. جەنۇبقا 580 چاقىرىم يۈرسە مۇز تاغ توسۇپ تۇرىدۇ. بۇ تاغنىڭ جەنۇبىي ئارقا تىبەتكە تۇتىشىدۇ. شىمالدىن 1090 چاقىرىم كېلىدىغان بىيلى دىگەن جايدا ئۇنسۇ مەھكىمىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. شەرقىي جەنۇبتا 500 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان قوتاز ئاغزى دىگەن جايدا كېرىيە ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. غەربىي جەنۇبتا 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان ئاراق داۋان دىگەن جايدا يەكەن مەھكىمىسىنىڭ گۇما ناھىيەسى

بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي شىمالدا تەخمىنەن 1200 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان جايدا كۇچا بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي شىمالدا تەخمىنەن 900 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان جايدا بارچۇق (مارال-بېشى) ئايمىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كارۋان يوللىرى ئۇزۇنلىقىغا بىر مىڭ 294 چاقىرىم، توغرىسىغا 178 چاقىرىم، قىيپاش ئارىلىقى 1300 چاقىرىمدىن ئارتۇق، چېگرا ئايلانمىسى ئىككى مىڭ 944 چاقى-رىم، كۆلىمى 230 مىڭ 332 چاقىرىم.

**تاغ تىزمىلىرى.** ئايماق شەھىرىنىڭ دەل جەنۇبىدا قاراڭغۇ تاغ دېيىلىدىغان تاغ بولۇپ، يوللىرى تىك يارلىق، پەلەمپەيسىمان ئېگىز تاغ. يوللىرىنى مۇز قاپلاپ كېتىدۇ، ئادەملەر كەمدىن كەم ماڭىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ باش-ئايغىنى بىلىپ بولمايدۇ. شەھەرنىڭ شىمالى-دىكى مازار تاغ ئانچە ئېگىز ئەمەس، بۇ يول بىلەن بارچۇق ئايمىقىغا ئۇدۇل بارغىلى بولىدۇ.

**دەريا-ئېقىنلىرى.** شەھەرنىڭ شەرقىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى قاراڭغۇ تاغدىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ئايمىقىمىزنىڭ قوشلاش لەڭگەر دېگەن يېرىدە قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. شە-ھەرنىڭ غەربىدىكى قاراقاش دەرياسىمۇ قاراڭغۇ تاغدىن باشلىنىپ، شىمالغا ئېقىپ قوشلاش لەڭگەردە يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئىككى دەريا قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسى بولىدۇ. باشلانغان يېرىدىن تار-تىپ جەمئىي 1600 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئېقىپ زىلىغا بارغاندا ئايمى-قىمىزنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنسۇ تەۋەلىكىدىنمۇ ئۆتۈپ 60 چاقىرىم ئاققاندا كۆكئارت (پامىر) دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ تارىم دەرياسى بولىدۇ. شەرققە ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. قاراقاش دەر-ياسى 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئاققاندا ئۇنىڭدىن زاۋا دەرياسى بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئايمىقىمىزنىڭ تەۋەلىكىدىكى زاۋا ئۆستىڭىدىن ئۆتۈپ 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئېقىپ قاراساي مەھەللىسىنىڭ يېڭى كەنتىگە بارىدۇ. يەنە 20 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئاققاندا قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ.

**تۇپرىقى.** گۇاڭشۇنىڭ 34-يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئايماقتا 563 مىڭ 586.51 مو بوز يەر ئېچىلغان، ئومۇمەن ھەق بې-رىلىدىغان شاگىيۇلارنىڭ سۇچىلىق ئارقىلىق پاك-دىيانەتلىكنى قامداش يېرى ۋە مازارلارغا ئىشلىتىدىغان يەر جەمئىي تەخمىنەن سەككىز مىڭ

مودىن ئارتۇق ئىكەن. ئېچىلمىغان بوز يەر جەمئىي بىر مىليون 139 مىڭ 425 گېكتار 757 مو بولۇپ، ساپلا ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان يەر. ئەمەلدارلارغا يەر ئاجرىتىلمىغان. تاغلار پۈتۈن زېمىنىنىڭ تەخمىنەن ئوندىن ئىككى قىسمىنى ئىگىللەيدىكەن، قالغىنى پۈتۈنلەي قۇملۇق.

**ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلىرى.** ئايمىقىمىزدىكى 11 مىڭلىقنىڭ ئىسمى يېزا-بازار تۆردە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. ھەر بىر مىڭلىقتا قاراشلىق كەنتلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئوخشاش ئەمەس. كەنتلەردىكى ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسىدىن كېلىدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ بۇلاق ۋە قومۇشلۇق كۆللەرنىڭ قارا سۈيى سىپپىلغا يېقىن توساللا مىڭلىقىغا ئاقىدۇ.

ئۈنىڭغا 17 كەنت (تېگىنىلە، تامشىيا، تۆۋەن گوجان، جامىدا، ياچى، گىربوز، ئاقتاش، شورباغ، گازۇن، ئۆز، ئىگەرچى، قاتچى، سەكسەن، قۇتان، چۇجانەي، شۇغى، يۇقاقۇن كەنتلىرى) قارايدۇ. شەرقى يېزا ئىلچى مىڭلىقىغا يەتتە كەنت (ئارا، ئىگەچى، قوشكۆل، ئايكەنت، شولاق، ئاقتاش، شامالباغ كەنتلىرى) قارايدۇ.

يۇقىرىدىكى 24 كەنتتىن توساللا مىڭلىقى ۋە جىيا كەنتى قارا سۇ بىلەن سۇغىرىلغاندىن سىرت، قالغانلىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن سۇغىرىلىدۇ. غەربىي يېزا بورازانغا 25 كەنت (قاش، بوۋائاق، يۇرتخان، كاۋيا، كوسىيا، باشىيا، تايتاق، شالاق، توخۇلا، قوم، ئايماق، رۇچداپ، داكۇيا، بىجىيا، پەيناپ، نىشاندا، سومىيا، ياۋاچاقا، قوغۇنچى، تايدى، ھالالباغ، قارامەت، سىنيا كەنتلىرى) قارايدۇ.

جەنۇبىي يېزا قاراڭغۇ تاغ مىڭلىقىغا توققۇز كەنت (قاراڭغۇ تاغ، لايقا، بۇتى، پۇجىيا، پوپۇنا، لاڭرۇ، شاخلىق كەنتلىرى) قارايدۇ.

شىمالىي يېزا سۇپار مىڭلىقىغا 14 كەنت (تايتاق، يۇرۇشكە، سەرراپ، چاقار، چارا، قارا ئەرلىك، باغچى، يۇقاقى سومىيا ، يېڭۈەن، يۇقاقۇن-تۆۋەنۇن يۇقىرى-تۆۋەن كەنتى، تاسمىچى، لاسكۇيا كەنتلىرى) قارايدۇ.

غەربىي شىمال يېزا بالىماس مىڭلىقىغا توققۇز كەنت (چاقا، سوپۇرا، تۇۋەت، ئاتباش، چولاق، داراچىن، سوپىلا، سىجىيا، ئاقساراي كەنتلىرى) قارايدۇ.

قاياش مىڭلىقىغمۇ يەتتە كەنت (پۇرچاقچى، قوچى، ئاقتام، غوجىلا، ئاقدان، ئالتۇنچى، قاپاقلا، توخۇلا، قاياچى كەنتلىرى) قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ماكۇيا مىڭلىقىغا 12 كەنت (ياچى، كاسىيا، تاخسىيا، غۇجىلا، جاي، چامان، بۇدىچى، گادىيا، چاقا، هالايلا، يىلۋا، تۇۋۇلا كەنتلىرى) قارايدۇ.

كۇيا مىڭلىقىغا 15 كەنت (ئاتچى، قارىقى، شايا، كىيا، ئارۇل، قارىقي، ۋىرا، باجىيا، كەچ، جايتېرەك، سەيدان، چىزاخ، تاجى، پامىر، داخان، قۇمباغ كەنتلىرى) قارايدۇ.

بۇقا مىڭلىقىغا تۆت كەنت (شاداخ، سەيراق، قاتۇق، بۇقا كەنتلىرى) قارايدۇ.

قاراساي مىڭلىقىغا ئىككى كەنت قارايدۇ (قاراسايدا چوڭ-كىچىك ئىككى كەنت بار).

يۇقىرىدىكى 97 كەنتتىن غەربىي يېزا بورازان مىڭلىقىدىكى قاش، شاراخ، هالالباغ كەنتلىرىنىڭ ئۆستەڭلىرىگە بۇلاق سۇلىرى؛ ئاقتاش كەنتىگە قومۇشلۇق كۆلنىڭ سۈيى؛ راۋاق، قارامەت، سىزىيا كەنتلىرىگە، سۇپار رايونىدىكى يېڭىئاۋات، تاسمىچى، لاسكۇيا كەنتلىرىگە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى كەلگەندىن سىرت، قالغان 87 كەنتتىكى ئۆستەڭلەرگە قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيى كېلىدۇ. مىڭلىقلارنىڭ هەممىسىدە غول ئۆستەڭلەر بولۇپ، مىڭلىقنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۆستەڭلەرنىڭ كەڭلىكى بىر جاڭ ئىككى-ئۈچ چى ياكى بىر جاڭ بىر چى بولۇپ، دېگۈدەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چوڭقۇرلىقى سەككىز چى، توققۇز چى كېلىدىغانلىرى بار. ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مىڭ سارجان (بىر سارجان بەش چىغا تەڭ) دىن ئارتۇق ياكى ئون نەچچە مىڭ سارجاندىن ئارتۇق بولۇپ، هەممىسىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تارماق ئۆستەڭلەر كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، كەڭلىكى سەككىز-توققۇز چى (ئۈچ چى بىر مېتىرغا تەڭ) ياكى بەش - ئالتە چى كېلىدۇ، دېگۈدەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چوڭقۇرلىقى بەش-ئالتە چى ياكى ئۈچ-تۆت چى كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى نەچچە يۈز سارجان، مىڭ سارجاندىن ئارتۇق ياكى ئىككى-ئۈچ مىڭ سارجان بولۇپ، دېگۈدەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**پوچتا ئۆتەڭلىرى.** ئايماق چېگراسى ئىچىدە ئىككى ئۆتەڭ بار. بىرىنىڭ نامى كونشا ئۆتىڭى، يەنە بىرى زاۋا ئۆتىڭى. كونشا ئۆتىڭىدىن

شەرققە بەش چاقىرىم ماڭسا يۇرۇڭقاش دەرياسىغا بارىدۇ. كونىشا ئۆتـد-
ڭىدىن غەربكە ماڭسا يول ئۇستىدە قاراقاش دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. جەمـ-
ئىي 88 چاقىرىم يۇرسە زاۋا ئۆتەڭگە بارىدۇ. زاۋىنىڭ غەربىدىن 115
چاقىرىم كېلىدىغان جاي گۇما ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. چېگرا-
دىن ئۆتۈپ 25 چاقىرىم يۇرسە گۇمىنىڭ پىيالما ئۆتەڭگە بارىدۇ.

**ئۆتكەللىرى.** ئايماق زېمىنىنىڭ غەربىي گۇما ناھىيەسىگە تۇتـد-
شىدۇ. قەشقەر چوڭ يولى ئۆتىدۇ. شەرقتە لوپ، كېرىيە ناھىيەلىرىدىن
ئۆتۈپ چاقىلىققا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يول ئۇدۇل دۇنخۇاڭغا بارىدۇ.
ئۆتكەل يوق. جەنۇبىي چېگرادا قاراڭغۇ تاغ بولۇپ، ئارقا تىبەتكە تۇتـد-
شىدۇ. ئەنگلىيەگە قاراشلىق تىبەتكىمۇ ئۆتكىلى بولىدۇ، ئۆتمەك تەس
بولۇپ، ئارىدا ئون نەچچە چاقىرىم يولدا بىر ئادەملا پىيادە ماڭالايدۇ.
گۇاڭشۇنىڭ 4-يىلى (1879-يىلى) ئالدىنقى باشبۇغ دۇڭ فۇشياڭ
«دۇڭ» خەتلىك تۇغ-ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەل-
گەندە، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئەڭ خەتەرلىك جايغا تاغنى ئويۇپ قورغان سال-
غان. ئادەم ئاياغ باسمىغان بۇ جاي شەھەرگە 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق
كېلىدۇ. يېقىنقى چاغلاردا مۇز تاغدا قاراڭغۇ تاغ قاراۋۇلى تەسىس قىد-
لىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گۇاڭشۇنىڭ 16-يىلى
(1894-يىلى-ت) بۇيرۇققا بىنائەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئادەم
ماڭمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ بۇ يولنى ئېتىۋېتىشكە ئىجازەت بېرىلد-
گەن. شىمالىي يول ئاقسۇ يولىغا ئۇلىنىدۇ. ئونسۇ مەھكىمىسى ئايماق
چېگراسىغا قاراۋۇلخانا قۇرغان. پەقەت شەھەردىن 350 چاقىرىم كې-
لىدىغان قوشلاشتا تەكشۈرۈش لەڭگىرى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن
باشقا مۇداپىئە ئوچاستىكىلىرى قۇرۇلمىدى.

## ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلىرى

**نەزىر-چىراغ.** ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدىكى نەزىر-چىراغ مەزگد-
لىدە نەزىر-چىراغ راسخوتى ئالىدىغانلاردىن: كۆڭزى بۇتخانىسى، ئە-
مەلدار بۇتخانىسى (گۇەنيۇ بۇتخانىسى)، ۋېنچاڭ يۇلتۇزى بۇتخانىسى، تا-
جۇتەخت سۇپىسى، ئىلاھ سۇپىسى، ئەجدەر ئىلاھى ئىبادەتخانىسى، سادا-

www.uyghurkitap.com

قەت ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار. نەزىر-چىراغ راسخوتى ئالىمغانلار-دىن: دېھقانچىلىق پىرى سۇپىسى، لىيۇمىڭ سانغۇن بۇتخانىسى قاتار-لىقلار ۋاقتى-ۋاقتىدا سانغۇنغا ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. تەرەپ ئەلاھلىرى بۇتخانىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چەتلەشتۈرۈلگەندەك ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدا خاننىڭ دەردىگە دەرمان بولغانلىق تۆھپىسىنى كۆزدە تۇت-قاندا، نەزىر-چىراغ قىلىدىغانلار قاتارىغا قويۇشقا ھەقلىقتەك تۇرىدۇ.

**ئەمەلدارلىرى.** چيەنلۇڭنىڭ 20-يىلى (1756-يىلى-ت) جەنۇب ۋە شىمالدىكى توپىلاڭ تىنچىتىلىپ، بىر نەپەر خان ئامبىلى قويۇلۇپ، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلى سانغۇنىنىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ قويغان. (ئۇلار ئىچىدىكى) ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن ئالتىنچى دەرىجە-لىككىچە بولغانلار يېڭى يىللىق قۇتلۇقلاشقا پايتەختكە بېرىپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغانلار قاتارىدا بولسىمۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈش-ئۆلتۈرمەس-لىك ھوقۇقى بېرىلمىگەن. گۇاڭشۇنىڭ تۇنجى يىلى ئۆلكە تەسىس قى-لىنىپ، خوتەن بىۋاسىتە قارايدىغان ئايماق بولغان. بىر نەپەر ئايماقدار قويۇلۇپ، يېڭىشەھەر رايونىدا تۇرغان، بىر نەپەر يەرلىك مەنسەپدار قو-يۇلۇپ، ئۇ كونا شەھەردە تۇرغان. بىر نەپەر بارگاھ مەسلىھەتچى سانغۇ-نىمۇ يېڭىشەھەر رايونىدا تۇرغان.

**لەشكىرىي ئەمەلدارلار.** چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1760-يىلى) چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ يېغىلىقىدا خوتەن توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، سانغۇن جاۋخۇي ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىپ قايتۇرۇۋې-لىپ، مۇسۇلمانلار ئېلىنى تىنچىتقان ۋە خوتەن غەربىي تۆت شەھەرنىڭ بىرى بولغان. داۋگۇاڭنىڭ ئوتتۇرانچى يىللىرىدا قوقەنگە قېچىپ بې-رىۋالغان چوڭ خوجىلارنىڭ قالدۇقلىرى غەربىي تۆت شەھەرنى بې-سىۋالغاندا، خوتەن يەنە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قايتۇرۇۋېلىنغان. داۋگۇاڭنىڭ 6-يىلى جاھانگىر خوجا توپىلى-ڭىدا خوتەن يەنە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، توپىلاڭچىلارنىڭ زور قوشۇنى ئاقسۇغا توپلاشقاندا، خوتەننىڭ بېگى ئىمىن قاتارلىقلار قارا تەقىيەلىك (قارا تاغلىق-ت) مۇسۇلمانلاردىن ئىككى مىڭ كىشىنى

www.uyghurkitap.com

توپلاپ، بۇ قوچاق قوشۇننى ۋە خوتەن خان ئامبىلىنىڭ كونا تامغىسىنى تەقدىم قىلغان. ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئىسھاق مۆردىلىرىنى خوتەنگە ئەۋەتىپ، قارا تەقىيەلىكلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان، بۇ چاغدا بەگلەر ئىچىدىن ماسلىشىپ، شەھەرنى تەقدىم قىلىپ بولغان ئىكەن. قىش كىرىپ تاغ يوللىرى توسۇلۇپ، لەشكەرلەر ئىلگىرىلىيەلمەي، شەھەر قايتىدىن ئاق تەقىيەلىكلەرنىڭ (ئاق تاغلىقلارنىڭ) قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. يەتتە يىلدىن كېيىن، زور قوشۇن قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان، خان مۇپەتتىشى ياڭ يۈچۈن ھەربىي ئىشلار باشبۇغى ياڭ فاڭنى ئالتە مىڭدىن ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ، خوتەندىكى توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىشقا ئەۋەتكەن. ياڭ فاڭ قاراقچىلاردىن بەش مىڭدىن ئارتۇقنى شەھەر سىرتىدا تارمار قىلىپ، يۈنۈسنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن خوتەن قايتۇرۇۋېلىنغان. تۇڭجىزنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئاسىيلارنىڭ كاتتىبېشى ھېبىبۇللا مۇپتى خوتەندە سېپىلنى چىڭ ساقلاپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ باش ئەگمىگەن، گۇاڭشۈنىڭ 3-يىلى باش چېرىكچى دۇڭ فۇشياڭ قوشۇن باشلاپ، قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار شەھەرنى تاشلاپ يوشۇرۇن قېچىپ كەتكەن.

خوتەن چەت-ياقىغا جايلاشقان ۋە ئەتراپىدا دۈشمەننىڭ قورشاۋى يوق بولغاچقا، كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى يوق.

**لەشكىرىي تۈزۈمى.** چيەنلۇڭنىڭ 20-يىلى جەنۇب ۋە شىمال تىنچلاندۇرۇلۇپ، خوتەندە تۇرۇۋاتقان چېرىكلەردىن 200 دىن ئارتۇقى ئالماشقان. داۋگۇاڭ يىللىرىدا قېپقالغان ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا 500 لەشكەر تۇرغۇزۇلغان. گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋازارەت تەسىس قىلىنىپ، بىۋاستە قاراشلىق ئايماق قۇرۇلۇپ، بىر مەسلىھەتچى سانغۇن قويۇلغان. ئەسلىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇن پىيادە ئەترىتىنىڭ بىر كۇرە — 500 چېرىكى سول قاراۋۇل سۈپىتىدە كېرىيەدە تۇرغان. 125 ئاتلىق چېرىك تۇرغۇزۇلۇپ، گۇاڭشۈنىڭ 28-يىلىدىن كېيىن پىيادىلىك مەشقاۋۇل قوشۇنغا ئۆزگەرتىلىپ ئادەم سانى 160 كىشى بولغان، بۇلاردىن ئاتلىق چېرىك 50 نەپەر بولغان. گۇاڭشۈنىڭ

30-يىلى ئوتتۇرا قوشۇن ئاتلىق مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ بىر قوشۇنى كېرىيەدە تۇرغان. خوتەندە مۇداپىئە چارلاش ئەترىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، يېڭىدىن 40 كىشىلىك سەييارە مىرشاپلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ بىر مىرشاپ بېگى، بىر چارلىغۇچى پۇتۇكچى، بىر مەشقاۋۇل، تۆت مىرشاپ يېتەكچىسى قويۇلغان.

**مەكتەپلىرى.** بۇ جايدىكى ئاۋام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاخۇنلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، قىرائەت قىلىدۇ ۋە ناماز ئوقۇيدۇ. ۋازارەت (ئۆلكە) تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان مەكتەپ قۇرۇلۇشقا باشلاپ، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى بىلىدىغانلار بارا-بارا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئاشۇ تىل پەرقى تۈپەيلىدىن، كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرمەك تەس بولدى، ئوقۇپ چىققانلار موللا ۋە تەرجىمانلا بولالىدى. شۇڭا ئۇلار خەنزۇچىنى بىلىش بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ. يېقىنقى يىللاردا خەنزۇچە مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىش كەيپىياتى بارلىققا كەلگەن.

گۇاڭشۈنىڭ 34-يىلى شەھىرىمىزدە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئىككى خەنزۇتىلى دەرسخانىسى ئېچىلىپ بىر خەنزۇ باش مۇئەللىم، ئىككى ئۇيغۇر ياردەمچى مۇئەللىم قويۇلۇپ 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. غەربىي يېزا بورازان مىڭلىقىدا ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىر خەنزۇ تىلى دەرسخانىسى ئېچىلىپ بىر خەنزۇ مۇئەللىم، بىر ئۇيغۇر مۇئەللىم قويۇلۇپ 36 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ھۆكۈمەت قارىمىقىدا ئىككى تولۇقسىز دەرسخانا ئېچىپ بىر مۇدىر قويۇلغان. بىرىنچى دەرسخانىنىڭ مۇئەللىمى ئىككى مۇئەللىمنىڭ ئىشىنى قىلغان، بىر زاپخوز قويۇلغان، 36 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. سىرتقى جايلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان خەنزۇ بالىلار كۆپرەك بولۇپ، ئۇيغۇر بالىلاردىن بىر قانچىسىلا ئوقۇغان.* بۇ دەرسخانا ئەسلىدە غەربىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدا ئېچىلغان كۆلىمى كىچىك بولۇپ، كېيىن شەھەر ئىچىنىڭ غەربىي بۇلۇڭىغا سېلىنغان. ئەسلىدىكى مەكتەپ ئۆيلىرىنى ھۈنەر-سەنئەت مەكتىپى قىلىش پىلانلانغان. شىمالىي قوۋۇق سىرتىدا پىلە-ئۈجمىچىلىك دەرسخانىسى بولسىمۇ، كۆلىمى بېكىتىلمىدى. كەسپىي مەكتەپ

ئېچىش تېخى مۇزاكىرىگە قويۇلمىدى.

ھەر قايسى مىڭلىق ئوقۇش رايونلىرى ئىچىدە توساللا مىڭلىقى ئوتتۇرا ئوقۇش رايونى، شەرقىي يېزا ئىلچى مىڭلىقى شەرقىي ئوقۇش رايونى، غەربىي يېزا بورازان مىڭلىقى غەربىي ئوقۇش رايونى، جەنۇبىي يېزا قاراقىغۇ تاغ مىڭلىقى جەنۇبىي ئوقۇش رايونى، شىمالىي يېزا سوپار مىڭلىقى شىمالىي ئوقۇش رايونى بولغان. غەربىي شىمالىي يېزىلاردىكى ئالتە مىڭلىق — ئالتە رايون ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىشتاتقا كىرگۈزۈلۈپ؛ بالىماس مىڭلىقى غەربىي شىمال 1-ئوقۇش رايونى، قاياش مىڭلىقى 2-ئوقۇش رايونى، ماكۇيا مىڭلىقى 3-ئوقۇش رايونى، كۇيا مىڭلىقى 4-ئوقۇش رايونى، بۇقا مىڭلىقى 5-ئوقۇش رايونى، قاراساي مىڭلىقى 6-ئوقۇش رايونى بولغان. شەھىرىمىزدە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئورنى قۇرۇلۇپ بىر باش نازارەتچى، بىر مۇپەتتىش قوشۇمچە ئىش بېجىرگۈچى قويۇلغان. شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا بەش رايون ۋە غەربىي شىمال 1-رايون، 4-رايونلاردا مۇپەتتىشلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان بىر نەپەردىن مائارىپ خادىمى قويۇلغان. 2-، 3-، 5-، 6- رايونلاردا بولسا ئىككى رايونغا بىردىن مائارىپ خادىمى قويۇلغان. ئايماقتا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانغا، بىر مائارىپ مۇپەتتىشى قويۇلغان. بارلىق ئوقۇش-ئوقۇتۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى غەملىگەن.

**غەللە-پاراق.** بەلگىلەنگەن غەللە-پاراق ئېلىنىدىغان يەر 563 مىڭ 586.51 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق يەر 300 مىڭ 624.23 مو، ئوتتۇراھال يەر 180 مىڭ 573.67 مو، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر 52 مىڭ 388.61 مو. ھەر يىلى نورمىدىكى ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق بۇغداي ۋە ئىلى چېرىكلىرىنىڭ تەمىنات ئاشلىقى بولۇپ، جەمئىي 15 مىڭ تۆت كۈرە بەش شىڭ يەتتە ئوچۇم ئىككى قوشۇق غەللە - پاراققا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان. بۇغداي بىر مىڭ 46 دەن بەش كۈرە سەككىز شىڭ يەتتە ئوچۇم ئىككى قوشۇق. باشقا ئېلىنغان غەللە-پاراق قوناق 523 دەن ئىككى كۈرە توققۇز شىڭ ئىككى ئوچۇم توققۇز قوشۇق. ئېلىنغان غەللە-پاراق سامان 735 مىڭ 644 جىڭ يەتتە سەر.

تۇرگە سۇندۇرۇپ ئېلىنغان سامان بىر مىليون 553 مىڭ 278 جىڭ توقۇز سەر. لوپقا چۇشۇرۇپ بېرىپ ئاشقان باج سەككىز سەر يەتتە مىسقال (كۇمۇش) يەتتە فۇڭ ئىككى لى ئىككى خاۋ يەتتە سى بەش خۇ بولغان. نورمىلىق ئېلىنغان غەللە-پاراق پۇل ۋە ئاشلىقتىن تەۋەككۇلغا يەر بېجى كۇمۇشى ئاجرىتىپ بەرگەندىن سىرت، غەللە-پاراق ئېلىنغان ۋە غەللە-پاراققا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان بۇغداي، قوناق جەمئىي 24 مىڭ 115دەن بەش كۇرە ئالتە شىڭ يەتتە ئوچۇم بەش قوشۇق، سامان جەمئىي ئىككى مىليون 298 مىڭ 943 جىڭ، يەر بېجى ئۇچۇن باشقا ئېلىنغان ئاشلىق ۋە يەم-خەشەك ئۇچۇن سەرپ بولغان كۇمۇش 3703 سەر بىر فۇڭ تۆت لى بولغان. ھەر خىل پارچە-پۇرات خىراجەتلەر ئۇچۇن 866 سەر ئىككى فۇڭ چارۋا بېجى، ئىككى مىڭ 300-400 سەر، ئۇنىڭدىن باشقا يەر خېتى بېجى، جوۋاز، تۈگمەن، ياغۇنچاق بېجىغا يىلىغا 935 سەر كۇمۇش يىغىپ تاپشۇرۇلغان.

**ھۈنەر-سەنئىتى.** ھايۋانلارنىڭ تېرە-يۇڭلىرىدىن ئىشلىنىدىغانلىرى: خوتەن ئەتلىسى، كالا-ئات كۆن-خۇرۇم ماللىرى، گىلەم.

**ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلىنىدىغانلىرى:** خام، قەغەز، يىپ پالاس.

**مىنېراللاردىن ئىشلىنىدىغانلىرى:** قاشتاش ئۈزۈك، قاشتاش بىلەزۈك قاتارلىقلار.

ھازىر كەسپلەرنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ھۈنەرۋەنچىلىك مەمۇرىيىتى قۇرۇلغان. كەسپلەرنى كەڭ تۈردە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شاگىرتلار دەرسخانىسى ئېچىلغان، لېكىن (خوتەننىڭ) ئۆرنى چەتتە، بىلىم دائىرىسى تار، يېتەكلەيدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇستىلار يوق بولغاچقا، ھۈنەرۋەنچىلىكتە ياخشىلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرمەك تەس. ئايماق زېمىنىدا خام توقۇغۇچىلار كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا گىلەم توقۇيدىغانلار، ئۇنىڭدىن قالسا شايى-ئەتلەس توقۇيدىغانلار، جاۋا گىلەم توقۇيدىغانلار بولۇپ، جاۋا گىلەم توقۇش ئەڭ قول تۇتىدىغان ھۈنەر بولۇپ، پۇتۇپ چىقىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس.

**سودا-سېتىق.** مەزكۇر ئايماقتا تەبىئىي ماللاردىن: كالا، ئات، قوي، تۆگە، پاختا، پىلە غوزىسى ۋە ھەر خىل قوغۇن-تاۋۇز، دەل-دەرەخلەر بار. ئىشلەپچىقىرىلغان ماللاردىن: قوي يۇڭى، تېرە ماللار،

ئات-كالا تېرىلىرى، كىگىز، گىلەم، پاختىلىق كىيىم ۋە خوتەن قەغىزى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار سودا ساھەسىدە يېتەرلىك رىقابەت كۈچىگە ئىگە. ھەر يىلى ئايمىقىمىزدا سېتىلغان مال سانى: ئوتتۇرا ھېسابتا سېتىلغان قوي 12~11 مىڭ تۇياق، كالا 2300~2200 تۇياق، ئات مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق. گىلەم ئۈچ-تۆت مىڭ، يىپەك گىلەم نەچچە يۈز پارچە؛ خام تېرە 50~40 مىڭ پارچە، مەشۈت 30 مىڭ سەر، ئەتلەس ئالتە-يەتتە مىڭ تاقا، پاختا 130 مىڭ جىڭ، قوۋزاق (خوتەن) قەغىزى 10 مىليون تاختىدىن ئارتۇق، قوي يۇڭى سەككىز-توققۇز مىڭ جىڭ بولغان. ئۆلكە مەركىزى، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا ۋە سىرتقى جايلارغا ئاپارغىنى خوتەندىكىدەك ئوبدان سېتىلمىغان، ھەقتە قەتەن يول يىراق، چىقىمى ئېغىر بولۇپ بېيىماق تەسكە توختىغان. ھەريىلى ئەنگلىيە، رۇسىيەگە ئاپارغان ماللار ئىچىدە قوي يۇڭى ئەڭ كۆپ بولۇپ، قالغانلىرى پاختا، پىلە غوزىسى، شايى-ئەتلەس، كىگىز-گىلەم، كالا-قوي تېرە ماللىرى ئومۇمىي مالنىڭ ئوندىن سەككىز قىسمىنى تەشكىل قىلغان، قەغەزدىن ھېچقانچە ئاپارمىغان. سىرتتىن ئەكەلگەن ماللار ئىچىدە چەت ئەل ماللىرى ئەڭ كۆپ بولسىمۇ، ھەممىسىنى ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئەكەلگەن بولۇپ، پۈتۈشكەن چوڭ سودا بولمىغان.

**قىلغان ساۋابلىق ئىشلار.** قەھەتچىلىكنىڭ غېمىنى قىلىش ئىشىدا گۇاڭشۈنىڭ 13-يىلىدىن باشلاپ پۇقرالاردىن قوناق ئىئانە يىغىپ، جامائەت ئامبىرى قۇرۇپ، ھەر يىلى بەش ئۈلۈشنى (يېرىمىنى) ئۆتنىگە بېرىپ، قائىدە بويىچە بىر كۈرە ئۆسۈم ئېلىنىپ، جەمئىي 8466 دەن ئىئانە توپلانغان. ئىلگىرىكى يىللاردا ئادەت بويىچە چىقىم قىلىپ، جامائەت ئامبىرىنىڭ تۆرلۈك خىراجەتلىرىنى باشقۇرغاندىن سىرت، گۇاڭشۈنىڭ 34-يىلىغىچە جەمئىي 19 مىڭ 592 كۈرە ئەمەلىي ساقلىنىپ يەنە ئازراق ئېشىنچىسى بولغان. ھۆكۈمەت نازارەت قىلىپ خەلق باشقۇرغان بولۇپ، بىر دارىلئېيتام قۇرۇپ، ئىگە-چاقىسىز نامراتلاردىن 110دىن ئارتۇقىنى يىغىپ خەۋەر ئېلىپ، ھەر بىر كىشىگە كۈنىگە سەككىز ئوچۇمدىن قوناق چىقىم قىلىپ بېرىلگەن، (يېتىملار)كۆپەيگەندە كۆپەيتىپ، (يېتىملار)ئازايغاندا ئازايتىپ ئامبار چىد-

قىمىنى مەلۇم قىلىپ تۇرغان. قىشلىق كىيىم ئۈچۈن رەخت ئېلىشقا
ھەر بىر كىشىگە سەككىز مىسقالدىن كۈمۈش ئاجرىتىپ، قالدۇق
ئىشلار تۇرىدىن چىقىم قىلىپ يوللىغان. خەلق ئارىسىدىكى ساۋاپلىق
ئىشلارغا كەلسەك، رويخەتتىكى خەنزۇ پۇقرالار «تەرەپ ئىلاھى بۇتخاند-
سى» سېلىپ ئومۇمنىڭ پۇلى قىلىپ مىڭ سەردىن ئارتۇق ئالتۇن توپ-
لىغان. بۇنى ئىلاھلارغا نەزىر-چىراغ قىلىشتىن باشقا جەسەت ساندۇقى
ياساش ۋە نەزىر-چىراغ سۇپىسى تەييارلاپ ئىلاھ ۋە بۇدداغا دۇئا-تىلاۋەت
قىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەن.

**قائىدە-يوسۇن.** ئۇيغۇرلار بېشىغا تەلپەك، تۇماق كىيىدۇ، دوپپا
تۇمىقىدا ئەمەل دەرىجىسى بولمايدۇ. بالىسى تۇغۇلۇپ 3-كۈنى ياكى
7-كۈنى ئىمام چىللاپ قۇرئان ئوقۇتۇپ ئېتىنى قويىدۇ. قويىدىغان
ئىسىم نەچچە ئون خىل ئىسىمنىڭ ئىچىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بول-
غاچقا، ئوخشاش ئىسىم كۆپ بولىدۇ. ئوغۇللار ئالتە-يەتتە ياشقا كىر-
گەندە، ئاتا-ئانىسى ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ ئايەت ئوقۇپ خەتنە قىلدۇ-
رۇلىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۆسمۈر ھېسابلىنىدۇ، خەتنە قىلمىغانلارغا
قىزلار تەگمەيدۇ. باي ئائىلىلەر كالا، قوي سويۇپ مېھمان چاقىرىدۇ،
قولۇم-قوشنا، يېقىن-يورۇقلىرىنى مېھمان قىلىدۇ. نامرات ئائىلىلەرمۇ
موللا تەكلىپ قىلىپ خەتمە قۇرئان قىلدۇرىدۇ. ئەرلىرى چاچ قويماي-
دۇ، ساقال-بۇرۇت قويىدۇ. ئاياللىرى چاچ قويۇپ ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ،
ياكى ئىككى تال ئۆرۈپ ساڭگىلىتىۋالىدۇ، ياكى ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە
تال قىلىپ ئۆرۈيدۇ، مەرۋايىت، ياقۇت، ئالتۇن، كۈمۈش بېزەكلەرنى
ئاسىدۇ. ئەرلىرى يۇمىلاق ياقىلىق چاپان كىيىدۇ. كۆپىنچە قىزىل،
يېشىل رەڭلىكىدىن كىيىدۇ. ئىچىگە ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدىغان
ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيىدۇ. سول پېشىغا تۈگمە قادىمايدۇ، ئىككى
جاڭچە كېلىدىغان بەلباغ باغلايدۇ. ئاياللىرى مەيدىسى كەڭ، يېڭى تار
پەرىجە كىيىدۇ، بايلىرى كۆپىنچە شايى-دۇردۇن كىيىپ ياقىسى ۋە يې-
ڭىنىڭ چۆرىسىگە زەر يىپ كەشتىلەيدۇ. تۈگمە قادايدۇ، ئەمما، ئەتمەي-
دۇ. ئىچىگە كەڭ يەڭلىك كۆڭلەك كىيىدۇ، تار يەڭلىكىنى كىيىدى-
غانلارمۇ ئاندا-ساندا بار. ئەر-ئاياللارنىڭ تۇمىقى يەتتە سۇڭدىن ئاشى-
دۇ. قوڭغۇراق شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆپىنچە قىزىل، كۆك، يې-

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

شىل، يېشىل كۆك رەڭلىك تاۋار ـ دۇردۇن ياكى ياپون مەخمىلىدە تاشـ ـلىنىدۇ، تۇلكە، داۋشان تېرىسىدىن كېزەك قىلىدۇ. كالاۋتون ياكى زەرلىك شايى ياكى رەڭلىك يىپلاردىن تۇز تۆپىلىك قىلىپ تىككەنلىـ ـرىمۇ بار. خەنزۇلارغا ئوخشاش خورۇم جىيەكلىك چوڭ تۇماق شەكلىدە تىككەنلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇنى يېزا تۆرىلىرى كىيىدۇ. ئەرلەردىن ئاـ ـخۇنۇم ياكى موللا بولغانلىرى بېشىغا ئاق رەختتىن سەللە يۆگەيدۇ. ئاـ ـياللىرى باش كىيىمىگە توز پېيى ياكى ئالتۇن گۈل قادىۋالىدۇ. يۇقىرالار كۆپىنچە جىگەررەڭ، توق قىزىل چاپان، بۆك ياكى قازاق دۇرـ ـدۇندىن تۆپىلىك قىلىپ ئاق، قارا قوي تېرىسىدىن كېزەك قىلغان تۇماقلارنى كىيىدۇ. ئاياللار مەيلى باي ـ كەمبەغەل، قېرى ـ ياش بولسۇن سىرتقا چىقسا چەت ئەل ئاق داكىسى ياكى ئاق رەختتىن قىلىنغان لىـ ـچەك ئارتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى بەدەن ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. ئاياللار ئاق لېچەك ياكى سۇس قىزىل كۆك رەخت بىلەن يۈزىنى يۆگىمىسە، بۇزۇق ئايال دەپ قارىلىدىكەن. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى خورۇم ياكى كۆن ئۆتۈك كىيىدۇ، پاشنىسىگە نال قاقتۇرىدۇ.

## توي ـ تۆكۈنلىرى

ئۇيغۇرلار ئوغۇل ئۆيلەيدۇ، قىز ياتلىق قىلىدۇ، مەيلى ئۇرۇق ـ تۇغـ ـقان بولسۇن ـ بولمىسۇن، بىۋاسىتە تۇغقان ۋە ۋاسىتىلىق تۇغقان بولـ ـمىسىلا ئېلىش ـ بېرىشكە بولىدۇ. توي توختىتىش ۋاقتىدا ئەر تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر قانچە كىشى بېرىپ پۈتۈشىدۇ، بايلار بىر قوي ئالـ ـغاچ بارىدۇ، كەمبەغەل ئائىلىلەرمۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ قىزىل ـ كۆك رەختلىرىدىن ئاپىرىدۇ. ئاخۇنۇمغا ئايەت ئوقۇتۇپ توينى بېكىتىدۇ. توي كۈنى يېتىپ كەلگەندە يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئۆيىگە قىز يۆتكىگىلى بارىدۇ، قىزنىڭ دادىسى ياكى ئاكىلىرىدىن بىر كىشى رومال بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى يۆگەپ، كۆتۈرۈپ ئاتقا ئېلىپ، ناغرا ـ سۇناي چېلىپ ئوغۇل تەرەپكە ئېلىپ ماڭىدۇ، يېتىپ بارغاندا كۈيئوغۇل بىلەن بىللە ئوتنى ئۈچ چۆرگىلەپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆيگە كىرىپ ئاۋۋال ئوچاق پىرىغا تەزىم قىلىپ، ئوچاقنىڭ ئېغىزىغا ياغ چېچىپ ئاندىن ھوجرىـ ـسىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخۇنۇم نىكاھ ئايىتى ئوقۇپ بەخت

تىلەيدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرى بەخت تىلىشىدۇ. ساھىبخانا مېھمانلارنى گۆش باسقان پولۇ بىلەن مېھمان قىلىدۇ. قىز بالا 12 ياش-قا توشسىلا ئەرگە بېرىدۇ. ئەر-خوتۇن كېلىشەلمىسە ئاجرىشىپ كېتىدۇ. ئەر خوتۇننى «تالاق» قىلىۋەتسە، خوتۇنى ئۆي سەرەمجانلىرىدىن خالىغىنىنى ئېلىپ كېتىدۇ. خوتۇن ئېرىنى تاشلىۋەتسە، يىپ-يىڭنىگە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەرزەنتلىك بولغان بولسا ئۆزلىرى ئايرىشىۋالىدۇ. ئاجرىشىپ يۈز كۈنگىچە ھەر ئىككىسى توي قىلمايدۇ. ئىددەت ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ھەر ئىككى تەرەپ خالىغىنىچە نىكاھلىنىشقا بولىدۇ. تۇنجى توي قىلىپ ئون نەچچە كۈندە ياكى نەچچە ئون كۈندە ئاجرىشىپ كېتىدىغانلار بار. ئاجرىشىپ كېيىن يارىشىۋالىدىغانلار بار، يارىشىپ بولۇپ يەنە ئاجرىشىپ كېتىدىغانلارمۇ بار. بىر ئايالنىڭ نەچچە قېتىم ئەرگە تېگىدىغىنىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، بىرسى بىلەن بۇلىشىدىغانلار ئاز ئۇچرايدۇ. بايلارنىڭ قىزلىرى ئۆي ئىشلىرىنى قىلمايدۇ. كەمبەغەللىنىڭ قىزلىرى يىپ ئېگىرىدۇ، كىيىم يامايدۇ، تاماق ئېتىدۇ، ئېرىگە ياردەملىشىپ ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغانلىرىمۇ بار.

## ئۆلۈم-يېتىم ۋە نەزىر-چىراغ

ئاغرىق كىشى جان ھەلقۇمىغا چۈشكەندە، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يېقىن-يورۇقلىرىغا خەۋەر قىلىنىدۇ، نامرات-ئاجىزلار كېلىپ نەزىرىگە داخىل بولىدۇ. بۇنىسى خۇددى جۇڭگونىڭ كۆچە كۆيدۈرۈش تويىنلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆلارنىڭ ئوقۇغان ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى: «ئادەم تۇغۇلغان ئىكەن ئاخىر ئۆلىدۇ، تىرىكلەر يىغلاپ ماتەم تۇتۇشمىز كېرەك» دېگەن بىر قانچە ئېغىز سۆزدىن ئىبارەت. جامائەت كۆچۈشۈپ ساقاللىرىنى سىلايدۇ. ئۇنلۇك تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاق سەللە ئوراپ قارىلىق تۇتىدۇ، دەپنە قىلغاندا جەسەت ساندۇقى ئىشلەتمەيدۇ، تەزىيە بىلدۈرمەيدۇ، مەسچىتنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ قىرائەت قىلىدۇ، يۇ-يۇپ-تاراپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن تېنىنى ئاق رەخت بىلەن ئوراپ يەرلىككە قويىدۇ. يەرلىككە قويۇشنى ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئۈچ كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. جىنازىنى قولدا كۆتۈرۈپ مازارغا ئاپىرىدۇ،

ئاخۇنۇم ئايەت ئوقۇيدۇ، مېيىت ئۇزاتقۇچىلارمۇ ئەگىشىپ ئايەت ئوقۇپ، توۋا-ئىستىغپار قىلىشىدۇ. قەبرىنىڭ بېشى شىمالغا قارىتىلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويىدۇ، گۆرنى كۆپىنچە سانداق شەكلىدە كولايدۇ، ئۇزاقىچە بۇزۇلۇپ كەتمىسە شۇ كىشىنىڭ كىشىلىك ھاياتى ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ئىش بولغان بولىدۇ، قەبرە ئەگەر ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاۋام ئۇنى ساۋابلىق ئۈچۈن ياساپ قويىدۇ. ئاخۇنۇم، شاگىيۇ قاتارلىق ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزگەنلەر ئۆلگەندىن كېيىن، قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە يۇمىلاق قۇببىلىق گۈمبەز قوپۇرىدۇ. ئېگىزلىكى بىر قانچە جاڭ بولۇپ، كۆركەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ قەبرىسىنى ساقلايدىغانلارمۇ چىقىدۇ. تەكرار ھازا ئېچىش ۋە قەبرىگە نەزىرلىك قويۇش ئادىتى يوق. دەسلەپكى يەتتەكۈنگىچە قەبرە يوقلايدۇ. يىگىرمىسىمۇ، قىرىقىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ كېتىدۇ. 40 كۈن بولغاندا چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرىدۇ ۋە قارىلىق كىيىمىنى سالىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ كۈن تاللاپ نەزىر بېرىدۇ. ھەر قېتىمقى مازار يىغىلىشلىرىدا قوي سويۇپ خەتمە قۇرئان قىلىدۇ. يىراق-يېقىنلاردىن كەلگەن خەلق، ئاخۇنۇمنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ بەرىكەت تىلەيدۇ. بەس - بەستە كالا-قوي مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىشىدۇ. ئاياللار بولسا قەبرە تېمىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىپ پەرزەنت تىلەيدۇ. سەيياھلار، سودىگەرلەر، چار بازارچىلارمۇ يىغىلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تارقاشقا باشلايدۇ.

## نەزىر-چىراغ ئىشلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ناماز ئوقۇشقا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ، خەنزۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئىلاھقا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ. مەيلى قېرى-ياش، باي-كەمبەغەل بولسۇن، ناماز ئوقۇمايدىغانلار بولسا جامائەت ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرى مەسچىت دېيىلىدۇ، شەھەر-يېزىلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە بار بولۇپ، چوڭلىرى كۆپ يەرنى ئىگىللەيدۇ، كۆلىمى زور بولىدۇ، كىچىكلىرىنىمۇ باشقۇرماق ئاسان بولۇپ، بۇت ھەم بۇت نەزىر-چىراغ سۈپىتى بولمايدۇ، كۆجە، قەغەز پۇل، شام قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ، مەسچىت ئىچى ياكى سىرتىدا بىر-ئىككى چوڭ كۆلچەك بولىدۇ، جامائەت

قۇرئاننى پىششىق بىلىدىغان ئاخۇنۇمنى ئىماملىققا سايلايدۇ. ھەر كۈنى بامدات ۋاقتى، پېشىن، ناماز دىگەر، ناماز شام، خۇپتەنلەردە مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ئېگىز تاقىغا چىقىپ، مەزىن ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى يېپىپ تۇرۇپ، غەرب تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ، ئۇنىڭ تەرجىمىسى: «ئىنسانلار ئىچىدىكى ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ باشلىغۇچىسى، دىن جاھانغا تارقالسۇن» دېگەندىن ئىبارەت. ئايەتلەرنىڭ مەنىسىدە: «ئاسمان ـ زېمىن ئاپىرىدە بولغاندا بىرلا ئادەمنى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قانىتى بار ئىكەن، ناتوغرا قىلىقلارنى قىلغىنى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنى ھالاك قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنى ياراتقان. ئۇلار 244 مىڭ ئەۋلاد قالدۇرغان، كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر تۇغۇلغان. خۇدا قۇرئاننى نازىل قىلغان، 1316 يىلدىن بۇيان مۇسۇلمانلار ئۇنى ھەق دىن دەپ ئۇلۇغلاپ ئوقۇپ كەلگەن.» ئاھالىلەر ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان يىغىلىپ، ئاۋال كۆلچەكنىڭ سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىپ ئاندىن مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلار ناماز ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قىشمۇ ياز توختاتماي ئوقۇيدۇ. كېسەل بولۇپ قالسا دورىغا ئىشەنمەي، موللا چىللاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بايلىرى گاھى قوي سويۇپ كېسەلنى تېرىگە ئالىدۇ، پولۇ ئېتىپ قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چىللايدۇ ياكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۇنى «نەزىر زەللىسى» دەيدۇ. كېسەل كىشى داخان تەكلىپ قىلىپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاغامچا باغلاپ، دۇمباق چېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ جىن ـ شاياتۇننى ھەيدەيدۇ، بۇ خەنزۇلارنىڭ قەدىمدىن جىن قوغلاش ئۇسۇلىغا بەك ئوخشايدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازدا ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ يىراق يوللارنى بىسىپ، سەئۇدىغا قاراشلىق مەككىگە بېرىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ھەر يىلى ھەجگە بارىدىغانلار تەخمىنەن 400 دىن ئارتۇق بولۇپ، بېرىش ـ كېلىشكە كۆپ بولغاندا 500~700 سەر ياكى 400~500 سەر ئالتۇن، ئاز دېگەندىمۇ 200 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن كېتىدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ قالسا، جەننەتكە كىرىدۇ دېيىلىدىكەن. ساق قايتىپ كەلسە ھاجى دەپ ئاتىلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىكەن. بۇنداق زور ئىسراپچىلىقتىن ئۇلارنى ۋاز كەچتۈرگىلى بولغان بولسا، يەرلىك ئۈچۈن بەخت ئىدى.

## مېھمانداچىلىق ئىشلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە-يوسۇنى ئاددىي بولۇپ، ئېسىل مېھمان كەلسىمۇ يۈكۈنۈپ باش ئۇرىدىغان قائىدىسى يوق. ئۇلارنىڭ ئېسىل مېھمىنى ئىمام-مەزىنلەر بولۇپ، مەسچىتنى باشقۇرىدىغانلار «مەزىن»، مازارنى باشقۇرىدىغانلار «شەيخ». خەت ساۋاتى بارلار «موللا» دېيىلىدۇ، ئەڭ ئەزىزلىنىدىغىنى «ئاخۇنۇم»لاردۇر. ئاخۇنۇملار مۇنداق بەش خىل كىشىلەردۇر: بىرى، ھەق-ناھەقنى ئايرىپ بېرىدىغانلار؛ئىككىنچىسى، ئايەتكە تەپسىر ئېيتىدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ھېيت نامازلىرىنى باشلاپ ئۆتەيدىغانلار؛ تۆتىنچىسى، ناھەق دەۋالارنى سوراپ، قەسەم قىلدۇرىدىغانلار؛ بەشىنچىسى، مەھەللە، بازارلارنىڭ قائىدە-يوسۇنىغا دائىر ھەر خىل ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلار. ئاخۇنۇم بولغانلارنىڭ كىچىك تامغىسى «مۆھۈر» دېيىلىدۇ. موھرىنى باسسا تامغا باستى دېيىلىدۇ. تويۇلىنىش، مال-مۈلۈكنى ئايرىش ۋە مۆرەككەپ، قىيىن بولغان زور ئىشلاردا ئاخۇنۇمغا تامغا باستۇرۇپ گۇۋاھلىق خېتى قىلىدۇ. ساھىبخانا بىلەن مېھمان كۆرۈشكەندە يۈكۈنۈپ تەزىم قىلمايدۇ. ئاددىي پۇقرالار يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر بىلەن كۆرۈشكەندە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيدۇ. بۇ خەنزۇچىدا «ئامان-ئېسەن تۇردىلىمۇ؟» دېگەنلىك بولىدۇ تەڭتۇشلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ ياكى بىر-بىرىنىڭ قولىنى سىلايدۇ. ئەگەر كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يار-بۇرادەرلەر كۆرۈشسە مەيلى ئەر، ئايال بولسۇن قۇچاقلىشىپ يۈزىنى يۈزىگە يېقىشىپ يېقىنلىقنى ئىپادىلىشىدۇ. ئورۇندۇق ئىشلەتمەي گىلەم، كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ياتىدۇ، ياكى سۇپا، كاڭ سالىدۇ، سۇپا، كاڭلىرى ئانچە ئېگىز بولمايدۇ. مېھمان كەلسە ساھىبخانا ئالدىغا چىقىدۇ. مېھمان ئايىغىنى سېلىپ تۆرگە چىقىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغانلارمۇ بار. ئۈزۈم، مېغىز، گۈلە، ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىك، مانتا، قېتىق-قايىماقلار بىلەن مېھمان قىلىدۇ. دورىلىق چايدا چاي دەملەيدۇ. بۇ جايدىن كۆك تاماكا چېكىدۇ، ئىچكىرىدىن چېكىدىغىنى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەقەت چىلىمنىڭ شەكلىلا قەدىمىيرەك بولۇپ، ئۇزۇن ھەم چوڭلىرىغا كۆپ سۇ سىغىدۇ. مۇبارەكلەيدىغان ئىشلاردا

بىر-بىرىگە كالا، قوي، رەخت سوۋغا قىلىدۇ. بايلىرى نەچچە يۈزنىمۇ
سوۋغا قىلىدۇ. زىياپەتلەردە كۆپرەك مال سويسا مېھماننىڭ ھۆرمىتىـ
نى قىلغانلىق بولىدۇ، كالا، ئات، تۆگە گۆشلىرى ياخشى تاماق ھېـ
سابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا قوي گۆشى. چوشقا گۆشى يېيىش مەنئى
قىلىنىدۇ. چوڭ داش قازانلاردا بىر دەن گۈرۈچتە ئاش ئەتكىلى بولىـ
دۇ. ئېتىشتە كالا، قوي گۆشىنى سەۋزە، بىلەن كەندىر يېغىدا قورۇپ،
گۈرۈچنى تەكشى سېلىپ دەم بېرىپ پىشۇرىدۇ، ئاندىن مىس، قەلەي
ئاياق- چىنىلەرگە ئۇسسۇپ ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىر لېگەندىن
ئەكېلىدۇ، قوشۇق ئىشلەتمەي قولنى يۇيۇپ قول بىلەن چاڭگاللاپ
يەيدۇ. بۇ تاماقنىڭ ئىسمىنى پولۇ دەيدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندا چاي
ئىچىدۇ ۋە تاماكا چېكىدۇ، مېھمانلار دۇئا قىلىپ ئاياغلىرىنى كىيـ
يىپ، ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ تەزىم قىلىپ خوشلىشىدۇ. يەنە
ئويۇنلارمۇ بار بولۇپ، مېھمانلار كېلىپ بولغاندا غىزا كەلتۈرۈلۈپ،
يەرگە گىلەملەر سېلىنىدۇ. تارلىق ۋە نەيلىك چالغۇلارنىڭ ئاۋازى
سورۇننى لەرزىگە سالىدۇ. بۇلاردىن سەككىز تۆشۈكلۈك قالۇن، غېـ
جەك بار. بەش تارلىق چالغۇمۇبار بولۇپ، ياسىلىشى ئىچكىرىنىڭكىـ
دىن زور پەرقلىنىدۇ. تارغا مىس سىم ئىشلىتىدۇ. داپ چېلىپ ناخشا
ياڭرىتىدۇ، ئۇزۇن يەڭ كۆڭلەك كىيگەن ئۈچ-تۆت ئايال سورۇنغا
چۈشۈپ، رىتىمغا كەلتۈرۈپ ئالدىغا ۋە كەينىگە چامداپ بەزىدە تېز
پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئولتۇرغان مېھمانلار بەس-بەستە پۇل
تاشلاپ، «قايناپ» دەپ ئالقىش سادالىرى ياڭرىتىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

## خىلمۇ خىل ئۆرپ-ئادەتلىرى

مۇبارەكلىشىدىغان قائىدە-يوسۇنلىرى يېڭى يىلدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارىدىمۇ بىر يىل 12 ئاي بولىدۇ، كەبىسە يوق، ئاي
بويىچە ھېسابلىماي، يەتتە كۈننى بىر ھەپتە قىلىپ ھېسابلايدۇ. ھەر
ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرىنى خاسىيەتلىك قوش كۈن دەپ
بىلىپ توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى مۇشۇ كۈنلەرگە توغرىلايدۇ. جۈمە كۈنى
بولسا تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىدۇ. شەنبە كۈنى مەسچىتكە يىغىـ
لىپ قۇرئان-تىلاۋەت قىلىدىغان كۈنى. ھەر يەتتە كۈندە بىر بازار قىـ

www.uyghurkitap.com

ـزىيدۇ. 52 بازار كۈنى ئۆتۈپ 364 كۈن توشسا بىر يىل ھېسابلايدۇ.
كىچىك ھېيت (روزى ھېيت) كېلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى روزا تۇتىدۇ.
ئەر ـ ئاياللارنىڭ 10 ياشتىن ئاشقانلىرى كۈنبويى تاماق يېمەيدۇ. كۈن
ئولتۇرۇپ يۇلتۇز كۆرۈنگەندە ئاندىن تاماق يەيدۇ. موللا ـ ئاخۇنۇم دېگەنـ
لەرنىڭ تەقۋادار بولۇشى تەلەپ قىلىنىپ، تولۇق روزا تۇتىدۇ. كېلەركى
ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېڭى ئاي كۆرۈنگەندە روزا تۇتۇش ئاخىرلىشىدۇ. روزى
ھېيتتىن 45 كۈن بۇرۇن ياغ قاپىقىنى ئېگىز خادىغا ئېسىپ ئۆگزىگە
قاداپ بىرىنچى جىسەك ۋاقتى (ياتار چاغ) بولغاندا شاڭيۇدىن باشلاپ
يۇرت كاتتىلىرى رېتى بويىچە قاپاققا ئوت ياقىدۇ. ئاخۇنۇملار قۇرئان
تىلاۋەت قىلىدۇ، باللار يىغىلىپ بىر ـ بىرىنى تووۋلىشىدۇ، ئۆيمۇ ئۆي
چاقىرىشىپ شادلىق ساداسى ئىچىدە ھەريان قاتىرىشىدۇ، ناماز ئوقۇشىـ
دۇ، پۈتۈن كېچە خوشاللىق ساداسىغا چۆمىدۇ. تەرجىمە قىلىنىشىچە، بۇ
كېچە ئاللا زېمىنغا چۈشۈپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ياخشىلىق ـ يامانـ
لىقلارنى كۆزىتەرمىش. روزى ھېيت ئۆتۈپ 70 كۈندىن كېيىن چوڭ
ھېيت (قۇربان ھېيت) كېلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك ھېيتلاردا كىشىلەر ئۆز ـ
ئارا مۇبارەكلىشىدۇ. مېھمان كەلسە كالا، قوي، توخۇ گۆشى ۋە ساڭزا قا ـ
تارلىق يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا جىگدە، ئۈجـ
مە، ئۈزۈمدە شاراب (مەيزاپ، مۇسەللەس ـ ت) چىقىرىدۇ، مېۋىنى كۆپكە
سېلىپ ئېچىتىدۇ، ئېچىغاندا جۈپ كۈندە چىقىرىۋالىدۇ، ئېچىتقۇ سالـ
مايدۇ، گۈرۈچ شىرنىسىگە ئوخشاش چىقىدىغان بىر خىل ئاشلىق ھارىقى
بار بولۇپ تەمى سەل ـ پەل چۈچۈمەل، ھاراق پۇرىقى يوق، ئادەمنى مەست
قىلالايدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازدا (سەھرا خەتمە ياكى زارا خەتمە ـ ت) ئەر ـ ئا ـ
يال، قېرى ـ ياشلار مەي ۋە تاماق ئېتىدىغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئېلىپ دالاغا
يىغىلىپ ئوچاق ياساپ تاماق ئېتىدۇ. ناخشا ئېيتىشىپ خۇشال كەيپىـ
ياتتا شاراب ئىچىشىدۇ. مەست بولغاندا ئاندىن بولدى قىلىدۇ، بۇ ئىچـ
كىرىدىكى باھار سەيلىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئېتىكىسى (كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەخلاق ئۆلچىمى). ئۇيغۇرلاردا
فامىلە قوللىنىش ئادىتى يوق، نەسەبنامىسىمۇ يوق. ئېتىكىسىمۇ يوق.
بوۋا ـ نەۋرە، ئاتا ـ بالىدىن باشقىلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئىسىم قويۇشـ
تىمۇ نەچچە ئون خىللا ئىسىمنىڭ ئىچىدىن قويىدۇ. ئۆزئارا ئارىلىشىپ

كېتىدۇ. ئاتىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ قېرىنداشلىرىنى يەنى تاغىلىرىنىمۇ «ئاكا» دەپ چاقىرىدۇ، ئۇكا، جىيەن، كۈيۈئوغۇل، نەۋرىلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئۇكا» دەيدۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇرۇق-تۇغقان دەيدۇ. ئوغۇللىرى ئۆي ئايرىپ چىقسا مۇلۇككە ۋارىسلىق قىلالايدۇ، قىزلىرى ياتلىق بولسا مۇلۇكنىڭ ئوندىن ئىككى ئۇلۇشىنىلا ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرالايدۇ.

## ماددىي مەھسۇلاتلىرى

**ھايۋانات.** ھايۋانلاردىن قوي ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئات، ئۇنىڭدىن قالسا ئېشەك، ئۇنىڭدىن قالسا كالا، تۆگە بولۇپ، كالا ئەڭ ئاز. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە ۋە جەرەن كۆپرەك. ئۇچار قۇشلاردىن كەپتەر ۋە ياۋا ئۆردەك كۆپ، شاتۇتىمۇ بار. سۇ جانلىقلىرىدىن بېلىقلا بار، لېكىن تەمىنلەشكە يېتىدۇ.

**ئۆسۈملۈكلىرى.** ئاشلىق تۈرلىرىدىن بۇغداي، قوناق، شال، زىغىر، پاختا ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. دەل-دەرەخلەردىن تېرەك ۋە سۆگەت ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۈجمە. مېۋە-چېۋىلەردىن تاۋۇز ـ قوغۇن ئەڭ كۆپ تېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۈزۈم، يەرلىك چىلان، ئۇنىڭدىن قالسا ئانار، نەشپۈت، ئامۇت، جىنەستە، قارىئۆرۈك، ئوت ـ چۆپلىرىدىن بېدىلا بار بولۇپ، قومۇش ئەڭ كۆپ. ھەر خىل كۆكتاتلار تۈرى جەنۇبىي جۇڭگونىڭكىگە سەل-پەل ئوخشايدۇ.

**تەبىئىي ماللار.** بۇ ئايماقتا ھەريىلى 70~80 مىڭ سەر يىپەك، 310~320 مىڭ جىڭ پاختا، 200 مىڭ جىڭ قوي يۇڭى ئىشلىنىدۇ.

**توقۇلما بۇيۇملار.** ئايماقتىن ھەر يىلى 160~170 مىڭ تاقا بۆز رەخت، 15~16 مىڭ تاقا ئەتلەس-شايى، ئىككى مىڭ پارچىدىن كۆپرەك يىپەك، يۇڭ گىلەم؛ 10 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك كىگىز، 1100 دىن 1200 پارچىگىچە كۆن-خۇرۇم، بىر قانچە 10 مىڭ تاختا خام قەغەز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

مۇختارجان مۇھەممىدى
ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن تەرجىمىسى
مەتكرىم ئىسمايىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

جۇن چىڭيۈەن

# لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى

(1908ـ يىلى)

## لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسىگە كىرىش سۆز

گۇاڭشۈنىڭ دىڭمو(قوي) يىلى قىشتا لوپ ناھىيەسىنىڭ دىۋانبېگى جۇن چىڭيۈەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن بۇ يۇرت تەزكىرىسىنى يازدى. بۇ ئىش ياڭ پىجۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. زامانىمىزدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى يىغىنچاقلاپ چىققان ئۆتكەن زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن كىتابلارنىڭ پۇچۇلۇپ كەتكەن مۇقاۋىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ كىتابلار خەلققە تەربىيە بېرىپ ياخشى ئۆرپ-ئادەت يېتىلدۈرىدىغان، تاغ-سۇلارنىڭ ۋەزنىنى ئاشۇرىدىغان، ئەۋلادلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان كىتابلاردۇر. پېقىرنىڭ بولسا كۆرگەن-بىلگىنىم ئاز بولۇپ، يازغانلىرىم يېتەرسىز بولۇشى مۇمكىن. چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ جىيا يۈگۈەن قوۋۇقىدىن چىقتىم، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي يول، جەنۇبىدىكى جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدىغان، قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بۇ شىنجاڭدا قار-شىۋىرغان ئىچىدە 20 يىلدىن ئارتۇق چېپىپ يۈردۈم، شىنجاڭنى نەچچە قېتىم كېزىپ چىقتىم دەپ، ئۆز-ئۆزۈمگە تەمەننا قويغاچقا يازغانلىرىم مۇپەسسەل بولۇپ كېتەلمىدى.

گەپنى بېشىدىن باشلىساق، غەربىي خەن سۇلالىسى چېگرادىكى زېمىنلارنى ئاچقان. تارىختىن بۇيان لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ كەلگەن ياڭگۇەن قوۋۇقىمۇ ھازىرقى جىيا يۈگۈەن قوۋۇقىغا ئوخشىمايدۇ ، ھۆن تەڭرىقۇتلىقى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئەمەس ئىدى. تارىختا ئاتالغان 55 دۆلەت، 36 خان زېمىنى، يول ۋە تاغ-جىلغىلىرى باشقۇرغۇچىسىز قېلىپ، نەزەردىن ساقىت بولغان. بۇ، دەۋرلەرنىڭ ئۆزىراپ،

يىللارنىڭ كۆزدىن غايىب بولغانلىقى خالاس. خانىدانىمىزغا كەلگەندە
ئارقا-ئارقىدىن تىنچىتىش ئېلىپ بېرىلدى-يۇ، پۇتۇكچىلەر شىمالدى-
كىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ جەنۇبتىكىگە سەل قارىدى. جەنۇبىي شىن-
جاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاچاندىن باشلاپ بۇ جايدا ماكانلاشقانلىقى نامە-
لۇم. ئۇلار بىلەن تىلىمىز ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ يېزىقىمۇ باشقىچە
بولۇپ، تەرجىمە قىلدۇرۇلسا مەنىدىن چەتنەپ كېتىدۇ، شەك پەيدا بو-
لىدۇ. مەسىلەن، ئىلگىرى جيڭ چۇنيۇەنىنىڭ «خەرىتىلىك تەزكىر-
سى» جى ۋېيدانىڭ خاتىرىسى، ۋېي موشېنىنىڭ «مۇقەددەس ئەل خاتى-
رىسى»دە يەرلىك مەھسۇلاتلار، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يوسۇنلىرى ھەم
ئەلەم ماھارەتلىرى تەپسىلىي يېزىلغان. ئۇلار خان ئائىلىلىرى تەستىق-
لىغان «ھەممىباب ئۆرنەكلەر» بويىچە يۇلتۇزلارنىڭ بۇرجىدىن دېڭىز
سۇ يوللىرىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ، باركۆل تېغىنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈپ
يۈرگەن شالاڭ سېرىق بۇلۇتلارنى كۆرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلى-
نىدىغان يېرى ئوخشايدۇ، دەپ قالغان. ھازىر ئۇ جايىنى تەكشۈرۈپ ئې-
نىقلىغىلى بولمايدۇ، بەلكىم تاغ-سۇلار مۇشۇ جايدىن باشلىنىشى
مۇمكىن، لېكىن تۇراقلىق ئەمەس. بۇ جايدا ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ
ھېچقانچە كارامىتى يوقتەك تۇرسىمۇ، ئۇلار قېرىنداشلىق ۋە رەھىم-
دىللىكنى تارقىتىدۇ. ئىتائەت قىلغانلار پەزىلەت ئىگىسى بولىدۇ. ئا-
سىيلارغا ھەيۋە قىلىنىدۇ، نەسىھەت قىلىنىپ تەنقىد بېرىلىدۇ. تېگى-
تەكتىنى ئېنىقلىساق، بۇ تەربىيە يۇقماسلىق، خۇيى ئۆزگەرمەسلىك-
تىن، مەدەنىيەتسىزلىكتىن بولۇپ، ئىلگىرىدىن شۇنداق. گۇاڭشۇنىڭ
9-يىلى ئۆلكە، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭنى تىنچىد-
تىش تەدبىرى يېزىلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىندى. كېيىنكى
تەسىراتلارنى يېزىش ۋەجىدىن ئەمدىلىكتە بۇ يۇرت تەزكىرىسىنى يې-
زىش جىددىي ئىش بولۇپ قالدى.

گۇاڭشۇنىڭ 29-يىلى خوتەننىڭ 38 كەنتىنى ئايرىپ، لوپ ناھى-
يەسى تەسىس قىلىنغان. لېكىن، لوپقا دائىر خاتىرە ۋە تارىخىي ۋەقە-
لىك يەنىلا خوتەننىڭ تەزكىرىسىدە ئىدى. لوپ ناھىيە بولغاندىن بۇيان
تاغ-دەريا، يول، تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ-ئادەت، ئالاقىدار سىياسىي

تەربىيە جەھەتلەردە بۈگۈنكىگە كې-
يىنكى نەزەر دائىرە بىلەن قاراشقا،
ئۆتمۈشكە بۈگۈنكى نەزەر دائىرە بە-
لەن قاراشقا بولمايتتى. مۇشۇ يۇرت-
تا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان ئىكەن-
مىز، پەرماننى بەجا كەلتۈرۈپ،
خەلقنى تەربىيەلەشنى زىممىمىزگە
ئېلىپ، ئەبەدىلئەبەدكە قالىدىغان
پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، تۆت
ئەخلاقنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئەھمى-
يىتىنى كېڭەيتىپ، ئاتا-ئانىنى
ھۆرمەتلەشنى تەدرىجىي بىلدۈرۈپ،
ئارازلىققا ئېتىبارسىز قاراش نىيە-
تىدە بولماي، ياۋايىلىقنى ئۆزگەر-
تىپ، گۈللەنگەن زاماندا بىللە سەيى-
لە-ساياھەت قىلساق، تاغ-سۇلارنىڭ
ۋەزنى ئاشىدۇ. گەرچە بۇ، ئەۋلادلار
ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان
ھۆججەت بولالمىسىمۇ، لېكىن چىن-
لىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ مۇقەددىمىنى يازدىم.
گۇاڭشۇنىڭ 33-يىلى (1908-يىـ-
لى-ت) دىڭمو(قوي) يىلى قىشتا باش
دەپتەردار ياڭ پىجۇنىڭ مۇبارەك پۇ-
تۈكلىرىدىن تاللاپ ئىشلىتىۋېلىشقا
مۇيەسسەر بولدۇم.

## تارىخى

لوپ ناھىيەسى، گۇاڭشۇنىڭ
29-يىلى (مىلادىيە 1904-يىلى-ت)
خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقد-

洛浦县乡土志·序

开万世之利，扩四端之义，由渐而知尊亲教养，无膜视隔阂之意，化榛狂而同游熙皞，虽无由使山水增重，为后世不可少之文献，然即事纪实，他日之振矜而兴起者，山川簿领，善善从长，岂胜书也哉，岂胜书也哉，是为序。

光绪三十三年岁次丁未冬月选用主簿杨丕灼谨识。

六九八

www.uyghurkitap.com

نىڭ شەرقىي چېگراسى بولغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 كەنت، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ غەربىي چېگراسى بولغان يىكەن لەڭگەر-نىڭ غەربىدىكى 23 كەنتنى ئايرىپ تەسىس قىلىنغان. لوپ كەنتى با-زىرىدا ناھىيە مەھكىمىسى سېلىنىپ، بىر ئامبال، بىر پاشىشاپ بەگ قويۇلۇپ، خوتەن ئايماق مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. «خەننامە»دىكى ئۇدۇن خانلىقى بۈگۈنكى خوتەن، كېرىيە زېمىنى بولۇشى مۇم-كىن. ئۇدۇننىڭ شەرقىدە ئۇزۇنتات خانلىقىمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە تارىخىي جەريانىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى يازما مەنبە يوق.

ناھىيە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى، گىجا چوڭ ئۆستەڭگى ۋە ئۇ-نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بۇلاق ئېرىقلىرى پاسىل قىلىنغان. غەربىي خوتەن ئايمىقىغا، شەرقىي كېرىيە ناھىيەسىگە قارىغان. تارىخىي دەۋر-لەردە نېمىلەر تەسىس قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ناھىيە تەسىس قى-لىنغاندىن كېيىن، ئۆزگىرىش بولمىغان.

## يۇرت سوراش ئۇتۇقلىرى خاتىرىسى

گۇاڭشۈنىڭ 29-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىشقا تەيىنلەنگەن تاۋجېن جاي ئايرىپ ناھىيە تەسىس قىلدى ۋە مىرزا دىۋان ئاشلىق ئىسكىلاتى، ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى ساراي-ئۆتەڭ، سەييارە مىرشاپلار قاراۋۇلخانە-سى، چارۋا باج ئىدارىسىنى تەرتىپكە سالدى ۋە چوڭ بىر ئىبادەتخانا سالدۇردى. دول يېزىسىنىڭ قەھەتچىلىك سېلىقىدىن 80 دەندىن ئار-تۇقنى كەچۈرۈم قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە تەسىس قىلىشقا دائىر ئىشلار بولۇپ، يولغا قويۇلغان ئىشلار ئەنگە ئېلىندى. خوتەن بى-لەن كېرىيە ئارىلىقىدىكى ناھىيە پاسىلى بېكىتىلدى. ئىلگىرى يۇرت سوراش ئۇتۇقلىرى ۋە لەشكىرىي ئىشلار، ئاقساقاللار ئىشلىرى يۇرگۇ-زۇلۇكسىز بولغاچقا، بۇ ماتېرىيالدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**ئاھالىسى.** ئۇيغۇرلار بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى. خەنزۇلار بولسا ۋاقىتلىق تۇرۇپ ئۇششاق تىجارەت قىلىدىغانلار ۋە قوماتقا كېلىپ قاشتېشى كولايدىغانلار بولۇپ، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بولغاچقا سا-نى مۇقىم ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

**نوپۇسى.** ئەرلەر: چوڭلار 22 مىڭ 991 نەپەر، كىچىكلەر 10 مىڭ 576 نەپەر. ئاياللار: چوڭلار 20 مىڭ 428 نەپەر، كىچىكلەر 9343 نەپەر.

**ئۆرۈق-جەمەتلەر ۋە دىنى.** ئۇيغۇرلاردا فامىلە ۋە جەمەت يوق بولۇپ، ئىلگىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە دائىر يازما مەنبە يوق. لاما دىنى، سېرىق كۇلالىقلار دىنى، قىزىل كۇلالىقلار دىنى ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالام تەرەپدارلىرىنىڭ خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بۇ تەۋەلىكتە ئەسلا يوق.

## ئوقەتچىلىكى

تۈرە: يوق، دېھقان: 8264 نەپەر، سودىگەر: 347 نەپەر.

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە قۇرئان قىرائەت قىلالايدىغان ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلىدىغانلارنى «ئاخۇنۇم، موللام» دەيدۇ. ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرى تېخى يولغا قويۇلۇپ بولالمىغاچقا، پەننىي مەكتەپلەردە مەخسۇس ئوقۇيدىغانلار يوق ئىكەن. دېھقانلار بولسا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغانلار بولۇپ، ھەممە كەنتلەردە شۇنداق. كاسىپلارغا كەلسەك، تامچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، يىپەكچىلىك، بۆزچىلىك، كىگىزچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنى قىلىدىغان ئۇستىلار ھەممىلا يەردە بار. سودىگەرلەر ئىچىدە كاتتىلىرى يوق، ساپلا ئۇششاق تىجارەت قىلىدىغانلار بولۇپ، ھەر بازار كۈنى سودا قىلىپ بولۇپلا قايتىپ كېتىپ يەنىلا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا كىشىلەر كۆپ بولۇپ، يامۇلدا ئىشلىگەنلىرىلا سۆزمەنلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاكىيۇ، يۇز بېشى ۋە چاپارمەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ يوسۇنلىرىغا ئەگىشىدۇ، چوشقا گۆشى يېيىشنىلا قاتتىق مەنئى قىلىدۇ. باشقا ئادەتلىرى خەنزۇلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ھېيتنىڭ ئالدىدا ئالدى بىلەن ئاخۇنۇم 30 كۈن روزا تۇتۇشنى ئۇقتۇرىدۇ، روزا تۇتۇش ئاخىرلىشىپ ھېيت كەلگەندە ئۇن تائاملىرى ۋە مېۋە-چېۋىلەر بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىنى مېھمان قىلىدۇ، كۆرۈشكەندە ئىككى

قولىنى جۇپتەكلەپ ئېگىلىپ، ئۆز ئارا مۇبارەكلىشىدۇ. بىر-بىرىنى قۇتلۇقلاش ۋاقتى ئون كۈندەك داۋام قىلىدۇ. ئاياللىرى تالا-تۈزگە چىقىسا ئاق لېچەكتە يۈزىنى يۆگەيدۇ. پەقەت ئاتا-ئانىسى ئالدىدا روپاشلىق قىلمايدۇ. ئاخۇنۇملارغا ھۆرمەت قىلىشىدۇ. ئاياللىرى مېھرىبان كېلىدۇ. باشلىقنى چوڭ بىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلىرىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىپ كەتمەيدۇ. خوتۇن ئالسا ئاخۇنۇمنى چىللاپ نىكاھ ئوقۇتىدۇ، پەرزەنتلىك بولغاندىمۇ چىللاپ ئىسىم قويغۇزىدۇ، ئۆلۈم-يىتىم يۈز بەرسە، مېيىتنى ئاق خامدا ئوراپ، ياغاچ جىنازىغا سېلىپ، پىيادە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ يەرلىكىدە قويىدۇ. گۆر ئۈستىگە توغرىسىغا قەبرە قاتۇرۇپ، ئۇنى قوي مۈڭگۈزى بىلەن بېزەيدۇ ۋە كالا ، ئات قۇيرۇقىنى ئېسىپ بەلگە قىلىپ قويىدۇ، بۇنداق جاينى «مازار» دەيدۇ. ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىرلىك تىزمايدۇ، گۈرۈچ ۋە قوي گۆشىدە پولۇ ئېتىپ جامائەتكە نەزىر ئېشى بېرىدۇ. چىنە-چوكا ئىشلەتمەي پولۇنى ياغاچ خونچا ئاياقلارغا ئۇسسۇيدۇ. خەير-ساخاۋەت قىلىشىدۇ. موللا تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇتىدۇ، بۇنى «نەزىر» دەيدۇ. ئوغرى-قاراقچىلاردىن بەك ئەندىشە قىلىدۇ. زىرائەتلەرنى يىغقاندىن كېيىن، ساقلاشقا جۇرئەت قىلالماي سېتىشقا ئالدىرايدۇ. كۈمۈش تەڭگە تاپسا گەمىگە يوشۇرۇپ ساقلايدۇ. جىددىي پۇل لازىم بولغاندا ئۆسۈم تۆلەپ قەرز ئېلىشقا رازىكى، گەمىدىكى پۇلنى مىدىرلاتمايدۇ. يامان قىلىقنى دوراشقا ئامراق، ھىيلىگەر ۋە يامانلىرى كۆپىنچە ھاللاردا نادان ۋە قورقۇنچاقلارنى ئالدايدۇ، ئىش تېرىيدۇ ۋە پۇل-مالنى قاقتى-سوقتى قىلىدۇ، نادانلىرى ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالمايلا قالىدۇ. بەلكىم مىجەزى ئۇلارنى مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ ياكى تەربىيە يۇقمىغانلىقىدىندۇر.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپبەسى

ئۇيغۇرچە ھەرپ بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى 36 ھەرپ ۋە 28 ھەرپىنىڭ مەنبەسى باشقا بولسىمۇ، ئىشلىتىلىشى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. بوغۇز، تىل، لەۋ، چىش ئارقىلىق لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن تاۋۇش چىقىرىش بويىچە بۇلارنى گۈەن، شاڭ، جياۋ، جىڭ، يۈدىن ئىبارەت بەش

خىل ئاۋازغا سالسا، ھەر بىر ئاۋاز رەت بويىچە يەتتە خىل ئاۋۇش چىقىرىدۇ، كىشىگە قەدىمكى يەتتە تارلىق چالغۇنىڭ ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى تارىسىدىن چىقىدىغان شاۋگۇەن، شاۋشاڭ ئاھاڭلىرى تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ئاۋۇشتىن سۆز قۇراشتۇرۇلىدۇ، سۆزدىن سۆز-جۈملە قۇراشتۇرۇلىدۇ. بۇ قەدىمكى سۆزلەرنى يەشكىلى بولمايدۇ. نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقىلا بولۇپ، مەنىسىنى تەپسىلىي بىلگىلى بولمىغاچقا، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا مەنىسىنىلا تەرجىمە قىلىدۇ، خەتنى تەرجىمە قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغانلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىنى ئىككى ئاۋۇش بۆلىكىدە ئاتاپ، ئىشلەتكەندە بىرىنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇ خەنزۇ تىل-يېزىقىدىكى فونېتىكىلىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلەش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.




洛浦县乡土志·维文字母


洛浦县乡土志·维文字母

www.uyghurkitap.com

## جۇغراپىيەسى

لوپ ناھىيەسى شىنجاڭ ئۆلكە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 5004 چاقىرىم، خوتەن ئايمىقىنىڭ شەرقىدىن 75 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، شەرقىي كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغىچە، غەربىي جەنۇبى خوتەن ئايمىقىغىچە يېتىپ بارىدۇ، يۇرۇڭقاش دەرياسىدا چېگرالىنىدۇ، شىمالدا قۇملۇق چۆل-جەزىرە ئارقىلىق ئونسۇ چېگراسىغىچە بارىدۇ، ھازىر يول يوق. سۇ ۋە ئوت-چۆپ بولمىغاچقا مېڭىشقا بىئەپ.

ناھىيە ئۈچ مىڭلىققا بۆلۈنىدۇ (ئۇيغۇرلار 1000 ئائىلىنى بىر مىڭلىق دەيدۇ)، بىرى سامپۇل مىڭلىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا 23 كەنت قارايدۇ، كېرىيە ناھىيەسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن. يەنە بىرى ئاتالان مىڭلىقى بولۇپ ئۇنىڭغا 14 كەنت قارايدۇ. بۇنى خوتەن ئايمىقى ئايرىپ بەرگەن بولۇپ، ناھىيەنىڭ غەربىي زېمىنى ھېسابلىنىدۇ. گىجا كەنتىدىكى چوڭ ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر خوتەن بىلەن كېرىيەنىڭ كونا چېگراسى. يەنە بىرى تەۋەككۇل مىڭلىقى بولۇپ، بىر كەنت تۆت كىچىك كەنتكە بۆلۈنگەن. بۇندىمۇ خوتەن ئايمىقىدىن ئايرىپ بېرىلگەن، بۇ جاي يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تۆۋەن ئېقىندا بولۇپ، ئەتراپى قۇملۇق بىلەن ئورالغان، شىمالىي تەرىپى ئونسۇ چېگراسىغىچە بارىدۇ. يول يوق. ئۇنىڭ ئۈستىدىكە سۇ ۋە ئوت-چۆپمۇ يوق دېيەرلىك.

**ناھىيە يامۇلى.** گۇاڭشۇنىڭ 29-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنىشقا كەلگەن تاۋجېن ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى سارايىنى يامۇلغا ئۆزگەرتىپ ئالدى تەرىپىنى جەنۇبقا قارىتىپ سالغان. دەرۋازىدىن كىرگەندە كارىدورنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە يايىخانا، مىرزىخانا، تىلماچ ياتىقى قاتارلىق جەمئىي بەش ئېغىز ئۆي بار. پەلەمپەي لەمپىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ئىسكىلات ۋە بىر قاماقخانا بار، يۇقىرىسىدىكى ئىشخانا زالىدا ئىسسىتىش بۆلمىسى بار، زالنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر ئىشخانا ۋە بىر مېھمانخانا بار، ئارقا ئىشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چاسا رامكىلىق ئىشىكتىن ھويلىغا كىرگىلى بولىدۇ، ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ئېغىزدىن سوراقخانا ۋە سولاقخانا بار. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا ئۈچ ئېغىز

ئىچكى بۆلمە بار. ئارقا ئىشخانىدىن سول تەرەپتىكى ئۈچ مەھكىمە ئىشخانىسىغا، ئوڭ تەرەپتىكى ئاشخانا، ئات ئېغىلى قاتارلىق ئۈچ ئىدىغىز ئۆيگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئوڭ-سول ۋە ئارقىسى ئاھادە تام بىلەن ئورالغان.

**پاشاپ بەگ مەھكىمىسى.** گۈاڭشۈنىڭ 29-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىغاندا، كونا ئۆيلەرنىڭ ئالدىنى جەنۇبقا قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزەشتۈرۈپ پاشاپ بەگ مەھكىمىسى قىلىغان. دەرۋازىدىن كىرگەندە ئوڭ ۋە سول تەرەپتەئۈچ ئېغىزدىن يان ئۆيلىرى بار، يۇقىرىسىدا ئىشخانا زالى بار، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بىردىن ياتاق ئۆي، ئاشخانا ۋە قازناق بولۇپ ئۈچ ئېغىزدىن ئۆي بار.

**ئۆتەڭ.** دول ئۆتىڭى لوپ ناھىيە يامۇلنىڭ غەربىدىكى كوچىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، شەرقتىن بەش چاقىرىم ماڭسا لەڭگەر بار. 40 چاقىرىم جايدا بەشتوغراق ئۆتىڭى بار. غەربكە 75 چاقىرىم ماڭسا خوتەن ئايمىقىنىڭ ئاخىرقى ئۆتىڭى بار. ئاقتاش ئۆتىڭىنىڭ كونا ئورنى دول ئۆتىڭىنىڭ شەرقىدىن 75 چاقىرىم كېلىدىغان جايىدا ئىكەن. شەرقتىن 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايىدىكى يېڭەن لەڭگەر كېرىيە چېگراسى بولۇپ، شەرققە يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چىرا ئۆتىڭىگە بارىدۇ.

ھۆكۈمەت سارايلىرىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، بىرى ناھىيە يامۇلىنىڭ غەربىدىكى كوچىنىڭ جەنۇبىدا، گۈاڭشۈنىڭ 29-يىلى ئۆزگەرتىپ سېلىنغان. يەنە بىرى بەشتوغراق ئۆتىڭىدىكى كونا ئورنىدا.

**چوڭ بۇتخانا.** ناھىيە تەسىس قىلىشقا كەلگەن تاۋجېن گۈاڭشۈنىڭ 31-يىلى غەربىي كوچىنىڭ شىمالىغا سالدۇرغان بولۇپ، ئالدىغا دالدا تام سېلىنغان، ئىككى تەرەپتىكى سالاسۇنلۇق ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ، دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە «مۇقەددەس بۇتخانا» دەپ يېزىلغان. ئىشىكتىن كىرىشكە كارىدۇرنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا ئۈچ ئېغىزلىق بىر كورپۇستىن ئۆي بار. يۇقىرىسى پەلەمپەي بولۇپ چوڭ زالغىچە بارىدۇ. كورپۇس ئۆيلەرنىڭ چاسا رامكىلىق ئۈچ ئىشىكى سىرتقا ئېچىلغان، زالدىكى تەگلىك ئۈستىگە ئۆرە بۇت قويۇلغان، تەگلىكنىڭ ئالدىغا ئىسرىق قويىدىغان شىرە بولۇپ، ھەر يىلى تاۋاپ قىلىنىدۇ ۋە مۇبا-

www.uyghurkitap.com

رەكلىشىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈزدە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. پىر ئۇستاز كۈڭزى، ۋېنچاڭ، گۇەندىيلارغا ئاتاپ چوڭ زالدا تەزىيە تاختىلىرى قويۇپ تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈزدە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەجدەر ئىلاھى، شەھەر ئىلاھى تەزىيە تاختىلىرىمۇ ئوڭ ۋە سول يانغا قويۇلغان بولۇپ، تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈلىدۇ. يەر مۇئەككىلى، ئاشلىق مۇئەككىلى، دېھقانچىلىق پىرى، ئاسمان ئىلاھى ۋە يەر ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزگەندە نەزىر-چىراغ سۇپىسى ياساپ تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

**سەييارە مىرشاپ قاراۋۇلخانىسى.** ناھىيە تەسىس قىلىشقا كەلگەن مۇۋەققەت ئامبال گۇاڭشۈنىڭ 30-يىلى يېڭىبازار، تەۋەككۇل كەنتلىرىدە سەييارە مىرشاپ قاراۋۇلخانىسى تەسىس قىلىپ، ھەر بىر قاراۋۇلخانىغا بىردىن ھەيئەت، بەشتىن مىرشاپ چېرىك قويغان.

مەكتەپ. گۇاڭشۈنىڭ 32-يىلى مۇۋەققەت ئامبال يەن تىڭكۈي ناھىيەنىڭ شەرقىي كوچىسىدا پۇقرانىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر ئوقۇتقۇچى، 14 ئوقۇغۇچى بىلەن مەكتەپ ئاچقان.

**خەير-ساخاۋەت سېڭى.** گۇاڭشۈنىڭ 29-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا خوتەندىن زاپاس ئاشلىقتىن 340 نەچچە دەن قوناق، كېرىيەدىن 800 دەن قوناق يۆتكەپ بەرگەن بولۇپ، تاپشۇرۇۋېلىش-تارقىتىشقا دۆلەتمەن ئۇيغۇرلاردىن قويۇپ، ساڭنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆسۈم قوناقتىن ئۇنىڭ راسخوتلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، قالغىنىنى يىل ئاخىرىدا ناھىيەدىكى يېتىم-يېسىرلارغا نەپىقە ۋە قۇتقۇزۇش ئاشلىقى قىلىپ بېكىتكەن. ھېساباتتا جەمئىي 1200 دەن قوناق ساقلانغان.

**جامائەت سېڭى.** گۇاڭشۈنىڭ 29-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، خوتەن، كېرىيە تەۋەسىدىن سامپۇل، ئاتلان، تەۋەككۇل مىڭلىقلىرىغا جەمئىي ئۈچ مىڭ دەن ئاشلىق يىغىلغان. ھەر بىر مىڭلىقتا بىردىن ساڭ قۇرۇپ 10 ماددىلىق ساڭ قائىدىسى، تامغا ۋە ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇلغان، يىللىق دائىملىق خىراجەت، يەرلىكنىڭ خەيت-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلەتكەندىن سىرت، دىڭمۇ يىلى ھېسابات قىلغانغا قەدەر تىزىملىكتە 10 مىڭ دەن ئاشلىق زاپىسى قالغان. 10 ماددىلىق ساڭ قا-

ئىدىسى مۇنداق بولغان : 1)باشقۇرۇشقا بىر ئادەم تاللاپ قويۇش؛ 2) قە-رەللىك ھالدا كىرىم قىلىش ۋە چىقىم قىلىش؛ 3) ئاشلىق ئۆسۈمىنى كېلىشىپ ئېلىش؛ 4) ياخشى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ياخشى ساقلاش؛ 5) يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش؛ 6) دەپتەر خاتىرىسى-نى قاتتىق تەكشۈرۈش؛ 7) چىقىم قىلىشنى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش؛ 8) ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىشنى چىڭ تۇتۇش؛ 9) ساڭنى رېمونت قىلىپ ئىشلىتىش؛ 10) قاقتى-سوقتى قىلىشنى قاتتىق مەنئى قى-لىش. بۇ 10 ماددا يامۇلنىڭ ئومۇمىي رىسالىسىگە خاتىرىلەنگەن بو-لۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا تاختىغا ئويۇپ ھەر قايسى ساڭلارغا ئېسىپ، ئۇزاق داۋام ئەتتۇرۇش نىيەت قىلىنغان(ھەر قايسى ماددىلارنىڭ يەشمىسى بەك كۆپ بولغاچقا، خاتىرىگە ئېلىنمىدى).

**مۇساپىرلار زاراتلىقىدىكى قەبرە تېشى يادنامىسى.** ۋاڭ ۋېنـ-چېڭنىڭ «قەبرىستانلىقتىكى نەزىر-چىراغ» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاستانە يولىدىكى چوڭ شەھەردىمۇ مۇساپىرلار زاراتلىقى بولماي قالمايدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئادەم ئىچ ئاغرىتماي تۇرالمايدۇ. لوپتا يېڭىلا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا خەنزۇلاردىن سودا-سېتىق بىلەن بۇ يەرگە كۆ-چۈپ كەلگەنلەر بارغانسېرى ئاۋۇپ، يەن شىگۇنىڭ شەرھىسىدە ئېيتىلغى-نىدەك «تولۇمغا ئۇلۇغ سۇ كېرەك، بۇددا دىنىدا مېيىت كۆيدۈرۈشكىمۇ ئۇ-لۇغ ئوت كېرەك» يەنى يىراقتىن كۆدە-كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان يېرى بولمىسا بولمايدۇ. ئەگەر ياردەملىقنى تىنـ-دۇرۇپ، يەر ئاچمەن دەپ لالما ئىتلارغا يەم بولۇپ كەتسە، قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىمىز بۇزۇلماي تۇرساق ئادەمگەرچىلىك بولامدۇ؟

گۇاڭشۇنىڭ 31-يىلى مۇۋەققەت ئامبال تاۋجېن جۇن يۇگېڭنى پۇل ئىئانە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ، سودا مۇپەتتىشى ياڭ باۋلىننى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ، شەھەرنىڭ غەربىي چېتىدىكى دۆڭلۈكنى سې-تىۋېلىپ، ئەتراپىغا قورشاپ تام سېلىپ ئىچىگە كەپە ياساپ ئېخۋا يۈەن(鹅花园 مۇساپىرلار باغچىسى) دەپ نامى يېزىلغان بۇ جاي، كۆپچى-لىكنىڭ ئۆملۈكتە كۈچ چىقىرىشى بىلەن پۈتكەچكە، ئەل ئارىسىدا نامى ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن تاشقا يادنامە ئويۇلغان.

**شياڭخۇا شىپىڭى ئابىدىسى.** شياڭخۇا شىپىڭى گۇاڭشۇنىڭ 32-يىلى خې بولۇڭ كېرىيەنىڭ ئامباللىقىغا يۆتكەلگەندە بېغىشلىنىسى-

نى يازغان، ياڭ باۋلىن، سۈي شۈمىڭلار خەتنى قەدىرلەش ئۈچۈن بېغىش-
لىمىنىڭ ئاستىغا ئىسرىقلاش سۇپىسى سالدۇرغان. لوپتىكى سودىگەرلەر
ۋە خەلق ئۇنى ياد ئېتىپ بەس-بەستە سىلىپ پۈتكۈزگەن. «مۇسۇلمانلار
ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش» دېگەن بېغىشلىمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەلنىڭ
كۆڭلىنى مايىل قىلىش چېگرا رايوندىكى پۇقرالارنى تەسىرلەندۈردى، ئۇ-
زىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئامبىلى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلگەنلەر مۇشۇ يۇرت
ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پايدىسىز ئىشلارنى تۈگۈتۈشكە
دائىر خەت-ئالاقىلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ،چارچاپ جۈدەپ كەتتى. تۇغ-
قانلار ئەخلاق مىزانى تەربىيەسىنى سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ يەردە قالماس-
لىقىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ. دىيانەتلىك ئەمەلدارلارنى ياد ئې-
تىش يۈزىسىدىن پۇقرالار بۇ شىپاڭنى تاشلاپ قويمايدۇ.»

**تەرەپ ئىلاھى بۇتخانىسى ئابىدىسى.** بۇ بۇتخانىدا دۇئانىڭ ئى-
جابەت بولۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭغا داڭ كەتكەنلىكى ھەممە كىشىگە ئا-
يان. لوپتا ناھىيە تەسىس قىلىنغانىدا خەنزۇلار خۇددى چۇمۇلىدەك بۇ
ئىبادەتخانىغا ئولاشقان. تېبابەتچىلىك — دورىگەرلىك تېخى يولغا قو-
يۇلمىغان بولغاچقا، يازنىڭ ئىسسىقى ۋە قىشنىڭ سوغۇقىدا ئاغرىق
تارتىپ قالسا دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغانلار يىراقلاردىن بۇ بۇتخانىغا كې-
لىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن جامائەت بىردەك قوشۇلۇپ، پۇل ئىئانە
قىلغۇچىلارنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى تەنتەنە بىلەن شىپڭنىڭ سول تەرد-
پىگە ئويۇپ مەڭگۈلۈك يادنامە قىلىشقان بولۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ئەستە
ساقلىشىغا قالدۇرۇلغان.

**يارلىق تەبلىغ مۇنبىرى.** گۇاڭشۇنىڭ 33-يىلى 9-ئايدا مۇۋەققەت
ئامبال خۇچىڭيۈەن 16 ماددىلىق يارلىقنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يارلىق-
نى شەرھىلەپ ئوقۇشلۇق قىلىپ 10 مىڭ سۆزلۈك نۇتۇق تېكىستىنى تۈ-
زۈپ، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىنى بىرلەشتۈرۈپ كىتابچە قىلىپ مەكتەپكە
بىردىن، شاڭيۈلارغا بىردىن تارقىتىپ بەرگەن. ئۇلارنى قولدىن قولغا
ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشكە، بىلمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەر بىرىنى بىر قانچە
پارچىدىن كۆچۈرۈشكە بۇيرۇغان. يەنە لوپ، يۇرۇڭقاش، سامپۇل بازارلى-
رى، ھاڭگىيا، تەۋەككۇل كەنتلىرىدە جەمئىي بەش ۋەز-تەبلىغ سەھنىسى
ياساشقا ياردەم بېرىپ، جامائەتچىلىككە خەنزۇچە بىلىدىغان موللىدىن
بىرنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئومۇمىي يەشمىنى پىششىق ئوقۇتۇپ،

راۋان جاۋاب بېرەلىگەنلەرگە ئايلىق مائاش ئاشلىق بەرگەن. بۇ موللىلار جايلارنىڭ بازار كۆنلىرىدە سەھنىگە چىقىپ ئومۇمىي يەشمىدىن ئېھتىرام ۋە ئېھتىيات بىلەن ۋەز ئېيتقان. چېگرا رايوندىكى پۇقرالارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ياخشى خۇلقلۇق كىشىلەردىن بولۇپ چىنىقشقا يېتەكلەشكە بىرەر ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن ھەر ئايدا ئىككى-ئۈچ كىشىدىن سوئال سوراپ، ئومۇمىي مەزمۇننى دەپ بېرەلىگەنلەرگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەھۋالغا قاراپ مۇكاپات بېرىلگەن.

## بازار، ئۆتەڭلىرى

يۇرۇڭقاش بازىرى (玉龙哈什八栅) ناھىيەنىڭ غەربىدىن 60 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا «玉龙街赤» (يۇرۇڭجاچ) دېگەن يەر نامى ئۇچرايدۇ. خانىدانىمىز خوتەندە ئالتە شەھەر تەسىس قىلغاندا يۇرۇڭقاش شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، خوتەن ئايمىقىدىن ئايرىپ بېرىلگەن. لوپ بازىرى — يەنى ھازىرقى ناھىيە مەركىزى، كېرىيە ناھىيەسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن. سامپۇل بازىرى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كۆچكەن كەنتىدە بولۇپ، كېرىيە ناھىيەسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن. يېڭى بازار ناھىيەنىڭ غەربىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، بۇنىمۇ كېرىيە ناھىيەسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن. لەڭگەر ناھىيەنىڭ شەرقىدىن 35 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جاي ئىسمى يوق. بىرى بەشتوغراق ئۆتىڭىنىڭ شەرقىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ ئىسمى يېكەن، يەنى كېرىيە بىلەن چېگرالىنىدىغان جايدا. چوڭ قۇمات ناھىيەنىڭ جەنۇبىدىن 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، يەنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ناھىيە چېگراسىغا كىرىدىغان جايىدا. كىچىك قۇمات ناھىيەنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، بۇ جاي ساپلا قۇملۇق. دەريا قاشتېشى چىقىدىغان بولغانلىقتىن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تاش كولىغۇچىلار كۆپ. قۇم دۆڭلەرنى بويلاپ بۇلاق بار يەرلەرگە ئۆيلەرنى سېلىپ، كۆچەت تىكىپ، تاش كولىغۇچىلارنىڭ قونالغۇسى قىلىنغان.

**تاغلىرى.** تېكىلىك تېغى ناھىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. تاغ تىزمىلىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلىغان، قاتتىق تاغ جىنسلىرى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئۇستىدە دەل-دەرەخلەر يوق، تاغ تۈۋىدە ئىككى كىچىك بۇلاق بار بولۇپ، شىمالغا ئاقىدىغان بىرسى

لەڭگەرگە، يەنى بىرى بەشتوغراق ئۆتەڭگە ئېقىپ بارىدۇ.

**دەريا-ئېقىنلار.** يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسى قۇرۇم تېغىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ مۇز تاغنىڭ تۇۋىدىن باشلىنىدۇ. بۇ يەردە كەڭلىكى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان كۆل بار. كۆلدىن ئىككى ئېقىن باشلىنىپ بىرى شەرقتىن شىمالغا، يەنە بىرى غەربتىن شىمالغا قىيپاش ھالدا 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئېقىپ، ناھىيەنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قۇماتتا ئۇچرىشىپ تەۋەككۇلغا بارغاندا خوتەن دەرياسىغا قوشۇلۇپ، قۇملۇقنى باغىرلاپ شىمالغا ئېقىپ ئۇنسۇ تەۋەسىدىكى چارچىنىڭ جەنۇبىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دەريالار بىلەن قوشۇلۇپ، شەرققە ئېقىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

بىزلىيا سەككىز كەنت ئۆستىڭى شەرقتىكى بىزلىيا، سەيناجۇ، خەيخۇر، ئىلدام، لەڭگەر، چاقماق، كۆچكەن كەنتلىرى ۋە شىيا كەنتىدىكى ئېگىز يەرلەرنى سۇغىرىدۇ.

دول سەككىز كەنت ئۆستىڭى شىمالغا ئېقىپ قاناق، قابا، لاۋا، لوپ، چاپان، راخمانپور، دول، شىيا كەنتلىرىنى سۇغىرىدۇ.

گىجا يەتتە كەنت ئۆستىڭى شىمالغا ئېقىپ گىجا، بامىيا، ئايماق، ھاڭگىيا، كۆكمەت، چاۋاغ، جىمىيا كەنىتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بۇلاق سۇلىرى بولۇپ بىر قانچە ئېرىقلارغا ئايرىلىپ ئاقىدۇ.

ئاتلان مىڭلىقىدا بىر ئۆستەڭ، ئىككى ئېرىق شىمالغا ئېقىپ: باشئاتلان، ئاياغئاتلان، باش چالمىيا، ئاياغ چالمىيا، قىجىيا، يۇقا قۇيۇش، تاڭمۇچىناي، مىخنىيا، تامئېغىل، سولۋا، ناغرىچى، كۇچۇ، باشجىمىيا ۋە ئاياغ جىمىيا كەنتلىرىنى سۇغىرىدۇ.

تەۋەككۇل مىڭلىقى ئىچكى جەھەتتە تۆت كىچىك كەنتكە ئايرىلغان بولۇپ ئىككى ئۆستەڭ بورازان، قاقشال، يۇرۇڭقاش، ئاتبېشى كەنتلىرىنى سۇغىرىدۇ، ناھىيەنىڭ ئېتىزلىرى تۇپتۇز كەتكەن بولۇپ، پەقەت بىرلا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۇيى بىلەن سۇغىرىلىپ، دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ سايە تاشلايدۇ. ھەر قايسى كەنت (ئاھالىلىرى) ئېرىق بويلاپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ئېرىقلار كەنتنى يېقىن چۆرىدىگەن ، بولۇق ۋە كۆركەم دەرەخلەرمۇ مۇشۇ ئېرىقلاردىن سۇ ئىچىدۇ، بۇلاق سۇلىرىمۇ راۋان ئېقىپ تۇرىدۇ. تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە دەرەخلىرى كۆپ بولغاچقا، پىلە بېقىلى-

دۇ. ئېرىقلارنىڭ ئايىغى چىقىدىغان يەردىكى ئۆت-چۆپلۈك كۆل بويلىرىدا مال باقىلى بولىدۇ، لېكىن كۆپ باقىلى بولمايدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سەككىز مەنزىرىسى①

يىلان باغرى قاشتېشى دەرياسى، تۆمۈر چوققا مەنزىرىسى، قاتمۇ - قات ئۇجمىزارلىق، ئېسىل قاشتېشى، ئالتۇنرەڭ قۇملۇق، قايىللىق، ئاي شولىسى بۇلاق سۈيىدە، ئۇپۇققا تۇتىشىدۇ چىلان تۇپراق.

## 1-تېكىست

ئوقچىسا پەسكە بۇلۇتلۇق چوققىدىن ئەگىز سۇلار،
سۇ، بۇلۇت مېھرى كۆكۈللۈك دوستلارغا دەل تەققاسلىنار.
بەگ - ئەمەلدار ئوتۇغاتلىق تاجىسىدا خۇش چىراي،
يولدا كارۋان، كەڭ ئۇپۇق زەپمۇ سۈزۈك-ئۇز كۆرۈنەر.
توپ بولۇپ ئەل بېرىشەر دوستلۇق سالىمى، بۇ يوسۇن،
دوست - يارانلىق ئەل - جامائەت، شاۋقۇن - سۈرەنلىك يۇرۇشەر.
قۇملىرى ھۇشقۇتسا دەريا قىرغىقىنىڭ گاھىدا،
پەسلىگەن دولقۇنغا تەڭكەش، مۇڭسىمان ناخشا كېلەر.

## 2-تېكىست

تاغ ئارا پەسكە نەزەر سالساڭ يېشىللىق مەنزىرە،
كارىدور ھاسىل قىلىپ سىڭگەن شەپەق ئىچرە بۇلۇت.
ئۆتسە لەرزان يەلپۈتۈپ تال-نوتىلارنى شوخ شامال،
سايىسىدا كۈن نۇرى كۆرۈنەر روشەن، تۇتۇق.
خۇددى ئالتۇن رەڭگە كىرگەن كەڭ ئېتىزلار - كەڭ دالا،
ئۇندىكى بارچە زىرائەت ئايىنىغان بەكمۇ بولۇق.
ئۇچۇشۇپ ئوينايدۇ قارلىغاچ پەنجىرە ئالدىدا گاھ،
كۈنگە باققان ئۆي-ئىمارەت تاملىرىدا ئىس قويۇق.

① بۇ لاڭتاۋشا — «قاشتېشى دەرياسى توغرىسىدا سەككىز نەزم» چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە لوپ ناھىيەسىدە پۇتۇكچى-كاتىپ بولغان ياڭ پىجۇنىڭ شېئىرى بولۇپ «گۆھەر زېمىن — خوتەن»(خەنزۇچە)ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. تەرجىمىسى شۇ ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە ھەم «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — ھېكايەتلەر» قىسمىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ يەردە تەزكىرە ئاپتورى ئۆز مۇقەددىمىسىدە ياڭ پىجۇنىڭ پۇتۇكلىرىدىن تاللاپ ئىشلەتتىم دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. بۇ سەككىز نەزم ياڭ پىجۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر (ت).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 3ـ تېكىست

سۇردى بىخ ئۇجمە، پىلە باقماقتا ھەممە ئالدىراش،
ئاتىغان چوكان ـ جۇۋانغا ھەر شاخ ـ غازاڭلار ئۈزنى.
نۇرغا كۈننىڭ چۆمۈلگەن كەڭ ئېتىزلار تاڭ سەھەر،
دېگۈلۈك زىبا بەدەن، چوكان ـ جۇۋاننىڭ ئۈزنى.
كۆتۈرۈپ سېۋەت ئۇلار كېلىشىپ ھەم كېتىشەر،
يەلپۈتۈپ ئۆتسە شامال بۇ يۇرت دالاسى ـ تۈزنى.
چىڭ گىرە سالغان گويا مېۋىلىك نوتا ـ دەرەخ،
تون كىيىپ ئورمان بىلەن سۆزلەشكە شېرىن سۆزنى.

### 4ـ تېكىست

بەك غۇۋا قۇملۇق، مارايدۇ ئاي بۇلۇتلار كەينىدىن،
ئوي ـ تەپەككۇر ئالدىدا تۇرماقتا زەنگەر قاشتېشى.
قانۇ تەر سىڭگەن ئۇنىڭ ھەر سەپەر ـ ھەر يولىغا،
قارغىلار ئاخىر قاقىلداپ، ئۆرتەندى بەكمۇ ئىچ ـ ئىچى.
ئىلكىگە ئۆتكەندە تۈننىڭ ئەتراپ، چىراغلار نۇرلىنىپ،
چەشمە ئاقتى، سۇس شىۋىرلاپ سۆزلىگەندەك بىر كىشى.
شۇندا بىز يۇردۇق ئېلىپ يۈك، ئىنتىلىپ مەنزىل تامان،
ئارقىمىزدا بۇقسۇغان چاڭلار قىلىشتى شۇ پېتى.

### 5ـ تېكىست

چۆل سوزۇلغان ئالدىمىزدا، قاتمۇقات قۇم ئۆركىشى،
تەستە يۆتكەلدى قەدەملەر، يول ئۇزۇن قالدۇق ھېرىپ.
چىڭقىچۇش ـ تەشنائى لەب، يەتكەندە كۆلنىڭ بويىغا،
ئوي ـ خىيال سۇرگەنچە بىز، يىدۇق غىزا ـ ناننى ئېلىپ.
نېرىدا ئالۋۇن جىمىرلار ئاجىزغىنە دولقۇن كەبى،
كىشىگە گوياكى شايى ئەگمىدەك بىر روي بېرىپ.
ئەجدىھانىڭ ئارقىنىغا ئوخشىغاي قۇملۇق يولى،
قالدى شائىرمۇ ئۇنىڭ تەسۋىرىگە ناقىس كېلىپ.

**6ـ تېكىست**

تولدۇرۇپ دەريانى، ئاقتى ئەگىز سۇيى پەسكە قاراپ،
ئەگمىدە ھاسىل قىلىپ قاينام، بەئەينى ھۆركىرەپ.
قىلغىنىدا ھەممىنى قايىل ئۇنىڭ جاسارىتى،
كۆك بىلەن بوي تالىشار بۇزغۇن ناگاندا ئەركىلەپ.
ئاقىدۇ ئايلاپ ئاشۇنداق، سۆيۈشۈپ قىرغاق بىلەن،
يولبويى ئېيتقان كۈيۈمگە تەڭكەش بولۇپ، ھارماي ئەجەب.
بىر تاساددىپتا يىقىلغان قىرغىقىدا مەن شۇ كۈن،
دەستىسىنى قەلەممىنىڭ دەپتىمەن، قاشتاش ـ سەدەپ.

**7ـ تېكىست**

كۆك قۇملارنى كۆرستىدۇ بۇلاق سۇيى ئەكسىدە،
بولغىنىدەك ئايان شېرىن ـ تاتلىق چاغلار يېڭىدىن.
مەشۇت تالاش ئاۋازلىرى تۇشمۇتۇشتىن ئاڭلىنار،
دەستىخاندا ساھىبخانا كەتمەس مېھمان يېنىدىن.
چىن سۆيگۈنىڭ بۇ كۈيىنى سۇ شاۋقۇنى باسالماس،
يالتىرايدۇ جۇلالىنىپ قاشتاش نۇرىنىڭ تېگىدىن.
ئولتۇرۇشتۇق قاپاق تېرەك تۈۋىدە بىز جۈپ بولۇپ،
ئېلىپ ھۇزۇر سۇ يۈزىگە چىققان تاشنىڭ رېڭىدىن.

**8ـ تېكىست**

يېتىپ كەلسە مەمۇرچىلىق پەسلى چېگرا يۇرتىغا،
كەڭ ئېتىزلار باغرىنى كەزدى ھوسۇلنىڭ شادلىقى.
ئىس ـ تۈتەك تالۇ سۆگەتلەر ئۈچىغا بولغان پوتا،
ئۈچۈشار كۆكتە يىراققا تۇرنىلارنىڭ بارلىقى.
يېيىلىپ ئوتلايدۇ قوي ھەم كالىلار توپ ـ توپ بولۇپ،
ئەكسىدە، نۇرنىڭ ئېكىنزار، ھەر ئۆيدە دىللار شادلىقى.
بۇنچە نېمەت ئالدىدىن كەتكۈسى كەلمەيدۇ، بەس،
كەينىدە قالغاي كۆزى، كەلگەندە مېھمان ئاتلىقى.

سەككىز تېكىستلىك ئەگىم ئاھاڭلىق لاڭتاۋشا بىلەن يۇرۇڭقاش

www.uyghurkitap.com

دەرياسى ھەققىدە سەككىز نەزم يېزىلغان. ئۇ يەر يۇرتىدىكى مەشھۇر جايلار قاتارىغا قويۇشقا يېتەلمىسىمۇ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن سۈيى ئېسىل تاشلارغا قۇچاق ئاچقان، ئېقىنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. قاشتاشلىرى جۇلالىق. ئاسمان-زېمىن جەۋھەرلىرى ئىچىدە ئىزى ئۆچمەسلىرى بار دېيىلسە، ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ گۈزەللىكىدۇر. يالغۇز يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ گۈزەللىكى دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، گۈزەل قاشتېشىمۇ بار ئەلۋەتتە.

**يوللىرى.** شەرقتە يېكەن لەڭگەردىن غەربتە يۇرۇڭقاش دەرياسىغىچە بولغان جەمئىي 180 چاقىرىم؛ جەنۇبتىكى چوڭ قۇماتتىن شىمالدىكى كىچىك قۇماتقىچە 90 چاقىرىم، تەۋەككۇلدىكى قوشلاش ئېغىزىغىچە 350 چاقىرىم.

ناھىيەدىن غەربكە 30 چاقىرىم يۇرسە يېڭىبازارغا بارىدۇ. يەنە 30 چاقىرىم يۇرسە يۇرۇڭقاشقا بارىدۇ، يەنە 15 چاقىرىم يۇرسە خوتەن شەھىرىگە بارىدۇ.

ناھىيەدىن شەرققە 35 چاقىرىم يۇرسە لەڭگەرگە بارىدۇ. يەنە 40 چاقىرىم يۇرسە بەشتوغراق ئۆتىڭىگە بارىدۇ. يەنە 40 چاقىرىم يۇرسە يېكەن لەڭگەرگە — يەنى كېرىيە ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدىغان جايدىكى چوڭ يولغا چىقىدۇ. ناھىيەدىن شىمالغا 30 چاقىرىم يۇرسە كىچىك قۇماتقا، يەنى دەريا قاشتېشى كولايدىغان جايغا بارىدۇ. قۇملۇق ئېگىز-پەس سوزۇلغان بولۇپ ئۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ.

ناھىيەدىن جەنۇبقا 40 چاقىرىم يۇرسە سامپۇلغا بارىدۇ، يەنە 50 چاقىرىم يۇرسە چوڭ قۇماتقا بارىدۇ. بۇ جاي خوتەن ئايمىقى بىلەن چېگرالىنىدىغان جاي بولۇپ پاسىل گۈندىسى ئورنىتىلغان، ئۇلاغ بىلەن يۇرىدۇ.

يۇرۇڭقاشتىن شىمالغا دەريانى بويلاپ يۇرسە تەۋەككۇلغا بارىدۇ. شەرقتىن جەنۇبقا 260 چاقىرىم يۇرسە سامپۇلغا بارىدۇ. يەنە 80 چاقىرىم يۇرسە چوڭ قۇماتتىكى توساققا بارىدۇ. 90 چاقىرىمى ساپلا كىچىك يول، ئات-ھارۋا ماڭىدىغان يوللاردىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۆرلىگەن چاغدىلا كېچىكتىن كېمە بىلەن ئۆتكىلى بولىدۇ. قىش ۋە ئەتىيازدا دەريادا سۇ ئاز بولۇپ، ئات-ھارۋىلار كېچىپ ئۆتەلەيدۇ.

## تەبىئىي نەرسىلىرى ۋە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى

**ھايۋانات:** كالا، قوي، تۆگە، پىلە.

**ھايۋاناتتىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار:** كالا-قويلارنىڭ تېرە ۋە يۇڭلىرى، پىلە، يىپەك، گىلەم ۋە كىگىز.

**ئۆسۈملۈكلىرى.** پاختا، بۇغداي، قوناق، مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز، زىغىر.

**ئۆسۈملۈكلەردىن ياسىلىدىغان مەھسۇلاتلار:** رەخت، ئۇجمە قەغىزى، يىپ ئەدىيال، سۇ يېغى.

**مىنېرالىرى:** دەريا قاشتېشى، مىنېراللاردىن ياسىلىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى ياسايدىغان يەرلىك ئۇستا يوق.

## سودا ئىشلىرى

ناھىيەنىڭ تەبىئىي نەرسىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، قوناق يەرلىك خەلقنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگىلا كېتىدۇ. يىپەك كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلات. ئۇنىڭدىن قالسا پاختا، ئۇنىڭدىن قالسا سۇ يېغى بولۇپ، ئايرىپ ساتىدىغان يەر يوق. قالغانلىرى دائىم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار. دەريا قاشتېشىلا ئالاھىدە مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىي دەرىجىلىكنى تاپماق تەس بولسىمۇ، ناھىيەنىڭ شىمالىدىكى كىچىك قۇماتىنىڭ سېيىدا كىشىلەر خالىغانچە كولايدۇ. باجمۇ ئېلىنمايدۇ. يەرلىكتە بۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ سودىگەرلەر يوق. تۆرلۈك مەھسۇلاتلار خالىغان يەردە سېتىلىدۇ. پەقەت پىلە بىلەن پاختىنى يېقىنقى يىللاردا چەت ئەل سودىگەرلىرى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى يۆتكەپ كېتىدىغان بولدى. يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاشلىق ئاھالىنىڭ يېمىكىنى قامدىيالمىسا كېرىيە، گۇمىلاردىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

**ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن**
تەرجىمىسى
**مەتكېرىم ئىسمايىل**

تەزكىرە ئىچىدىكى شېئىرلارنى **ئابدۇللا سۇلايمان** تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى

(1908-يىلى)

## تارىخى

### يۇرتنىڭ تارىخي ئۆزگىرىش ئەھۋالى

تەكشۈرۈشىمىزچە، كېرىيە ناھىيەسى گۇاڭشۈنىڭ 9-يىلى (1884-يىلى-ت)دىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ناھىيە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى تارىخنىڭ جوۋ، چىن سۇلالىلىرى زامانىسىدىن ئىلگىرىكىسىگە دائىر يازما مەنبە بولمىغاچقا ئېنىقلىغىلى بولمىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ شياۋ ۋۇدى (خەن ۋۇدى-ت) زامانىسىدىن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارغاندىن باشلاپ «ئۇدۇن» (于阗) دېگەن بۇ نام تارىخي كىتابلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۈەنزاڭ ئاغزاكى بايان قىلغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نى خاتىرىلىگۈچى بيەنجى راھىپ «ئۇدۇننى ھۇنلار ئۇدۇن (于遁)دەيدىكەن، خورلار قوردان (豁旦) دەيدىكەن، ھىندىستانلىقلار چۇدەن (屈丹)دەيدىكەن، ئاۋام تىلىدا خۋامنا(涣那) دەيدىكەن، ساذسىكرىت تىلىدىكى كىتابلاردا گوستانا (瞿萨旦那) دەيدىكەن، بىزنىڭ تىلىمىزدا ‹يەر كۆكسى› دېگەنلىك بولىدىكەن» دەپ يازغان. يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا «ئۇدۇن» دېيىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كېرىيەنى ئەمەس بەلكى بۈگۈنكى خوتەننى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى يۈتيەن (于阗) كېرىيەدۇر. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە كېرىيەنى قەدىمي ئۇزۇنتات (捍弥) دېگەن (قەدىمكى نېڭمىي (宁弥) مۇ دېيىلگەن، «كېيىنكى خەننامە»دە كۈمىي(kumidh (拘弥) ، دېيىلگەنئېھتىمال قەدىمكى يول ئارىش (成卢国) ئېلى بىلەن بىر لىنىيەدە، مۇھىم يول تۈگۈنىدە بولغان. ھازىرقى ناھىيە چېگراسى 3000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقىقچە سوزۇلغان بولۇپ، قەدىمكى

چەرچەن (ناھىيەنىڭ ئەڭ شەرقىدە، چەرچەن 《卡墙》 دەرياسى بار، ھا-
زىر ئۇ يەرگە بارغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى چەرچەن دەرياسى دېيىشى-
دۇ)، ئۇمىي (كۇمىي)، يول ئارىش، كىچىك پەركان(ئەندىرە)، چىرالارنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (ھازىر ناھىيەنىڭ غەربىدىكى چىرا كەنتىدە ئۆتەڭ
بار بولۇپ، چىرا ئۆتەڭى دەپ ئاتىلىدۇ). بۇ ئەللەرنىڭ جايى، شەھەر
قەلئەسى بىلەن تەڭ قۇم دېڭىزىغا غەرق بولغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە
بۇ سەلتەنەتلەرنىڭ بىر سىمۇ يوق.

«خەننامە» گە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا: «چەرچەن ئېلىنىڭ مەر-
كىزى چەرچەن شەھىرى، ئۇزۇنتات ئېلىنىڭ مەركىزى ئۇزۇنتات شە-
ھىرى، يول ئارىش ئېلىنىڭ مەركىزى بىپىن شەھىرى، كىچىك پەركان
ئېلىنىڭ مەركىزى ئۇزۇنتاتراڭ (捍零) شەھىرى، چىرا ئېلىنىڭ
مەركىزى جەندىل شەھىرى» دېيىلگەن. ئەينى زاماندا ھەممىسىدە خان،
ۋەزىرلەر بولغان. جۇڭگو بىلەن ئالاقە يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى
ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. ھۇنلارنىڭ غەربتىكى باتىسقانى چا-
كارلار كاھىبىگى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە ھۆكۈمران-
لىق قىلىپ، باج-سېلىق ئالغان. بۇ ئەللەردىن ئۇزۇنتات خانلىقىلا
چوڭراق بولۇپ، ئاھالىسى 3200 تۈتۈندىن ئارتۇق. قالغانلىرىنىڭ 100
نەچچە تۈتۈن ياكى نەچچە يۈز تۈتۈن بولغان. كىچىك پەركان، يول ئا-
رىش، چىرالار جەنۇبتا — چوڭ يولدىن چەتتە بولغاچقا، تارىخنامىلەردە
ئىسمىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. سۇترىشانا سانغۇنى پەرغانىغا جازا يۈ-
رۈشى قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت ئىچكىرىگە قاراشلىق بولغان.
خەنۇۋدىدىن باشلاپ چېرىكچى بەگ قويۇلغان. شۈەندى خان دەۋرىدە جېڭ
جى باتىسقانىنىڭ ئەل بولۇشىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ، چاكارلار
كاھىبىگى مەھكىمىسى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. خەن
سۇلالىسىنىڭ بېشىدا ھۇنلار چاكارلار كاھىبىگى تەسىس قىلغان. ئاجىز-
لىشىپ ئۆزئارا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ۋاڭ ماڭ مالىمانچىلىقىدا غەربىي يۇرت
ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كەتكەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ
جيەنۇۋ يىللىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تاشقى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگۈ-
دەك ھالى قالمىغان. يەكەن خانى شەن كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەن باشقا خان-
لىقلارنى يوقىتىپ، كۇمىي خانلىقىنىمۇ ئىككى قېتىم ئىشغال قىلغان.
جيەنۇۋنىڭ 4-يىلى ئۇدۇن خانى گۇاڭدې ساكارا ئۇل (يەكەن) خانى شەن-

نى ئالداپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىش، جازا يۈ-رۈشى قىلىش باشلىنىپ، كىچىك پەركان، يول ئارىش، چەرچەنلەر پىشامشان خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، چىرا ئۇدۇن خان-لىقى تەرىپىدىن بىرلىككە كەل-تۈرۈلگەن. شەرقىي خەن سۇلالى-سىنىڭ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى-گە قارايدىغان بولساق، پەقەت كۇ-مىيلا (كېرىيە) بار. جىيەنۋۇ يىل-لىرىدىن يەنگۇاڭ يىللىرىغا قەدەر غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ، ئۈچ قېتىم ئەسلىگە كەلگەن. شۇندى خانىنىڭ يۈڭجيەن 4-يىلى ئۇدۇن خانى فاڭچيەن كۇمىي خانى شىڭنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى خان قىلغان. ياڭجيانىڭ 1-يىلى دۇن-خۇاڭ ۋالىيسى شۈيوۋ سۇلې خانى پەننى ئەۋەتىپ، ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلىپ، كۇمىي خانى شىڭنىڭ جەمەتىدىن بولغان چىڭگو (چو-سات)نى كۇمىيغا خان قىلغان. لىڭدىي خانىنىڭ جياپىڭ 4-يىلى ئۇدۇن خانى ئەنگو (دۇم) كۇمىيغا ھۇجۇم قىلىپ خانىنى ئۆلتۈرگەن. تىركەك چېرىكچى ۋە غەربىي يۇرت دورغابىي بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، كۇمىي خانىنىڭ تۇرغاق-تىكى ئوغلى دىڭشىڭنى خان قىل-

于阗县乡土志・兵事录

间，用兵之事多系牵连而及。自后碛道阻闭，本境遂成荒僻，兵事更稀，有元拓地最广，以斡端三部(即于阗、叶尔羌、喀什噶尔)为阿鲁忽分地，阿鲁忽反屡征，斡端兵亦未至本境。我朝乾隆中，回疆隶入版图，迭经叛乱，天戈所指，本境亦不烦兵力，而定盖僻处一隅，声威震慑，望风景附势使然也。兹采自汉以来与兵事相涉者，节录其略於左：

七三

غان. كېرىيەنىڭ شۇ چاغدىكى ئاھالىسى مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ چاغ خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. كۇمىينىڭ (كېرىيەنىڭ) خانى بولسىمۇ، تېخى خانلىق قۇرۇلمىغان ئىدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋ-رىنىڭ تارىخنامىلىرىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەندىنىڭ يىشي يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا راھىب فاشيەن ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە دۇنخۇاڭدىن چىقىپ قۇم-لۇق چۆل بىلەن مېڭىپ، پىشامشان ئارقىلىق ئۇدۇن (بۈگۈنكى خو-تەن)گە كېلىشىدە قارا شەھەر (乌夷)نى ئايلىنىپ پىشامشان (善
鄯)، چەرچەن، نىران (精绝) ئارقىلىق كېرىيەنىڭ كونا يولىغا چىق-قان، ئۇ چاغدا بۇ ئەلنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغان. ۋېي سۇلالىسى تەيۋۇ خانىنىڭ تەيىەن 2-يىلى تۇيغۇنلارنىڭ سەردارى ئامونوشاد (مۇلد-يان) غەربكە قېچىپ، ئۇدۇنغا كېلىپ، ئۇدۇن خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خوجا بولىۋالغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئامونوشاد قايتىپ كېتىپ، ئۇدۇ-نىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان. ساڭرامىلار خاتىرىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، سۇڭ يۈن پىشامشانغا بارغاندا بۇ شەھەرنىڭ خانى تۇيغۇن بولۇپ، پى-شامشاننىڭ غەربىدىن ئۇدۇننىڭ شەرقىگىچە بولغان جايلار ئۇلارنىڭ زې-مىنى ئىكەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە تۇيغۇنلار (ئازارلار) تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر كۆكتۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، چوڭ باشلىق قويۇلمىغان. دايى يىللىرىدىن كېيىن، قۇملۇق يو-لى قايتىدىن ئېتىلىپ قېلىپ، بۇ جايلار چۆلدەرەپ كەتكەن. تاڭ راھىبى بيەنجى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي ئەللەر خاتىرىسى» دە مۇنداق يازى-دۇ: «مۇشۇ يەردىن شەرققە مېڭىپ، گوستاناغا يېتىپ كەلدۇق (بۇ شۇ-ەنزاڭنىڭ ھىندىستاندىن قايتىشىدا كۆككىئارت ‹پامىر›دىن ئۆتۈپ يەكەن ئارقىلىق خوتەنگە كەلگىنىنى دېمەكچى)، شەھەردىن شەرققە 300 كىلو-مېتىردىن ئارتۇق ماڭسا، چۆللىشىپ كەتكەن چوڭ بىر سازلىق بولۇپ، ھازىر گىياھمۇ ئۈنمەيدىكەن، ئۇ قوشۇن مەغلۇپ بولغان جاي ئىكەن، بۇ جەڭ مەيدانىدىن شەرققە 30 چاقىرىمدىن ئارتۇق ماڭسا پىم (پىيىن) شەھىرىگە (يەنى بۈگۈنكى كېرىيەگە) بارىدۇ، بۇ ئەلنىڭ شىمالىدىكى خولولوكىيا (قارلۇقلار) شەھىرىنىڭ ئورنىدا ھازىر قۇم داۋانلىرى بار بولۇپ، بۇ يەردىن پىم دەرياسى (ھازىرقى كېرىيە دەرياسى) ئېقىپ ئۆتىد-

دۇ. شەرققە قوملۇق بىلەن مېڭىپ، 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۇرسە سە-
نىران شەھىرىگە بارىدۇ (ھازىرقى ناھىيەنىڭ شەرقىدىن 200 چاقىرىم-
دىن ئارتۇق كېلىدىغان جايدا نىيا كەنتى بار، ئۇنىڭ شەرقىدىكى قۇم-
لۇقتا تاشلاندۇق شەھەرنىڭ خارابىسى بار بولۇپ، نىران شەھىرىنىڭ بو-
لۇشى مۇمكىن.) چوڭ سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا گوستانا خانلىقىنىڭ
چېگرا مۇداپىئە قورۇلى بار. بۇ يەردىن شەرققە ماڭسا چوڭ كۆچمە قۇم-
لۇققا كىرىدۇ. قۇمنىڭ يۆتكىلىشى ئاستا بولۇپ، توپىلىششى ۋە تارقى-
لىشى شامالنىڭ رايىغا باقىدۇ، ئادەم ماڭسا ئىزى قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئېزىقىپ كېتىدۇ. 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق ماڭسا قەدىمكى توخرىيلار
دۆلىتىگە بارىدۇ («غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە بۇ خاتا
ئىزاھلانغان بولۇشى مۇمكىن). بۇ ئەل ھازىر چۆلدەرەپ كەتكەن. بۇ يەر-
دىن شەرققە 600 چاقىرىمدىن ئارتۇق ماڭسا چالمادانا (چەرچەن) ئېلىگە
بارىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغان زېمىنىنىڭ ھەممىسى ھازىرقى (كې-
رىيە) ناھىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا چۆل-
لىشىپ كەتكەنلىكتىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ
يىللىرىدا غەربىي يۇرتنىڭ يوللىرى زور دەرىجىدە راۋانلىشىپ، ئەنشى
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇچاغا يۆتكەپ كېلىنگەن، ئۇدۇندە ۋايسارا
(پىشا) تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، كۆسەن، سۇياپ، سۇلېدىن
ئىبارەت بۇ تۆت ئەلدە تۆت ھەربىي قورغان (تۆت بازار)، قورۇقچىبەگنىڭ
تەۋەلىكىگە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇدۇنگە قارايدىغان قىلىپ، ئايرىم-
ئايرىم ھالدا شەھەر-بازار تەسىس قىلىنغان. «تاڭنامە» دە قەيت قىلىنى-
شىچە، «ئۇدۇندىن شەرقتە 300 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا جەندىل
دەرياسى بار، دەريانىڭ شەرقىدە جەندىل شەھىرى بار بولۇپ، كۆمىي
(كېرىيە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، نىڭمىي قەدىمىي شەھىرىدۇر» دېيىلگەن.
جۇغراپىيە تەزكىرىسىدىمۇ «چەرچەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 500 چاقىرىم
يۇرسە، بوستان قەلئەسىگە بارىدۇ. قەدىمىي چەرچەن شەھىرىنىڭ ئىس-
مى، تاڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خاقانىنىڭ شاڭيۈەن يىللىرىدا «بوستان
قەلئەسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. يەنە غەربكە مېڭىپ، شىل (悉力)، جە-
جىن (支井)، ئوجىن (祆井)، ۋۇجىي (勿遮) ئېقىنلىرىدىن ئۆتۈپ
500 چاقىرىم يۇرسە ئۇدۇننىڭ شەرقىدىكى رەن (兰城 NiNa) قورۇ-
لىغا بارىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىدە ئىدۇ (移杜堡)، پېڭخۇەي (彭怀)، كەن

(phmana 坎 城) قورغانلىرى بار. يەنە 300 چاقىرىم ماڭسا ئۇدۇنگە بارىدۇ. بۇ جايلار ھازىرقى ناھىيە زېمىنىدا بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە چۆلدەرەپ كېيىن ئەسلىگە كەلگەن. تاڭ گاۋزۇڭ-نىڭ يېفاڭ يىللىرىدا ئۇدۇن تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن، خا-نىش ۋۇزېتيەننىڭ چاڭشۇۋ يىللىرىدا خانلىقى ئەسلىگە كەلگەن.

تاڭ دەۋرىدە تۇبۇتلەر غەربىي رايونغا كىرگەندە غەربتە بۇلۇرغىچە بارغان، چوڭ بولۇر بۈگۈنكى بالتىستان بولۇپ، بۇلۇردىكى مۇسۇل-مانلار بار جەنۇبىي تاغنىڭ جەنۇبىدا ئارقا تىبەتكە ئۆتىدىغان يول بار. شۇ چاغدا بۇ جايمۇ تۇبۇتلەرنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچرىغاندەك قى-لىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدىن كېيىن، ئادەملەر بۇ يولغا كەمدىن كەم ئاياغ باسىدىغان بولغان. كېيىنكى جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گاۋ جۇخۇي «ئۇدۇنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرى-سى»دە، غەربكە قىلغان سەپىرىدە دەرياغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، يولغۇن شاخلىرىدىن سال ياساپ دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ («غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە بۇ دەريانى چەرچەن دەرياسى دەپ ئىزاھلىغان). يەنە غەربكە ماڭسا گەنجۇ ئايمىقىغا بارىدۇ، بۇ ئايماقنى ئۇدۇن تەسىس قىلغان. دۇنخۇاڭ (شاجۇ)نىڭ غەربىي جەنۇبىدىن غەربكە ماڭسىمۇ، يولنىڭ چاقىرىم سانى بويىچە ماڭسىمۇ ئۇدۇنگە بارغىلى بو-لىدۇ، يولنىڭ سانى بويىچە ئېنىقلىغاندا ۋۇجى زامانىدىمۇ ئۇ گەنجۇنىڭ زېمىنى ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تەيزۇڭ خانىنىڭ جيەن-لۇڭ يىلىدىن جېزۇڭ خانىدىن كېيىنگە قەدەر ئۇدۇن گەرچە ئوردىغا ئۇ-زۇلدۇرمەي ئولپان بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئەلنىڭ ھاكىمىيەت تەسىس قىلىنىش خاتىرىسىدا يېزىلىشىچە سۇڭ سۇلالىسى جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن مۇناسىۋەت داۋاملىشالمىغان. ئۇدۇن غەربىي لياۋ (قىتانلار) تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان، لياۋ خانلىقى يوقالغاندىن كې-يىن، نايمانلارغا قاراشلىق بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (كېرىيە) ئۇدۇنگە ئۇزاق مۇددەت تەۋە بولۇپ كەلگەن بولغاچقا، ئايرىپ ئېنىقلىغۇدەك ئىش يوق. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قوشنا ئەللەر ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشىپ، ئۇرۇشۇپ، خەلقى بەك سورۇقچىلىق تارتقان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىمۇ باشلىقلىرى تېخى موڭغۇللارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا

كەلگەندە ئاندىن ئۇيغۇرلاردىن باش بولغان، ئۇدۇندىن ئىبارەت بۇ كونا
خانلىقنىڭ نامى خوتەنگە (和 闐) ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر كەنتلىرى تە-
سىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر قۇرغانلىرىنى بىنا قىلىپ، ناھىيە باشقۇرۇل-
غان. كېرىيەگە ئۇنىڭ غەربىدىكى چىرا كەنتى، جەنۇبىي يېزا ــ نۇرى
تاغ كەنتلىرىمۇ تەۋە بولغان. خانىدانىمىزنىڭ كاڭشى دەۋرىنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدا جۇڭغارلار خوتەننى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. يۇقىرىنىڭ كۆرسەت-
مىسىدە جۇڭغارلار مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر شەھەر-بازارلىرىنى ھۇجۇم
بىلەن ئالدى دېيىلگەن بولۇپ، كېرىيەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى.

چيەنلۇڭنىڭ 23-يىلى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندە
جاۋخۇي سانغۇن ھادىي بەگنى خوتەن ۋە قاراسۇنى قورشىۋالغان تو-
پىلاڭچى ئوغرىلارنى ئەل قىلىشقا ــ كېرىيە، چىرا، تاغتۇرا قاتارلىق
ئۈچ شەھەرنى ئىگىللەشكە ئەۋەتكەن. ئىككىنچى يىلى 4-ئايدا چېرىك-
لىرىمىز بۇ جايلارنى تىنچىتىپ شۇنىڭ بىلەن خانىدانىمىزنىڭ زېمىن
خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. خوتەنگە بىر نەپەر ئىش بېجىرگۈچى ئام-
بال، بىر نەپەر ياردەمچى ئامبال قويۇلغان. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر شەھەر-يې-
زىلىرىدىن ئالتىسى قارىغان، ئۇنىڭ ئۈچى كېرىيە شەھىرى، چىرا
كەنتى، تاغتۇرا كەنتى بولۇپ، كېرىيەگە تۆتىنچى دەرىجىلىك ھاكىم-
بەگ، بەشىنچى دەرىجىلىك كان ئاچقۇچىلار بېگى، ئالتىنچى دەرىجە-
لىك قازىبەگ، يەتتىنچى دەرىجىلىك قارلۇق كەنت مىراب بېگى، يەت-
تىنچى دەرىجىلىك قارلۇق كەنت مىڭبېگىدىن بىردىن قويۇلغان. چىرا
كەنتىگە تۆتىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ، ئالتىنچى دەرىجىلىك قازى-
بەگ، يەتتىنچى دەرىجىلىك مىراب بەگ، يەتتىنچى دەرىجىلىك مىڭبې-
گىدىن بىردىن قويۇلغان. تاغتۇرا كەنتىگە تۆتىنچى دەرىجىلىك ھاكىم-
بەگ، ئالتىنچى دەرىجىلىك قازى بەگدىن بىردىن قويۇلغان. بۇلار ئاي-
رىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان بو-
لۇپ، ئۆلتۈرۈش-ئۆلتۈرمەسلىك ھوقۇقىلا بولمىغان. داۋگۇاڭ خاننىڭ
6-يىلى جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرگەندە خوتەندىكى ئاق خوي -
خويلار (ئاق تاقىيەلىك ئۇيغۇرلار-ت) ئاۋاز قوشقان. 7-يىلى خوتەن
قايتۇرۇۋېلىنغان. 8-يىلى ياردەمچى ئامبال قىسقارتىلغان. تۇڭجىز
يىللىرىدا ئەنجاندىكى كاتتىباشلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئۇي-
غۇرلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى

ئۆزلىرىگە قارىتىۋالغان. گۋاڭشۇ خانىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خان قوشۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى تىنچىتقان. باش مۇشاۋىر زوزوڭتاڭ: ئىلگىرى ئاۋامنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ئاز، لەشكىرىي ئەمەلدار كۆپ بولۇپ قالغان دەپ قاراپ، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىش يۇرتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشىنىڭ چارىسى، دەپ تەكلىپ بەرگەن. باش مۇپەتتىش ليۇجىنتاڭ قاراقاشتا خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى تەسىس قىلىش، كېرىيەدە ناھىيە تەسىس قىلىپ، خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىغا تەۋە بولۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەلۇماتنامە سۇنغاندىن كېيىن كېرىيەدە ئىش تۇتۇپ بىجىرىپ، كېرىيە مىڭلىقى، چىرا كەنتى مىڭلىقى، تاغتۇرا كەنتى مىڭلىقى، سامپۇل مىڭلىقى (ئۇيغۇرچىدا مىڭ تۇتۇننى بىر مىڭ بىرلىكى قىلىدۇ) تەسىس قىلغان، ھاكىمبەگ قاتارلىقلارنى قىسقارتقان. ناھىيە مەركىزىدە خەنزۇ سېپىلى، ئۇيغۇر سېپىلى دەيدىغان ئاتاشلار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سېپىلى بولمىغان. 28-يىلى شىنجاڭدا ئايماق، شەھەرلەر يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ تەسىس قىلىنغاندا، سامپۇل مىڭلىقى لوپ ناھىيەسىگە ئايرىپ بېرىلگەن. زېمىنى كەڭ، كېرىيەنىڭ ئادىمى كۆپ، شىنجاڭ شەھەر-يېزىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق.

## يۇرت سوراش ئۇتۇقلىرى

قەدىمدىن تارتىپ سەممىي، ياخشى ئەمەلدار شەرقىي خەن سۇلالىسىدىكىسىدىن كۆپ بولمىغان، ھالبۇكى ئۇلار ۋەزىپىسىنى ئۇزاق ئۆتىگەن ياكى ئۆمۈرۋايەت ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قالمىغان. ئۆز ئورنىنى تاپقان، ئەگەر دانىشمەن بولسىمۇ كۆپ ئالمىشىۋەرسە يەنىلا نىيەت-ئىقبالىغا يېتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى قوغۇنلۇقنىڭ چىغىر يولىغا كىرگەندە قوغۇن-تاۋۇز كۆزۈنۈپ تۇرسىمۇ ئۈنى يېيەلمىگەندەك، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى تەسكە چۈشىدۇ.

بۇ جايدا گۋاڭشۈنىڭ 9-يىلى (مىلادىيە 1884-يىلى -ت)دىن باشلاپ ناھىيە تەسىس قىلىنىپ ئەمەلدار تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئىلگىرى يەرلىكنىڭ ئىشلىرى يەرلىك يۇرت كاتتىلىرىغا ھاۋالە قىلىنىپ كەلگەن ۋە يۇرت سوراش ئۇتۇقلىرىمۇ خاتىرىلەنمىگەن. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ ئون قېتىمدىن ئارتۇق

ئالماشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىقتىدارسىز ۋە دىيانەتسىزلىرى ئەمەلدە
ئۇزاق تۇرالمىغان. كۆپىنچىسى نام-نىشانسىز ئۆتۈپ كەتكەن، پەقەت
ئامبال سۇن جىڭجۇنلا ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، ئىشلىگەن
ۋاقتى ئۇزۇنراق. خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەچكە، خەلق ئۇنى ھا-
زىرمۇ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. سۇن جىڭجۇننىڭ دەسلەپتە مەنسەپتە
ئولتۇرغان ۋاقتى گۇاڭشۇخاننىڭ 17-يىلى 7-ئاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئور-
نىغا كەلگىنى 23-يىلى 4-ئايدا كېلىپ 25-يىلى 2-ئايدا كەتكەن.
بۇلار ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە جىددىي ھۆكۈمەت ئىشلىرى كۆپ بول-
غان. ئەڭ كۆرۈنەرلىكلىرىدىن بىر نەچچىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ: نا-
ھىيەنىڭ قاراقىر تەرەپلىرىدە مىنېراللىق تۇپراق كۆپ بولسىمۇ، سۇ
قىس بولغاچقا تېرىلماي تاشلىنىپ تۇراتتى. سۇن جىڭجۇن بۇنىڭغا
باش قاتۇرۇپ ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇرغان، پۇلى بارلار بەس -
بەستە يەر ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى قاقاسلىق مۇنبەت يەرگە
ئايلانغان. بۇ خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇش جەھەتتىكى
زور بىر ئىش بولغان. كېرىيەدىن ئالتۇن چىقاتتى، چىڭپىڭ يىللىرىدا
ئالتۇن قازغۇچىلاردىن نورمىلىق باج ئالغان بولۇپ، ئۇرۇش ئاپىتى تۇ-
پەيلىدىن ئالتۇن قازغۇچىلار قېچىپ كەتكەن، ئالتۇن قېزىشنى ناھىيە
ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرىدىغان بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە كونا ئۇسۇلنى
قوللىنىپ ئاھالە بېشىغا نورمىلىق سېلىق چاچقان، شۇنىڭ بىلەن بې-
جى بار، كىرىمى يوق ھالەت شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش بې-
جىرگۈچى كاتتىباشلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باجنى ئېغىرلىتىپ ۋە
قاقتى-سوقتى قىلىپ خەلققە ئېغىرچىلىق سالغان. سۇن جىڭجۇن يۇ-
قىرىدىن بۇ باجنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى يەنى قاراقىردا يېڭى ئاچقان
بوز يەرلەردىن ئالغان يەر بېجى پۇلىنى خەلق جۇغلانمىسىغا تولۇقلىما
قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن چىقىرىۋەتكەندىمۇ
زىيان كۆرۈلمىگەن. بۇنى ئاپەتنى يوقىتىشتىكى بىر زور باشلىنىش
دېسە بولىدۇ. كېرىيەنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا، جې-
دەل-ماجىرا ھەر ۋاقىت چىقىپ تۇرىدۇ. يەر، سۇ، ئوتلاق تالىشىش ئا-
دەمنىڭ بېشىنى بەك قاتۇرىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەتلەر دەلىل -
ئىسپاتقا تولۇق ئاساس بولالمايدۇ، قاقاسلىقتىكى چېگرا پاسىللىرىمۇ
كۆپىنچە توغرا چىقمايدۇ، بېجىرىشتە ئاسانلا خاتالىق كۆرۈلىدۇ، ھە

دىسىلا دەۋا قىلىشىدۇ، بىر قانچە ئەمەلدار دەۋاغا ھۆكۈم چىقىرالمىغان. سۇن جىڭجۇن ھەر قېتىم خەلق ئارىسىدىكى سۇ، ئوتلاق دەۋالىرىنى ئۇچراتسا يېقىنىراق يەردىكىلەرگە ئۆزى بېرىپ، قايتا تەكشۈرۈپ كۆرگەن، يىراقتىكىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. كېيىن قىلغاندىن كېيىن ماجىرا چىققان يەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ ۋە ھۆكۈمەت تامغىسىنى بېسىپ ھەر ئىككى تەرەپكە بىر نۇسخىدىن بەرگەن. ئانالىز قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش تەپسىلىي، ئىنچىكە، پاسىل ئايرىش ئېنىق بولغاچقا، سۇن جىڭجۇن كېسىم قىلغان سۇ، ئوتلاق ماجىرالىرى كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ قايتىلانمىغان. ئۇ چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىپ، كىچىك ئىشنى يوققا چىقارغان. ئۇ خەلققە يورۇن بەخت-سائادەت يەتكۈزگەن بولۇپ، بۇ دەۋا سوراشتىكى چوڭ بىر ئادىللىق. بۇنىڭدىن باشقا، باج-سېلىقنى ئازايتىپ، ئالۋان-ياساقنى كەچۈرۈم قىلىپ، مۇتتەھەملەرنى جازالاپ، ھەقسىز مەكتەپلەرنى ئېچىپ، دېھقانلارنى يىلە بېقىشقا دەۋەت قىلىپ، كۆچەت تىكىشنى ئۆگىتىپ، ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە بۇ ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، چالا - چوتا ئىش قىلماي، ئاۋام ئۇنۇتمىغۇدەك ئىشلارنى قىلىپ، ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇغاچقا، پۇقرالار ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان.

## لەشكىرىي ئىشلار خاتىرىسى

قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتقا لەشكەر تارتىشى، لەشكەر ئىشلىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدەك كۆپ بولمىغان، لەشكىرىي ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى كۆپىنچە باشقا يۇرتلاردا بولۇپ ئۆتكەن. بۇ يۇرت پىشامشان بىلەن ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئەسكەر ئىشلىتىدىغان ئىشلار كۆپىنچە چېتىلىشتىن بولغان. قۇملۇق يولى ئېتىلىپ قالغاندىن باشلاپ بۇ يۇرت قاقاس ۋە چەت بىر جايغا ئايلىنىپ، لەشكىرىي ئىشلار تېخىمۇ ئاز بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە زېمىن ئېچىش كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، خوتەن قاتارلىق ئۈچ يۇرت (ئۇدۇن، ياركەنت، قەشقەر) ئارغۇننىڭ سۇيۇرغال يېرى بولغان. ئارغۇننىڭ ئارقا-ئارقىدىن قىلغان لەشكىرىي يۈرۈشلىرىدىمۇ، خوتەن لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى بۇ يۇرتقا يەتمىگەن. خاندانىمىزنىڭ چيەنلۇڭ خان دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلمانلار يۇرتى خاندانىمىزنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە

كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، خانىدانىمىزنىڭ قوشۇنلىرى بېرىپ تىنچىتقاچقا، بۇ يۇرت مالىمانچىلىق كۆرمىگەن، ئورنى بىر چەتتە بولسىمۇ خانىدانىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىدىن چۆچۈپ بېقىنغان. خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى لەشكىري ئىشلارغا چېتىلىدىغان ئىشلارنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

خەن سۇلالىسىنىڭ شياۋۋۇسى دەۋرىدە سۇتىرىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا بۇ ئۇزۇنتات ئېلىدىن ئۆتكەن. بۇ چاغدا ئۇزۇنتات شاھزادىسى لايتان كۇسەندە تۇرغاقتا تۇرۇۋېتىپتىكەن، لى گۇاڭلى لايتاننى پايتەختكە ئەۋەتكەن، خەن جاۋدىي لايتانغا چېرىكچى مەرتىۋىسى بېرىپ بۇگۇردە ھەربىي بوز يەر ئېگىلەشكە قويغان. كۇسەنلىك سانغۇن ئاقسۆڭەك گۇيى كۇسەن خانىغا لايتاننى ئۆلتۈرگۈزگەن. خەن شۇەندى دەۋرىدە چاڭلو تۆرىسى چاڭ خۇي ئۇيسۇنغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىشىدا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ كۆسەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە كۆسەن خانىنى ئەيىبلىگەن. كۇسەن خانى گۇيىنى تۇتۇپ بېرىپ، گۇناھىنى تىلىگەن. چاڭ خۇي گۇيىنىڭ كاللىسىنى ئالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنئۇ يىللىرىدا ساكىيا (يار كەنت) خانى شەننىڭ ئېلى تازا كۈچىيىپ، كۇمى (كېرىيە) ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلىپ، خانىنى ئۆلتۈرۈپ ئاكىسىنىڭ ئوغلىنى خان قىلغان. جيەنئۇ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا شەن كۇمىي خانى چوساتنى پەرغانىگە خان قىلىپ ئەۋەتكەن، كاڭجۇت خانلىقى لەشكەر تارتىپ بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان. چوسات مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن، شەن ئۇنى قايتىدىن كۇمىينىڭ خانى قىلغان. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ سەركەردىسىنى ئەۋەتىپ بۇ ئەلنى ساقلاشقا قويغان. مىڭدى خانىنىڭ يۇڭپىڭ 3-يىلى ئۇدۇنلۇك ئاقسۆڭەك دۇم شەننىڭ سەركەردىسىنى ئۆلتۈرگەن، ئاقسۆڭەك شۇمبا دۇمنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى ئۇدۇن خانى دەپ ئېلان قىلىپ، كۇمىي ئېلىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ساكىيا (يەركەنت)نىڭ گۇمىدىكى سەركەردىسىنى ئۆلتۈرگەن. شەن ئۆلگەندىن كېيىن ھەر قايسى ئەللەر بىر- بىرىگە تېخىمۇ ھۇجۇم قىلىشىپ، كىچىك پەركان، نىران، يول ئارىش ۋە چەرچەنلەر پىشامشان تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. چىرا، گۇ-

مىلار ئۇدۇن تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن (ئىلگىرى بۇ جايلار
ئۇدۇنغا تەۋە ئىدى). شۇمبا ئۆلگەندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ ئوغلى
گۇاڭدې خان بولۇپ، ساكىيانى مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇبىي لىنىيەدە ھۆ-
كۈم سۈرگەن. بەن چاۋ ئۇدۇنغا كەلگەندە گۇاڭدې ئۇنىڭغا سۇس مۇئا-
مىلە قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرغان. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ باخشىغا ئىشىنىدىغان
ئادىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ باخشىسى «ئىلاھىمىزنىڭ سىلەر نېمىشقا خەن
سۇلالىسىغا مايىل بولىسىلەر، دەپ ئاچچىقى كەلدى. خەن ئەلچىلىرى-
نىڭ بىر ياخشى ئېتى بار، ئۇنى ماڭا نەزىر قىلىپ بېرىڭلار دەۋاتىدۇ»
دېگەن. گۇاڭدې ئەلچى ئەۋەتىپ ئاتنى سورىتقاندا بەن چاۋ: «ئاتنى باخ-
شىنىڭ ئۆزى ئېلىپ كەتسۇن» دېگەن. باخشى كەلگەندە بەن چاۋ ئۇنىڭ
كاللىسىنى ئېلىپ گۇاڭدېغا ئەۋەتىپ بەرگەن. گۇاڭدې بۇنىڭدىن چۆ-
چۈپ، بەن چاۋغا بەيئەت قىلغان. بۇ چاغدا كۇسەن خانى كان شىمالىي
يولدا ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، سۇلېنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، كۇسەن-
لىك ئەرتىينى خان قىلغان. بەن چاۋ ئارا يولدىن سۇلېغا بېرىپ ئە-
مەلدار تيەنلۇنى ئەۋەتىپ ئەرتىينى بۇلاپ كېلىپ، مەرھۇم پادىشاھنىڭ
ئاكىسىنىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ تىكلىگەن. سۇزۇڭ خاننىڭ دەسلەپكى
يىلى خان بەن چاۋغا قايتىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. ئۇدۇندىكى خان-تۆ-
رىدىن تۆۋەنلەرنىڭ ھەممىسى بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋې-
لىپ ماڭغىلى قويمىغان. شۇنىڭ بىلەن بەن چاۋ سۇلېغا قايتقان.
جيەنچۇ 3-يىلى بەن چاۋ ئۇدۇن، كۇمىي (كېرىيە) قاتارلىق ئەللەرنىڭ
لەشكەرلىرىنى باشلاپ قۇم، تاش شەھەر (石 城) گە ھۇجۇم قىلىپ
ئىشغال قىلغان. شۇندى خاننىڭ يۇڭجيەن 4-يىلى ئۇدۇن خانى فاڭ
چيەن كۇمىي خانى شىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ،
ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان بەرگەن. پادىشاھ كۇمىينىڭ خانلىقنى قايتۇرۇپ
بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، فاڭ چيەن ئۇنىمى-
غان. ياڭجيانىڭ 6-يىلى دۇنخۇاڭ ئايماقدارى شۈيوۋ سۇلې خانى چېن-
پەننى ئۇدۇنغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىپ، ئىشغال قىلىپ شىڭ (چوشات)
جەمەتىن بولغان چېڭگونى كۇمىيغا خان قىلىپ تىكلىگەن. خۇەندى
خاننىڭ يۈەنجيا 1-يىلى غەربىي يۇرت دورغاپى جاۋ پىڭ ئۇدۇندا غەلۋى-
رەك كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەن بولۇپ، ئوغلى دەپنە قىلىشقا كېلىپ،
كۇمىيدىن ئۆتكەندە كۇمىي خان چېڭگو ئۇنىڭغا: «دادىڭىزنى ئۇدۇن خا-

نى غوز تېۋىپىغا زەھەر سالغۇزۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن. جاۋىپىڭنىڭ ئوغلى دۇنخۇاڭ ئايماقدارى ماداغا ئەرز قىلغان. ئىككىنچى يىلى ۋاڭ جىڭ مۇۋەققەت دورغاپلىقتا تەيىنلەنگەندە مادا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرۇغان. ۋاڭ جىڭ كۇمىيدىن ئۆتكەندە چېڭگو شۇگېپىنى ۋاڭ جىڭغىمۇ ئېيتقان. ۋاڭ جىڭ ئۇدۇن خانى جەنگەگۇناھ ئارتىپ، خىزمەت كۆرستىش تەمەسىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇدۇننىڭ لەشكەر بېگى شۇبو ۋاڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، جەننىڭ ئوغلى ئەنگو (سۇيۇل)نى تەختكە چىقارغان. لىڭدى خاننىڭ شىپىڭ 4-يىلى ئەنگو كۇمىيغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىپ، خاننى ئۆلتۈرگەن. بۇ قېتىم كۇمىيدا نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن. قورۇل بېگى ۋە غەربىي يۇرت دورغاپى ھەر قايسىسى لەشكەر تارتىپ كېلىپ كۇمىيغا ھەمدەمدە بولۇپ، خاننىڭ تۇرغاقتىكى ئوغلى چوسات (定兴) نى خان قىلىپ تىكلىگەن. شۇ چاغلاردا كۇمىي ئاھالىسى مىڭ تۇتۇن ئىدى. بۇلار خەن سۇلالىسى دەۋردىكى ناھىيەمىزگە ئالاقىدار لەشكىرىي ئىشلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيۋۇخاننىڭ تەيىەن 2-يىلى گاۋلىياڭ ۋاڭى تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان، تۇيغۇنلارنىڭ سەردارى ئاموـ نوشاد (مۇلىيان) ئۇدۇنگە قېچىپ كېلىپ ئۇدۇن خاننى ئۆلتۈرگەن. تەيىەن 5-يىلى پىڭلياڭ ئايمىقىدىكى جۇرچى ئۇرغۇ دۇنخۇاڭغا كېلىپ ئىنىسى ئەنگونى پىشامشان خانى بىلون(比龙)غا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، بىلون لەشكەرلىرى چەرچەنگە قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ئەنجو ۋەندۇگۇيغا جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. «ۋېينامە» دە ئېيتىلىشىچە، تۇيغۇنلار چەرچەننىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ناھىيەمىزنىڭ شەرقى قەدىمكى چەرچەننىڭ زېمىنى بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيەمىزنىڭ زېمىنى ئەكەن. كۇمىي شەرقتە گاۋلياڭ، غەربتە ئۇدۇن بىلەن بىرلىشىپ لەشكەر تارتقان ئىشلارمۇ بولغان.

تاڭ راھىبى بيەنجىننىڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دا يېزىشىچە، گوستانا شەھىرىنىڭ شەرقىدە 300 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر چوڭ قاقاس سازلىق بولۇپ، نەچچە مىڭ گېكتار يەردە گىياھمۇ ئۈنمىگەن. بۇ يەرنىڭ تۇپىسى قوڭۇر رەڭ ئىكەن. مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ جاي قوشۇن مەغلۇپ بولغان جاي ئىكەن. بۇرۇنىسىدا شەرقىي ئەل مىليون

كىشىلىك لەشكەر تارتىپ گوستاناخانلىقىغا ھۇجۇم قىپتۇ، گوستانا خانمۇ نەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن سەپراس قىلىپ مۇشۇ يەردە دۈشمەنگە قارشى تەييار بوپتۇ. ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىش بىلەنلا جەڭ باشلىنىپتۇ. غەربىي قوشۇن يېڭىلىپتۇ. شەرقىي ئەلنىڭ قوشۇنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىپتۇ. خان ئەسىرگە ئېلىنىپ، سەركەردىلىرى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ھەتتا قورساقتىكى باللارنىمۇ ساق قالدۇرماپتۇ. ئاققان قاندىن يەر يۈزى بۇ-يىلىپتۇ. بۇنىڭ ئىزى ھازىرمۇ بار. جەڭ بولغان يەردىن شەرققە 30 چاقىرىمدىن ئارتۇق ماڭسا يىم (پېيىن) شەھىرىگە بارىدۇ. جەڭ بولغان جاي ھازىرقى ناھىيەمىز تەۋەلىكىدە. راھىب شۈەنزاڭ غەربكە سەپەر قىلغان چاغ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىلى بولۇپ، ئۇ ۋەقەلەر تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ئىشلار بولغاچقا، ئاغزاكى بايان تولۇق خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئالاھىدە جاينىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىشىدىكى پەرقنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى يېقىنقى يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈبۈتلەر ئۇدۇننى ئىشغال قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتقا كىرىدىغان ئىككى يول بولۇپ، شەرقىي يول گەنسۇنىڭ لياڭجۇ ئايمىقىدىن، غەربىي يول بولۇر زېمىنىدىن ئۆتەتتى. «تاڭنامە» دە ئېيتىلىشىچە، تۈبۈتلەر «سىلەرنىڭ ئېلىڭلارغا تەگمەيمىز، زېمىنىڭلاردىن ئۆتۈپ تۈت قۇرغانغا ھۇجۇم قىلساقلا بولدى» (تۈت قورغان باشتا دېيىلدى)، دېگەن. چوڭ بولۇر ھازىرقى بالتىستان بولۇپ، بولۇردىكى مۇسۇلمانلار جايلاشقان جەنۇبىي تاغنىڭ جەنۇبىدا، ھازىرقى ناھىيەمىزنىڭ جەنۇبىدا پولۇ دېيىلىدىغان جاي بولۇپ، بولۇر دېگەن ئىسمىنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدەك قىلىدۇ. پولۇ تاغنىڭ جەنۇبىدا باراتقا — ئارقا تىبەتتىكى جاۋجىڭغا بارىدىغان يول بار. يەرلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردە ۋە تۇتۇق بەگلىرى لەشكەر تۇرغۇزغان جاينىڭ ئىزناسى ھازىرمۇ بار ئىكەن، بۇنىڭدىن قارىغاندا ناھىيەمىز، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ تۈبۈتلەر بىلەن ئۇرۇشقاندا جەزمەن تالىشىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جايى بولغان.

ئۇيغۇرچە كىتابلاردىن تەرجىمە قىلىپ بىلىشىمىزچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەلەيھىسسالامى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يوق بولۇپ،

قىزىنى بىر نەۋرە ئىنىسى ئەلگە ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىمام ھۇسەيىن ۋە ئىمام ھەسەن دېگەن ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان. ئانا باشقا ئاكىسى، مۇھەممەد ھەنىپەنىڭ ئوغلى مۇھەممەد غەززالى ئىدى. ئۆز دۆلىتىدىكى مەدىنە ۋە تاشكەنت، قوقەن قاتارلىق جايلاردىن ئەسكەر توپلاپ قەشقەر، ئاقسۇلارنى بۇيسۇندۇرۇپ خوتەنگە بارغان. كېرىيە دەرياسىنىڭ يارلىقىدا مەغلۇپ بولۇپ، ۋاپات بولغاندا شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ جاينى «بو» دەيدىكەن. شېھىد بولۇشنى «غازى» دەيدىكەن، شۇڭا ئۇ يەر «بوغاز» دەپ ئاتالغان. بۇ «مەغلۇپ بولغان يەر» دېگەنلىكتۇر. كېيىن كىشىلەر بۇ يەرگە كەپە ياساپ ئۇيغۇر تىلىدا «لەڭگەر» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئىسمى «بوغاز لەڭگەر» بولغان. ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن، بۇ يەردە كەنت شەكىللەنگەن. ھازىر ناھىيەمىزنىڭ جەنۇبىدا «بوغاز لەڭگەر» دەيدىغان كەنت بار. ئىمام غەززالىينىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ يەردە. ۋەقە 1204-يىلىنىڭ ئالدىدا — يەنى ئىسلام كالېندارى بويىچە 121 يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن. 27-يىلى يەنە ھىجرىيە 148-يىلى ھۇسەيىنىنىڭ ئەۋرىسى جەئفىرى سادىق لەشكەر تارتىپ قەشقەرنى ئېلىپ، قاچقانلارنى قوغلاپ كېلىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. جەڭ ئوڭۇشلۇق بولماي چېكىنگەن. دۈشمەن قوشۇنلىرى بىر قۇم تاغقىچە قوغلاپ كېلىپ، ئۇلارنى قاتمۇ قات قورشىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن جەئفىرى سادىق شېھىد بولغان، كېيىنكىلەر شۇ يەرگە قەبرە قاتۇرغان. بۇ ھازىرقى نىيادىكى «ئىمامى جەئفىرى سادىق مازىرى»دۇر. ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ 8-ئەۋلادىغا كەلگەندە تۆت ئىمام ناسىرىددىن، قەمەرىددىن، مۇھىددىدىن، زوھورىددىنلەر جەئفىرى سادىققا ئەگىشىپ، جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولغان. 242 يىلدىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان پادىشاھ (مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان نامى) مەدايىن (باغدات دېگەن ئىسىمنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدەك قىلىدۇ)دىن لەشكەر تارتىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ، يار كەنتكە يۈرۈش قىلغان. يار كەنتلىكلەر گەمىلەردە ياشايدىكەن، ئۇلارمۇ ئىماملارغا بەيئەت قىلغان. ئىماملار يەكەننى يىغىلىش نۇقتىسى قىلىپ خوتەننى ئېلىشقا ئاتلانغان. يول ئۈستىدە بىر جايدىن ئۆتكەندە ئاھالىلەرنىڭ بەزىلىرى بەيئەت قىلىپ، بەزىلىرى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ جايغا «گۇمان» دەپ ئى-

سىم قويغان (بۇ خەنزۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «كەلسە-كەل-
مەس» دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىرقى گۇما ناھىيەسىنىڭ نامى گۇماندا
قالغان دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىمىش). خوتەنگە كەلگەندىن
كېيىن ئىككى تەرەپ ئۇزاق تىركىشىپ، دۈشمەن ئاخىرى شەھەرنى
تاشلاپ قاچقان. قوغلىغانلار تاغ جىلغىسىغا كىرىپ، سۇنى بويلاپ ماڭ-
غان. بىر تاش قەلئە (ھازىرقى نۇرى كەنتىنىڭ ئىماملا مەھەللىسىدەك
قىلىدۇ)دىن ئۆتكەندە دۈشمەنلەر گۇمان بىلەن لەشكەر چېكىندۈرمىگەن
ئىكەن. ئىماملار ئۆتۈپ بولۇپ، بۇ يەردە بىر ھىيلە باردەك ھېس قى-
لىپ، دۈشمەننى تاغنىڭ بىر تار يېرىگىچە قوغلاپ بارغاندا پىستىرمىغا
ئۇچراپ، سەركەردە-سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىگەن، تۆت
ئىماممۇ ئۆلتۈرۈلگەن. يۈسۈپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەردىن
كېلىپ دەپنە قىلغان (بۇ جاي ھازىرقى نۇرى كەنتىنىڭ شەرقىدىكى
ئىماملا مەھەللىسىدىكى مازار شۇ). غەززالىي ۋەقەلىرى تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، جەئفىرى سادىق ۋەقەلىرى تاڭ
سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ سۈزۇڭ دەۋرىدە، تۆت ئىمام ۋەقەلىرى بولسا
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خاقانى جېنزۇڭ دەۋرلىرى، لياۋ سۇلالىسىنىڭ
شۆڭزۇڭ خانى دەۋرلىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بولۇپ، كىتابتا دۈش-
مەن دېيىلگەنلەر ئىچىدە يەنە خەنزۇ، قالماق ۋە ئىسلام دىنىغا كىرمى-
گەنلەرمۇ بار. ئادەم ئىسىملىرىنى ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاتىغاندا، تولۇق
ۋە توغرا بولماي قالىدۇ. رەسمىي تارىخ كىتابلىرىغا سېلىشتۇرمىسا ئې-
نىقلىغىلى بولمايدۇ.

كاڭشىنىڭ 58-يىلى سىچەن باش ھەربىي ۋالىيسى يەنەن گېڭياۋ
ئوردىغا بايانامە يوللاپ: «تىبەتتىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ھەممە
ئەللەر ئۆز ئالدىغا ئىگىللىۋېلىپ ئەل قىلىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام سېلىند-
دۇندۇپ ھازىر سول قول قاراۋۇلچىلار بېگى چۇن پىلېنى 600 دىن
ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ قارا ئۇسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ چىڭخەيگە بې-
رىشنى بۇيرۇپتۇ، كىشىلەر تىبەتكە سەككىز مىڭ چېرىك ئەۋەتىدى-
كەن، يار كەنت، كېرىيەگە كەپ بوپتۇ دەپ ئاڭلاپتۇ» دېگەن.

يۈڭچىڭ خانىنىڭ 1-يىلى 6-ئايدا چىڭخەيدىكى لۆبساڭ دەنزىن كې-
رىيە ئارقىلىق تىبەتكە كىرمەكچى بولغاندا، سۈڭپەن قورغىنىنىڭ باش-
بۇغى جويىڭ خىللانغان ئاتلىق چېرىكتىن 300نى، بېلى كاڭ جىنەي

www.uyghurkitap.com

ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىدىن ئون مىڭدىن ئارتۇقىنى باشلاپ ياڭ-
باجىڭدىن گالزاڭگۇ ئاچىلىغىچە قوغلاپ كەلگەن، يولنى قار توسۇۋالغاچ-
لىقتىن توختاپ قالغان. خاتىرىلىنىشىچە، بۇ ئىشلار يۇڭجېڭ خانىنىڭ
دەسلەپكى يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن. جۇڭغارلار ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن
شىنزاڭغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغان. توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى
چىڭخەي ئارقىلىق تىبەتكە كىرگەن بولۇپ، كېرىيە ئارقىلىق ــ يەنى
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتقا كىرگەن يولنى تاللىغان.
چيەنلۇڭ خانىنىڭ 22-يىلى چوڭ قوشۇن ئىلىنى تىنچىتقاندىن
كېيىن، چوڭ خوجا بۇرھانىدىننى قويۇپ بېرىپ، قەشقەرگە قايتۇرۇپ،
كىچىك خوجاجاھاننى ئىلىدا قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باش-
قۇرۇشقا قويغان. ئامۇرسانا توپىلاڭ كۆتۈرگەندە خوجا جاھان ئۇنىڭغا
ياردەم بەرگەن. ئامۇرسانانىڭ ئىسيانى مەغلۇپ بولۇپ، خوجا جاھان يەر
كەنتكە قېچىپ كەلگەن. سانغۇن جاۋخۇي يانداش بۇيۇرغا ھەممىتۇللانى
ئۇنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتكەن. خوجا جاھان ئاكىسى بۇرھانىددىندىن گۇ-
مان قىلغان، ھەر ئىككىسى شەھەر ئىگىلەپ ئىسيان كۆتۈرگەن. ئۇي-
غۇرلار تارقاپ كەتكەن، پەقەت كۇچا، باي، ئاقسۇلارنىڭ ھاكىمبېگى ھا-
دى قاتارلىقلار ئىلىغا قېچىپ بارغان. ھەر قايسى شەھەرلەر ئاۋاز قوش-
قان. 23-يىلى 6-ئايدا قوشۇنىمىز توپىلاڭچىلارنىڭ ئالدىن يۇرەر ئەت-
رەتلىرىنى توخناي (托和鼐)دا تارمار قىلغان. ئۆگەن دەرياسى بويىد-
دىمۇ تارمار قىلغان بولۇپ، توپىلاڭچىلار كۇچانى تاشلاپ قاچقان. ئىك-
كى خوجا ئاقسۇ، خوتەنگە قېچىپ كەلگەندە كونا بەگ-خوجىلار ئۇلارنى
شەھەرگە كىرگۈزمىگەن. ئۇچتۇرپانغا بارسا ئۇلارمۇ شەھەرگە كىرگۈز-
مىگەن. شۇنىڭ بىلەن كىچىك خوجا يەكەنگە، چوڭ خوجا قەشقەرگە
قېچىپ كەلگەن. جاۋخۇي نۆكىرى چىلىنجاپ، گابىشۇ ۋە ھادىلارنى خو-
تەننى ئەل قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار ئالتە شەھەر-بازىرىنى ئەل قىلغان
ۋە قارا سۇنى مۇھاسىرىدىن بوشاتقان. خوجا جاھان مۇرىتى ئابدۇكېرىم
قاتارلىق 600 كىشىنى شەھەرگە تېگىش قىلىشقا ئەۋەتكەن. چىلىنجاپ
قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىلچى، قاراقاش، يۇرۇڭقاشتىن ئىبارەت
ئۈچ شەھەرنى مۇداپىئە قىلغان. توپىلاڭچى ئوسمان كېرىيە، چىرا كەن-
تى، نۇرى تاغلىق كەنتنى قايتىدىن ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بۇ ئۈچ
شەھەر ئۇنىڭغا بېقىنغان. 24-يىلى 3-ئايدا توپىلاڭچىلار قاراقاش، قارا

سۇلارنى قايتا ئىگىلىلىۋالغاچقا، قورشاۋ بىكار قىلىنىپ، لەشكەر قايـ ـتۇرۇلغان. ئاقسۇدىكى ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ ياندىش بۇيۇرغىسى باـ ـتۇچەر،خارخۇرچى قاتارلىقلار ياردەمگە بېرىپ، ھاۋانى تۇمان قاپلىغان پۇرسەتتە ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئابدۇخالىق ۋە خوجىياسلار تەسلىم بولغان، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن. ھەر قايسى شەھەرلەر قايتىدىن ئىشغال قىلىنغان. 4ـ ئايدا ياندىش سانغۇن فۇدې خوتەنگە كەلگەندە، ئالتە شەـ ـھەرنىڭ خەلق ئاممىسى چاي ۋە هاردۇقلىق نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالـ ـدىغا چىقىپ قارشى ئالغان. 6ـ ئايدا قوشۇنىمىز ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ توپىلاڭچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولۇپ، جاۋخۇي سانغۇن ئۇچتۇرـ ـپان ئارقىلىق كېلىپ، قەشقەرنى ئالغان. فۇدې خوتەندىن يۈرۈش قىلىپ يەكەننى ئالغان. ئىككى خوجا شەھەرنى تاشلاپ پامىردىن ئۆتۈپ غەربكە قېچىپ بەدەخشانغا بارغاندا، شۇ جاينىڭ خانى سۇلتان شاھ تەرىپىدىن تۇتۇپ كاللىسىنى ئېلىپ تەقدىم قىلغان. ئۇيغۇرلار يۇرتى شۇنىڭ بىلەن تىنچلانغان.

بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساق خوجا قېچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. ئۇنىڭ قوقەندە ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى جاھانگىر قۇرئان قىرائەت قىلىپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ، خوجا نامىدىن پايدىلىـ ـنىپ، بايلىق توپلاپ، ئاممىنى قۇترىتىپ، بۇيرۇتلارنى چېگرادا بۇلاڭـ ـتالاڭ قىلىشقا قۇتراتقان. داۋگاڭ خاننىڭ 2ـ يىلى (مىلادىيە 1823ـ يىلى ـ ت) ھۆكۈمەت چېرىكلىرى سەددىچىندىن چىقىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتكەن. جاھانگىرنى ئۇچرىتالماي، مال بېقىپ يۈرگەن بۇيـ ـرۇتلارنى قىرغىن قىلغان. ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى تېلىق بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ جاھانگىرغا ياردەم بېرىپ، قاپسىلىپ قالغان ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنى قىرىپ تاشلىغان، توپىلاڭـ ـچىلار شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ غالجىرلاشقان. 6ـ يىلى 6ـ ئايدا جاھانگىر خوجا ئەنجانلىقلار، بۇيرۇتلاردىن 500 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ كەچ تېغىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ ئەجدادلىرىنىڭ بېشىنى تاۋاپ قىلغان (بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مازىرى بولۇپ، قەشقەر شەھىرىگە 80 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ). تاۋاپ قىلىشنى ئاڭلاپ ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئاۋاز قوشۇپ بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا 10 مىڭدەك ئادەم يىغىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەربتىكى تۆت شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، قۇمباش دەرياـ

سىغا قىستاپ كەلگەن (بۇ جاي ئاقسۇغا 40 چاقىرىم كېلىدۇ). قوشۇ ـ نىمىز دەريادىن ئۆتۈپ ئىستىھكام قۇرغان، توپىلاڭچىلار قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىپ، قايتا ـ قايتا مەغلۇپ بولغان، شەرقتىكى تۆت شەھەر شۇنىڭ بىلەن تىنچلىنىشقا باشلىغان. 10 ـ ئايدا چوڭ قوشۇن ئاقسۇ، خوتەنلەرگە يىغىلغان. ئىمىن بەگ قاتارلىقلار توپىلاڭچىلارنىڭ قوشۇ ـ نىنى تۇتۇپ بەرگەن ۋە خان ئامبىلىنىڭ كونا تامغىسىنى قوشۇنغا تەق ـ دىم قىلغان. دەسلەپتە ئۇيغۇرلار ئاق تاقىيەلىك ۋە قارا تاقىيەلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، ئاق تاقىيەلىكلەر (ئاق تاغلىقلار) خوجا جاھان تە ـ رەپدارلىرى بولۇپ، جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كې ـ يىن، قارا تاقىيەلىكلەرنى خورلىغاچقا، خوتەنلىكلەر شەھەرنى تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. قىش كېلىپ قار تاغ يولىنى ئېتىپ قوي ـ غاچقا، چوڭ قوشۇن ئۆتەلمەي، شەھەر يەنە ئاق تاقىيەلىكلەرنىڭ قولى ـ غا چۈشۈپ كەتكەن. 7 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چوڭ قوشۇن توپىلاڭچىلارنى تا ـ زىلاپ، غەلبىسېرى ئىلگىرىلەپ قەشقەرگە كەلگەندە، جاھانگىر ئاللى ـ قاچان قېچىپ كەتكەن. 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەسلىھەتچى ئامبال ياڭ يۈچۈن يېڭىسارنى قايتۇرۇۋالغان. 16 ـ كۈنى يەكەننى قايتۇرۇۋالغان. ياساۋۇل بېگى ياڭ فاڭ ئالتەمىڭ چېرىكنى باشلاپ، خوتەندىكى تو ـ پىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ كۈنىلا شەھەر سىرتىدا بەش مىڭ تو ـ پىلاڭچىنى مەغلۇپ قىلىپ، يۇنۇسنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى قايتۇرۇۋېلىنغان. 12 ـ ئايدا سانغۇن چاڭ لىڭ مەخپىي ھالدا قارا تاقىيەلىكلەردىن يوشۇرۇنچە قارا ـ ۋۇلدىن ئەۋەتىپ، جاھانگىرنى ئالداپ مۇرىتلىرى بىلەن كىرگۈزگەن. قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىنىۋېتىپ، تۇزاق قۇرۇلغانلىقىنى جاھان ـ گىر سېزىپ قېلىپ، قاراۋۇلدىن چىقىپ، ئارقىسىغا يېنىپ كەتكەن. ياڭ فاڭ چېرىكلىرىنى باشلاپ قارا تېكە تېغىغىچە قوغلاپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالغان، توپىلاڭچىلار شۇنىڭ بىلەن جىمىققان.

تۇڭچىز خانىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەنشىدىكى تۇڭگانلار مالىـ ـمانچىلىق چىقارغان، ئارقىدىنلا گەنسۇ تۇڭگانلىرىمۇ مالىمانچىلىق چىقارغان، سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى توپىلاڭ كەيپىياتى قاپلاپ، شۇ ۋەجىدىن شىنجاڭ پارچىلانغان. شىمالىي يولدا مالىمان چىقارغىنى تۇدىلىن، سوخۇەنجاڭلار بولۇپ، بۇلار شەنشى، گەنسۇلارغا ياقا يۇرتتىن

كەلگەن تۇڭگانلاردىن ئىدى. جەنۇبىي يولدا مالىمانچىلىق چىقارغىنى
ئەنجانلىق پاشا ياقۇپبەگنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ ھەممىسى ئەنجاد-
لىق. ئەنجان ئەسلىدە سەككىز شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، رۇسلار ئۆزىگە
قوشۇۋالغان. ياقۇپبەگ قۇۋ ئادەم بولغاچقا ئاۋامنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرە-
لىگەن. ئۇنىڭ شەرققە قاترىشى دەل قەشقەردە تۇڭگان كاتتىۋاش جىن
شياڭيىن قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە توغرا كەلگەن بولۇپ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. تۇرپاننىڭ غەربىلا
ئەمەس، ھەممە ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. تۇرغات قاتارلىق قەبىلە-
دىن بولغان چېرىكلەر ئالماشقان بولۇپ، بۇ پۇپۇك قالپاقلىق چېرىك-
لەرنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئەگەشكەن. تودبىلىننىڭ ئۇنىڭدىن زەربە يېگەن-
لىكىنى كۆرۈپ، ئەنجانلىقلارغا ئەل بولغان. شۇنىڭ بىلەن پاشا ياقۇپ
بەگ شىمالىي يولغا كىرىۋېلىپ، شىنجاڭنى باشقا بىر يۇرتقا ئايلاندۇ-
رۇپ قويغان. 12-يىلى ئىچكىرىدىكى توپىلاڭنى تازىلاش قوشۇنى بەي
يەنخۇنى قوغلاپ قورۇلدىن چىققان. گۇاڭشۇ خاننىڭ 2-يىلى شىمالىي
يولنى تازىلاپ، 3-يىلى ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ليۇجىنتاڭنىڭ غەلبە-
سىېرى ئىلگىرىلەپ داۋانچىڭ، تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى ئې-
لىپ، شەرقتىكى تۆت ئۆتكەلنى ئارقا-ئارقىدىن قايتۇرۇۋېلىشىغا ھەم-
دەم بولغان. بۇ چاغدا خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىبېشى نىياز ھې-
كىمبەگ ئەل بولغان. پاشا ئۆلگەن بولۇپ، ئوغلى بەگقۇلى تېخى غەرب-
تىكى ئۇچ شەھەرنى باشقۇرۇۋاتاتتى. نىياز ھېكىمبەگ ھۆكۈمەت قو-
شۇنلىرىنىڭ غەربكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ
يەكەننى قورشاپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى قارشى ئالماقچى بولغان. بەگ-
قۇلى يېقىن ئادىمى ئالىشنى قەشقەرنى ساقلاشقا قويۇپ، ئۆزى بەش مىڭ
ئاتلىقنى باشلاپ نىيازغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغان ۋە خوتەن-
نىمۇ ئىشغال قىلىۋالغان. قەشقەرنىڭ ئالدىنقى مۇداپىئە بېگى خې بۇ-
يۇڭ (قۇدالاي) قالپاقلىق مانجۇ، خەنزۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ خەنزۇ
شەھىرىدە (يېڭى شەھەردە) تەسلىم بولغان. بەگقۇلى شۇنىڭ بىلەن خو-
تەننى تاشلاپ، يېڭىسارغا كېلىپ ئۇيغۇر شەھىرى (كونا شەھەر)نى
قوغدىغان. باش مۇپەتتىش ليۇجىنتاڭ چېرىكلەرنى بۆلۈپ قەشقەردىكى
ئۇيغۇرلار قورغىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۆزى ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىك-
لەرنى باشلاپ يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭىسارنى ئالغان. ياساۋۇل بېگى

دۇڭ فۇشياڭ بۇيرۇقىقا بىنائەن خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، چېرىكلەرنى نەچچە يولغا بۆلۈپ كېرىيەنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدىكى قالدۇق باندىتلار ـ نى تازىلىغان. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ تىنچلانغان.

گۇاڭشۇنىڭ 24 ـ يىلى شىنىڭدىكى توپىلاڭچى تۇڭگان لىيۇسىخۇ قا ـ تارلىقلارغا زەربە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەملىرى چېكىنىپ سەيدام ئويمانلىقى تەرەپلەرگە پىتىراپ كېلىپ ئەنشى،دۇنخۇاڭ، يۈمىند ـ لەرنى پاراكەندە قىلغان. قەشقەر ياساۋۇل بېگى جاڭ جۈن ناھىيەمىزنىڭ شەرقىدىكى چەرچەندە دۇنخۇاڭ، لوپنۇرلارغا بارىدىغان يول بارلىقىنى كۆزلەپ، شەھەر بوش قالسا دۈشمەننىڭ ئايىغى ئاستىدا قالارمەنمىد ـ كىن، خوتەن، كېرىيەلەر باي يۇرتلار دەپ ھېسابلاپ، چېرىك ئەۋەتىپ چەرچەندە توسۇپ مۇداپىئە كۆرەيلى دەپ مەسلىھەتلەشكەن. لىيۇسىخۇ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ قالدۇقلىرى سۈلھى تەلەپ قىلغان. تىنچ چاغلاردا خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. تەي ـ يارلىق پۇختا بولسا، ئاپەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چەت ۋە قالاق جاي دەپ ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. زىيىنىنىمۇ ئويلاپ قو ـ يۇش كېرەك. شۇڭا، چېگرا رايوننىڭ ئىشلىرىنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ ئۆرنەك قىلىشى ئۈچۈن مۇشۇلارنى يېزىپ چىقتىم.

## ئاھالىسى

(قوشۇمچە: نوپۇسى، ئۇرۇق جەمەتى، دىنى)

بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن خوشنۇلۇقلار (مانجۇلار) بولمىغان، خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقانلار بولۇپ سانى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېلىپ ـ كېتىشىنىڭ قارارى يوق. كېرىيەنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردۇر. گۇاڭشۇنىڭ 32 ـ يىلى (مىلادىيە 1907 ـ يىلى. ـ ت) دىكى نو ـ پۇس تەكشۈرگەن ساندىن قارىغاندا شەھەر ئەتراپىدىكى تۆت يېزىدا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ جەمئىي ئەر 41 مىڭ 585 نەپەر، ئايال 44 مىڭ 852 نەپەر بولغان. ئۇيغۇرلاردا گەرچە ئاق ، قارا ئۇگدە پەرقى بولسىمۇ، ئىسمىلا بار فامىلىسى يوق ھەم ساپ مىللەتمۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ نەسەبىنى ئېنىقلىماق تەس بولغاچقا يېزىلمىدى. ئۇلارنىڭ دىنىغا كەلسەك، خەن، جىن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدىكى غەربىي يۇرت بۇددا ئېلى بولۇپ، بۇددا دى ـ نىغا ئېتىقاد قىلغان. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سىرامان

فاشيەن «بۇددىست ئەللەر خاتىرىسى» دا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇدۇن ئېلىنىڭ
خەلقى ناھايىتى باياشات ئىكەن. چوڭ كولۇڭگو مەزھىپى تەرەپدارلىرى
نەچچە تۇمەندىن ئارتۇق ئىكەن، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كى-
چىك مۇنار قوپۇرۇقلۇق ئىكەن. ئەڭ كىچىكلىرىمۇ ئىككى جاڭدىن ئارتۇق
ئىكەن.» فاشيەن بۇت سەيرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇر-
غان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن
باشلاپ پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ سۇ چاچىدىكەن،
ھەممە كوچىلار ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىدىكەن؛ شەھەر قوۋۇقلىرىغا كاتتا
پەردە-چىمىلدىقلار ئېسىلىدىكەن، خان ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، كېنىزەكلى-
رى ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن. شەھەردىن ئۈچ-تۆت چاقىرىم كېلىدىغان
يەردە تۆت چاقلىق بۇت ھارۋىسى ياسىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ
جاڭدىن ئېگىز بولۇپ، گوياكى بىر ساراي يۆرۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈ-
نىدىكەن. بۇت ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن، ئىلاھلار خىزمىتىدە
بولىدىكەن، شەھەر قوۋۇقىغا يۈز قەدەم قالغاندا خان يېڭى كىيىم كىيىپ،
تاجىسىنى قولىغا ئېلىپ، كۆجە كۆتۈرۈپ، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، قوۋۇقتىن
چىقىپ بۇتنى قارشى ئالىدىكەن. گۈل چېچىپ كۆجىنى يېقىپ قوۋۇقتىن
كىرىدىكەن، قوۋۇق راۋىقىدا تۇرغان خانىش ۋە كېنىزەكلەر ھەر خىل
گۈللەرنى چاچىدىكەن. بۇت بىر ساڭرامدا بىر كۈن تۇرغۇزۇلىدىكەن.
4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە بۇت يۆتكەش ھارۋىسى شەھەرنىڭ
غەربىگە يەتتە-سەككىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بىر ساڭرامغا ئاپى-
رىلىدىكەن. ئېگىزلىكى 25 جاڭ (تەخمىنەن 83 مېتىر-ت) كېلىدىغان
بىر ساڭرام بار بولۇپ، نەقىش ئويۇپ ئالتۇن-كۈمۈشتە ھەل بېرىلگەن،
سان-ساناقسىز گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن، مۇنارنىڭ ئارقىسىدا ھەيۋەت-
لىك بىر بۇتخانا (خانلىق يېڭى ئىبادەتخانىسى) بار بولۇپ، ئۇنى تەسۋىر-
لەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. شەرقىي يانباغىردىكى پەشتاقلارغا ئالتە
ئەلنىڭ خانلىرى ئېسىل نەرسىلىرىنى تىزىپ بۇتقا تېۋىنىدىكەن» بۇنىڭ-
دىن شۇ زاماندا بۇددا دىنىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.
ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كەلسەك، ھەقىقەتەن سۈي، تاڭ سۇلا-
لىلىرى دەۋرلىرىدە بىخلىنىپ يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن گۈللەنگەن.
مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى
مۇسۇلمانلىشىپ بولغان. ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋالىرى ھېسابلى-

نىدۇ. «تاڭنامە» دېگەن تازىق، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەرەبىس-
تان، «مىڭنامە»دېگەن مەككە مۇكەررەمە (مەدىنەمۇ دېيىلىدۇ) لەر ئۇلارنىڭ
ئېلىدۇر. ئۇلارنىڭ زېمىنى قىزىل دېڭىزغا يېقىن، كۆكئارتنىڭ غەربىدىن
نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-
سالام. ئۇ جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى چېن سۇلالىسىنىڭ خانى شۈەندى-
نىڭ تەيجيەن 4-يىلى (مىلادىيە 569-582-يىللىرى.-ت) مەككىدە تۇ-
غۇلغان بولۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ساۋاتسىز قالغان.
40 ياشقا كەلگەندە سودىگەرچىلىك قىلغان. ئۇ باتۇر ۋە ئەقىل-پاراسەت-
لىك بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ ھاۋالىسى بىلەن مۇشرىكلىك دىنىي، بۇت دى-
نىي (بۇددا دىنىي) ۋە ئەيسانىڭ ئۇچلۇك خۇدالىق دىنىي تەلىماتىنى بىكار
قىلىپ، بىر ئىلاھلىق دىنىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە كېيىن مەدىنەگە كۆ-
چۈپ كەتكەن. تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 4-يىلى دۆلەت قۇرۇپ، كالېندار بار-
لىققا كەلتۈرگەن. ئون يىلغا يەتمەيلا پۈتۈن ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ-
نىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، تەسىر دائىرىسىنى دۆلەت سىرتىغىمۇ
كېڭەيتكەن. ھىجرىيەنىڭ 10-يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بو-
لۇپ، ئۇنىڭ تۇتۇق ئاتىسى ھەم قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ،
دىن تارقىتىش ۋە جەڭ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. 50 يىل ئىچىدە شەرق-
تە ھىندىستاندىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممى-
سى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. كېيىن يەنە پامىردىن ھال-
قىپ، غەربتىن شەرققە تارقىلىپ، ناھىيەمىزگىچە يەتكەنىنىڭ باياننى
لەشكىرىي ئىشلار خاتىرىسىدە بايان قىلدىم. تاڭ دەيزۇڭ ئەمىر لەشكەر
بولۇپ باققان، لەشكەر باشلاپ ئىككى ئاستانىنى قايتۇرۇۋالغان، لياۋ
شېڭزۇڭ مەلىكىسىنى تۆۋەنگە ياتلىق قىلغان، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا
«مۇسۇلمانلار قوشۇنى» دېگەن سۆز بار. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ قو-
مۇل قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكىرىي قىسىملىرى بارلىقى يېزىلغان.
تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىنكى ئۇزاق بىر جەرياندا ئۇلار ئىچكىرى
جايلاردا ئولتۇراقلىششقا باشلىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قا-
رىغاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا (بىر ئېيتىلىشچە ھىج-

ـرىيەنىڭ 26-يىلى)[①] ماھمۇد دېگەن كىشى ئاكىسى بىلەن مەدىنىدىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن، خەلق ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ چوقۇنغان. دەل ،شۇ چاغدا ئۇيراتلار كۈچىيىپ، يۇەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەت ئەۋلادىدىن بولغان كونا ئۇيغۇر خانلىرىنى كونترول قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا كۆچۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنىي ئەۋج ئېلىپ بۇددا دىنىي تىببەتتىلا قالغان. بۇلار دىنىنىڭ مەنبەسى ۋە ئېقىمىدۇر. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «پەيغەمبەر» دەپ ئۇلۇغلايدۇ. كائىناتتىكى خۇداغىلا چوقۇنىدۇ. مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەر «ھاجى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەج سەپىرىدە ئۆلۈپ قالغانلارنى ئاللا ئۆز پاناھىغا ئالىدىغان بولغاچقا، ئۆلۈم ۋە بالايىئاپەتتىن ساقلىنىش، باياشات ياشاش ئۈچۈن «قۇرئان» ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. مۇقەددەس كىتابنى پىششىق بىلگەنلەرنى «ئاخۇن» دەيدۇ. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا ئاخۇن يوق ھېچكىم ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدۇ. ھۆججەتلىشىش قاتارلىق ئىشلاردا ئاخۇننىڭ مۆھرى بېسىلمىسا ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئاخۇنۇنلاردىن مۇقەددەس كىتابنى بىلىدىغانلىرى بەك ئاز. «سەللىگە تۇشلۇق ئىمان يوق» بولۇپلا قالماستىن، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بوزەك ئېتىشىگە رازى بولغۇزىدىغانلىرى بار. يېزىقى توغرىسىغا، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. خەت يازالايدىغانلىرى «موللا» دېيىلىدۇ. كىشىلەرگە بىرەر ھۈنىرىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ. شەھەر-يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە مەسچىت-خانىقالار بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، مەسچىتنى باشقۇرىدىغانلار «ئىمام» دېيىلىدۇ، بۇ دىنىي ئۇستاز ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئۆلسە دەپنە قىلىدىغان جاي «مازار» دېيىلىدۇ. مازارغا قارايدىغانلار «شەيخ» دېيىلىدۇ. شەيخلىقنى قۇرئان قىرائەت قىلالايدىغانلار قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداقلارنى تاپماق تەس.

200 يىل ئۆتسىمۇ تېخىچە كالېندارنى بىلمەيدۇ. يىلنى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا 12 ھايۋان نامىدىكى 12 يىلنى بىر بۇرج ھېسابلايدۇ. بۇ خەنزۇلارنىڭ 12 مۈچەلى بىلەن ئوخ-

① ھىجرىيەنىڭ 26-يىلى مىلادىيەنىڭ 648-يىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىسلام دىنىي قەشقەرگە تېخى تارقالمىغان. ئاپتور بۇنى خاتا قىلىپ قويغاندەك تۇرىدۇ.-ت

شاش بولۇپ، كەبىسە ئاي يوق، 360كۈن توشسا بىر يىل، 30 كۈن توشسا بىر ئاي ھېسابلايدۇ. بىرىنچى ئاينى مۇھەررەم، ئىككىنچى ئاينى سەپەر، ئۈچىنچى ئاينى رەببىيەلئەۋۋەل، تۆتىنچى ئاينى رەببىيەل ئاخىر، بەشىنچى ئاينى جامادىيەلئەۋۋەل، ئالتىنچى ئاينى جامادىيەل ئاخىر، يەتتىنچى ئاينى رەجەپ، سەككىزىنچى ئاينى شەببان، توققۇزىنچى ئاينى رامىزان، ئونىنچى ئاينى شەۋۋال، ئون بىرىنچى ئاينى زۇلقەددى، ئون ئىككىنچى ئاينى زۇلھەججە دەپ ئاتايدۇ. شۇ ئاي شۇ يىل ئاخىرىدا ھەممە ئائىلىلەردە قوي ئۆلتۈرۈپ، قۇربانلىق قىلىنىدۇ. بۇ «قۇربان ھېيت» دېيىلىدۇ. قۇربان ھېيتتىن 70 كۈن ئىلگىرىكى بىر ئايدا كۈندۈزى تاماق يېيىلمەيدۇ. كۈن ئولتۇرغاندا ئاندىن تاماق يېيىلىدۇ. بۇ قەدىمكىلەرنىڭ سوغۇق تائام (چوكانتال) بايرىمىغا ئوخشايدۇ، بۇنى ئادەمنى چېنىقتۇرۇپ چىداملىق قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئالدىنقى 15 كۈن «بارائەت» دېيىلىدۇ. بارائەتتە ياغلىق قاپاقلارنى دەرەخلەرگە ئېسىپ، ئىچىگە ياغ قويۇپ كۆيدۈرىدۇ، ياغ تۆگەپ قاپاق يەرگە چۈشكەندە قاپاقنى دەسسەپ يېرىۋېتىدۇ. بۇنى بالا-قازانى يوقىتىش دەپ قارايدۇ. قەمەرىيە ئېيىدا يەتتە كۈن بىر ھەپتە بولىدۇ. 1-كۈنى شەنبە، 2-كۈنى يەكشەنبە، 3-كۈنى دۈشەنبە، 4-كۈنى سەيشەنبە، 5-كۈنى چارشەنبە، 6-كۈنى پەيشەنبە، 7-كۈنى ئازنە دېيىلىدۇ، ئازنە كۈنى پەيغەمبىرىگە ئىبادەت قىلىدۇ. بۇنى «جۈمە» دەيدۇ. ھەر يەتتە كۈندە بىر بازار بولىدۇ. بۇ خەنزۇلارنىڭ يەكشەنبىسى، غەربلىكلەرنىڭ ئىبادەت كۈنى بولغانغا ئوخشايدۇ. ئەدەپ-ئەردەمگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. بوۋىسى، ئاتا-ئانىسى، بىر تۇغقانلىرىدىن باشقىلىرى مەيلى ئەزىز ياكى خار بولسۇن ئىسمىنىلا چاقىرىدۇ. ئانا بىلەن بالا ياكى بىر قورساقتا ياتقان قېرىنداشلارنى بىر-بىرىگە چېتىشقا بولمايدۇ. باشقا ئەھۋالدا ئەر-خوتۇن بولۇشقا بولىدۇ. ئەر-خوتۇنلار كىچىككىنە سەۋەبنى دەپ ھە دېسىلا ئاجرىشىدۇ. ئۈچ «تالاق» قىلغان بولسا، ئەر-خوتۇنلارنىڭ ياراشقۇسى بولسىمۇ يارىشالمايدۇ، ئەگەر ياراشسا شۇملۇق دەپ قارىلىدۇ. ئەرلىرى چېچىنى قويماي چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئاياللىرى چاچ قويۇپ ئۆرۈۋالىدۇ. يۇمىلاق ياقىلىق كىيىم كىيىدۇ، ئېگىز قۇنچلۇق ياكى كالتە ساق ئۆتۈك كىيىدۇ. قىشمۇ ياز تەلپەك كىيىدۇ. بۇ ئادىتى ئەر-ئاياللارنىڭ ئوخشىشىپ قالىدۇ. ھاجىم، ئاخۇنلار باش كىيىمىنىڭ

ئۇستىدىن ئاق رەختتە سەللە يۆگەيدۇ، ياخشى ئائىلىنىڭ ئاياللىرى سىرتقا چىقسا يۈزىنى يۆگەيدۇ. بۇ ئادەتتىكى ئاياللاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر. خوراز چىللىغاندا قوپۇپ، ئاخشىمى كەچ ياتىدۇ. مېھماندار- چىلىقتا ئەڭ ئەزىز مېھمانغا قوي سويۇلىدۇ. ھەشەمەتلىك داستىخان راسلانمايدۇ. ئىسراپ قىلمايدۇ، ھاراق قويۇلمايدۇ. تۇرالغۇسى، كى- يىم-كېچەكلىرى ئاددىي-ساددا بولۇپ، ھەشەمەتتە بەسلەشمەيدۇ. بۇ تاڭ زامانىسىدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىسادچىللىق ئىستىلىگە ئوخشايدۇ. ئادەملىرى كۆپىنچە قەسەمگە ئىشىنىدۇ. گۇمانلىق، قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسە قەسەم قىلدۇرۇش بىلەن ھەل قىلىدۇ، بۇنداق چاغدا گۇۋاھچى ئوتتۇرىدا تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىش شەرت قىلىنىدۇ. ئۆز ئالدىغا قەسەم قىلسا بولمايدۇ. دۇفۇ شېئىرلىرىدىكى جاڭ ۋېيخۇەنىڭ قارىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئۇرۇشۇش، نوپۇس، پۇل، قەرزدارلىق، زىنا قىلىش، قىمار ئويناش، ئۇششاق جىنايەت قاتار- لىق دېلولار مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىلىرىدە جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا قى- لىنىدۇ. ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن بۇنىڭغا باشقا پى- كىردە بولغۇچىلار يوق بولغاچقا، ئاخۇنۇملار ۋە ئۇيغۇر باشلىق-ئە- مەلدار قاتارلىقلار ھازىرغىچە يەرلىك سوتلاش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ كې- لىۋاتىدۇ. سىياسىي ساھەگە دەخلىسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشمۇ سىياسىيشۇناسلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.

ئۆلار چيەن — ئاقچا-تەڭگىلەر (钱)نى «پۇل» دەيدۇ. 50 داچەننى بىر تەڭگىگە تەڭ قىلىدۇ. ھازىر بولسا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇيدۇرغان داچەن پۇللار ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى بېشى ئۈچلۈق، سوقۇچاق، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق پۇللارنىڭ ھازىر قارىسىمۇ كۆ- رۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. خەلق ئارىسىدا شېڭ، كۇرە دېگەن ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىشلەتمەيدۇ، ھەر تۆت دەن بەش كۇرە ئاشلىق بىر پاتمان بولىدۇ. بىر كۇرە بىر چارەك بولىدۇ، (12 جىڭدىن ئارتۇقراق چىقىدۇ). ئۆلچەيدىغان ئەسۋابلىرى بار، ئەمما مىقدارى ئېنىق ئەمەس. يۇقىرى- قىلار ئۆلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.

مۇندەرىجە تەقسىماتىغا ئاساسەن نوپۇس، مىللەت، دىنىي ئەسلىدە ئايرىم تۈر قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ ئاھالىسى دېگەن تۈرگە كىرگۈزۈل-

گەچكە ھەمدە ئۇلارنىڭ فامىلىسىنى ئېنىقلىغىلى بولىدىغان يازما مەنبە بولمىغاچقا، تەكرار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

## جۇغراپىيەسى

زېمىنى (قوشۇمچە: ئىبادەتخانا، بازار، مەكتەپلىرى)

ناھىيەمىز ئۆلكە مەركىزىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا بولۇپ ئۆلكە مەركەزىگە 5700 چاقىرىم كېلىدۇ، ناھىيە قاراشلىق ئايماق شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 450 چاقىرىم يىراقلىقتا. ناھىيەمىز جەنۇبتا ئارقا تىبەت، شەرقىي جەنۇبتا چىڭخەي بىلەن چېگرالىنىدۇ، چېگرالىنىدىغان جاينىڭ ھەممىسى چوڭ قارلىق تاغ. شەرقتە چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ، شەرقىي چېگرا بىر كىچىك يولغا تۇتىشىدۇ. شىمالدا كۇچانىڭ شايار ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. قۇملۇقتا يول يوق. غەربتە لوپ ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. چوڭ يول ئۆتەڭ-راباتلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

ناھىيەمىز ئىلگىرى تۆت مىڭلىققا بۆلۈنگەن، سامپۇل مىڭلىقىنى لوپقا ئايرىپ بەرگەندىن سىرت يەنە ئۈچ مىڭلىق قالغان. كېرىيە مىڭلىقى: چوڭ-كىچىك ئۇيغۇر كەنتلىرىدىن 40ى قارايدۇ. چىرا كەنت مىڭلىقى: چوڭ-كىچىك 12 كەنت قارايدۇ. تاغتۇرا مىڭلىقى: چوڭ ـ كىچىك ئۇيغۇر كەنتلىرىدىن يەتتىسى قارايدۇ. ھەر بىر مىڭلىقتا مىڭ ئۆيلۈك بار بولۇپ، شۇڭا «مىڭ» دەپ ئاتالغان.

كېرىيە مىڭلىقىغا شەھەر ئەتراپى ۋە شەرقىي شىمالدىكى يېزىلار قارايدۇ. شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 2400 چاقىرىمدىن ئارتۇق. كېرىيە مىڭلىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى چاقىلىق زېمىنىغا، غەربىي چېگراسى چىرا كەنتى مىڭلىقىغا، جەنۇبىي چېگراسى تاغتۇرا كەنتى مىڭلىقىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرەپ پۈتۈنلەي قۇملۇق.

چىرا كەنتى مىڭلىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى كېرىيە مىڭلىقىغا، غەربىي چېگراسى لوپ ناھىيەسىگە، جەنۇبىي چېگراسى تاغتۇرا مىڭلىقىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى پۈتۈنلەي قۇملۇق.

تاغتۇرا مىڭلىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى لۇش تېغى، جەنۇبىي چېگراسى ئارقا تىبەت، شىمالىي چېگراسى كېرىيە مىڭلىقىغا تۇتىشىدۇ.

ناھىيە مەركىزىدە شەھەر يوق، بازار بار. يېقىندىن بىر كۆنگەك شۇ-

تاڭ (مەكتەپ)ئېچىلدى. شەھەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسى (城隍庙) دىن باشقا قەدىمىي يادىكارلىق يوق. ئۇنىڭغا شەرقىي يېزىلاردىن چەر-چەن، نىيا، غەربتىكى يېزىلاردىن سىكىدا شىمان قارايدۇ. تەشمە كەنتى، قارىقىيلاردا بازار بار.

چىرا كەنتى مىڭلىقىدا ئۆتەڭ بار بولۇپ، «چىرا ئۆتىڭى» دېيىلىدۇ، بازىرى بار، ئۇنىڭغا قارايدىغان گۇلاخما، دامىكۇلاردىمۇ بازار بار. باشقا قەدىمىي يادىكارلىقلىرى يوق.

**كەسپى** (ئوقەتچىلىكى)

**ئوقۇمۇشلۇقلار.** بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەن. دىنغا خۇراپىيلارچە چوقۇنىدۇ، بۇرۇقتۇملۇق، بىكىنمچىلىك ئىچىدە ياشايدۇ. تەزكىرىگە تاللاپ كىرگۈزگۈدەك كۆزگە كۆرۈنەرلىكلىرى يوق. مەسىلەن قائىدە-يوسۇن نەغمە-ناۋا، تەلىم-تەربىيەسى، دانىشلار، جازىبازلار، سەنئەتكارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۇرۇش، مەدەنىي ئاقارتىشلار كەلگۈسىدىكى ياخشى ئەمەلدارلاردىن ئۈمىد كۈتىدۇ.

**دېھقانچىلىقى.** ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە-يوسۇنى ئاددىي-ساددا بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ ئونىنىڭ سەككىزى دېھقانچىلىق قىلىدۇ. لېكىن، دېھقانچىلىق ئىلمى ئۇزۇندىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى دېھقانچىلىق كىتابى بار بولۇپ، ئىسمىنى «رىسالە» دەيدىكەن، ھازىر بۇ كىتابنى سورىسا ھېچكىم بىلمەيدۇ. تېرىقچىلىق قىلىشتا پۈتۈنلەي ھاۋا رايى ۋە پەرسەتكە تايىنىدۇ. ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۇپراقنىڭ مۇۋاپىقلىقى، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغۇت ئىشلىتىشتە ئۆزىگە ئېھتىياجلىق قانۇنىيەتنى بىلمىگەچكە يەر كۆپ بولسىمۇ پايدىلىنىش ئۇنۇمى ئاز. بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. دېھقانلارنى يېتىشتۇرۇشكە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلار تەسەببۇس قىلسا ۋە يېتەكلىسە بولىدۇ.

**سانائىتى.** ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئىش تۇتىدۇ. ھۈنەر-سەنئەت سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاچقا، قوي يۇڭى، يىپەكلەر مۇشۇ يەردىن زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلسىمۇ باشقىلار سېتىۋېلىپ ئەكېتىدۇ. گەرچە رەخت توقۇش، ئەتلەسچىلىك، قەغەزچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى بار بولسىمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلالمايۋاتىدۇ. باشقا ئال-

تۈنچىلىق (زەرگەرچىلىك)، تېرە-كۆنچىلىك، ياغاچچىلىق مەھسۇلاتلىرى يەرلىكنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر تۈر ئادەتتىكى بىر نەچچە سان بىلەنلا توختاپ قالغان. ھۈنەر-سەنئىتىنى ياخشىلاپ، يىرىكلىكتىن سىپتىلىققا، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە يەتكۈزۈش بەك زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ.

**سودا ئىشلىرى.** ناھىيەمىزنىڭ يەرلىك ئىشلىرى ئانچە گۈللەنمىگەن. ناھىيە چەتكە جايلاشقان بولغاچقا، سودا ئىشلىرى ئاۋاتلاشمىغان. بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرلىرى سودا قىلىشنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقانلار رۇسىيەگە قاراشلىق ئەنجانلىق، قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار، ئىچكىرىدىن چىقىدىغان ئاز بىر قىسىم ئادەملەردىنلا ئىبارەت.

## تاغلىرى

يەر يۈزىدىكى تاغلارنىڭ تىزمىلىرى قۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ. بۇ «بىرلىككە كەلتۈرۈش تەزكىرىسى» (一统志)دە «گاندىس تېغى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ تاغنىڭ تۆت غولى بار بولۇپ، غەربىي شىمالغا سوزۇلغىنى سىڭگىقابابۇ بولۇپ ھەقىقەتەن غەربىي يۇرتتىكى تاغلارنىڭ بوۋىسى دېسە بولىدۇ. بۈگۈنكى ناھىيە زېمىنىنىڭ جەنۇبىدا قارلىق تاغلار خۇددى يىلان باغرىدەك 3000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يەرگىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئومۇمەن سىڭگىقابابۇ تېغىنىڭ تارمىقىدۇر. لېكىن تاغ ئىسىملىرىدىن كىتابلارغا «كېرىيە تېغى» دەپ بىرسىلا يېزىلغان بولۇپ، قالغانلىرى نام-نىشانسىز قالغان. كېيىنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن ھازىر يەرلىك كىشىلەر ئىسمىنى ئاتاۋاتقان تاغلارنىڭ يۆنىلىشى، چاقىرىم سانى بويىچە ئايرىپ بايان قىلدىم. ئۇنىڭ دەريالار بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق-يېقىنلىقى ۋە ئېقىنلارنىڭ باشلىمى كېيىنكى قىسىمدا تەپسىلىي بايان قىلىنغاچقا، ئېرىق-ئۆستەڭلەر نۇقتىلىق يېزىلمىدى.

**كېرىيە تېغى** (克里雅山) — ئەڭ جەنۇبتا بولۇپ، ناھىيە مەركىزىدىن مىڭ نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، ئارقا تەبەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

**كۆكيار داۋىنى** (科克牙达坂) — ناھىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ناھىيە مەركىزىدىن 700 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. كېرىيە تې-

غىنىڭ قىيپاش شىمالىدا، تاغتۇرا مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**پولۇ تېغى** (普罗山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 260 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، كۆكيار داۋىنىنىڭ قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، نۇرى تاغ مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**كۆكبۇلاق تېغى** (科克布拉克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 300 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. پولۇ تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ، نۇرى تاغ مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**جىپتاغ تېغى**(吉比塔哈山)— كۆكبۇلاق تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ، نۇرى تاغ مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**شىخىيلا تېغى** (西里喇山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 400 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. جىپتاغ تېغىنىڭ قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، نۇرى تاغ مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**سايباغ تېغى** (沙依巴克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 500 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. شىخىيلا تېغىنىڭ قىيپاش غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، نۇرى تاغ مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئاقچېقىل تېغى** (阿克恰克勒山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 680 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ، نۇرى تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ، نۇرى تاغ مىڭلىقىنىڭ دائىرىسىدە.

**چايراچىمان تېغى** (卡依拉气莽山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 500 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئاقچېقىل تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە، نۇرى تاغ مىڭلىقى دائىرىسىدا.

**قاراتاش تېغى** (喀喇塔什山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 450 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. قايراقچە تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ، تاغتۇرا مىڭلىقى دائىرىسىدا.

**تېكىلىكتاغ** (帖克里克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 400 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. قاراتاش تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ، لوپ ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. يۇقىرىقىلار كېرىيەنىڭ قىيپاش غەربىدىكى تاغلاردۇر.

**لۇش تېغى** (流水山) — ناھىيەنىڭ مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 250 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. پولۇ تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**سوقتاياق تېغى** (索胡塔雅克山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 280 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. لوش تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئاتچان تېغى** (阿羌山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 320 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، سوقتاياق تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**پىجەزەي تېغى** (皮介在山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 350 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئاتچان تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**قارا بۇلاق تېغى** (喀喇布拉克山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 380چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. پىجەزەي تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**تومىيا تېغى** (图木牙山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 410چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. قارابۇلاق تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**مالغۇن تېغى** (玛勒衮山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 450چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. تومىيا تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**سانجاڭ تېغى** (三章山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 470چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. مالغۇن تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ماتى تېغى** (玛特山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 480چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. سانجاڭ تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**كۇۋۋا تېغى** (库乌瓦山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 495 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ماتى تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**چاقتى تېغى** (恰哈提山)ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 500 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. كۇۋۋا تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**شاما تېغى** (侠马山) ـــ ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن

520 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. چاقتى تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**سوغراق تېغى** (苏拉瓦克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 320 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. شاما تېغىنىڭ قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە. ئالتۇن كېنى بار.

**داۋغانلىق تاغ**(达尔干里克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 570 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. شاما تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**چىجىغان تېغى**(奇吉罕山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 610 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. داۋغانلىق تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**چىدىلىك چىقىل تېغى** (奇底里克恰克勒山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1100 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. كۆنلۈكساي چىقىل تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**مەلىكە چىقىل تېغى**(牧勒卡恰克勒山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1200 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. چىدىلىك چىقىل تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**قابا تېغى** (卡巴山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1200 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. مەلىكە چىقىل تېغىنىڭ قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە. كىچىك ئالتۇن كېنى بار.

**مىيىت تېغى** (麦衣提山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1280 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. قابا تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**توخۇ باي تېغى** (托和巴衣山)— ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1300 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. مىيىت تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**قارامىرەن تېغى**(卡勒木南山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1330 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. توخۇباي تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، كېرىيە مەڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئۇيلاقچان تېغى** (乌尔拉克羌山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1350 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. قارامىرەن تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئىسچان تېغى** (伊三千山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1380 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئۇيلاقچان تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئاقيا تېغى** (阿克牙山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1400 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئىسچان تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**قۇراملىق تېغى** (库郎木拉克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1450 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئاقيا تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**تاۋتىلە تېغى** (跳提勒山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1520 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. قۇراملىق تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**چوكاساي تېغى** (觉克沙衣山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1700 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. تاۋتىلە تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**موللا بۇلاق تېغى** (摩拉布拉克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1900 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. چوكاساي تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**توققۇز داۋان** (托固斯达坂) — ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 2000 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. موللا بۇلاق تېغىنىڭ قىيپاش جەنۇبىدا بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئۇلۇغسۇ تېغى** (乌鲁克苏山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ ئەڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، 2400 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. توققۇز داۋاننىڭ قىيپاش جەنۇبىدا، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئارقا تاغ** (阿格塔克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 2500 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئۇلۇغسۇ تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئالىيالىق تېغى** (阿里雅拉克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ ئەڭ

شەرقىدە بولۇپ، 2600 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. ئارقا تاغ تېغىنىڭ قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ئاقسۇ ئاغزى تېغى** (阿克苏阿子山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 2400 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئارقا تېغىنىڭ قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**ياغىلاق تېغى** (牙乌拉克山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 2460 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ئاقسۇ ئاغزى تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە.

**قىز بۇلۇڭ تېغى** (黑子龙沟山) — ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 2500 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. ياغىلاق تېغىنىڭ قىيپاش شەرقىدە بولۇپ، كېرىيە مىڭلىقى دائىرىسىدە. چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ.

## دەريا-ئېقىنلىرى

يېقىندىن بۇيان غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى توغرىسىدا يېزىلغان بايانلار شۇشىڭبونىڭ كىتابىدىكىدەك تەپسىلىي يېزىلمىغان. يەنە كېلىپ ناھىيەمىزنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە كېرىيە دەرياسىدىن ئىبارەت بىر دەريالا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە باش-ئاخىرىنى تەپسىلىي ئېنىقلىمىغان. مەسىلەن، چەرچەن دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقى ئانچە-مۇنچە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، باشقا ئېقىنلار توغرىسىدا ھېچنېمە دېيىلمىگەن. ناھىيەمىز دائىرىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئېقىنلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە مەشھۇرراقى ناھىيە مەركىزىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كېرىيە دەرياسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدە ئۈچى بار. بۇلار: چەرچەن دەرياسى، ئەندىرە دەرياسى، نىيا دەرياسى. ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدە يەتتىسى بار بۇلار: چىرا كەنتى دەرياسى، گۇلاخما دەرياسى، بۇلاق ئېقىنى (潘拉和水)، دامكۇ ئېقىنى، قاراقىر ئېقىنى، لايسۇ، شىۋۇل ئېقىنى(鄂和西河里水). ناھىيەمىزنىڭ ئېقىنلىرىنى بايان قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم بايان قىلدىم.

**كېرىيە دەرياسى.** كېرىيە دەرياسى كېرىيە تېغىدىن باشلىنىدۇ. ناھىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئارقا تىبەتكە ئۆتىدىغان يول بار.

«شىزاڭ تەزكىرىسى» دەپ مۇنداق دېيىلگەن: «شىزاڭدىن شىمالغا 34 كۈن ماڭسا ناكچانغا بارىدۇ. يەنە 15 كۈنى ماڭسا شۇلۇڭسارغا بارىدۇ، يەنە 18 كۈن ماڭسا كېرىيەگە بارىدۇ.» تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىرلىك نۇر ئېقىنى بولۇپ،مۇشۇ ئېقىندىن ئۆتكەندە، كېرىيە دەرياسىنىڭ باش مەنبەسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

شەرقىي شىمالىدا لۇش ئېغىنىنىڭ سۇلىرى بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتىن تېيىز ۋە ئەگرى-بۈگرى ئاقىدۇ، غەربىي شىمالدا چوڭ دەرياغا قۇيۇلىدۇ. شىمالغا ئاقىدىغان پولۇ ئېغىنىنىڭ سۇلىرىمۇ غەربىي جەنۇبتىن ئېقىپ كىرىدۇ. پولۇ دېگەن ئىسىم بولۇر دېگەن ئىسىمدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، بالتىستان چېگراسى ھېسابلىنىدۇ، ناھىيەنىڭ ئۇدۇل جەنۇبىدا. پولۇ ئېغىدا ئىككى ئېقىن بولۇپ، بىرى ئۇدۇل جەنۇبتىكى تېلىك دېگەن تاغدىن ئېقىپ چىقىدۇ. يەنە بىرى قىيپاش غەربىي جەنۇبتىكى كوبۇلا دېگەن تاغدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئىككى ئېقىن قوشۇلۇپ پولۇ ئېغىدىن ئېقىپ چىقىپ، شەرقىي شىمالدا چوڭ دەرياغا قوشۇلىدۇ.

يەنە بىرى شىمالغا ئېقىپ، بوغاز لەڭگەردىن ئۆتكەندە ئىككى ئۆستەڭ ئايرىلىپ چىقىدۇ، ئىككى ئۆستەڭ دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بولۇپ، غەربىي ئۆستەڭ بوغاز لەڭگەر كەنتىدىن ئۆتكەندە تۆت ئېرىققا بۆلۈنىدۇ: بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ سىكىداشمان، جوغىلا كەنتلىرىگە بارىدۇ. بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ قۇمبا كەنتىگە بارىدۇ. يەنە بىرى شىمالغا ئېقىپ تاغداشمان، مەكىت كەنتلىرىگە، چاقا شەھىرى، قىيغاز كەنتىگە بارىدۇ، يەنە بىرى شىمالغا ئېقىپ قاتىياق، كۆكمەت، ھالداشمان، سىيەك كەنتلىرىگە بارىدۇ. شەرقىي ئۆستەڭ بەش ئېرىققا بۆلۈنىدۇ: بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ ئارال، كەدۈك، ئاياغ سىيەك، بودىيا، سايباغ كەنتلىرىگە بارىدۇ. بىرى شىمالغا ئېقىپ يېڭىئېرىق، كۆكيار، ساياتلا كەنتلىرىگە بارىدۇ، بۇ ئېرىق يەنە ئۈچ ئايلانما ئېرىققا بۆلۈنىدۇ: بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ، يۇقىرىجاي، ئوتتۇراجاي، تۆۋەنجاي، قارا تۇغان كەنتلىرىگە بارىدۇ. يەنە بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن ئۆتۈپ، يەنە بۆلۈنۈپ قاچۇن، موغاللا كەنتلىرىگە بارىدۇ. يەنە بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ سوپىناي، ئاستىنئۆي كەنتلىرىگە بارىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن

ئۆتۈپ تۆۋەنقالۇق كەنتكە بارىدۇ. يەنە شەرققە ئاققاندا بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ، ئۇ دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ، شەرققە ئېقىپ يەنە شىمالغا ئەگىپ بەشتوغراق كەنتكە بارىدۇ.

يەنە شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ، شەرق ۋە غەربتىن ئارال كەنتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ 20 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئېقىپ، يەنە قوشۇلۇپ ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. «تاڭنامە» دىمۇ: «ئۇدۇننىڭ شەرقىدە 300 چاقىرىم يىراقلىقتا جەندىل دەرياسى بار، دەريانىڭ شەرقىدە جەندىل شەھىرى بار، ‹كۇمىي شەھىرى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ شەھەر ئۇزۇنتات قەدىمىي شەھىرىدۇر. جەندىل دەرياسى شۇ كۇمىي دەرياسىدۇر» دېيىلگەن. بۈگۈنكى دەريا شەھەرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، شەھەر ئورنىنىڭ يۆتكەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

شىمالغا ئاقىدىغان ئاتچان تېغىنىڭ سۈيىمۇ شەرقىي جەنۇبتىن ئېقىپ كىرىدۇ. ئاتچان تېغىنىڭ سۈيى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئاتچان تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ چىقىپ، شىمالغا ئېقىپ ناھىيەنىڭ شەرقىدىكى قارا قومۇش كەنتكە بارغاندا غەربىي شىمالغا ئەگىپ چوڭ دەرياغا قوشۇلىدۇ.

شىمالغا ئاقىدىغان پىشە تاغ ئېقىنى قارا بۇلاق ئېقىنى ۋە تۇمىيا ئېقىنىغا قوشۇلۇپ شەرقتىن ئېقىپ كىرىدۇ. پىشە تاغ سۈيى پىشە تېغىدىن چىقىپ شىمالغا ئېقىپ قارا بۇلاق ئېقىنى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي پاسىلدا قوشۇلىدۇ. تۇمىيا ئېقىنى تۇمىيا تېغىدىن چىقىپ، شىمالغا ئېقىپ ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. بىرى شىمالغا ئېقىپ يېپسىيۇلغۇنغا بارىدۇ، يەنە بىرى غەربكە ئېقىپ پىشە تاغ سۈيىگە قوشۇلىدۇ. ئۈچ ئېقىن قوشۇلۇپ ئويتوغراق كەنتىدىن ئۆتۈپ غەربكە ئەگىپ يېڭى كەنت ئارقىلىق چوڭ دەرياغا ئېقىپ كىرىپ، يەنە شىمالغا ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ دەريا باشلامدىن ناھىيە مەركىزىگىچە تەخمىنەن 1200 چاقىرىمدىن ئارتۇق مۇساپىنى باسىدۇ. يازدا ئۇلغىيىپ، قىشتا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. قېيىق-قولۋاقلار يۈرەلمەيدۇ. سۇغىرىش ئىشلىرى ھەقىقەتەن مۇشۇنىڭغا تايىنىدۇ. شىمالغا يەنە تەخمىنەن مىڭ چاقىرىم ئاقسا قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. سۈيى يېيىلىپ ئاققاچقا، بويلىرىدا ئوت-چۆپلەر كۆپ بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر مۇشۇنىڭغا تايىنىپ مال باقىدۇ. ئۇنىڭمۇ شىمالى پايانسىز كەتكەن قۇملۇق بولۇپ، گىياھ

ئۇنمەيدۇ. بۇ دەريا تاڭ راھىبى بيەنجىي خاتىرىلىگەن «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى»دە «پىيما ئېقىنى» دېيىلگەن. خەرىتىلىك تەزكىرىدە «پىيما ئېقىنى شەرققە ئېقىپ، قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن. «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»نىڭ ئېقىنلار جەدۋىلىدىمۇ يوشۇرۇن ئېقىنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ دەريانىڭ قەدىمدىن تارتىپ چوڭ دەريالار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇشىڭبونىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى خاتىرىسى»دە بۇ دەريانى كۆكئارت دەرياسىغا قوشۇلۇپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ دېگىنى خاتا بولۇپ، ئۆزى ئېنىقلاپ كۆرمىگەنلىكتىن بولغان.

**چەرچەن دەرياسى** (卡墙河)ناھىيەنىڭ شەرقىدىكى ئۆچ دەريا).

چەرچەن دەرياسىنىڭ ئۈچ مەنبەسى بار:

بىر مەنبەسى ـــ ئۇلۇغسۇ. ئۇلۇغسۇ ئېقىنى ناھىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قارلىق تاغدىن چىقىپ، شەرقىي شىمالغا ئېقىپ ئارقا تاغ ئېقىنىغا قوشۇلىدۇ.

يەنە بىر مەنبەسى ـــ ئارقا تاغ. ئارقا تاغ ناھىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. بۇ تاغدىن ئالتۇن چىقىدۇ. قار ئېرىمىسە ئادەم ئىسلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئالتۇن قازغۇچىلار يازدىلا كىرەلەيدۇ. سۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا ئېقىپ، ئۇلۇغسۇ بىلەن قوشۇلۇپ ئالىيالىققا كىرىدۇ.

يەنە بىر مەنبەسى ـــ ئالىيالىق. ئالىيالىق ئېقىنى ناھىيەنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تاغدىن باشلىنىپ، غەربكە ئاقىدۇ. ئۇلۇغسۇ ئېقىنى، ئارقا تاغ ئېقىنى جەنۇبتىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئۈچ ئېقىن قوشۇلۇپ، چەرچەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. لى داۋيۈەن يازغان «دەريا ـ ئېقىنلار تەپسىراتىغا ئىزاھات»تا: «جەنۇبىي دەريا شەرققە ئېقىپ چەرچەن ئېلىدىن ئۆتۈپ شىمالغا ئېقىپ شەرققە ئەگىپ ئانودا دەرياسىغا قوشۇلۇپ، چەرچەن دەرياسى دېيىلىدۇ» دېگەن. ئۇ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى «ئانۇدا تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا چوڭ ئېقىن بار. شىمالغا ئېقىپ كىرورەن دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ» دېگەننى نەقىل كەلتۈرگەن. لى خۈييۈەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك جۇغراپىيەسى توغرىسىدا مۇھاكىمە»دە، چەرچەن دەرياسىنى كېرىيە دەرياسىمىكىن دەپ قالغان، كېرىيە دەرياسىنىڭ چوڭ ئېقىنغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلمىگەن. تېخى «خەنناـ

مە»دە ئېنىق قىلىپ «چەرچەن بىلەن كۇمىي ئىككىسى ئىككى ئەل» دەپ (يېزىلغان) تۇرسا، لى خۇيىۋەن كېرىيەنى كۇمىي دەپ قارىغان تۇرۇق-لۇق، يەنە كېرىيە دەرياسىنى چەرچەن دەرياسىمىكىن دەپ زىتلىكتىن خالىي بولالمىغان. ئانودا دېگىنى قۇرۇم تېغى بولۇپ، تالىپلارنىڭ ئىزاھاتىدىكى غەيرىي بىر ئىسىمنى ئىشلەتكەن. «بىرلىككە كەلتۈرۈش تەزكىرىسى» دىكى ئاتالمىش گاندىس تېغى شۇ. «كىرورەن دېڭىزى» دې-گىنى بىر سازلىق بولۇپ، ھازىرقى لوپنۇر كۆلى. بۈگۈنكى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى گاندىس تېغىنىڭ تارماقلىرىدۇر. چەرچەن دەرياسى بۇ تاغنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ شىمالغا ئې-قىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە لى داۋيۈەننىڭ ئىزاھلىغى-نى بىلەن جىپسىلىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ساياھەتكە كەلگەن غەربلىك-لەرمۇ بۇ دەريانى چەرچەن دەرياسى دېيىشى، ھازىرقى چەرچەننىڭ قە-دىمكى چەرچەن خانلىقىنىڭ زېمىنى بولغانلىقىدىن بولۇپ، بۇنىڭدا گۇمان يوق. غەربىي ئېقىنى موللا بۇلاق تېغىدىن چىقىدۇ، چوكاساي ئېقىنى، تاۋىتلىق ئېقىنى جەنۇبتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. ئىككى ئېقىن ناھىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغدىن چىقىپ شىمالغا ئېقىپ چوڭ دەرياغا قۇيۇلىدۇ. داۋاملىق شىمالغا ئېقىپ چەرچەننىڭ غەربىدىن ئۆت-كەندە ئۈچ ئۆستەڭگە ئايرىلىدۇ. بۇ ئۈچ ئۆستەڭ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا. بىرىنىڭ ئىسمى توغراق بولۇپ غەربكە ئېقىپ شىمالغا ئە-گىيدۇ، شەرق ۋە غەربكە ئىككىدىن ئېرىق ئايرىلىدۇ. غەربىي ئېرىقنىڭ بىرسى غەربىي شىمالغا ئاقىدۇ، كۆتەمە دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقتىكى ئىك-كى ئۆستەڭنىڭ ھەر ئىككىسى شەرقىي شىمالغا ئاقىدۇ، جاۋىلاق، ئەر-لەبىي دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى يېڭىئېرىق. غەربكە ئېقىپ شى-مالغا بۇرۇلۇپ، يېڭىئېرىق كەنتىگە بارغاندا توختايدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى چۆرۈمىيا بولۇپ، غەربكە ئېقىپ شىمالغا ئەگىيدۇ، يەنە شەرقىي شى-مالغا ئەگىپ ئۈچ ئېرىققا بۆلۈنىدۇ: شەرقىي ئېرىق دۆڭمەھەللە دېيى-لىدۇ، شەرققە ئېقىپ دۆڭمەھەللىگە بارىدۇ. شەرقىي شىمالى ئېرىق قوتا كەنتىگە بارىدۇ. شەرقىي شىمالغا ئېقىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغى-رىدۇ. غەربىي ئېرىق كۆتەمە دەپ ئاتىلىدۇ، غەربىي شىمالغا ئېقىپ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ. داۋاملىق شىمالغا ئېقىپ، شەرقىي قىرغىقىدىن بىر ئۆستەڭ ئايرىلىپ شىمالغا ئېقىپ ئاياچى كەنتىگە

بارغاندا توختايدۇ. داۋاملىق شىمالغا ئېقىپ چاقىلىق ناھىيەسىدىن ئۆ-
تۈپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا مەنبەسىدىن چەرچەنگىچە تەخ-
مىنەن 1300 نەچچە چاقىرىم ئاقىدۇ، چەرچەندىن يەنە لوپنۇر كۆلىگى-
چە تەخمىنەن مىڭ نەچچە چاقىرىم ئاقىدۇ. گەرچە قىيىق ماڭالمىسى-
مۇ، يازدا سۈيى ئۇلغايسىمۇ، قىشتا سۈيى توختاپ كەتمەيدۇ. «تاڭنا-
مە»نىڭ جۇغراپىيە سەھىپىسىدە: «چەرچەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ 500
نەچچە چاقىرىم ماڭسا بوستان (ھەربىي) بازىرىغا بارىدۇ، بۇ كونا چەر-
چەن شەھىرىدۇر» دەپ يېزىلغان. كېيىنكى جىن سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن گاۋ جۇخۇي «ئۇدۇنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە: «يەنە
غەربكە مېڭىپ، دەريا (چەرچەن دەرياسى)غا چۈشۈپ كەتتۇق. قەدىمكى-
لەر ياڭگوەن قوۋۇقىدىن چىقىپ ئۇدۇنگە بېرىشتا تۇزلۇق كۆلدىن ئۆت-
مەي قالمايدۇ» دېگەن ئىكەن. ھازىرمۇ چەرچەندىن لوپنۇرغا بېرىشتا
مۇشۇ يول بىلەن بارىدۇ، يولمۇ بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. دەريا ئورنىدا
ئازراق ئۆزگىرىش بولغانغا قاراپ، بۇ چەرچەن دەرياسى ئەمەس دېگىلى
بولمايدۇ. شۇڭىشقا بۇ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى خاتىرىسى»دە
لوپنۇرغا قۇيۇلىدىغان ئېقىنلار ئىچىدە بۇ دەريانىڭ تەزكىرىگە كىرمە-
گەنلىكى، ئانودانىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئېقىنلارنىڭ قۇم بېسىپ كەت-
مىگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىندۇر.

**ئەندىرە دەرياسى.** ئەندىرە دەرياسى يۇز تاغ تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ
جاي بوستانتوغراق دەپ ئاتىلىدۇ. يۇز تاغ تېغى ناھىيەنىڭ شەرقىي جە-
نۇبىدا بولۇپ، دەريانىڭ باشلىمى ئۇنىڭ شىمالىدا.

شىمالغا ئاقىدىغان قىزىليار ئېقىنى شەرقتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ.
قىزىليار تېغى يۇز تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، دەريانىڭ باشلىمى
تاغنىڭ غەربىدىكى يۇز تاغنىڭ قىيپاش شەرقىدىكى تاغدىن چىقىدۇ.
كىچىك ئېقىنلار جەنۇبتىن كېلىپ قوشۇلۇپ، غەربكە ئېقىپ مۇشۇ
دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالغا ئاقىدىغان سانجا ئېقىنىمۇ غەربىي جەنۇبتىن كېلىپ قۇيۇ-
لىدۇ. سانجا ئېقىنى يۇز تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن چىقىپ شىمالغا
ئېقىپ يەنە شەرقىي شىمالغا ئەگىپ ئېقىپ مۇشۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالغا ئاقىدىغان ئاستىن تاغ ئېقىنىمۇ شەرقىي جەنۇبتىن كېلىپ قۇ-
يۇلىدۇ. ئاستىن تاغ يۇز تاغنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك سىگەن،

چوڭ سىگەن، بۇغا بۇلاق دېگەن ئېقىنلىرى تاغنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، شىمالغا ئېقىپ، يەنە غەربىي شىمالغا ئەگىپ مۇشۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالغا ئاقىدىغان يەنە بىر قاراساي ئېقىنى غەربىي جەنۇبتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. قاراساي تېغى ئۈچ قوشماق تاغنىڭ غەربىدە بولۇپ، سۇنىڭ بېشى تاغنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، شىمالغا ئېقىپ، يەنە شەرقىي شىمالغا ئەگىپ مۇشۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالغا ئاقىدىغان يەنە بىر يول ئابو ئېقىنى بىلەن چىدىل ئېقىنى قوشۇلۇپ، شەرقىي شىمالدىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. ئابو تېغى ئاستىن تاغنىڭ شەرقىدىكى چېدىلدا بولۇپ، ئابونىڭ شەرقىدىكى ئىككى ئېقىنمۇ تاغنىڭ شىمالىدىن چىقىدۇ. ئابو ئېقىنى شىمالغا ئېقىپ، چېدىل ئېقىنى شەرقىي شىمالدىن كېلىپ قوشۇلۇپ، شەرقىي شىمالغا ئەگىپ ئېقىپ مۇشۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ. داۋاملىق شىمالغا ئېقىپ ئەندىرىدىن ئۆتكەندە، ئەندىرە دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندىرە ناھىيەدىن 700 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى نىيەدىن چەرچەنگە بارىدىغان يولدا بولۇپ، ئاچقىلى بولىدىغان يېرى كۆپ، ئادىمى ئاز بولغاچقا، سۇ ئىنشائاتلىرى يوق.

يەنە شىمالغا ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ دەريانىڭ باشلىمىدىن ئەندىرىگىچە ۋە ئەندىرىدىن قۇملۇققا كىرگەن يەرگىچە 600~500 چاقىرىم كېلىدۇ. يۇقىرى ئېقىندا ئۆستەڭ ئېلىنمىغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۆۋەن ئېقىندا سۇ يالاپ كېتىش كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ، ئېقىن تەدرىجىي ئۈزىراپ دەريا قىنى تېيىزلىشىۋاتىدۇ، يازدا سۇ ئۇلغىيىپ، قىشتا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. قېيىق ماڭالمايدۇ.

**نىيا دەرياسى.** نىيە دەرياسى شاما تېغىدىن باشلىنىپ، ئۇلۇغساي دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. شاما تېغى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سۇنىڭ بېشى مۇشۇ تاغنىڭ شىمالىدىن چىقىدۇ. شىمالغا ئاقىدىغان چاقتى ئېقىنى غەربىي جەنۇبتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. چاقتى تېغى شاما تېغىنىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ، سۇنىڭ بېشى ئۇنىڭ شىمالىدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، مۇشۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالغا ئېقىپ سوغراقنىڭ غەربىدىن ئۆتىدۇ. سوغراق بىر چوڭ ئالتۇن كان بولۇپ، ناھىيەدىن 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ (سوغراق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «شامالدا قۇم ئۇچۇرۇش» دېگەنلىك

بولىدىكەن. يەرلىك كىشىلەر ئالتۇن كولىغاندا شامالدا قۇم سورۇشتىن كېلىپ چىققان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن). شىمالغا يەنە ئېقىپ، يىپتىـ ـئاۋاتنىڭ غەربىدىن ئۆتىدۇ. يىپتىئاۋات چوڭ ئالتۇن كانىنىڭ قىيپاش شىمالىدىن 30 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. كانىنى يىپتى ئاچقاندا ئالتۇن كۆپرەك چىقىپ، كان ئاۋات بولغان.

شىمالغا يەنە ئېقىپ، نىيەنىڭ شەرقىدىن ئۆتكەندە ئۈچ ئۆستەڭ ئايرىلىپ چىقىدۇ. ئۈچ ئۆستەڭ دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بولۇپ، بىرى قالماقدۆڭ، بىرى چارەك، يەنە بىرى نانپى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ـ نىڭ ھەممىسى شەرققە ئېقىپ دېھقانلارنىڭ يېرىنى سۇغىرىدۇ. نانپى يەنە ئېرىققا بۆلۈنىدۇ. ئىسمى تاللىق ئېرىق بولۇپ شىمالغا ئېقىپ، نىيە بازىرىدىن ئۆتۈپ دېھقانلارنىڭ يېرىگە بېرىپ شۇ يەردە توختايدۇ.

دەريانىڭ غەربىدىكى تارمىقى يەنە ئىككى ئۆستەڭگە ئايرىلىدۇ. چوڭ دەريا ئۇنىڭ غەربىدىن شىمالغا ئېقىپ، يەنە تارماق دەريا ئايرىلىپ، غەربكە ئېقىپ، يەنە شىمالغا ئەگىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شەرققە ئەگىپ چوڭ دەرياغا قوشۇلىدۇ. دەريانىڭ شىمالى سەلەب، كەڭ سەلەب دېگەن ئىككى ئۆستەڭگە بۆلۈنۈپ، ئىككىلىسى شىمالغا ئېقىپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىپ يەنە تارماق دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

(نىيە دەرياسى) شىمالغا يەنە ئېقىپ تارماق دەريا بىلەن قوشۇلۇپ، داۋاملىق شىمالغا ئېقىپ «چوڭ مازار»دىن ئۆتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىـ ـچە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنى ھەزرىتى ئەلىگە ياتلىق قىلـ ـغان. ئۇلاردىن ئىمامى ھۆسەيىن تۇغۇلغان. ئىمامى ھۆسەيىننىڭ ئەۋـ ـرىسى ئىمامى جەئفىرى سادىق ھىجرىيەنىڭ 151ـيىلى دىنىي تالاشـ ـ تارتىشلار سەۋەبىدىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قازا قىلغاندا مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن. ئۇيغۇرلاردىن ئۇنى ئۇلۇغلايدىغانلار كۆپ بولۇپ، نەـنەلەردىن كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ.

(نىيە دەرياسى) شىمالغا يەنە ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇۋـ ـزۇنلۇقى باشلىنىدىن نىيەغىچە تەخمىنەن 300 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ، يەنە 200 نەچچە چاقىرىم يوشۇرۇن ئاقىدۇ. سۇيى يازدا ئۇلغىيىپ، قىشـ ـتا ئۇزۇلۇپ قالىدۇ. سۇغىرىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ. قېيىق ماڭالمايدۇ.

**چىرا كەنتى دەرياسى** (ناھىيەنىڭ غەربىدىكى يەتتە ئېقىن). چىرا كەنتى دەرياسى قاراتاش تېغىدىن باشلىنىپ، قاراتاش دەرياسى دېيىلىدـ

دۇ. قاراتاش تېغى ناھىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئالتۇن چىقىدۇ. سۇنىڭ بېشى تاغنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ چىقىدۇ.

شەرقىي شىمالغا ئاقىدىغان سېرىق بۇلۇڭ ئېقىنى، ئوتلاق ئېقىنى بىلەن قوشۇلۇپ شەرقىي جەنۇبتىن كېلىپ قويۇلىدۇ. ئىككىلا ئېقىن قارا تاشنىڭ قىيپاش شەرقىدىكى جەنۇبىي تاغدىن باشلىنىدۇ. سېرىق بۇلۇڭ ئېقىنى غەربىي شىمالغا ئېقىپ، ئوتلاق ئېقىنى جەنۇبتىن كېلىپ قوشۇلۇپ، غەربىي شىمالغا ئېقىپ قاراتاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالغا ئاقىدىغان ھاللۇڭ ئىلەك ئېقىنى. چوكا ئىلەك شەرقىي جەنۇبتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. ئىككىلا ئېقىن غەربكە قىيپاش تېكىلىك تاغدىن باشلىنىپ شەرققە ئېقىپ، قاراتاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ ھاشىي لەڭگەردىن ئۆتكەندە ھاشىي دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. لەڭگەر دېگەن سۆز خەنزۇچىدا كالۇن (卡伦)، ئۆتكەل) دېگەنلىك بولىدۇ. دەريانىڭ شەرقىدە ئاھالىلەر سۇ باشلاپ يەر ئېچىپ ئىككى قىرغاق تەدرىجىي مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى. شىمالغا يەنە ئېقىپ، ئاۋاپ لەڭگەردىن ئۆتىدۇ. لەڭگەر دەريانىڭ شەرقىدە بولۇپ، نەچچە ئۆيلۈكلا ئاھالە بار.

شىمالغا يەنە ئېقىپ چىرا مەھكىمىسىدىن ئۆتكەندە، چىرا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككى چوڭ ئۆستەڭگە ئايرىلىدۇ. غەربىي ۋەخپىلىك قاتارلىق بەش كەنت، غول ئۆستەڭنىڭ شەرقىي ماخمال قاتارلىق تۆت كەنت بولۇپ، غول ئۆستەڭنىڭ غەربىي تارمىقى شىمالغا ئېقىپ ئالتە ئېرىققا ئايرىلىدۇ: بىرى غەربكە ئايرىلىپ توپا كەنتىگە، بىرى غەربكە ئېقىپ كەتكەن كەنتىگە، بىرى غەربكە ئېقىپ كۆكمەت كەنتىگە، بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ جىرىق كەنتىگە، بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ جاي كەنتىگە، بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ ۋەخپىلىك كەنتىگە بارىدۇ. شەرقىي تارمىقى شىمالغا ئېقىپ سېرىق كەنتىگە، بىرى شەرققە ئېقىپ توغرىقېل كەنتىگە، بىرى شەرققە ئېقىپ ئۇقادى كەنتىگە، بىرى شىمالغا ئېقىپ تۆۋەنجاي، ماخمال كەنتىگە بارىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ دەريانىڭ مەنبەسىدىن چىرا كەنتىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 نەچچە چاقىرىم بولۇپ، يەنە 100 نەچچە چاقىرىم يوشۇرۇن ئېقىمى بار. سۇيى يازدا ئۇلغىيىپ، قىشتا ئۇزۇلىدۇ. قېيىق ماڭالمايدۇ. خەلقنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى پۈتۈنلەي قىشتا مۇز ياتقۇزۇشقا تايىنىدىغان بولغاچقا، بۇغداينى كۆپ

تېرىغىلى بولمايدۇ. يازدا كەلكۈن كەلگەندە قوناقنى تېرىۋېلىش زۆرۈر.

**گۇلاخما دەرياسى.** گۇلاخما دەرياسى قايراق چىمەن (قارا چىپان) تېغىدىن باشلىنىپ، چىنىملەك دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قايراق چىمەن تېغى نۇرى كەنتىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سۇنىڭ بېشى تاغنىڭ شىمالىدىن چىقىدۇ.

شىمالغا ئېقىپ هامبا كەنتىگە كەلگەندە هامبا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. هامبا كەنتى قارلىق تاغقا يېقىن بولۇپ، سۇ ۋە ئوت-چۆپلىرى ئەلۋەك، ئاهالىسى تېرىقچىلىقمۇ، دېهقانچىلىقمۇ قىلىدۇ.

شىمالغا يەنە ئېقىپ چاقا كەنتىدىن ئۆتكەندە چاقا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. چاقا كەنتى هەم تاغتۇرا دېيىلىدۇ، نۇرى كەنتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر چاقا ئېقىنىمۇ دەيدۇ. بۇ ئىسىم جاي ئىسمىدىن كەلگەن.

شىمالغا يەنە ئېقىپ گۇلاخمادىن ئۆتكەندە گۇلاخما دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. گۇلاخما چىرا كەنتىنىڭ شەرقىدىن 40 چاقىرىم كېلىدۇ. ناهىيە مەركىزىدىن 190 چاقىرىم كېلىدۇ. بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ، ئۆستەڭ سۈيى غەربكە ئېقىپ، ئېقىن كەنتىگە بارغاندا ئايىغى تۈگەيدۇ.

شىمالغا يەنە ئېقىپ، غەربىي قىرغىقىدىن بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئىسمى يالۇستان بولۇپ، غەربكە ئېقىپ، يەنە شىمالغا ئەگىپ تۆت ئېرىققا ئايرىلىدۇ. بىرى شەرقىي شىمالغا ئاقىدۇ، كوش دېيىلىدۇ. بىرى غەربكە ئاقىدۇ، هاشى دېيىلىدۇ. بىرى غەربكە ئاقىدۇ، ئال دېيىلىدۇ. بىرى غەربىي شىمالغا ئاقىدۇ، سىپلى دېيىلىدۇ. ئايرىم ـ ئايرىم هالدا دېهقانلارنىڭ ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدۇ. غول ئۆستەڭ يەنە شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، دەرياغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شىمالغا يەنە ئاققاندا بۇلاق سۈيى شەرقىي شىمالدىن 60 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئوتلاق كۆلدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا ئېقىپ مۇشۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ. بۇلاق سۈيى شەرقىدە يەنە بىر قانچە ئېرىقلارغا ئايرىلىدۇ: بىرى شەرققە ئاقىدۇ، مەهدى ئېقىن دېيىلىدۇ؛ بىرى شەرقىي شىمالغا ئاقىدۇ، شاپ تاغاق (تۆۋەن پۇدىگەك) دېيىلىدۇ؛ بىرى شەرقىي شىمالغا ئاقىدۇ، ئاقدلىق دېيىلىدۇ، ئاقىلىقتا يەنە ئېرىق ئايرىلىپ شىمالغا ئېقىپ يەنە شەرققە ئەگىگەندە چوك دېيىلىدۇ.

يەنە شىمالغا ئېقىپ غەربىي قىرغىقىدىن ئىككى ئۆستەڭ، شەرقىي

قىرغىقىدىن بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ. غەربتىكى ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئىككىلىسى غەربكە ئاقىدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى دىلمىتپىرەك، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى تاللىق. شەرقىدىكى ئۆستەڭ شەرققە ئاقىدۇ، ئىسمى ئويۋاغ.

شىمالغا يەنە ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى مەنبەسىدىن گۇلاخماغىچە تەخمىنەن 600 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. يازدا سۇيى ئۇلغىيىپ، قىشتا توختاپ قالىسمۇ، قۇيۇلىدىغان بۇلاق سۇلىرى بولغاچقا قىشمۇ-ياز سۇ ئۈزۈلمەيدۇ. پەقەت قېيىق ماڭالمايدۇ.

**بۇلاق ئېقىنى** (潘拉克水). بۇلاق ئېقىنى ئاقچېقىل تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، ئۇلۇغساي كەنتىدىن ئۆتكەندە ئۇلۇغساي ئېقىنى دېيىلىدۇ. ئاقچېقىل تېغى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا. يەنە شىمالغا ئېقىپ يولچىن لەڭگەرگە بارىدۇ، لەڭگەر ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا. يەنە شىمالغا ئېقىپ، نۇرى تاغ سۇيى، سايباغ ئېقىنى شەرقتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. نۇرى تېغى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سۇنىڭ بېشى ئۇنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، شىمالغا ئېقىپ نۇرى كەنتىدىن ئۆتۈپ يەنە شىمالغا ئاقىدۇ، سايباغ ئېقىنى شەرقىي جەنۇبتىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ، بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ دامكوغا كېلىدۇ، بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ بۇ ئېقىنغا قوشۇلۇپ بۇلاققا كېلىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ يىلۋا ئېقىن دەيدىغان بۇلاق سۇيىگە قوشۇلىدۇ. بۇلاق سۇيى بۇلاقنىڭ جەنۇبىدىكى 40 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىن چىقىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ، بۇلاق كەنتىدىن ئۆتكەندە شەرق ۋە غەرب تەرەپكە ئىككى ئۆستەڭگە ئايرىلىدۇ. بۇلاق ناھىيەنىڭ غەربىدىن 170 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بولۇپ، شەرقىي ئۆستەڭ چىلگە ئېقىنى دېيىلىدۇ، شەرقىي شىمالغا ئاقىدۇ. غەربىي ئۆستەڭ شۋاق ئېقىنى دېيىلىدۇ. غەربىي شىمالغا ئاقىدۇ. يەنە شىمالغا ئاققاندا بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ. ئىسمى زىندانكۆل ئېقىنى بولۇپ، غەربىي شىمالغا ئاقىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ئېقىننىڭ ئۇزۇنلۇقى باشلىمىدىن بۇلاققىچە، قۇملۇققا كىرىپ كەتكەن يەرگىچە تەخمىنەن 600 چاقىرىم كېلىدۇ. يازدا سۇ ئۇلغىيىپ، قىشتا سۇ توختاپ قالىدۇ.

**دامكو ئېقىنى**(达木沟水). دامكو ئېقىنى سايباغ تېغىدىن باشلى-

نىپ، سايباغ ئېقىنى دەپ ئاتىلىدۇ. سايباغ تېغى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سۇنىڭ بېشى ئۇنىڭ شىمالىدىن چىقىدۇ. شىمالغا ئېقىپ، غەربكە بۇرۇلۇپ نۇرى تېغىغا كىرگەندە ئىككى تارماقتا بۆلۈنىدۇ، شەرقىي تارمىقى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ دامىكۇغا بارىدۇ. نۇرى تېغىنىڭ سۈيى شىمالغا ئېقىپ، سايباغ ئېقىنى شىمالغا ئېقىپ غەربكە قايرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئىككى تارماقتا ئايرىلىدۇ، بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ بۇلاققا كېلىدۇ، بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ دامىكۇغا كېلىدۇ.

شىخىلا تاغ سۈيى شەرقىي جەنۇبتىن كېلىپ قۇيۇلىدۇ. شىخىلا تېغى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سۇنىڭ بېشى ئۇنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، شىمالغا ئېقىپ ئىككى تارماقتا ئايرىلىدۇ. بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، قارا سۇ ئېقىنىغا قوشۇلۇپ، قاراقىرغا كېلىدۇ، بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ، بۇ ئېقىنغا قوشۇلىدۇ. يەنە شىمالغا ئېقىپ بۇلاق سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ، دامىكۇدىن ئۆتكەندە ئىككى ئۆستەڭگە ئايرىلىدۇ. بىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بولۇپ، شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، شىمالغا بۇرۇلۇپ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىگە بېرىپ، يەنە غەربكە بۇرۇلۇپ، ئېقىنغا قوشۇلىدۇ. يەنە بىرى ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولۇپ، غەربىي شىمالغا ئېقىپ يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىگە بېرىپ ئايىغى ئۈزۈلىدۇ.

يەنە شىمالغا ئاققاندا بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ، ئۆستەڭنىڭ ئىسمى مال قالغان بولۇپ، ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا. غەربكە ئېقىپ، غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ مال قالغان كېچىك كەنتىگە بېرىپ توختايدۇ.

يەنە شىمالغا ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. باشلىنىدىن دامىكۇغا، قۇملۇققا كىرىپ كەتكەن يەرگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 600 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. يازدا سۇ ئۇلغىيىپ، قىشتا توختاپ قالىدۇ. سۇغىرىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

قاراقىر (قارقىي) ئېقىنى (罕兰沟水). قاراقىر ئېقىنى شىخىلا تېغىدىن باشلىنىدۇ. شىخىلا تېغى ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سۇنىڭ بېشى تاغنىڭ شىمالىدىن چىقىپ جەنۇبقا ئېقىپ ئىككى تارماقتا بۆلۈنىدۇ، بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ دامىكۇغا كېلىدۇ، بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ قاراقىر ئېقىنىنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى بولىدۇ.

شىمالغا ئېقىپ قاراسۇغا قوشۇلىدۇ. قاراسۇ ئۇيغۇر تىلىدا، بۇلاق سۈيى دېگەن بولىدۇ. قاراقىردىن 60 نەچچە چاقىرىم ئېقىپ ئوتلاقكۆل (草湖)دىن چىقىدۇ.

يەنە شىمالغا ئېقىپ قاراقىر ئۆتىڭىدىن ئۆتىدۇ. بۇ ئۆتەڭ ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، ئېقىن شىمالغا ئېقىپ ئۆتەڭنىڭ شەرقىدىن ئۆتىدۇ.

يەنە شىمالغا ئېقىپ، غەربىي قىرغىقىدىن ئىككى ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى ئاغىش بولۇپ ئاغىش كەنتىگە ئاقىدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى كەندىر چىلىغان بولۇپ، غەربىي شىمالغا ئېقىپ كەندىر چىلىغان كەنتىدىن ئۆتكەندە يەنە ئىككى ئېرىق ئايرىلىدۇ. بىرى غەربكە ئېقىپ، بوشلاتا كەنتىگە، يەنە بىرى شىمالغا ئېقىپ توغراق كەنتىگە بارىدۇ.

يەنە شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، شىمالىي قىرغىقىدىن بىر ئۆستەڭ ئايرىلىدۇ، ئىسمى تۈنجى كۆزلەك. شىمالغا ئېقىپ، ئۈچ ئېرىق ئايرىلىدۇ: بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ بەشتوغراق كەنتىگە بارغاندا يەنە ئەسلىدىكى ئېقىنغا قوشۇلىدۇ. بىرى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، ئارىش مازار كەنتىگە بارىدۇ. يەنە بىرى غەربىي شىمالغا ئېقىپ تۈنجى كۆزلەك كەنتىگە بېرىپ توختايدۇ.

يەنە شىمالغا ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ئېقىننىڭ مەنبەسىدىن قارا قىرنىڭ شىمالىدا قۇملۇققا كىرىپ كەتكەن يەرگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. سۈيى يازدا ئۇلغىيىپ، قىشتا تارتىلىدۇ.

**لايسۇ ئېقىنى**(拉衣素水). لايسۇ ئېقىنى لايسۇ كەنتىنىڭ جەنۇبىدىن 60 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان سازلىق كۆلدىن باشلىنىپ، يار لەڭگەرنىڭ غەربىدىن ئۆتۈپ، يەنە شىمالغا ئېقىپ، لايسۇ كەنتىگە بېرىپ، ئايىغى توختايدۇ.

**شۋول ئېقىنى**(鄂和西河里水). شۋول ئېقىنى شۋول كەنتىنىڭ جەنۇبىدىن 50 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان سازلىق كۆلدىن باشلىنىپ، يار لەڭگەرنىڭ غەربىي ئارقىلىق يەنە شىمالغا ئېقىپ، شۋولغا بېرىپ توختايدۇ.

## يوللىرى

(ناھىيەنىڭ يوللىرى كۆپىنچىسى چۆل ۋە سازلىقلار بىلەن تۇتاشقان

uygurkitap.com

بولۇپ، ئارىلاپ قەدىمىي يوللارمۇ بار. چاقىرىم سانى، يىراق ـ يېقىنلىقى، توختىغان يېرى ئىمكانقەدەر كونا يەر نامى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم خاتىرىلەندى(يۇقىرىدىن كۆرسەتكەن «تەزكىرە»، تۆردىكى ھەر 10 چاقىرىمدا بىر يەر نامى بولۇش بويىچە خاتىرىلىگىلى بولمىدى. بۇنىمۇ ئېنىق ئېيتىپ قوياي).

ناھىيە مەركىزىدىن غەربكە 270 چاقىرىم يىراقلىقتىكى لوپ ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغا بارىدۇ، ناھىيە مەركىزىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى سۇپۇتىدىلىك لەڭگەر، يەنە بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى كىچىك بازار، 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئوتتۇرا تېرەك لەڭگەر، بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېڭىبازار، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى شاسمىي لەڭگەر، 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ياقا لەڭگەر، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى شىۋول لەڭگەر، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يا لەڭگەر، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاراقىي ئۆتەڭ، 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى زۇمرەت لەڭگەر، 35 چاقىرىم يىراقلىقتىكى دامكۇ، 25 چاقىرىم يىراقلىقتىكى گۇلاخما، بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى سوپى لەڭگەر، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ۋىيدا لەڭگەر، 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جىرىم ئوتلاق لەڭگەر، بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىرا كەنتى ۋە چىرا ئۆتىڭى، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى توپا لەڭگەر، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىدىگىن لەڭگەر ۋە لوپ ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغا بارىدۇ.

ناھىيە مەركىزىدىن شەرققە 2280 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغا بارىدۇ. ناھىيە مەركىزىدىن شەرققە بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى بەشتوغراق لەڭگەر، يەنە 55 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئويتوغراق لەڭگەر، 60 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېسسىيۇلغۇن لەڭگەر، 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئابراز لەڭگەر، 140 چاقىرىم يىراقلىقتىكى نىيە، 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بېلىقلىق، 90 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يارتوڭغۇز، 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ياقا توغراق، 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىدىرىس، 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئەندىرە، 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قامىغاز، 70 چاقىرىم يىراقلىقتىكى شورتاڭ، 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تايلاق تۇغدۇرغان، 70 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بوقا، 90 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىڭگىلىك، 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئارقا يېيىق، 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يانتاققۇدۇق، 90 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كاتىمان، 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كالا سىيدى، 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چەرچەن، 160 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاتىراڭ، 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ياشالاق، 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى دىمىنقاغا، 170 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بوغۇلاقتىن ئۆتۈپ چەرچەن دەرياسى، 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چاپان

قالدىغا، 120 چاقىرىم يۇرسە چاقىلىق چېگراسىدىكى تادىكقا بارىدۇ.

نىيەگە ياندىش جەنۇبىي تاغنى بويلاپ 1200 چاقىرىم يۇرسە چەرچەنگە بارىدۇ. نىيەدىن جەنۇبقا 160 چاقىرىم يۇرسە، چىژغانغا، شەرققە 40 چاقىرىم يۇرسە سۆگەتكە، يەنە 20 چاقىرىم يۇرسە يۇلغۇنبۇلاق، 60 چاقىرىم يۇرسە قوتاغ ئارىلى، 50 چاقىرىم يۇرسە تولانغۇجا، 120 چاقىرىم يۇرسە قاراساي، 60 چاقىرىم يۇرسە بۇغالىق، 50 چاقىرىم يۇرسە ئۆيىيايلاق، 110 چاقىرىم يۇرسە كاپادىكى كىچىك ئالتۇن كانغا، 80 چاقىرىن يۇرسە مىتە، 50 چاقىرىم يۇرسە قارا مىرەن، 120 چاقىرىم يۇرسە تار ئاغزى، 180 چاقىرىم يۇرسە چەرچەنگە بارىدۇ.

ناھىيەدىن جەنۇبقا 1430 چاقىرىم يۇرسە تىبەت چېگراسىغا بارىدۇ. ناھىيە مەركىزىدىن جەنۇبقا 15 چاقىرىم يۇرسە ئەرداۋ كەنتى، يەنە 45 چاقىرىم يۇرسە بوغاز لەڭگەر كەنتى، 30 چاقىرىم يۇرسە توغراق، 140 چاقىرىم يۇرسە پولۇغا (تۆۋەندىكىلىرى تاغ يولى بولۇپ، ساپ ئەگرى - بۈگرى، مېڭىش تەس)، 40 چاقىرىم يۇرسە ئېشەك ئاتتى، 30 چاقىرىم يۇرسە خانيايلاق ئاغزى، 30 چاقىرىم يۇرسە قابالۇق، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ 40 چاقىرىم يۇرسە قاياغۇدى، 70 چاقىرىم يۇرسە سۇ باشخان لەڭگەر، 120 چاقىرىم يۇرسە قوشساز، 130 چاقىرىم يۇرسە كۆكيار داۋان، 100 چاقىرىم يۇرسە بۇۋى ئەدەن ئۆڭكۈرى، 150 چاقىرىم يۇرسە كېرىيە، 140 چاقىرىم يۇرسە كېرىيە دەريا بېشى جىلغىسى، 150 چاقىرىم يۇرسە تۇز قوڭ، 100 چاقىرىم يۇرسە قالماققۇي باقىدۇغا بارىدۇ، بۇ يەردىن جەنۇبقا يۇرسە تىبەت چېگراسىغا بارىدۇ.

پولۇ كەنتىدىن غەربىي شىمالغا 520 چاقىرىم يۇرسە چىرا كەنتىگە بارىدۇ. پولۇ كەنتىدىن 100 چاقىرىم يۇرسە ئىماملا كەنتىگە، 20 چاقىرىم يۇرسە ئىماملا لەڭگەر، 40 چاقىرىم يۇرسە ئىدىلىش، 20 چاقىرىم يۇرسە سايباغ كەنتى، 15 چاقىرىم يۇرسە نۇرى لەڭگەر، 50 چاقىرىم يۇرسە ياقتوغراق، 80 چاقىرىم يۇرسە لۇچىن لەڭگەر، 40 چاقىرىم يۇرسە تاغنۇر مىڭلىقى بازىرى، 15 چاقىرىم يۇرسە تاۋىغاز لەڭگەر، 60 چاقىرىم يۇرسە ساتما لەڭگەر، 30 چاقىرىم يۇرسە ئاۋاپ لەڭگەر، 40 چاقىرىم يۇرسە قاراتاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چىرا كەنتى بازىرىغا بارىدۇ.

ناھىيە مەركىزىدىن شىمالغا 960 چاقىرىم يۇرسە، كۇچا چېگراسىغا بارىدۇ. ناھىيە مەركىزىدىن 40 چاقىرىم يۇرسە بوستان، 50 چاقى-

رىم يۇرسە تىۋەئېغىل، 60 چاقىرىم يۇرسە مازار، 55 چاقىرىم يۇرسە تارقاغا، 50 چاقىرىم يۇرسە كەسكە، 60 چاقىرىم يۇرسە مىسالەي، 45 چاقىرىم يۇرسە بىلەنگەن، 50 چاقىرىم يۇرسە يوغانقۇم، 45 چاقىرىم يۇرسە ئارقاچان، 40 چاقىرىم ماڭسا تاشكەن، 45 چاقىرىم يۇرسە قوچقار باستى، 50 چاقىرىم يۇرسە توپاق ئۆلگەن، 40 چاقىرىم يۇرسە بىچالىق، 50 چاقىرىم يۇرسە ۋىجىك دۇدۇك، 55 چاقىرىم يۇرسە بوستانتوغراق، 45 چاقىرىم يۇرسە ئۇتۇچى، 40 چاقىرىم يۇرسە قۇم قۇدۇق، 45 چاقىرىم يۇرسە جىگدە قۇدۇق، 45 چاقىرىم يۇرسە قىيغاش، 50 چاقىرىم يۇرسە قۇملۇققا بارىدۇ. يۇقىرىقىلار چوڭ يول بولماستىن چارۋىچىلار كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ ماڭغان يوللار بولۇپ، ھەر بىر جايدا قۇدۇق بار. ئۇنىڭ ئاخىرى قۇملۇق بولۇپ، كىرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇساپە سانىنى ھېسابلىماقمۇ تەس.

## تەبىئىي مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلىرى (物产)

تەبىئىي مەھسۇلاتلىرى: قوي (ناھىيەمىزنىڭ يايلاقلىرى كەڭرى، قويلارنىڭ قوشكېزەك قۇزىلاشلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، تۇركۇملەپ چىقىدىغان مەھسۇلاتتۇر)، كالا، ئات، ئېشەك، قوتاز، تۆگە. يۇقىرىقى بەش تۈرنى خەلق كۆپ باقىدۇ، ئۇ ناھىيەمىزنىڭ دائىملىق مەھسۇلاتى.

پىلە. ناھىيەمىزنىڭ پىلە مەھسۇلاتى خوتەن، لوپنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس، لېكىن چىرا كەنتى، گۇلاخما، نىيە قاتارلىق جايلاردا باقىدۇ. بۇمۇ دائىملىق مەھسۇلات.

تۇلكە، سۇلەيسۇن (داۋىغان)، ياۋا كالا، ياۋا ئات، يۇقارقى تۆت تۈر ناھىيەمىزنىڭ قىيپاش جەنۇبىدىكى تاغلاردىن چىقىدۇ. ھەقىقەتەن ئالاھىدە مەھسۇلات.

تەبىئىي ئۆسۈملۈكلىرى: بۇغداي، قوناق، پاختا، ئۈزۈم، يۇقىرىقى تۆت تۈرنى بۇ يۇرتتا كۆپ ئۆستۈرىدۇ، ھەممىسى كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتلار.

ئارپا، زىغىر، ئۈجمە، ئۆرۈك، جىگدە. يۇقىرىقى بەش تۈرنى بۇ يۇرتتا ھەممىلا يەردە تېرىيدۇ، ھەممىسى دائىملىق مەھسۇلات.

كۆك تاماكا (تاماكا ـ تەگۋاز) بۇ نەرسىنى خوتەن، لوپ تەرەپلەردە تې-

رىمايدۇ، بۇ يەردە تېرىلىدىغانلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولىدۇ، ئالاھىدە مەھسۇلات دېيىشكە بولىدۇ.

**تەبىئىي مىنېراللىرى** (مىنېرال مەھسۇلاتلىرى): ئالتۇن (كېرىيەدە ئال-تۇن ئەڭ كۆپ بولۇپ، ھازىر يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىپ ھەرىيلى تۆت-بەش مىڭ سەر ئالتۇن ئېلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر يېڭى ئۇسۇلدا ئالغىلى بولسا، مەھسۇلات تېخىمۇ ئاشاتتى.) بۇ ھەقىقەتەن كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلات بولىدۇ.

تۇز (جەنۇبىي تاغدىن چىقىدۇ). تۇز پارچە پارچە بولۇپ قېتىۋالىدۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى قايىنىتىپ تاۋلىمايلا تاماققا ئىشلىتىۋېرىدۇ. ئۇ ناھىيەمىزنىڭ دائىملىق مەھسۇلاتى.

چازا تاش (جەنۇبىي تاغدىن چىقىدۇ. سۈپەت جەھەتتە چانىسىمۇ، خو-تەن قاشتېشى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاشچىلار ئىختىيارىي ھالدا تاغقا كىرىپ قېزىپ چىقالايدۇ. قوي يېغىسىمان قاشتېشىدەك تېپىش قىيىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئىچكىرىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلى-رى ئۇنىڭدىن قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئىشلەيدۇ. يېقىندا چەت ئەلگىمۇ سېتىلىدىغان بولدى، ھەقىقەتەن ئالاھىدە مەھسۇلات).

**ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتلار:** يۇڭ، قوي تېرىسى، بۇ ئىككى تۈر ھايۋانلاردىن ئېلىنىدىغان كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتتۇر.

جاۋا گىلەم، يۇڭدىن توقۇلغان تاغار-خۇرجۇن، جۇۋا، كالا، ئات تې-رىسى، يىپەك، ئەتلەس. بۇ سەككىز تۈر ھايۋاناتتىن ئېلىپ ئىشلەپچى-قىرىلىدىغان دائىملىق مەھسۇلاتتۇر.

ياۋا كالا تېرىسى، ياۋا ئات تېرىسى،تۈلكە تېرىسى، داۋىغان تېرىسى. يۇقىرىقى تۆت تۈر ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان ئالاھىدە مەھسۇلات.

**ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار:** بۆز رەخت، قۇرۇق ئۈ-زۈم. بۇ ئىككى تۈر ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتتۇر.

زىغىر يېغى، ئۆرۈك مېغىزى، ئۈجمە قوۋزىقى قەغىزى. يۇقىرىقى ئۈچ تۈر ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان دائىملىق مەھسۇلاتتۇر.

**مىنېراللار (كان مەھسۇلاتلىرى)دىن ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلار.** ئالتۇن جاب-دۇقلار، قاشتاش بۇيۇملىرى. بۇ ئىككى تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى ناھىيە-

مىز سىپتا ئىشلىيەلمەيدۇ. تەمىنلەش ۋە تەلەپمۇ ئاز بولغاچقا، ئىشلەپچىقارغان بويۇم يوق.

مىس، تۆمۈر ئەسۋابلار (مىس، تۆمۈر باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ناھىيەمىزدە يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلىگەن مىس، تۆمۈر ئەسۋابلار سىپتا ئەمەس، قوپال. شۇنداقتىمۇ ئەل ئارىسىدا دائىم ئىشلىتىدۇ).

## سودا ئىشلىرى

### مۇشۇ يەردە سېتىلىدىغان مۇشۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى.

قوي ھەر يىلى تەخمىنەن 60 مىڭ، كالا تەخمىنەن 10 مىڭ نەچچە تۇياق، ئات مىڭ نەچچە تۇياق، ئېشەك تەخمىنەن بەش مىڭ نەچچە تۇياق، قوتاز تەخمىنەن ئىككى مىڭ نەچچە تۇياق، تۆگە مىڭ نەچچە تۇياق؛ يەرلىك كىگىز تەخمىنەن 20 نەچچە مىڭ پارچە، چەكمەن تاغار-خۇرجۇن تەخمىنەن 30 مىڭ، تەلپەك-تۇماق تەخمىنەن 30 نەچچە مىڭ دانە، جۇۋا تەخمىنەن 30 نەچچە مىڭ قۇر، ئۆتۈك 40 نەچچە مىڭ جۈپ، يىپەك 800 نەچچە توپ؛ بۇغداي تەخمىنەن 80 نەچچە مىڭ دەن، قوناق 90 نەچچە مىڭ دەن، ئۈزۈم تەخمىنەن 150 مىڭ جىڭ، پاختا تەخمىنەن 180 نەچچە مىڭ جىڭ؛ بۆز رەخت تەخمىنەن 10 نەچچە مىڭ توپ؛ زىغىر يېغى تەخمىنەن 20 نەچچە مىڭ جىڭ، ئۆرۈك مېغىزى تەخمىنەن 40 مىڭ جىڭ، كۆك تاماكا تەخمىنەن 20 مىڭ جىڭ، تۇرلۇك قۇرۇق مېۋىلەر 40 نەچچە مىڭ جىڭ، خوتەن قەغىزى 70 نەچچە مىليون تاختا سېتىلىدۇ.

ناھىيەمىزدىن سىرتقا توشۇلۇپ سېتىلىدىغان ماللار (ھەممىسى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق توشۇلىدۇ، سۇ ترانسپورتى يوق.)

قوي: خوتەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلارغا ھەر يىلى تەخمىنەن 50 نەچچە مىڭى سېتىلىدۇ. قوي يۇڭى مەخسۇس روسىيە سودىگەرلىرىگە ھەر يىلى بىر مىليون جىڭ سېتىلىدۇ. قوي تېرىسى قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھەر يىلى 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق توشۇپ ئاپىرىپ سېتىلىدۇ، كالا، ئات تېرىلىرىدىن ھەر يىلى خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تەخمىنەن ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق توشۇپ سېتىلىدۇ. ياۋا كالا، ئات تېرىلىرىدىن خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھەر يىلى تۆت مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. تۈلكە، داۋىغان تېرىلىرى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە شەھىرى قاتارلىق جايلىرىغا ھەر يىلى ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئاپىرىپ سېتىد-

لىدۇ. يىپەك مەخسۇس رۇسىيە سودىگەرلىرىگە ھەر يىلى تەخمىنەن تۆت مىڭ جىڭدىن ئارتۇق سېتىلىدۇ. ئەتلەس قەشقەر، ئۆلكە مەركىزىگە ھەر يىلى تەخمىنەن 600 توپتىن ئارتۇق سېتىلىدۇ. بۇغداي خوتەن، چاقىلىقلارغا ھەر يىلى 15 مىڭ دەندىن ئارتوق توشۇپ سېتىلىدۇ. قوناق خوتەن، چاقىلىقلارغا ھەر يىلى تەخمىنەن 20 مىڭ نەچچە دەن توشۇپ سېتىلىدۇ. بۆز رەخت شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا ھەر يىلى تەخمىنەن ئون نەچچە مىڭ توپ سېتىلىدۇ. ئۈزۈم دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ، ھەر يىلى 100 نەچچە مىڭ جىڭ سېتىلىدۇ. ئۆرۈك مېغىزى دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا ھەر يىلى تەخمىنەن 30 نەچچە مىڭ جىڭ ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. تۇرلۇك قۇرۇق مېۋىلەر دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 150 مىڭ جىڭ سېتىلىدۇ. كۆك تاماكا خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھەر يىلى 30 نەچچە مىڭ جىڭ ئاپىرىپ سېتىلىدۇ.

چازا قاشتېشىدىن ھەر يىلى ئاستانىغا 50 نەچچە مىڭ جىڭى ئاپىرىپ سېتىلىدۇ.

سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان ماللار: قۇرۇقلۇق ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىنىدۇ. جەنۇبنىڭ چايلىرى گەنسۇ ئارقىلىق ھەر يىلى بەش مىڭ نەچچە خىش يۆتكەپ كېلىنىدۇ. گۇرۇچ خوتەندىن ھەر يىلى تەخمىنەن مىڭ نەچچە دەن توشۇلىدۇ. ئەجنەبىيلەرنىڭ مەخمەل، سوكنا، تاۋار-دۇردۇنلىرى رۇسىيەدىن توشۇپ كېلىنىدۇ. ھەر يىللىق ئومۇمىي سوممىسى يەتتە مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشىدۇ. ئىچكىرىنىڭ تاۋار-دۇردۇنلىرى ئىچكىرىدىن توشۇپ كېلىنىدۇ. يىللىق سوممى جەمئىي ئىككى مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشىدۇ. ئەجنەبىيلەرنىڭ ياغ، شاملىرى رۇسىيەدىن يۆتكەپ كىلىنىدۇ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى مىڭ سەردىن ئاشىدۇ.

ئەجنەبىيلەرنىڭ تۆمۈرى رۇسىيەدىن كىرگۈزىلىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن ئون مىليون جىڭدىن ئارتۇق سېتىلىدۇ. قىزىل مىس ئاقسۇدىن توشۇپ كېلىنىدۇ، ھەر يىلى تەخمىنەن يەتتە مىڭ جىڭدىن ئارتۇق سېتىلىدۇ.

مەتكېرەم ئىسمايىل
ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن
تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۇما ناھىيىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى

(1908-يىلى)

گۇما ناھىيەسى ئىلگىرى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ يەكەن مەھكىمە-
سىگە قارايتتى. دەلىللەشلەرگە ئاساسلانغاندا شىنجاڭ قەدىمدە «غەربىي
يۇرت» دەپ ئاتالغان بولۇپ «خەننامە»دە : «غەربىي شىمالدا چوڭ تاغلار
بار، شەرقتە يۇمېن (قاشتېشى) ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقى ئارقىلىق خەن
سۇلالىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى پامىرغا تۇتىشىدۇ»
دېيىلگەن. پامىر جەنۇبىي ۋە شىمالدىكى چوڭ تاغلار تۇركۇمىگە كىرى-
دۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالدىكى چوڭ تاغلار بولسا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە
شىمالدىكى يوللار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
پامىرنىڭ غەربىدە ئېركەشتام، دارازا، ئۇرلىبي، پىشنان قاتارلىق ئەللەر
بولۇپ «پىشنان» دېگەن نام خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ پەيدا بول-
غان. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە جۇڭغارىيەدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى
گاھى يۈز ئۆرۈپ گاھى بويسۇنغان. ئۆتكەن سۇلالىلەر كۆپ قېتىم جازا
يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، تولۇق تىنچىتىپ بولالمىغان، رەھىمدىل پا-
دىشاھ شېڭزۇخان غەربكە لەشكەر تارتىپ جۇڭغارىيەنى بويسۇندۇردى،
بۇ شىمالىي يولدىكى ئەللەر ئىدى، ئۇلۇغ گاۋزۇڭ خان ئىلىنى تىنچىد-
تىپ، چوڭ خوجىنى قويۇپ بېرىپ، لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە يەكەن-
گە ئاپىرىپ قويۇپ، ئىلگىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يۇرتلارنى بىر-
لىككە كەلتۈردى. كىچىك خوجىنى ئىلىدا قالدۇرۇپ ئۇنى دىنىي
ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرگەندە كىچىك
خوجا ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، كېيىن يەكەنگە قېچىپ بېرىپ ئاكىسى
چوڭ خوجىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى ۋە ئۆزىنى «باتۇر خان»
دەپ ئېلان قىلدى. 100مىڭ ئۆيلۈك مۇسۇلمان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۇ-
نىڭغا ئەگەشتى. گاۋزۇڭ خاننىڭ 23-يىلى تۇرپاننىڭ جازا يۈرۈش قى-
لىش توغرىسىدا يارلىقى چۈشتى. 25-يىلى بەدەخشاننىڭ ئاتامانى ئا-

كا-ئۇكا چوڭ-كىچىك خوجىلارنى ئىلگىرى-ئاخىر ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار يۇرتى تىنچلىنىشقا باشلىدى. بۇ جەنۇبىي يولدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردۇر، ياقا يۇرتلۇقلار يەنە ئىسيان كۆتۈرگەندە مۇزۇڭ خان ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەيۋىسىنى نامايان قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ، دىققەت-ئېتىبارىنى غەربكە قارىتىپ، جازا يۇرۇش قىلىشقا جىنۇېن بەگ زوزۇڭتاڭغا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ بۇ جايلارنى بىر يولىلا تىنچىتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول خانىدانلىقنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

خانىمىز سەلتەنىتىنىڭ دەسلىپىدە ھەمدەمچى بەگ لىيۇ جىنتاڭ خان يارلىقىغا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ قېپقالغان ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، 10-يىلى ۋازارەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلدى. گوْما ناھىيەسى ئەسلىدە قاغىلىققا تەۋە بولۇپ، گوْما يېزىسى دەپ ئاتىلاتتى. گۇاڭشۇخاننىڭ 28-يىلى گوْمىنى 38كەنتكە بۆلۈپ ناھىيە تەسىس قىلىندى. خەن سۇلالىسى زامانىسىدىلا گوْمىنىڭ نامى مەلۇم بولۇپ شۇ نامغا ئاساسەن پىشەن (گوْما) دەپ ئاتالدى.

## ناھىيەنىڭ قايسى دەۋردە تەسىس قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

گۇاڭشۇنىڭ 28-يىلى شىنجاڭدا باش تەپتىش راۋيىڭچىڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىش توغرىسىدا مەلۇمات يوللاپ ئىككىنچى يىلى مەھكىمە ئامبىلى شىيى ۋېيشىڭنىڭ تەكلىپى بويىچە ياموُل تەسىس قىلىندى.

## ناھىيە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پىشنان خانلىقى بار بولۇپ، ھازىرقى ناھىيە مەركىزى جايلاشقان ئورۇندىن قارىغاندا پامىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇرۇنقى ئورنى ساقلىنىپ قالمىغان، ناھىيە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى قاغىلىق ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى گوْما كەنتى دەپ ئاتالغان، قاغىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قوش لەڭگەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 150چاقىرىم كېلىدۇ. يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىمۇ: « پامىردا ئىككى دەريا بار، بىرى ئۇدۇنگە ئاقىدۇ، يەنە بىرى گوْمىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ» دېيىلگەن.

## ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ھالىتى

بىر ئورۇندا يېغىندىن ناھىيە يامۇلى سېلىنىپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە قىلىندى، ئاشلىق ئامبىرى، ئىبادەتخانا، پاششاپ بەگ يامۇلى، گۈندىخانا سېلىنىشقا دوكلات سۇنماقچى.

## ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى خىزمەت نەتىجىلىرى

گۇاڭشۈنىڭ 15-يىلى قاغىلىق ناھىيەسىگە قاراشلىق كانجۇتتا سەللىلىكلەرنىڭ كاتتىبېشى تۇراخون (土拉湖) ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ ئەنگلىيەلىكلەرگە بېقىندۇ. ئەنگلىيەلىكلەر بۇلارنى شەيدۇللا مازىرىدا قورغان سېلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قەشقەرنىڭ دوتيى خۇاڭ گۇاڭدا دەرھال قاغىلىقتىكى خۇاڭ يۈەنگە ئالاقە ئەۋەتىپ، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشقا كۆرسەتمە بېرىدۇ. خۇاڭ يۈەن دەرھال گۇمىغا قاراشلىق ساقچىغا ئادەم بۇيرۇپ، مۇشۇ يەردىكى يول ئارقىلىق ساقچىغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ (بۇ چاغدا تېخى ناھىيە تەسىس قىلىنمىغان بولۇپ «گۇما چوڭ يېزىسى» دەپ ئاتىلاتتى). بۇ يەردىن غەربكە 130 چاقىرىم ماڭسا

羌，嗾其兄大和卓木复叛，自立为巴图尔汉，回数十万户，从风而靡。

讨，二十五年，巴克达山首擒献大小和卓木兄弟，先后伏诛，始平回部，是为南路。旋安夷复叛，

穆宗毅皇帝缵承丕业，寰杨武威，乃眷西顾，命左文襄公督师进剿，一鼓荡平，南北两路，悉归版图。我皇上御极之初，刘襄勤公奉命持节新疆，设善后局，十年始改行省，设州县。皮山原属叶城，名 吗庄，光绪二十八年分咽吗三十八庄，改设县治，汉有其名，因名而名之为皮山县。

本境何代年月置。光绪二十八年经新疆巡抚饶(应祺)奏请改设，次年，谢署令维兴请建衙



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

كىلياڭ داۋىنىغا بارغىلى بولىدۇ. تىك يارلىق مۇز تاغدىن ھارۋا ۋە ئۇلاغ ماڭالمايتتى. ئۇقۇشۇشتىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېتەكچىسى ئىدرىس باقىنىڭ جاپاغا چىداملىق ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، بۇ ئىشقا تەيىنلىنىدۇ. بۇ يېتەكچى قوتازغا مىنىپ، تاغ-داۋانلار ئېشىپ خەتەرلىك ۋە مۇھىم جايلاردا يەر باغىرلاپ ئىلگىرىلەپ(قوتازمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى) ئۇدۇل شەيدۇللا(شېتىلا) مازىرىغا يېتىپ بېرىپ(شەيدۇللا مازىرى ئەسلىدە جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، ئەنگلىيە ئەسكەر تۇرغۇزمىغان ئىدى)، تۇراخۇننىڭ ئادەملىرى قاتارلىقلارنى جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىپ كۆندۈردۇ ۋە كاتتىبېشى تۇراخون دوتەي مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ قامىلىدۇ.

گۇاڭشۇنىڭ 16-يىلى جوڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ چېگراسى ئايرىلىپ شەيدۇللاغا 30 چاقىرىم كېلىدىغان سۆگەت دېگەن جايغا چېگرا قاراۋۇللۇق چارىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنى ساقلاشقا ئادەم قويۇلىدۇ ۋە ئون نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىنىپ، بوز يەر ئېچىلىپ، سەللىلىكلەردىن ئون نەچچە ئائىلىلىك كىشى قاراۋۇلخانا ئەسكىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئايلىق تەمىنات بېرىلدى. سۆگەت چېگرا قاراۋۇلخانىسى جوڭگو بىلەن ئەنگلىيەنىڭ قاتناش چوڭ يولى بولۇپ، ئاشلىق تەمىناتى دائىم ئۈزۈلۈپ قالاتتى. يەكەن مەھكىمىسى بىرلەشمە مۇداپىئە ئورنىنىڭ شاپائەت قىلىپ، ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇشقا نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا كىلياڭغا ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇپ ھازىر 300 دەندىن ئارتۇق قوناق توپلىنىپ، ھەر يىلى سۆگەت قاراۋۇلخانىسىغا قوتاز بىلەن توشۇلۇپ ئەھۋال ئىلگىرىكىدىن ياخشىلاندى. لەشكىرىي ئىشلاردا خاتىرلىگۈدەك ئىش يوق.

## مۆتىۋەرلىرى

ناھىيەمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 150 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر كونا قەبرە خارابىسى بولۇپ، يەرلىك خەلق «ھەسەن پاششىم مازىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە سۇلالىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەل ئىچىدە داۋالغۇش بولغاندا ھەسەن ئاخۇن جامائەتنى باشلاپ بەيئەت قىلغان، ئەل ئىچىمۇ تىنچلانغان. كونىلاردىن مۆتىۋەرلەرنىڭ يىل-كۈنى خاتىرلەنمىگەن.

## ئادەملىرى

يەرلىك كىشىلەر ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. فامىلە ۋە نەسەبى خاتىرىلەنمىگەن. ئاتا ۋە ئوغۇل، ئانا ۋە قىزى بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىللاردىن سىرت ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشىغا بىردەك رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئاسان ئاجرىشىپ كېتىدۇ، يىل ھېسابى يوق، ئۆي ئىچىدە يەردە يېتىپ قوپىدۇ ۋە ئولتۇرىدۇ، كىيىنىشى خەنزۇلارنىڭكىگە سەل-پەل ئوخشاپ قالىدۇ. كەيپىياتى تۇراقسىز، ئاجىزلىرى بەك ئاجىز، يامانلىرى بەك يامان، گۇمانخور ۋە بىلىمى يوق، كۆپىنچە ھاللاردا ھىيلىگەرلىك قىلىشىدۇ، ئات-ئۇلاغچىلىق ۋە ھارۋىكەشلىككە ئۇستا كېلىدۇ. قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدۇ.

تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، مېۋە-چېۋىگە ئامراق، توي-تۆكۈنلەردە قوي گۆشى ۋە گۇرۇچ تامىقى ئېتىدۇ. بۇنى پولۇ دەپ ئاتايدۇ، ئۇنى قاچىغا ئۇسسىماي چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ يەيدۇ. دەپنە ۋە نەزىر-چىراغ قىلىش يوسۇنلىرى ئىسلام دىنىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىشە قۇرئان ئوقۇشنى ئاساس قىلىدۇ، شەھەر-بازارلاردا مەسچىتلەر بار، ئەر ۋە ئاياللىرى ئۇلاغ مىنىشكە ئۇستا. بۇيرۇت دېيىلىدىغان بىر تائىپە كىشىلەر بولۇپ ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىدا، فامىلىسى ۋە نەسەبى يوق، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، سۇيى ۋە ئوت-چۆپ بار جايلارغا ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئەللىك ئۆيلۈكچە كېلىدۇ، چوڭ-كىچىكلىرىنىڭ ھەممىسى جەمەت كېلىدۇ، كۆڭلىنى ياساش كېرەككى، تېرىكتۇرۇشكە بولمايدۇ، ئۆرپ-ئادىتى قازاقلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ كېلىپ-كېتىشىنىڭ قارارى يوق، ئەنجانلىقلار كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلارمۇ ئىسلام دىنىدا.

ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ كېلىپ-كېتىشىنىڭ قارارى يوق، ھىندىلار(سودىگەرلىرى) كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە كالىنى ئۇلۇغلايدۇ. خەنزۇلاردىن ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار تەدرىجىي كۆپەيدى، ئۇلار ساپلا ئەسكەرلىكتىن قىسقارتىلغان، شاللۇۋتىلگەن قېرى ۋە ئاجىز ئەسكەرلەر بولۇپ، ئاياللار يوق، ئەرلەر بار. سەرسان بولۇپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، بەك بىچارە.

**نوپۇسى**

ناھىيەدە ئۇيغۇرلاردىن جەمئىي 7879ئۆيلۈك (تۈتۈن)بار، ئەرلەر 16مىڭ 204نەپەر، ئاياللار 15مىڭ 65نەپەر، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمئىي 31مىڭ 269نەپەر. خوشۇندىكىلەر يوق، خەنزۇلار 12ئۆيلۈك بولۇپ،ئەرلەر بار، ئاياللار يوق. فامىلىسى ۋە نەسەبى خاتىرىلەنمىگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە ئۈچ ماسلاشقاندىن باشقىلىرى دېگۈدەك يات ھېسابلىنىدۇ.

**دىنى**

ھەممىسى ئىسلام دىنىدا بولۇپ، ئاخۇنلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. لاما دىنىدىكىلەر، سېرىق ۋە قىزىل دىنىدىكىلەر، كاتولىك دىنىدىكىلەر، خىرىستىيانلار يوق.

**ئوقەتچىلىكى**

ئۆلىمالىرى: خەنزۇ تىل-يېزىقىدىكى كىلاسسىك كىتابلارنى ئۆگەنگەن چۇ خەنچىلىك ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، يېزىققا پىششىق ئىدى.

**مولللىرى:** ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلىدىغانلارنى ئۇيغۇرلار موللا دەيدۇ، بۇلاردىن جەمئىي 317 كىشى بار.

**دېھقانلىرى:** جەمئىي 3947ئۆيلۈك كىشى بار.

ھۈنەرۋەنلىرى: بۇلار جەمئىي 684 ئائىلىلىك بولۇپ، بۇلاردىن باپكار، بۆكچى، كۆنچى، بوياقچى، قەغەزچى، كىگىزچى، تامچى، سەيپۇڭ، تۆمۈرچى ۋە مىسكەر، جۇۋازچى، ئېگەرچى، مۇزدۇز قاتارلىقلار بار.

**سودىگەرلىرى:** جەمئىي 45ئائىلىلىك بار.

**جۇغراپىيەسى**

بۇ ناھىيە ئۆلكە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۆلكە بىلەن بولغان ئارىلىقى قەشقەردىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 5030چاقىرىم، مارالبېشىدىن ھېسابلىغاندا 4520 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ناھىيە مەھكىمە شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، غەربتە قاغىلىق ناھىيەسى بىلەن

چېگرالىنىدۇ. جەنۇبتا قارا قۇرۇم بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇ يەردە جوڭگو بىلەن ئەنگلىيەنىڭ پاسىل كۆتىكى بولۇپ، ئىچىدە چېگرا تاختىسى بار، شىمالدا ئاقسۇ چوڭ چۆللۈكى بىلەن چېگرالىنىدۇ.

بۇ ناھىيەدە جەمئىي 38 كەنت بار: گۇما بازىرى، يۇقىرىقىبازار، لەنگەر، قۇمئېرىق، سانجار، چودا لەنگەر، قوشتاغ، ئىسمىسلاھ، تۇگمەنبېشى، ناغۇت، ئاۋات، كۆكتاغ، ئارا مەھەللە، لايقا، ساغان، پىشنا، قاقشال، پىلاڭ، هويلامەھەللە، ئاراقۇم، ئوردىيان، قاراتاغىز، پىنىنىي، خانتۇغ، سابۇر(سانجۇ)، سىبىتىلا، خانىقا، دۆڭباغ، باسقاق، سايباغ، چودا، ئورتاتۇگمەن، يېڭىباغ، موجى، زاڭگۇي، باغلا، دۇۋا، پىيالما كەنتلىرىدىن ئىبارەت.

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئوردىيان كەنتى ناھىيە بازىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. يۇقىرىقى بازار كەنتىگىمۇ تۇتىشىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى كۆكتاغ كەنتى، ناھىيە بازار كەنتى ۋە قۇمئېرىق كەنتى، ئوردىيان كەنتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازارىنىڭ شەرقىدىكى يۇقىرىقى بازار كەنتى ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان جايدا سانجار كەنتى، ۋە بازار كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن تۆت چاقىرىم كېلىدىغان جايدا قۇمئېرىق كەنتى بىلەن لايقا كەنتى، ئوردىيان كەنتى، ئارامەھەللە كەنتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن بەش چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئارا مەھەللە كەنتى بىلەن ئوردىيان كەنتى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا سانجار كەنتى بىلەن تۇگمەنبېشى كەنتلىرى تۇتىشىدۇ، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتا تۇگمەنبېشى كەنتى بىلەن ناھىيە مەركىزى يەنى بازار كەنتى تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن ئالتە چاقىرىم يىراقلىقتا لايقا كەنتى بىلەن ئوردىيان، ئارا مەھەللە كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 30چاقىرىم كېلىدىغان جايدا هويلا مەھەللە كەنتى بىلەن چودا، لەنگەر كەنتى، قاقشال كەنتى تۇتىشىدۇ، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 30چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ناغۇت كەنتى بىلەن هويلا مەھەللە كەنتى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چودا لەنگەر كەنتى بار.

ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 30چاقىرىم كېلىدىغان جايدا قاقشال كەنتى، چودا لەنگەر كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەر-كىزىنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئاياغقۇم كەنتى، ناھىيە مەركىزىنىڭ 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا قارا تاغىز كەنتى، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 70چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چودا كەنتى بار. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 80چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئاۋات كەنتى بار، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇ-بىدىن 90چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئورتاتۇگمەن كەنتى، بىلەن موجى كەنتى، يېڭىباغ كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا قوشتاغ كەنتى بار. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 100چاقىرىم كېلىدىغان جايدا يېڭىباغ كەنتى، ئورتا تۇگمەن كەنتى، سايباغ كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 110چاقىرىم كېلىدىغان جايدا موجى كەنتى بىلەن يېڭىباغ كەنتى، ئورتاتۇگمەن كەنتى، سايباغ كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. نا-ھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 120 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا سايباغ كەنتى بىلەن موجى كەنتى، باغلا كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەرك-زىنىڭ جەنۇبىدىن 120 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئىسمىسلاھ كەنتى بار، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 125 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا باغلا كەنتى بىلەن سايباغ كەنتى، باسقاق كەنتلىرى تۇتىشىدۇ، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 140 چاقتىم كېلىدىغان جايدا كىلياڭ كەنتى بار. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 150چاقىرىم كېلى-دىغان جايدا زاڭگۇي كەنتى بار، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى-دىن 170 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا سىپىتلا كەنتى بىلەن باسقاق كەن-تى، دۆڭباغ كەنتى، خانىقا كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 180چاقىرىم يىراقلىقتا خانتوغ كەنتى بار. ناھىيە مەرك-زىنىڭ 180چاقىرىم يىراقلىقتا خانىقا كەنتى بىلەن دۆڭباغ كەنتى، ساۋا، سىپىتلا كەنتلىرى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي جە-نۇبىدىن 180چاقىرىم يىراقلىقتا بوۋاقەمبەر كەنتى بار، ناھىيە مەر-كىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن200چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، ساۋا كەن-تى بىلەن خانىقا كەنتى تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 240چاقىرىم يىراقلىقتا پىيالما كەنتى بار. ناھىيە مەركىزىنىڭ شەر-

قىي جەنۇبىدىكى 300چاقىرىم جايدا دۆۋا كەنتى بار. بۇ يەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى گوما چوڭ كەنتى بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى بازار كەنتى، يۇقىرىدىكى 38 كەنتنىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ چاقىرىم سانى يېقىندىن يىراققا رەتلەپ كۆرسىتىلدى. بىر-بىرىگە ئۇلانمىغانلىرىنىڭ ئارىلىقى چۆل ھېسابلىنىدۇ. ناھىيەدە ناھىيە مەركىزى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئۆزگەرتىلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئىبادەتخانا سېلىقسىز، ھازىرچە باللارنىڭ ساۋات چىقىرىش مەكتىپىدىن بىر، چوڭ-كىچىك مىرشاپخانىدىن بەش، ئەلەمدار ئىدارىسىدىن بىرسى قۇرۇلۇپ خەلقنىڭ ئۆيىنى ۋاقتىنچە ئىجارە ئېلىپ ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى، ئالتە ئورۇنغا ياغاچ كۆۋرۈك سېلىندى. ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاشقا چوڭ دەريا يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ-چوڭ مەسچىتلىرى بار، زاڭگۇي يولىنىڭ غەربىي شىمالىدا ناھىيە بازىرىنىڭ كونا ئورنى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى «خارابە شەھەر» دېيىشىدۇ، بۇ يەردە يۇلغۇن كۆپ، خەلق ئۇنى ئوتۇن قىلىدۇ. مىس تامغا، ساپال كوپ، كومزەك قاتارلىقلارنى تېپىۋالغۇچىلار چىقىشقا باشلىدى. قەدىمىي قەبرىلەرمۇ بار، قويۇن كۆپ چىقىپ، ئادەمنىڭ مېڭىشىغا تەسىرى كەلتۈرىدۇ.

## تاغلىرى

پىيالما تېغىنىڭ (皮白尔曼山) ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، بۇ بىر قۇمتاغ. يالتى (雅尔提山) تېغىنىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 500چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. كىلياڭ(克里阳山) تېغىغا ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 500چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى چۇشكۈن.(居什肯) ساڭجۇ تېغىغا(桑株山)ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 600چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. سۆگەت تېغىنىڭ(素盖提山) ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 700چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. قارا قورۇم(卡拉胡鲁木山) تېغىنىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1200چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. قاراقورۇمدىن غەربكە ماڭسا قاغىلىق ناھىيە بازىرىغا بارغىلى بولىدۇ، شەرققە ماڭسا بولاڭچى(؟) ـــ بورانچى (伯凌吉)داۋىنى، چانجىل (利 昌吉) داۋىنىغا بارغىلى بولىدۇ. شەرققە داۋاملىق ماڭسا، ئەگىپ خو-

تەنگە بارغىلى بولىدۇ. غەرب ـ شەرققە سوزۇلۇپ تەبىئىي پاسىل ھاسىل قىلغان بولغاچقا جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە چېگرا قىلغان بولۇپ، شىمالىدا قوتاز ئاقاز(合达孜阿卡孜) غىچە بارىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى تېۋەز سېرىق ئاقتاغ (特哇孜色拉克阿喀塔黑). سوگەت ئۇچىنچى داۋىنى ئاقازنىڭ غەربىدىن قاغىلىقنىڭ بازادالا (؟)دېگەن يېرىگىچە سوزۇلىدۇ. سوگەتنىڭ شەرقىدە كىلياڭنىڭ يارت(؟)داۋىنىغا تۇتىشىدۇ. خوتەن چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قارلىق تاغنىڭ غولى ئىچكى تەبىئىي توسۇق بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە مۇشۇ قارلىق تاغنىڭ ئېرىگەن سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدۇ. يەنە باشقا بىرقانچە ئورۇندا بۇلاق سۇلىرىمۇ بولۇپ، قۇمغا سىڭىپ ۋە زەيكەشلەرگە كىرىپ كېتىپ ھېچقانچە قالمايدۇ.

قارا قۇرۇم داۋىنىدىن چىقىدىغان بىر ئېقىن شەرققە قاراپ شىمالنى ئايلىنىپ كېلىپ، قاغىلىق ئارقىلىق يەكەنگە چىقىدۇ، بورانچى داۋىنىدىن چىقىدىغان يەنە بىر ئېقىن غەربكە ئېقىپ كەڭشىۋەدىكى ئوتلاق كۆلىدىن ئۆتۈپ شىمالغا ئەگىپ، شەرققە بۇرۇلۇپ خوتەنگە ئېقىپ كىرىدۇ، بۇ ئىككى ئېقىن ئادەتتە خوتەننىڭ ئۇچ ئېقىنى دېيىلىدۇ. ئوتتۇرىدا چوڭ دەشتچۆل توسۇپ تۇرغاچقا، ناھىيەمىزگە قىلچە پايدىسى يوق. پايدىسى بار بولسىمۇ بىزگە ئاققانغا يەتمەيدۇ.

كىلياڭ قارا سۇلىرى يىغىلىپ ئوتلاق كۆلگە ئېقىپ كىرىپ، بۇ يەردىن شىمالغا 150چاقىرىم ئېقىپ ساغان ئۆستىڭىگە چۈشىدۇ، يەنە 80چاقىرىم ئېقىپ كىلياڭ ئۆستىڭىگە چۈشىدۇ، يەنە 50چاقىرىم ئېقىپ سۇلىغاز(苏力阿孜)، يەنە 30چاقىرىمچە ئېقىپ ئۇلاغ (玉拉格) ئۆستىڭىگە چۈشىدۇ. ئومۇمەن كىلياڭ كەنتى، ئىسمىسلاھ كەنتى، قوشتاغ كەنتى، لەنگەر كەنتى، تۇگمەنبېشى كەنتى، سانجار كەنتى، گۇما بازىرى كەنتى، يۇقىرىقىمەھەللە كەنتى، ناغۇ كەنتى، لايقا كەنتى، ساغان كەنتى، پىشنا كەنتىدىن ئىبارەت 19كەنت كىلياڭ تېغىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

سانجۇ قارا سۈيى يىغىلىپ، ئوتلاقكۆلگە ئېقىپ كىرىپ، كۆلدىن شىمالغا ئېقىپ چىقىپ 120چاقىرىمچە ئېقىپ (卡孜) ئۆستىڭىگە

چۈشۈپ، يەنە 40 چاقىرىمچە ئېقىپ(白孜)ئۆستەڭگە چۈشۈپ موجىغا كەلگەندە يەنە50چاقىرىمچە ئېقىپ سىپىتلا ئۆستىڭىگە چۈشىدۇ. يەنە 30چاقىرىمچە ئېقىپ يېڭىباغ ئۆستىڭىگە چۈشىدۇ. ئومۇمەن ساۋا كەنتى، سىپىتلا كەنتى، خانىقا كەنتى، دۆڭباغ كەنتى، باسقاق كەنتى، باغلا كەنتى، سايباغ كەنتى، چودا كەنتى، ئورتا تۈگمەن كەنتى، يېڭى باغ كەنتى، موجى كەنتى، زاڭگۈي كەنتلىرىدىن ئىبارەت 12 كەنت سانجۇ تېغىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

يالتى تېغىنىڭ قارا سۈيى يىغىلىپ ئوتلاقكۆلگە ئېقىپ كىرىپ، بۇ يەردىن شىمالغا ئېقىپ چىقىپ 250چاقىرىمچە ئېقىپ دۆۋا كەنتىگە بارىدۇ. يەنە 120چاقىرىمچە ئېقىپ پىيالما كەنتىگە بارىدۇ(يالتى تېغىنىڭ يەنە بىر ئىسمى قارلىق ئاقىبر). پىننى بۆلىقى پىننى كەنتىنى، سوپى خانىقا ئاياغقۇم بۆلىقى ئاياغقۇم كەنتىنى، ئوردىيان بۆلىقى، ئوردىيان كەنتى، قارا تاغىز كەنتىنى، خانتۇغ بۆلىقى خانتۇغ كەنتىنى سۇغىرىدۇ.

ناھىيەمىز سۇ مەنبەسىنى تەكشۈرۈشىمىزچە، تاغ سۇلىرىنىڭ ھەممىسى قار-مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان، ناھىيە مەركىزىدىن جەنۇبقا 30 چاقىرىم ماڭسا ئىسمىسلاھقا بارىدۇ. يەنە جەنۇبقا 20 چاقىرىم ماڭسا ئاقشۇرغا (阿克受)غا بارىدۇ. يەنە جەنۇبقا 50چاقىرىم ماڭسا لاملۇغا بارىدۇ، يەنە جەنۇبقا 50چاقىرىم ماڭسا چۇشكۇنگە(居什肯) بارىدۇ. يەنە كىلياڭ داۋىنىنىڭ غەرب ۋە شەرقىدىكى ئېگىز تاغ ئىچىدە ئوتلاقكۆل بار، يەنە شەرقىي جەنۇبقا مېڭىپ، غەربكە ئايلىنىپ مېڭىپ داۋانغا چىقىپ، داۋان ئېشىپ يەسلەپ جەنۇبقا 100چاقىرىمچە ماڭسا تۈگمەنلىككە، يەنە شەرقىي جەنۇبقا 40چاقىرىم ماڭسا ئاۋامۇقا (末克阿瓦)بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 20 چاقىرىم ماڭسا تولسۇغا (里苏托)بارىدۇ، يەنە غەربىي جەنۇبقا 10 چاقىرىم ماڭسا شەيدۇللا غا يەنى شەيدۇللا مازىرىغا بارىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمىي قەبرىستانلىقنى مازار دەيدۇ. بۇ يەر «مازار قورغان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 20 چاقىرىم ماڭسا سۆگەت قورۇلىغا بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 120چاقىرىم ماڭسا چىلىسپىقا(؟)بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 60چاقىرىم ماڭسا ئاقتاغقا(؟)بارىدۇ.يەنە جەنۇبقا 15چاقىرىم ماڭسا مىلىكشاھ-

قا(؟)باردۇ.يەنە جەنۇبقا 30چاقىرىم ماڭسا تىۋەزسىرىققا باردۇ(؟). يەنە جەنۇبقا 50چاقىرىم ماڭسا ۋاپۇ جىلغىسىغا (؟)باردۇ.يەنە جەنۇبقا جەمئىي50چاقىرىم ماڭسا باراڭ ئاس(؟)قا باردۇ.يەنە غەربىي جەنۇبقا 60چاقىرىم ماڭسا قۇم تاغلار سۇغا چىلىشىپ تۇرغان بۇلاققا باردۇ، سۇبولىدىكەن ئىتىز بولىدۇ، سۇ بولمىسا چۆل بولىدۇ. تاغ سۇلىرى ئۇمۇمەن ئىككى ئېقىنغا ئايرىلغان بولۇپ.ئۇنىڭ بىرى بولغان كىلياڭ ئېغىنىڭ سۈيى ناھىيەمىزدىكى19كەنتنى سۇغارغاندىن سىرت ئاشقان سۇ غەربكە ئېقىپ قاغىلىققا باردۇ. يەنە بىر ئېقىن ساڭجۇ ئېغىنىڭ سۈيى ناھىيەمىزدىكى12كەنتنى سۇغارغاندىن سىرت ئاشقان سۇ شەرققە ئېقىپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدۇ. گۇمىدا دەريا ـ دېڭىز، ئارال قىرغاقلىرى يوق. سال-كېمىلەر قاتنىمايدۇ. غول ۋە تارماق ئۆستەڭلەرنى ئادەم كۆچى بىلەن راۋانلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە ئېقىن شىددەت بىلەن ئاقىدۇ.. كۈز ۋە قىشتا سۈيى ئازىيىدۇ.

## يوللىرى

ناھىيەمىزدىن غەربكە 90 چاقىرىم ماڭسا چولاق ئۆتەڭگە باردۇ. يەنە غەرپكە 25 چاقىرىم ماڭسا ئازغان(گۇما بىلەن قاغىلىقنىڭ چېگراسى)غا باردۇ.

ناھىيە مەركىزىدىن شەرقىي جەنۇبقا 90 چاقىرىم ماڭسا موجى لەڭگىرىگە، يەنە شەرققە 60 چاقىرىم ماڭسا زاڭگۇي لەڭگىرىگە باردۇ. يەنە شەرققە 90 چاقىرىم ماڭسا پىيالما لەڭگىرىگە باردۇ( موجىدىن پىيالمىغىچە 150چاقىرىم بولۇپ، ئوتتۇرسىدا قۇم تاغ بار، جىددىي ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى يەتكۈزۈش زۆرۈر بولغاندا ، پوچتا ئاتلىرىنىڭ مېڭىشى قىيىن بولغاچقا، يەرلىك ئەمەلدارلار يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىپ، زاڭگۇيدا ئۆزلىرى بىر(ئۆتەڭ) قۇرغان، لېكىن يۇقىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان) يەنە شەرققە 25چاقىرىم يۇرسە قىزىل سېغىزلىققا باردۇ، بۇ يەر خوتەن بىلەن گۇما چېگرالىنىدىغان جاي.

قارا قۇرۇم داۋىنى( جوڭگو بىلەن ئەنگلىيەنىڭ چېگراسى بولۇپ، پاسىل كۆتىكى بار. كۆتەكنىڭ ئىچىگە تۆمۈردىن ئابىدە ئورنىتىلغان)

ناھىيەمىزدىن شىمالغا 15 چاقىرىم يۇرسە ئاياغقۇم كەنتىگە باردۇ. يەنە شىمالغا 45 چاقىرىم يۇرسە قارا تاغىز كەنتىگە باردۇ. ئۇنىڭ ئۇ

تەرىپى چۆل. موجى لەڭگەردىن جەنۇبقا 90چاقىرىم يۇرسە سانجۇ كەنتىگە بارىدۇ( بىر ئىسمى خانىقا كەنتى) يەنە جەنۇبقا 50 چاقىرىم يۇرسە كەۋزىگە بارىدۇ. يەنە جەنۇبقا 60چاقىرىم يۇرسە ئاقاغىزغا بارىدۇ. يەنە جەنۇبقا 30 چاقىرىم يۇرسە سانجۇ داۋىنىغا بارىدۇ، يەنە غەربىي جەنۇبقا 130چاقىرىم يۇرۇپ داۋاندىن ئۆتسە تاۋغاز(塔乌孜) قورۇلىغا بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 40 چاقىرىم يۇرسە ئولنەزەر (而拉尼则) قورغىنىغا بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 30 چاقىرىم يۇرسە ۋامۇققا (瓦末克) بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 40 چاقىرىم يۇرسە توقسۇنغا بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 30 چاقىرىم يۇرسە سۆگەتقورۇلغا بارىدۇ.

**پىيالما لەڭگىرى:** جەنۇبقا 60 چاقىرىم يۇرسە دۇۋا كەنتىگە بارىدۇ. يەنە شەرقىي جەنۇبقا 180چاقىرىم يۇرسە كۆكيۇرت(柯柯月提)بارىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۇرسە پىشنا تىغىغا بارىدۇ( بۇ جاي چوڭ تاغنىڭ ئويمان يېرى بولۇپ، ئون نەچچە ئائىلىلىك كىشى ياشايدۇ، ئات-هارۋىلار قاتنىيالمايدۇ. كىشىلەر كەمدىن-كەم ئاياغ باسىدۇ).

**چولاق لەڭگىرى:** جەنۇبقا تەخمىنەن يەتتە كۈن مېڭىپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ يەنە غەربكە تەخمىنەن تۆت كۈن ماڭسا سۆگەتقورۇلغا بارىدۇ (بۇ يولدىن ئادەم ماڭمايدۇ).

**دۇۋا كەنتى:** شەرققە 60 چاقىرىم ماڭسا قوشۇل(合什里)غا بارىدۇ(بۇ جاي خوتەن بىلەن گۇمىنىڭ چېگراسى).

## تەبىئى بايلىقى ۋە مەھسۇلاتلىرى ھايۋاناتى

**قوي:** چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆچكە، جەنۇبتىكى تاغلاردا سوغۇققا چىدامىلىق قوي بېقىلىدۇ، ئۇنىڭ تېرىسىدىن مەرۋايىت قادىغان ئۆتۈك تىككىلى بولىدۇ، كۆپ چىقمايدۇ.

**كالا:** ساپلا سېرىق كالا بولۇپ، سۇ كالىسى يوق، ئۇيغۇرلار سۈتىنى ئىچىدۇ.

**ئات:** ئۇيغۇرلار ئات بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مىنىشكىلا ئىشلىتىپ قالماستىن يەر ھەيدەشكىمۇ سالىدۇ.

**قوتاز:** تاغ يوللىرىنىڭ خەتەرلىك جايلىرىدىن ئۆتۈشتە قوتازغا مىنىپ ئۆتسە ساق-سالامەت ئۆتەلەيدۇ. گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ. ئۇي-

غۇرلار ئارىسىدا مەخسۇس قوتاز سودىسى قىلىدىغانلار بار.

**سېرىق تۇلكە:** جەنۇبىي تاغدىن ياخشىلىرى چىقىدۇ. ھەرقېتىم قار ياغقاندا ئۇيغۇرلار ياغاچ ئوقيا بىلەن ئاتىدۇ. مىلتىق بىلەن ئاتىدىغانلىرىمۇ بار.

**ئېشەك:** ئېشەك كۆپ، تۆگە ئاز.

**يىپەك:** يېقىندىن بۇيان تەدرىجىي كېڭەيتىلىۋاتىدۇ.

**ئۆردەك:** ھەممە ئائىلىلەر باقىدۇ، ئۇيغۇرلار ئۆردەك بېقىشنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ.

**بېلىق:** گەرچە دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭ بۇلاقلىرىدىن ئانچە بېلىق چىقمىسىمۇ، ئوتلاقكۆلدىن كۆپىنچە ھاللاردا تۇتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار يېيىشنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ.

**تاق مۇڭگۇزلۇك يىلان:** يىلاننىڭ بېشىغا مۇڭگۇز چىقسا يولۋاسنىڭ تېرىنىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. پاكىزە ۋە پارقىراق كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى كۆز تېگىشتىن ساقلايدىغان تۇمار قىلىپ گۆھەردەك ئەتىۋارلايدۇ.

**كەپتەر ۋە قۇشلار:** بەك كۆپ.

**تۇرنا:** ئوتلاقكۆلدىن چىقىدۇ.

## ئۆسۈملۈكلىرى

**بۇغداي ۋە ئارپا :** بۇغداي كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**قوناق:** ئۇيغۇرلار كۆپىنچە قوناقنى ماللىرىغا يەم قىلىپ بېرىدۇ.

**ماش:** ئۇيغۇرلار ماشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، تېرىپ ئۆستۈرۈشكىمۇ ماھىر ئەمەس.

**زىغىر:** تېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياغ تارتىپ يەيدۇ.

**كۈنجۈت:** مەھسۇلاتى كۆپ ئەمەس.

**پاختا:** ھەممە ئائىلىلەر تېرىيدۇ.

**شال:** مەھسۇلاتى چەكلىك، تېرىيدىغان سۇلۇق ئېتىزلىرى يوق.

**ئۈجمە:** پىلە باقىدۇ ۋە قەغەز ياسايدۇ. يېقىندىن بۇيان تەدرىجىي ئومۇملىشىۋاتىدۇ.

**ئانار:** شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۆپ چىقىدۇ.

**نەشپۈت:** سانجۇدىن چىقىدىغىنى ياخشى، كۆپ چىقمايدۇ.

**ئۈزۈم:** قىزىل ۋە سەيۋە ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ياڭاق:** شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ياخشى.
**شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت:** ھەممىسى ياخشى.
تېرەك، سۆگەت، توخۇمەك، تاۋۇز، كاۋا، سەي كاۋىسى ئۆستۈرىدۇ.
**قاپاق:** ئۇيغۇرلار تېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ياغ ۋە سۇ ساقلايدىغان قاچا قىلىدۇ.
**بېھى:** ئۇيغۇرلار پولۇغا سېلىپ يېيىشكە ئامراق.
**قوغۇن:** ئۇيغۇرلار تېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېمەكلىك قىلىدۇ.
**كۆكتات:** ئۇيغۇرلار تېرىشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ناھىيە تەسىس قىلغىلى ئۇزۇن بولمىغاچقا باغۋەن يوق، ھازىر تېرىشقا ئۆگىتىلىۋاتىدۇ.

## كان مەھسۇلاتلىرى

قىزىل، ئاق، قارا قاشتېشى، دۇۋادىن قىزىل قاشتېشى، كىلياڭدىن ئاق قاشتېشى، سانجۇدىن قارا قاشتېشى چىقىدۇ.

## ھايۋاناتتىن ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلىرى

**يىپەك توقۇمچىلىقى:** ئۇيغۇر ئۇستىلار يىپەك رەختلەرنى توقۇيدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىشلىتىدۇ، ھازىر ياخشىلاشقا تەرەددۇت قىلىنىۋاتىدۇ.
كالا، قويلارنىڭ يۇڭ، تېرىلىرى: يەرلىك ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر ئىشلەتكەندىن سىرت قالغانلىرىنى سودىگەرلەر سېتىۋالىدۇ.
**تېرە پايپاق(مەسە):** ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدۇ.
**ئۆتۈك:** ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدۇ
**خۇرۇم چاپان تىكىلىدىغان خۇرۇم:** ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر ئىشلەپ ئۆز جايىدا ساتىدۇ.
**تەلپەك:** ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرى كىيىدۇ.
**تاسما:** ئات ـ ھارۋىلارنىڭ ئارغامچىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.
يۇڭ ئارغامچا ـ پوتىلار، كىگىز، كىيىم تىكىشكە ئەشلەپ تەييارلىغان تۇلكە تېرىسى.

## ئۇسۇملۇكلەردىن ئىشلىنىدىغانلىرى

گۇرۇچ، ئۇن، زىغىر يېغى، كۇنجۇت يېغى، رەخت( ئاق، كۆك، قىـ

-زىل، سۆسۈن رەڭلىكلىرى كۆپرەك) ، چىگە ئارغامچا ۋە بەلباغ، ئۇج-مە قوۋزىقى قەغىزى (بازىرى ئىتتىك)، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان قا-چا-قۇچىلار (شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ياخشى).

## مەدەنىلەردىن پايدىلىنىشى

**ئاھاك:** ئوتتا پىشۇرۇپ تام ئاقارتىشتا بەك ياخشى.

**گىل، قارا توپا:** ئوتتا پىشۇرۇپ تام ئاقارتىشتا بوياق ئورنىدا ئىش-لەتكىلى بولىدۇ.

**مىس، تۆمۈر ئەسۋابلىرى:** مىس قەشقەر، كۇچا، باي قاتارلىق جايلار-دىن كەلتۈرۈلىدۇ. تۆمۈرنى ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ كېلىپ ساتىدۇ، مۇشۇ جايدا ئىشلەتكىلىلا سېتىۋېلىنىدۇ.

**تۇز، شور:** مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ.

## سودا ئىشلىرى

مۇشۇ يەردىن چىقىدىغان پىلە، ياغاچ جابدۇقلار، قەغەز، كالا-قويلار-نىڭ يۇڭ ۋە تېرىلىرىنىڭ سودىسى تەدرىجىي بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، كەنتلەر بويىچە قىلىدىغان چوڭ سودا يوق، باشقا مەھسۇلاتلار يەرلىك ئىشلىتىشكە يارىشا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن تەرجىمىسى**



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىرا ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى

(شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ باش مۇندەرىجىسىدە 16ـنومۇر. بىر نۇسخا)

*[ئىلاۋە] بۇ نامەلۇم خەنزۇ ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ، موي قەلەم بىلەن خوتەن قەغىزىنىڭ ھەر بىر بېتىگە توققۇز قۇردىن تىك ئاسما خەت بىلەن يېزىلغان 35 بەتلىك تەزكىرە بولۇپ، مەزمۇنىدىن قارىغاندا مىنگونىڭ 32ـيىلى (مىلادىيە 1944ـيىلى) يېزىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مىنگو يىلنامىسى بىلەن مىلادىيە يىلنامىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشى ئۈچۈن، مىنگو يىلنامىسى يېنىغا (تەزكىرە ئاپتورى تەرىپىدىن يېزىلمىغان) مىلادىيە يىلنامىسى يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلدى.*

## ئاسترونومىيە تەزكىرىسى

1) ئورنى. تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا ناھىيەسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، يەر شارىنىڭ شىمالىي پاراللېل 36°50′ تىن شەرقىي مېرىدىئان 83°50′ قىچە بولغان ئورۇنغا جايلاشقان.①

2) ھاۋا رايى. چىرا ناھىيەسىنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، قىشتا سوغۇق بولسىمۇ، جۇت-شۇۋىرغان بولمايدۇ. يازدا ئىسسىق بولسىمۇ، چىدىغۇسىز تومۇز بولمايدۇ. شۇغىنىسى قار-يامغۇر ئاز ياغىدۇ. يەرلىرى قۇرغاق، ھەر يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە شەرقىي جەنۇب شامىلى، كۈز پەسلىدە غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. بۇلۇتلۇق كۈنلەر ئاز. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدىكى شامالنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 70 چاقىرىمدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

3) تەبىئىي ئاپەت. پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھۆل-يېغىن ناھايىتى ئاز بولغاچقا، سۇ مەنبەسى كەمچىل، دائىم بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدۇ.

## جۇغراپىيە تەزكىرىسى

1) تەسىس قىلىنىشى. تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا ناھىيەسى خەن سۇلا-

لىسى دەۋرىدىكى چىرا خانلىقى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 2-يىلى (مىلادىيە 1876-يىلى) شىنجاڭ مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ قۇرۇل-غاندا[2] كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. مىنگونىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 1919-يىلى) ئايرىم نايىپ ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 17-يىلى (مىلادىيە 1929-يىلى) 3-دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. ناھىيە تەۋەسىدە شەھەر يوق. ناھىيە بازىرىدا مىنگونىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 1919-يىلى) ناھىيە يامۇلى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) ساقچى ئىدارىسى، باج ئىدارىسى (بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر «مالىيە تەزكىرىسى» قىسمىغا قوشۇمچە قىلىندى)، تارماق تۇرمە تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 27-يىلى (مىلادىيە 1938-يىلى) ئۇيغۇر خەلقى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى (ئۇنىڭ قارىمىقىدا كۆڭۈل ئېچىش زالى، گۈللۈك باغچا قاتارلىقلار بار) قۇردى. مىنگونىڭ 30-يىلى (مىلادىيە 1941-يىلى) باج ئىدارىسى ئۈچ ئاشلىق ئامبىرى، ئېھتىيات ئاشلىق جەمئىيىتى ئۈچ ئاشلىق ئامبىرى سالدى.

2) **تاغ-دەريالىرى.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرانىڭ جەنۇبىتىكى چېگراسىغا قۇرۇم تاغلىرىغا تەۋە بولغان بىر قانچە تاغ تىزمىلىرى جايلاشقان. يەنى غەربىي جەنۇبىغا 500 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تېكىلىك تاغلىرى، جەنۇبىغا 400 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە قاينانىڭ تېغى، يۇلۇڭ تېغى، سايۋاغ تېغى بار. شەرقىي جەنۇبىغا 450 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە ئىمامىلا تېغى، پولۇ كۆكيار تېغى قاتارلىق تاغلار بار. بەكمۇ جەنۇب تەرەپلىرى ئادەم بارالمايدىغان قارلىق تاغلار بولغاچقا، مۇساپىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. چىرادا بەكمۇ چوڭ دەريالار يوق. پەقەت چىرا دەرياسى، چاقار دەرياسى، پۇناق دەرياسى، دامىكۇ دەرياسىدىن ئىبارەت تۆت دەريا بار.[3] ھەممىسى ئەڭ جەنۇبتىكى قارلىق تاغلارنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىدۇ. باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە قار-مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار بىرلىشىپ تۆت دەريانى ھاسىل قىلغان. ئۇلارنىڭ سۈيى يەر سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چىرانىڭ قۇملۇق ئەت تۈپرىقى پۈتۈن ناھىيە كۆلىمىنىڭ يۈزدە بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆل، شېغىللىق ساي ۋە تاغلىق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كەلمەيدۇ.




3) **بۇتخانا.** چىرا ناھىيەسىدە مىنگونىڭ 5-يىلى (مىلادىيە 1916-يىلى) خەنزۇ تىجارەتچى لىيۇجىفاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەردكەتلەندۈرۈشى بىلەن خەنزۇ ئاممىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىر بۇتخانا سېلىنغان. مىنگونىڭ 22-يىلى (مىلادىيە 1933-يىلى) ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام ئىچىپ يۈز ئۆرىگەندە، بۇتلارنى سىرتقا ئاچىقىپ چېقىۋەتكەن. پارچىلىرىنى كۆلگە تاشلىۋەتكەن. بۇتخانا ئورنى مىنگونىڭ 31-يىلى (مىلادىيە 1942-يىلى) خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن.

4) **مەسچىتلەر.** چىرا ناھىيەسىدە ئىسلام دىنى مەسچىتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر ئاممىسى ئەتە-ئاخشاملاردا بۇ مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ دىندا جۈمە دەپ ئاتىلىدىغان كۈندە (يەنى ھەر ھەپتىنىڭ 5-كۈنى) چوقۇم بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ.

5) **ئاسار ئەتىقىلەر.** (1) تەكشۈرۈلۈشىچە چىرا ناھىيەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەن ئىنىسى (ئىسمى جەئ-

فەر)نىڭ قەدىمكى قەبرىگاھى بار، ناھىيە بازىرىدىن 15 چاقىرىم يىراق-لىقتا جايلاشقان، ئۇيغۇرلار بۇ يەرنى «مازار» دەپ ئاتايدۇ. يەنە شېيخلا (ئىمامىلا) كەنتىدىكى باغبېشىدا بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق بار. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىلىرىدىن ئىمامى نەسرىددىن، ئىمامى مۇئىنىددىن، ئىمامى زوھۇرىددىن، ئىمامى قەۋامىددىن قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ قەبرىگاھى-دۇر. ئۇلار نوقتۇرۇشۇت، چوقتۇرۇشۇت دېگەن (قالماقلار) بىلەن جەڭ قىلغاندا مۇشۇ جايدا شاھادەت تاپقان. بۇ يەردە يادىكارلىق ئورنىدا بىر دانە مىس قازان بار. كەڭلىكى بەش گەز (چى)، چوڭقۇرلۇقى تۆت گەز كېلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ھەر بىر ھېيت-ئايەم كۈنلىرى بۇ دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى بەس-بەس بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، نەزىر قىلىدۇ. تىلا-ۋەت-ئىبادەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېتىقاد-ئىخلاسىنى ئىپادىلەيدۇ.

(2) تەكشۈرۈلۈشچە، ناھىيە بازىرىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى سايباغ تېغىنىڭ ئېتىكىدە بىر چوڭ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزناسى بار. شەھەر سېپىلىنىڭ تېگى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئې-دىتلىغىلى بولىدۇ. لېكىن، قايسى دەۋرلەرگە خاس ئاسار ئەتىقە ئىكەن-لىكى نامەلۇم. مىنگونىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) بۇ يەردە بىر پارچە تاش پۈتۈك — ئابىدە بار ئىدى. لېكىن بۇ يەرگە ئوقۇمۇش-لۇق كىشىلەر بارمىغانلىقتىن، ئۇ ئابىدىدىكى خەتلەرنىڭ قانداق يېزىق ئىكەنلىكىنى بىر كىم بىلمەيدىكەن. شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېيتى-شىچە، مىنگونىڭ 28-يىلى (مىلادىيە 1939-يىلى) ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەملەر كېلىپ بۇ تاش ئابىدىنى باشقا يەرگە يۆتكەپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ قايسى ئورگاندىن كەلگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ (لېكىن، شۇ چاغدا بۇ يەردە 38-پولكىنىڭ چېگرا قاراۋۇل ئەترىتى، گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۆلچەش ئەترىتى بار ئىدى. بۇ ئەترەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى ئەترەت ئىدى). ھازىر تاش ئابىدە بولمىغانلىقتىن، مەزكۇر شەھەر قالدۇقىنىڭ قايسى دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باش-قا، يەنە بىر نەچچە يەردە كىچىك قەدىمكى شەھەر خارابىلىقلىرى بار. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پىرقە④ ئىشلىرى تەزكىرىسى

تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا ناھىيەسىدە مىنگونىڭ 17ـيىلى (مىلادىيە 1928ـيىلى) پىرقە ئىشلىرى بارلىقىقا كەلتۈرۈلگەن، شۇ چاغدا ۋاڭ زورىن ھاكىملىقىقا بەلگىلەنگەن ھەمدە پىرقە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ، بۇ ناھىيەگە كېلىپ مىنگونىڭ 32ـيىلى (مىلادىيە 1943ـيىلى10 ـئايغا قەدەر) رەھبەرلىك قىلغان. لېكىن ناھىيە بويىچە پىرقە خىزمىتى ھەمدە پىرقىنىڭ ھەپتىلىك يىغىنىنى تەشكىللەش، پىرقە گۇرۇپپىلىرى قاتارلىق ئىشلارنى كېرىيە ناھىيەلىك پىرقە بۆلۈمى قوشۇمچە بىجىرگەن.

## خەلق ئىشلار تەزكىرىسى

**1) نوپۇس.** تەكشۈرۈشىمىزچە چىرا ناھىيەسىدە جەمئىي 13مىڭ 129 ئائىلە ـــ 35 مىڭ 30 نەپەر ئەر، 26 مىڭ 200 نەپەر ئايال بار. مىنگونىڭ 27ـيىلى (مىلادىيە 1938ـيىلى) ئالتە رايونغا بۆلۈنگەن. باشقۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ رايونلار يەنە 36 كەنتكە بۆلۈنگەن. ھەر بىر رايونغا بىر نەپەر رايون باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن رايون باشلىقى، ھەر بىر كەنتكە بىر نەپەر كەنت باشلىقى، ئۇنىڭ ئاستىدا ھەر 10 ئائىلىگە بىر نەپەر ئون (ئائىلە) بېشى قويۇلغان.

**2) ئۆرپ-ئادەت.** ناھىيە تەۋەلىكىدە پۇقرالارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئىچكىرىدىكى پۇقرالارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. يەنە بىرسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بولۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرى دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئەڭ چوڭ دىنىي ھوقۇق تۇتقۇچىلار «چوڭ ئاخۇن» (داموللام-ت) دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى 2-، 3-، 4- دەرىجىلىك ئاخۇنلاردۇر. مەسچىتلەرنى باشقۇرغۇچىلار «ئىمام» دېيىلىدۇ (بۇددا دىنىدىكى رىياسەتچى راھىبلار دەرىجىسىدە بولىدۇ). بۇ مىللەت 360 كۈننى بىر يىل ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇلاردا كەبىسە ئاي يوق. شۇڭا يىللاردىكى

ھېيت-ئايەم كۈنلىرى دەۋرلىك قايتىلانمايدۇ.[5] بۇلارنىڭ يىلنامىسىغا بو-گۈنگە قەدەر 1363 يىل بولۇپتۇ. ھەر يىلدا ئۈچ قېتىم ھېيت بولىدۇ. بىرىنچىسى «بارائەت» دېيىلىدۇ، ئىككىنچىسى «روزى ھېيت» دېيىلىدۇ، ئۈچىنچىسى «قۇربان ھېيت» دېيىلىدۇ. بارائەت كەلگەندە، ھېيت كۈنى مەيلى نامرات ياكى بايلار بولسۇن،ھەممىسى سۇ يېغى ئارقىلىق ياغ پۇرىتىدۇ (بۇ خەنزۇلارنىڭ قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ). شۇ كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كۈندۈزى يېمەي-ئىچمەي كې-چىسى ئوزۇقلىنىدۇ. شۇڭا بۇ «روزا تۇتۇش» دېيىلىدۇ. روزى ئايدا ئەر-ئا-يال دېمەستىن ھەممىسى ھەر كۈنى بەش قېتىم ئىبادەت قىلىدۇ. بۇ ئاي توشقاندا روزى تۇتۇش ئەمەلدىن قېلىپ، يېمەك-ئىچمەكتە نورمال ھالەت-كە قايتىدۇ (كېيىنكى ئاينىڭ 1-، 2-، 3-كۈنلىرى ھېيت بولىدۇ) بۇنىڭدا يېڭى ئاينىڭ كۆرۈنۈشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بۇ ھېيت «روزى ھېيت» دېيى-لىدۇ (ئادەتتە ئايەم دېيىلىدۇ). شۇ كۈنى پۇقرالارنىڭ ھەممىسى يېڭى كى-يىم كىيىدۇ. كۆرۈشكەندە بىر-بىرىنى مۇبارەكلەپ كۆيۈمچانلىق ئىزھار قىلىدۇ. بۇ مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. مېھمان كېلىپ قالسا، چاي، يېمەكلىك، مې-ۋە-چېۋىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، قىزغىنلىق ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. يېمەكلىك كۆپ بولسۇن، ئاز بولسۇن ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئېغىز تېگىدۇ. ھەرگىز يەككە-يېگانە تاماقلىنىدىغانلار بولماي-دۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپلا قال-ماي، چوقۇم ئاللاغىمۇ رەھمەت (شۈكرى-سانا) ئېيتىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ-ئادەتلىرىدىكى ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقىدۇر.

روزى ھېيت ئايىمىدىن 70 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېلىدىغان ئا-يەم «قۇربان ھېيت» دېيىلىدۇ (ئادەتتە قۇربان ئايىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ھېيتتا نامراتلار ياكى بايلار بولسۇن بىردەك مال ئۆلتۈرۈپ قۇربان-لىق قىلىدۇ. باشقا ئەدەپ-قائىدىلىرى روزى ھېيتتىكىگە ئوخشايدۇ.

ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى شۇكى، ئوغۇل بالا چوڭ بولۇپ 7-8 ياشلارغا كىرگەندە زەكىرىنىڭ ئۇچىدىكى تېرىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ خەتنە قىلىدۇ. ھەمدە چوقۇم قوي ئۆلتۈرۈپ، مېھمان چاقىرىپ مۇبارەكلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

(بۇ ئالاھازەل يېڭىدىن بۇددا دىنىغا كىرگەنلەر بېجىرىدىغان بەزى رەسمىيەتلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ).

توي-تۆكۈن ئادەتلىرىگە كەلسەك، تېجەشلىكرەك ئۆتكۈزۈلىدۇ. چاقىرىلغان مېھمانلار چاي، يېمەكلىك ياكى پولۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىنى يېزىق بىلەن ئىزھار قىلىپ بولۇش مۇشكۈل. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلەرنى كۆرۈشتىن ھايا قىلىدۇ. شۇڭا يۈزىنى (ياغلىق بىلەن) يۆگەپ روپاچ بولىدۇ. يۈزىگە چۈمبەل تارتىدۇ. شۇنىڭدەك ياغلىق بىلەن ئېغىز-بۇرنىنى چۈمكەپ روپاچ بولغانلار بېشىغا بىر ياشلىق بوۋاقلارنىڭ پوسمىسىدەك كىچىك تەلپەك كىيىۋالىدۇ. بۇ بىر خىل ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىش بولىسمۇ، ئۇنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە قىزلار بىردەك 13 ~ 14 ياشلاردا ياتلىق قىلىنىدۇ. توي قىلىشتىكى ئەدەپ-ئادەتلىرى خەنزۇلارنىڭكىگە ئانچە-مۇنچە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى بولمىغان ئادىتى شۇكى، ھەربىر ئەر ياكى ھەر بىر ئايال بولسۇن، كەم دېگەندە بەش-ئالتە نىكاھلىق بولىدۇ. خالىغانچە ئاجرىشىش، خالىغانچە نىكاھلىنىش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتكەن ئەر-خوتۇنلار ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە-نەزىر ئىشلىرىغا كەلسەك، ناھايىتى ئاددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، بىر كىم ئۆلۈپ قالسا، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ماتەم تۇتىدۇ. ئەتىگەن سەھەردە ئەمدى تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە چوڭ ئاخۇن (ئىمام) نى چاقىرىپ كېلىدۇ. تۆت ئادەم مېيىتنى كۆتۈرۈپ چوڭ مەسچىتكە ئېلىپ كېلىدۇ. مېيىتنىڭ ئەسلىدىكى كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سالدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى پاك-پاكىز غۇسۇل قىلىدۇ. ئاندىن ماتا رەختتىن خالتىغا ئوخشايدىغان كېپەنلىك تەييارلاپ، مېيىتنى ئۇنىڭ ئىچىگە سالىدۇ. ئاخۇن مېيىت نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مېيىتنى يەرلىك ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ توپا لەھەتكە دەپنە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاخۇنلار ۋە نامازغا كەلگەن جامائەتنى ئۆيگە چىللاپ نەزىر بېرىدۇ. نەزىردىن كېيىن جامائەت تارقاپ كېتىدۇ.

ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۇپراق بېشىدا ئۈچ كۈن تۈنەيدۇ (مەسىلەن، خەنزۇلار مېيىتقا ھەمراھ بولغانغا ئوخشاش). شۇنىڭ بىلەن دەپنە ئىشلىرى تۈگەيدۇ. مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆرپ-ئادەتلىرىدۇر.

3) **ساقچى.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا مىنگونىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 1919-يىلى) نايىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان چاغدىلا ساقچى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ناھىيە يامۇلىدا چارلاش ساقچى ئەترىتىلا بار بولۇپ، ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىنمىغان. مىنگونىڭ 24-يىلى (مىلادىيە 1935-يىلى) ما فامىلىك باندىتلار خوتەننى بېسىۋالغاندا، ناھىيەدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) ئۆلكە ئارمىيەسى خوتەنگە كېلىپ ما فامىلىك باندىتلارنى تازىلىغان چاغدا ناھىيەدە قايتىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 32-يىلى (مىلادىيە 1943-يىلى) ساقچى ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. چىرا ناھىيەسىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، «ئۇزۇن قامچىمۇ قىسقا كەپتۇ» دېگەندەك يېتىشىپ بولالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققانلىقتىن، گۇلاخما بازىرى بىلەن دامىكۇ بازىرىنىڭ ھەر بىرسىدە بىردىن ۋاقىتلىق ساقچى پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، كېچىلىك چارلاش ئېلىپ بېرىلىپ زىناخور، ئوغرى-قاراقچىلارنى تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان.

پولۇ تاغدىكى قورۇلغا كەلسەك، بۇ يەر جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئارىسىدىكى سودا-كارۋان يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى. شۇنداقلا چېگرادىن چىقىدىغان مۇھىم يولنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئىلگىرى بۇ يەردە چېگرا قاراۋۇل قىسمى، كېيىن، قاراۋۇل ئەترىتى تۇرغۇزۇلغان ئىكەن. ئۇلار چېكىندۈرۈپ كېتىلگەندىن كېيىن، قورۇلنى ساقلاش، ئۆتكەن-كەچكەن كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئامانلىقنى قوغداش ئۈچۈن، بۇيرۇق بويىچە مەزكۇر قورۇلدا بىر ساقچى پونكىتى تەسىس قىلىندى.

4) **سەھىيە.** تەكشۈرۈلۈشچە چىرا ناھىيەسىدە جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالاش، دورىگەرلىك كەسپىي ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنمىغان. شۇڭا،

ئادەتتە پۇقرالار كېسەل بولۇپ قالسا تەكشۈرۈش-داۋالاشقا ئامال يوق. نائىلاجلىقتا ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈشكە مەجبۇر.⑥ خوتەندە دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى چىراغدا ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ چېچەك ۋاكسىنىسىنى ئەملەيدىغان بولدى. بەزىدە ئۇلار ئەۋەتكەن خادىملار دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ، كېسەل داۋالايدۇ. لېكىن، پۇقرالاردىن بىرەر كىم خەتەرلىك كېسەلگە دۇچار بولسا، بۇ يەردە داۋالاشقا ئامال يوق. پەقەتلا خوتەنگە ئاپىرىپ داۋالىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

تەكشۈرۈلۈشچە، چىرادىن خوتەنگىچە بولغان يولنىڭ مۇساپىسى 240 چاقىرىم بولۇپ، جىددىي كېسەللەرنى خوتەندىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىشقا ئۈلگۈرمەيدۇ. نامرات پۇقرالار ئىچىدە خوتەندىكى دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش ئارقىلىق، داۋالاش پونكىتى قۇرۇش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان ئىدۇق. تېبىبىي خادىم ۋە دورا كەمچىل بولغانلىقتىن بۇيرۇق بويىچە بۇ ئىشنى قارارلاشتۇرۇش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلىدىغان بولدى. ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى ئىشلارنى كاپالەتلەندۈرەلمەسلىك بىزدىكى بىر چوڭ يېتەرسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيە بازىرىدا ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئەخلەت ساندۇقى ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانا قاتارلىقلار بار. يېزا-كەنت پۇقرالىرىنىڭ ئائىلىلىرىدە ھايۋان سۆڭەكلىرىنى كۆمىدىغان ئورەكلەر كولانغان. بۇنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ناھايىتى زور پايدىسى بار. مۇنچىخانا تېخىچە قۇرۇلمىدى. بۇ ھەم ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى خەلقلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە يۇيۇنۇشقا ئادەتلەنگەن. شۇنداقلا بىردەك سوغۇق سۇدا يۇيۇنىدۇ. بۇمۇ ئۆرپ-ئادەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

5) يەرلىك ئاپتونومىيە. تەكشۈرۈلۈشچە خەلقلەر ئىچىدە مىڭگونىڭ

26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى)دىن ئىلگىرى يەرلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلمىغان. مىنگونىڭ 27-يىلى(مىلادىيە 1938-يىلى)دىن باشلاپ رايون ۋە كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە بويىچە خەلق ھوقۇقى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈلدى. مىنگونىڭ 27-يىلى (مىلادىيە 1938-يىلى) ئۆلكىمىزدە «سەنچۈەن» قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئىچىدىن مەمەتسىدىق، سادىق ئافىڭ (ئېھتىمال ئەسلىي تېكىستتە «ئاخۇن» دېگەن سۆز «ئافىڭ» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك-ت) قاتارلىق ئىككى كىشى ۋەكىللىككە كۆرسىتىلىپ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. بۇ، يەرلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

## مالىيە تەزكىرىسى

**1)** يەر بېجى. تەكشۈرۈلۈشىچە ناھىيەمىزدە يەر بېجى (دېھقانچىلىق بېجى) ئېلىشتا، مىنگونىڭ 26-يىلى(مىلادىيە 1937-يىلى)دىن بۇرۇن، ياخشى يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن بەش شىڭ (كونىچە ھەجىم بىرلىكى بولۇپ، بىر شىڭ بىر لىتىرغا باراۋەر، 10 شىڭ بىر كۈرە بولىدۇ-ت)، ئوتتۇراھال يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن تۆت شىڭ، ناچار يەرلەرنىڭ ھەر بىر موسىدىن ئۈچ شىڭ ئۆلچەم بويىچە باج ئېلىنغان. بۇنىڭدا بىردەك بېيجىڭ دەنى ئۆلچەم قىلىنىپ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەر بىر دەن يەر بېجىغا ئىككى كۈرە بەش شىڭ شەخسىي خىراجەت (ئامبالغا مەنسۇپ) بېجى، تۆت مىسقال تۇز بېجى، بەش مىسقال ئوت-چۆپ بېجى، بەش مىسقال ئوت-چۆپ سېلىقى، بىر مىسقال بەش فۇڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ئېلىنغان. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، ياخشى يەرلەرنىڭ ھەر ئون موسىدىن بىر دەن تۆت كۈرە (بېيجىڭ كۈرەسى) دىن باج ئاشلىقى ئېلىنغان. مىنگونىڭ 26-يىلى(مىلادىيە 1937-يىلى)دىن كېيىن، ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسى بويىچە باج نىسبىتى قىسقارتىلىپ، نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن يامان ئادەتلەر تۈگىتىلىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاپ تورى

2) **قۇرۇل تەكشۈرۈش.** تەكشۈرۈلۈشچە ناھىيەمىز قورۇلغا جايلاش- قان. مىنگونىڭ 26-يىلى(مىلادىيە 1937-يىلى)دىن كېيىن، باج ئىدا- رىسى بىر نەچچە جايدا قورۇل تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، مەككار سو- دىگەرلەرنىڭ باج ئوغرىلاش، يوشۇرۇش، ئەتكەسچىلىك قىلىش ئىشلى- رىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆتكەن نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى ئىللەتلەر تۈگىتىلدى.

3) **راسخوت.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا مىنگونىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 1919-يىلى) نايىپ ناھىيە بولۇپ قورۇلغاندىن كېيىن، ناھىيەنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى راسخوت ئەھۋالىدا نايىپ ئامبالغا ھەر ئايدا 36 سەر كۈمۈش تەڭگە، بۆلۈم باشلىقلىرىغا 16 سەر كۈمۈش تەڭگە، بۆلۈم ئەزالىرىغا 12 سەر كۈمۈش تەڭگە، ياللانما خادىملارغا سەككىز سەر كۈمۈش تەڭگە، قارا ئىشچىلارغا ھەر ئايدا تۆت سەر كۈمۈش تەڭگە ئىش ھەققى بېرىل- گەن. مىنگونىڭ 17-يىلى (مىلادىيە 1928-يىلى) چىرا 3-دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، راسخوت بىر ئاز كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، ئىش ئىجرىش راسخوتى يوق ئىدى. لېكىن، ئۆز ۋاقتىدا مەزكۇر راسخوتلار ئۆلكىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلىدىغان بولماستىن، نا- ھىيەنىڭ باج كىرىمىدىن ئۆزىمىزچە چىقىم قىلىناتتى. مىنگونىڭ 26-يىلى(مىلادىيە 1937-يىلى)دىن باشلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىم-چى- قىم خامچوتىنى ئايرىم-ئايرىم تۈزۈش دېگەن بەلگىلىمىسى يولغا قويۇ- لۇپ، ھەر ئايلىق كىرىم-چىقىم ھېساباتلىرى توغرا ۋە ئېنىق بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

4) **نەپىقە ئىشلىرى.** چىرا ناھىيەسىدە ئۆتكەن ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان نەپىقە ئىشلىرى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 26-يىلى(مىلادىيە 1937-يىلى)دىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ نەپىقە ئىشلىرى توغرىسىدىكى پەرمان-بەلگىلىمىلىرى يولغا قويۇلدى. چىرادا تۇرمە باشقۇرىدىغان ليۇپىندىڭ دەيدىغان بىر گۇندىپاي بولۇپ، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن- دىن كېيىن، يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھەر يىلى 324 كۈمۈش تەڭگە نەپىقە پۇلى بېرىلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ئۆزگە نەپىقە ئىشلىرى يوق.

**5) چارۋىچىلىق.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا ناھىيەسىدە نەچچە ئون يىللاردىن بېرى چارۋا ماللارنىڭ ئېنىق سانى بولماي كەلگەن ئىدى. مىنگونىڭ 31-يىلى (مىلادىيە 1942-يىلى) ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە چارۋىچىلىق يېتەكچىسى ئىشتاتىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چارۋا ماللارنىڭ سانى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. باج ئىدارىسى نەق بار چارۋا مال سانىغا ئاساسەن باج ئالىدىغان بولدى. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتلار توغرا بولۇپ كەلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە جەمئىي 2872 تۇياق ئات، 20 مىڭ 170 تۇياق كالا، 251 مىڭ 636 تۇياق قوي، 31 مىڭ 872 تۇياق ئۆچكە، 587 تۇياق تۆگە، 33 تۇياق قېچىر، 22 مىڭ 906 تۇياق ئېشەك بار.

**6) تۇز ۋە چاي.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرانىڭ تۇز بايلىقى ئىنتايىن مول. ھەممە يەردە تۇز قېزىلىدۇ. ساپ تۇزلىرى داڭلىق. لېكىن، مەھسۇلات مىقدارىغا دائىر سانلارنى توغرا بېكىتىش، تۇز بېجى ئېلىش قىيىن. شۇڭا، يەر بېجىغا ئېلىنغان ھەر بىر دەن ئاشلىقنىڭ پۇلىدىن توققۇز يۈەن پۇل تۇز بېجىغا ئايرىۋېلىنىپ، بۇنىڭ بىلەن تۇز بېجىنىڭ ئورنى تولۇقلىنىپ كەلدى. ناھىيەمىزتەۋەلىكىگە ئېھتىياجلىق بولغان چاي بىردەك ئىچكىرى جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بايان قىلىنمىدى.

**7) پۇل تۈزۈمى.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرانىڭ پۇل تۈزۈمىدە مىنگونىڭ 4-يىلى(مىلادىيە 1915-يىلى)دىن بۇرۇنقى چاغلاردا بىردەك كۈمۈش پۇل (يەنى تەڭگە پۇل) ۋە قىزىل مىستىن قۇيۇلغان يارماق ئوبوروت قىلىنغان. مىنگونىڭ 5-يىلى(مىلادىيە 1916-يىلى)دىن باشلاپ قەشقەر تىزىسى ئوبوروت قىلىنىدىغان بولغان. قەشقەرنىڭ ئىككى تىزا پۇلى بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگىگە ئايرىۋاشلانغان (شۇ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلغان-ت)، مىنگونىڭ 26-يىلى(مىلادىيە 1937-يىلى)دىن باشلاپ ئۆلكە پۇلى بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 28-يىلى (مىلادىيە 1939-يىلى) ئەتىيازدىن ئېتىبارەن سودا بانكىسىنىڭ يېڭى پۇلى بازاردا ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىغان.

www.uyghurkitap.com

8) قان بىجى، تۇياق بىجى. تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا ناھىيەسىدە مىنگونىڭ 26ـ يىلى(مىلادىيە 1937ـ يىلى)دىن ئىلگىرى قان بىجى بىلەن تۇياق بىجى بىردەك كۆتۈرە بېرىلگەن بولۇپ، پۈتۈن يىلدا قان بىجىغا 800 سەر كۈمۈش، تۇياق بىجىغا 3120 سەر كۈمۈش پۇل يىغىۋېلىنىدىكەن. ما فامىلىلىك باندىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا تۇياق بىجى ئۈچۈن ھەر يىلى 7000 سەر، بىر تۇتاش باج دەپ يەنە 7000 سەر كۈمۈش يىغىۋالغان. مىنگونىڭ 26ـ يىلى(مىلادىيە 1937ـ يىلى)دىن كېيىن، ھۆكۈمەت باج ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، باج نىسبىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاۋامنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇردى.

## قۇرۇلۇش تەزكىرىسى

1) تېرىلغۇ يەر. تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرادا مىنگونىڭ 26ـ يىلى(مىلادىيە 1937ـ يىلى)دىن بۇرۇن 320 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. مىنگونىڭ 26ـ يىلى (مىلادىيە 1937ـ يىلى) ما فامىلىلىك باندىتلار قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئەتىيازلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنى كۆپەيتىش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇشقا چاقىرىق قىلغانلىقتىن، يەر كۆلىمى يىلسېرى پەيدىنپەي كۆپەيدى. ھازىرقى جەمئىي تېرىلغۇ يەر 363 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى. ئېچىپ پايدىلىنىشقا باب كېلىدىغان بوز يەرلەر ھازىرمۇ ئۆزلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

2) پىلە-يىپەكچىلىك. تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرانىڭ پىلە-يىپەكچىلىك كەسىپلىرى يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە.⑦ ئۇنىڭ ئۇستىگە يىپەكنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ئەلا بولغاچقا «چىرا يىپىكى» دېگەن نام بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدە مەشھۇر بولۇپ نام چىقارغان. لېكىن، ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەچكە، مەھسۇلات مىقدارى بەك ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 26ـ يىلى(مىلادىيە 1937ـ يىلى)دىن كېيىن پىلە ئۈجمىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىر نەچچە

ھەسسە ئاشتى. ھازىر ھەر يىلى 1684 جىڭ ساپ يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ھازىر پىلە ئۈجمىچىلىكنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بولماسلىقى چىرانىڭ پىلە-يىپەكچىلىك كەسپىدىكى يېتەرسىزلىك بولۇپ تۇرماقتا.

3) **ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرادا تاغلار چوڭ ۋە كۆپ بولسىمۇ، كەڭ كۆلەملىك تەبىئىي تاغ ئورمانزارلىقى يوق بولۇپ، بارلىق ئورمان ۋە دەرەخلەر ئادەم كۈچى بىلەن تىكىپ بەرپا قىلىنغان. مەسىلەن، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ قاشلىرى، كەنت-مەھەللە، ھويلا-ئارانلارنىڭ ئەتراپىغا بىردەك كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش ئارقىلىق ھاۋا تەڭشەلگەن، قۇرۇلۇش ياغاچ ماتېرىياللىرى ئېلىنىدىغاندىن سىرت، پۈتۈن يىللىق يېقىلغۇ ئوتۇن مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئورمان بىنا قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئاز-تولا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. قۇملۇق – جاڭگاللاردىكى توغراق ئورمانلىرىنى خەلقلەر يېقىلغۇ قىلىشقىلا ئىشلىتىدۇ. باشقا ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىشكە يارىمايدۇ. چىرادىكى يايلاقلار قىشلىق يايلاق ۋە يازلىق يايلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان. يايلاق كۆلىمى ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن ئىككى يۈزدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

4) **بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق.** تەكشۈرۈلۈشىچە، ناھىيەمىزدە چوڭ دەريا ۋە كۆللەر يوق، شۇنداقلا تاغ بولسىمۇ ئورمان يوق، تۈلكە، داۋغان، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بولسىمۇ سانى بەك ئاز. شۇڭا ناھىيەمىز پۇقرالىرى ئىچىدە بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئىشلىرى يوق دېيەرلىك.

5) **كانچىلىق، مېتالچىلىق.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا تەۋەلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلاردا ئۈچ ئورۇندا ئالتۇن كېنى، بىر ئورۇندا كۆمۈر كېنى، بىر ئورۇندا قاشتېشى كېنى بار. بۇلاردىن پەقەت ئالتۇن كېنىنىلا ھۆكۈمەت ئېچىۋاتىدۇ. كۆمۈر كېنىدىكى كۆمۈرنىڭ سۈپىتى ياخـ

شى بولسىمۇ، شەھەردىن بەك يىراق، ئاھالە ناھايىتى ئاز، قاتناش قولايسىز بولغاچقا ئېچىلمايۋاتىدۇ. بۇ، پۇقرالارنىڭ يېقىلغۇ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەل بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. باشقا كان نۇقتىلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمىگەن بولغاچقا، چىرادا مېتال تاۋلاش ئىشلىرى يوق.

6) **سودا-سانائەت.** چىرادا سانائەت پۈتۈنلەي ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى ھالىتىدە، تامامەن ئۆزى ئۆزىنى قامداشتەك ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بىرى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يىپەك تارتىش-توقۇش كارخانىسىدىن بىرسى قۇرۇلدى. گەرچە ياغاچ قۇرۇلمىلىق دوكانلاردا قول ھۈنەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى بولۇپ، چەت ئەل ماللىرىدىن ئانچە قېلىشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قول سانائەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مەخسۇس توقۇمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ زور مىقداردا كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇلارنىڭ يىللىق خام-تالىما مەھسۇلاتى 80 مىڭ توپتىن[8]، يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتى 1500 توپتىن ئارتۇق بولۇپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قامدىماقتا. باشقا ھەر خىل قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە داۋام قىلماقتا.

تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرانىڭ سودا ئىشلىرىدا يېقىنقى يىللار مابەينىدە ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قۇرۇلدى. باشقا سودا ئىشلىرىدا ئاز دەسمايىلىك سودىگەرلەر، سەييارە تىجارەت قىلىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئۆزگە، چوڭ كۆلەملىك سودا ئورۇنلىرى يوق. ھەر بازاركۈنى تۈرلۈك مال بازارلىرىدا سودا قىزىپ كېتىدۇ. ھەر قايسى رايون، كەنتلەردىن كەلگەن ئائىلە قول ھۈنەرۋەنلىرى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بازارغا سالىدۇ. ياكى مالغا ئالماشتۇرىدۇ، ياكى نەق پۇلغا سودا قىلىدۇ. بازاردا كىشىلەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ، سودا ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ. بازار كۈنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بازار سۇسلىشىپ، يىمەك-ئىچمەك ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرلا قالىدۇ. بۇنداق سودا-سېتىق ئادىتىگە ھەممە ئادەم كۆنۈپ،

تەبىئىي ئەھۋالغا ئايلىنىپ كەتكەن.

7) **مەھسۇلاتلىرى.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرادا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي بىلەن كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە، ھەر يىلى 40 مىڭ 576 دەن يازغى بۇغداي، 2200 دەن كۈزگى بۇغداي، 33 مىڭ 15 دەن كۆممىقوناق، 238 دەن كەندىر، 1840 دەن ئارپا، 78 دەن كەندىر (بۇ يەر ئەسلىي تېكىستتە خاتا يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك. چۈنكى كەندىر مەھسۇلاتى يۇقىرىدا ئايرىم بايان قىلىنغان. بۇ يەردىكى سان زىغىر مەھسۇلاتىنى كۆرسەتسە كېرەك-ت)، 175 دەن زاغۇن، 20 دەن ئاپتاپپەرەس، 16 دەن تېرىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يەرلىك كېۋەز سورتلىرىدىن 173 مىڭ 276 جىڭ پاختا، يېڭى سورتلۇق كېۋەزدىن 15 مىڭ 456 جىڭ پاختا، 15 مىڭ 258 جىڭ كەندىر قېيزاق تالاسى، 220 مىڭ جىڭ ئالما، 125 مىڭ جىڭ ئۆرۈك، 375 مىڭ جىڭ شاپتۇل، 9000 جىڭ ئۈزۈم، 400 جىڭ ئەينۇلا، 17 مىڭ جىڭ چىلان، 455 مىڭ جىڭ جىگدە، 63 مىڭ دانە ياڭاق، 15 مىڭ 500 دانە بېھى، 126 مىڭ دانە ئانار، 38 مىڭ دانە تاۋۇز، 338 مىڭ دانە قوغۇن ئىشلەپچىقىرىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئىشلەپچىقىرىلمىغان.

8) **يوللىرى.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا ناھىيەسى تەۋەلىكىدە قۇملۇق كۆپ بولۇپ، قاتناش قوراللىرى جەھەتتە ئۆكۈز، ئېشەك، قېچىر، ئات، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار بار. ياغاچتىن ياسالغان چوڭ ھارۋىلار بولسىمۇ، لېكىن ئاز ئۇچرايدۇ. يول جەھەتتە، بۇرۇن لوپتىن چىرا ئارقىلىق كېرىيەگە بارىدىغان بىر بۆلۈك چوڭ ھارۋا يولى بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چىرا تەۋەسىدە ماشىنا قاتنىيالايدىغان 150 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن بىر كۈندە نۇرغۇن يول باسقىلى بولىدىغان بولدى.

9) **كېچىك ۋە كۆۋرۈكلەر.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا ناھىيەسىدە چوڭراق تۆت دەريا بولۇپ، جەنۇبتىكى تاغلاردىن باشلىنىپ، ناھىيە زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالدىكى چۆلگە تۇتىشىدۇ. ھەر بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. ياز كۈنلىرى قارلىق

www.uyghurkitap.com

تاغدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشى ئارقىلىق ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىدۇ. بۇ ـ نىڭ بىلەن تېرىلغۇ يەرلەر سۇغىرىلىدۇ. قىش كۈنلىرى دەريا سۈيى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا پۇقرالار «چىرا ــ چىلا» دېيىشىدۇ.

تەۋەلىكىمىزدىكى چوڭ يول ۋە تاشيولدا پەقەت يەتتە چوڭ كۆۋرۈك بار. رايون ۋە كەنتلەردىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە كىچىك كۆۋرۈكلەر نا ـ ھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن.

**10) چاپارچىلىق (چىپەرچىلىك).** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرادا چاپار ـ چىلىق (بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇزاق يۇرتلار ئارىسىدىكى خەت ـ ئالاقىلەر ئات ياكى هارۋا ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن. شۇڭا بۇ خىل كەسىپ «چاپار ـ چىلىق» بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر «چاپارچى» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى ئاتالغۇ خەلق ئىچىدە سەل بۇزۇلۇپ «چىپەرچى» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنغان. يېقىنقى دەۋرلەردە خەت ـ ئالاقىلەرنىڭ يەتكۈ ـ زۈلۈش ۋاستە ـ ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل كە ـ سىپ چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان «پوچتا» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن، بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار «پوچتىكەش» «پوچتالىيون» دېگەندەك ياسالما ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولدى ـ ت) قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان. مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1916 ـ يىلى) پوچتا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خەت ئالاقە، ھۆججەتلىرى كۆپىنچە پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. لېكىن چىرادا «يۈز چاقىرىملىق چاپارچى» لار ھېلىھەم مەۋجۇت.

**11) پوچتا ـ تېلېگراف.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرادا مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1916 ـ يىلى) پوچتا ئورنى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پوچ ـ تا يوللانمىلىرى خوتەن، لوپ ئىككى ناھىيەگە پوچتا ئارقىلىق يەتكۈ ـ زۈلىدىغان بولدى. لېكىن، بازار، كەنتلەرگە قارىتا تېخىچە پوچتا ئور ـ گىنى تەسىس قىلىنمىدى.

تېلېگراف ئىشلىرى جەھەتتە، چىرادا ئەزەلدىن تارتىپ تېلېگراف ئور ـ گىنى تەسىس قىلىنىپ باقمىغان. شۇڭا، بۇ ھەقتە يازغۇدەك ئىش يوق.

**12) ئۆستەڭلەر.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا تەۋەلىكىدە سىرىق ئۆس ـ تەڭ، ماخمال ئۆستەڭ، ئوغرىق ئۆستەڭ، گۇلاخما ئۆستىڭى، چاقار

ئۆستىڭى، ئەندىر ئۆستىڭى، نۇرى ئۆستىڭى قاتارلىق سەككىز چوڭ ئۆستەڭ بار. قالغان كىچىك ئۆستەڭلەردىن 34 ئۆستەڭ بار.بۇلار تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## مائارىپ تەزكىرىسى

1) **ئوقۇش تۈزۈمى.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا تەۋەلىكىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى پۈتۈن ناھىيە نوپۇسىنىڭ مىڭدىن بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك چىرادا قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئىقتىدارلىق زاتلار يوق. شۇڭا بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

2) **مەكتەپلەر.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا تەۋەسىدە مىنگونىڭ 5-يىلى (مىلادىيە 1916-يىلى) ھۆكۈمەت قارىمىقىدا دۆلەت تىلى ئارقىلىق ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان بىر مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 60 نەپەردىن كۆپرەك ئىدى. لېكىن، ھەممىسى ياللاپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى (دۆلەت تىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى بويىچە ئوقۇتۇش تېخى يولغا قويۇلمىغان). بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. قالغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي مەكتەپ (سانى ئېنىق ئەمەس) ئىدى.

مىنگونىڭ 27-يىلى (مىلادىيە 1938-يىلى) ھۆكۈمەت ناھىيە باشقۇرىدىغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇردى. مىنگونىڭ 28-يىلى (مىلادىيە 1939-يىلى) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى بازار-كەنتلەردە ئارقا-ئارقىدىن 27 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. جەمئىي ئوقۇغۇچى سانى ئۈچ مىڭ نەپەردىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن، بىردەك ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (مىلادىيە 1943-يىلى) ھەر قايسى مەكتەپلەر دۆلەت تىلى مەشقىنى يولغا قويدى. چىرا ناھىيەسىدە مەخسۇس كەسپىي مەكتەپلەر يوق، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ يوق. شۇڭا بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى

**1) ھەربىي تۈزۈم.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا ناھىيەسى نايىپ ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن «چىرا كەنتى» دەپ ئاتىلىپ، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنگونىڭ 8ـيىلى (مىلادىيە 1919ـيىلى) نايىپ ناھىيە بولغاندىن كېيىن، ناھىيە يامۇلى (يەنى ھازىرقى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت) تىن ئۆزگە ھەربىي ياكى باشقا ئورگان تەسىس قىلىنمىغان.

مىنگونىڭ 23ـيىلى (مىلادىيە 1934ـيىلى)4 ـ ئايدا ماخۇسەن باندىتلىرى خوتەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، باندىتلار ئارمىيەسى بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسىنى چىرا ناھىيەسىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئىشتات تۈزۈلمىسىدە بىرىگادا ئىشتابى ئاستىدا ئىككى پولك بولۇپ، ھەر بىر پولك تۆت روتا، ھەر بىر روتا ئۈچ ئىزۋوت، ھەر بىر ئىزۋوت ئۈچ بەنگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر بەندە 15 نەپەردىن ئەسكەر بولغان؛ بىرىگادا ئىشتابىدا بىرىگادا كوماندىرى، مۇئاۋىن بىرىگادا كوماندىرى شۇنىڭدەك مۇشاۋۇرلار باشقارمىسى، لاۋازىمەت باشقارمىسى، قورال-ياراق باشقارمىسى، ئاديۇتانتلار باشقارمىسى ۋە ئۇلارنىڭ مۇدىرلىرى قاتارلىق ئەمەلدارلار؛ پولك ئىشتابىدا پولك كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، شۇنىڭدەك مىرزا بەگ، ئاديۇتانت، لاۋازىمەت بېگى، خەۋەرلىشىش ئاديۇتانتى قاتارلىق ئەمەلدارلار؛ روتا ئىشتابىدا روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن كوماندىرى، مىرزا، لاۋازىمەتچى قاتارلىقلار؛ ئىزۋوتلاردا ئىزۋوت كوماندىرى، مۇئاۋىن كوماندىرى، بەنلەردە بەنجاڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭ قاتارلىق باشلىقلار قويۇلغان. بارلىق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1303 نەپەر بولۇپ، مەزكۇر باندىتلار قوشۇنى چىرانى ئۈچ يىل مالىماتاڭ قىلغان.

مىنگونىڭ 26ـيىلى (مىلادىيە 1937ـيىلى) كەچ كۈزدە ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ باندىت تازىلاش پولكى قوغلاپ زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ كېرىيە تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي خوتەن

رايونىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر ئاخىرلىشىپ، ئامانلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، چىرا ناھىيەسىگە قاراشلىق پولۇ تېغىدا قورۇل قاراۋۇللۇقىغا بىر ئىززۇوت ئەسكەر قويۇلغان. مىنگونىڭ 27-يىلى (مىلادىيە 1938-يىلي) كۆزدە ئەسكىرىي خادىملار كۆپەيتىلىپ، چىگرا قاراۋۇل ئەترىتى دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 32-يىلى (مىلادىيە 1943-يىلى) مەز-كۇر قاراۋۇل ئەترىتى بۇيرۇق بويىچە چېكىندۇرۇپ كېتىلگەن.

2) **ھەربىي قورال-ياراغلار.** ناھىيە تەۋەلىكىدە ئىلگىرى ھەربىي قو-شۇن بولمىغان. مىنگونىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 1919-يىلى) نايىپ ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن نايىپ ئامبال ئۆز جايىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ناھىيە يامۇلى ئىچىدە چارلاش ساقچى پونكىتى تەسىس قىلىپ، 10 نەپەر چارلاش ساقچىسى تۇرغۇزغان. پەقەت 10 دانە يەرلىك مىلتىق بولۇپ، ئوق-دورىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزى قۇيغان ۋە ياسىغان.

مىنگونىڭ 23-يىلى (مىلادىيە 1934-يىلى) باندىتلار ئارمىيەسى چىراغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا «38» تىپلىق مىلتىق، «79» تىپلىق مىلتىق، ماكسىمكا مىلتىق، چاچما ئوق-لۇق مىلتىق، 10 ئاتار مىلتىق، «فەنتيەن لۇەن» تىپلىق مىلتىق، تاپان-چا، قول بومبىسى، قىلىچ قاتارلىق قورال-ياراقلار سەپلەپ بېرىلگەن. ھەمدە ھەر بىر پولىك، روتىلارغا ئات ۋە بىردىن پىلىموت سەپلەپ بې-رىلگەن. بىراق، يۇقىرىقى قوراللارنىڭ ئوندىن توققۇزى قۇرۇق بولۇپ، ئوقدانلارغا پەقەت ئىككى-ئۈچ پايدىنلا ھەققىي ئوق قاچىلانغاندىن ئۆز-گە پۈتۈنلەي يالغان نەرسىلەر قاچىلانغان. مىنگونىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) كۈز پەسلىدە ئۆلكە ئارمىيەسى خوتەن رايونىنى قايتۇ-رۇۋالغاندىن كېيىن، باندىت تازىلاش پولكىنىڭ كوماندىرى ئۆز قىسمىنى باشلاپ باندىتلارنى قوغلاپ ناھىيە تەۋەلىكىدىن ئۆتكەن. شۇ چاغدا بۇ قىسىمدا 50 تىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، چوڭ-كىچىك 20 ئاپتوموبىل بىلەن ئۆتكەن. ئۇلار ئىككى بىرونېۋىك ئاپتوموبىل، ئۇزۇن ئىشتىكلىق مىلتىق، گىرانات، ئەجنەبىي قىلىچ قاتارلىق قوراللار بىلەن قورال لان-غان. لېكىن، ئەينى چاغدا، ناھىيە بازىرىدىكى باندىتلار ئارمىيەسى ئۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا كىرىيەگە قېچىپ كەتكەن.

**3) ھەربىي لاۋازىماتلار.** مىنگونىڭ 23ـيىلى (مىلادىيە 1934ـيىلى) باندىتلار ئارمىيەسى چىرا ناھىيەسىگە ئورۇنلاشقان ۋاقىتتا، بىر ھەربىي پونكىت قۇرغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئون بۆلۈمچىسى، يەم-بوغۇز بۆلۈمچىسى، تەكشۈرۈپ ئاشلىق تارقىتىش بۆلۈمچىسى، ئوتۇن-سامان بۆلۈمچىسى، نازارەتچىلىك-ھەيدەكچىلىك بۆلۈمچىسى قاتارلىق بەش بۆلۈمچە تەسىس قىلىنىپ، يۇقىرىقىدەك ناملار بىلەن ئاتالغان، ھەمدە بىر نەپەر مۇدىر، ھەرقايىسى تارماق (بۆلۈمچە-ت) لارغا بىردىن ئىككىگىچە مەسئۇل ئادەم قويۇپ، قاتتىق باشقۇرغان. مەزكۇر باندىت قوشۇن ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق، ئوت-چۆپلەرنى تەمىنلەشتە، ھەر يىلى ئۆلچەم بويىچە ئېلىنىدىغان دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىۋالغاندىن سىرت، يۇقىرالاردىن زور مىقداردا سېلىق ئالمايدىغان كۈنى يوق ئىدى. بۇ سېلىقلار زاكات ئاشلىقى، ئۆشرە ئاشلىقى، ئۆسۈم ئاشلىقى، ئۆتنە ئاشلىقى قاتارلىق ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇلارغا كېرەكلىك بولغان ئات، بۆز رەخت، يىپ-پاختا، تېرە-خۇرۇم، تۆمۈر-مىس، بوياق ماتېرىياللىرى، تاغار-خۇرجۇن، كىگىز-گىلەم شۇنىڭدەك ھەر خىل يېمەكلىك قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى بىردەك ناھىيە ئامبىلى ئارقىلىق سېلىق چېچىپ يىغىۋالغان ياكى جىددىي ئېھتىياجلىق بارلىق نەرسىلەرنى بىۋاسىتە ئالۋان سېلىپ يىغىۋالغان. كىيىم-كېچەكلەرنى باندىت ئارمىيە دېۋىزىيە ئىشتابى تىكتۈرۈپ تەييارلاپ، پەسىل بويىچە تارقىتىپ بەرگەن. باندىت ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي لاۋازىمات تەمىنات ئەھۋالى مۇشۇنداق بولغان ئىكەن.

مىنگونىڭ 26ـيىلى (مىلادىيە 1937ـيىلى) خوتەن تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمىتىمىز ناھىيەمىزگە قاراشلىق پولۇ تاغدىكى چېگرا قورۇلىدا تۇرۇشقا بىر ئەترەت ئەۋەتتى. بۇ ئەترەتكە زۆرۈر بولغان ئاشلىق، ئوت-چىچاننى رۇخسەت قىلىنغان ئۆلچەم بويىچە بىردەك ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەمىنلەپ بېرىپ، چىقىم تۈرىدە ئاتچوت قىلىندى. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزى قاراشلىق قىسىم پەسىل بويىچە تارقىتىپ بەردى.

**4) ھەربىي قىسىم.** چىرا ياقا پۇچقاقتا جايلاشقان كىچىك ناھىيە

بولغاچقا، بۇرۇن بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇلمىغان. مىنگونىڭ 23-يىلى (مىلادىيە 1934-يىلى) ماخۇسەن باندىتلىرى خوتەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، باندىت ئارمىيەنىڭ بىر بىرىگادىسى چىرانى ساقلاشقا ئەۋەتىلـ-گەن. ئۇلارنىڭ ھەربىي تەلىم-تەربىيەسى توغرىسىدا، بىرىگادا ئىشتابى ھەر كۈنلۈك دەرسلىك جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىپ ھەر قايسى قىسىملار-نىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن. ھەر قايسى قىسىملار مۇشۇ جەدۋەلدىكى تۈرلەرنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئىجرا قىلغان. مەسىلەن، ئەـ-تىگەنلىك ۋە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ناخشا ئوقۇش، ھەر كۈنى بىر قېتىم لېكسىيە زالىغا كىرىپ ھەربىي دەستۇرلاردىن لېكسىيە ئاڭلاش، ھەربىي مەشىق ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاش، كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىنى بىرقېتىمـ-دىن ئورۇنلاش، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دالا مەشقى قىلىش، ھەر ئايدا بىر قېتىم ھەربىي پاراتتىن ئۆتۈش قاتارلىقلار. لېكىن، بۇ باندىتلار قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى ئىنتايىن قاتتىق بولغان.

5) **ھەربىي دوختۇرخانا.** تەكشۈرۈشىمىزچە، ناھىيەمىزدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىممۇ، ھەربىي دوختۇرخانىمۇ بولمىغان. باندىتلار قوشۇنى بۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان ئۈچ يىل داۋامىدىمۇ ھەربىي دوختۇرخانا تەسىس قىلمىغان. مەزكۇر باندىتلار قوشۇنىنىڭ ئادەملىرىنى داۋالىتىش زۆ-رۈر بولغاندا، خوتەندە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە ئىشتابىغا ئىلتىماس قىـ-لىپ، دوختۇر ئەكەلدۈرۈپ داۋالاتقان.

6) **ئەسكىرىي ئىشلار.** تەكشۈرۈشىمىزچە، چىرا ناھىيە بولۇپ قۇ-رۇلغاندىن بويان ئەسكىرىي ۋاقىئەلەر ۋە ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن. مىنگو-نىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) ئۆلكە ئارمىيەسى خوتەن رايونىـ-نى قايتۇرۇۋالغاندا باندىت تازىلاش پولكىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى باندىتلار قوشۇنىنى قوغلاپ چىراغا كەلگەن. بۇ چاغدا چىرانى بېسىپ ياتقان باندىتلار قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ، كېرىيەگە قېچىپ كەتكەن بولغاچقا، باندىت تازىلاش پولكىمۇ ئۇلارنى تۇتقامىش قوغلاپ چىراتەۋە-لىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمما، ئۇرۇش بولمىغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## تاشقى ئالاقە تەزكىرىسى

**1) چېگرا ئىشلىرى.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرانىڭ بىۋاسىتە چەت ئەللەرگە تۇتىشىدىغان چېگراسى يوق. ئەمما، ناھىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ھىندىستانغا بارغىلى بولىدىغان چىغىر يول بار. بۇ چىغىر يولدىن ماڭىدىغان يولۇچىلار ئەزەلدىن تارتىپ ناھايىتى ئاز ئىكەن. مىنگونىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) يېڭى ھۆكۈمەتىمىز خوتەندىكى ماخۇسەن باندىتلىرىنى تازىلاپ، مۇشۇ چىغىر يولدىكى قورۇلنى ساقلاشقا ئەسكىرىي قىسىم تۇرغۇزغاندىن كېيىن، بۇ چىغىر يولدىكى يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. مەزكۇر چىغىر يول كۆپىنچە تاغ جىلغىلىرى ۋە چوڭ داۋانلار ئارىسىدا نەچچە يۈز چاقىرىم (ھەقىقىي مۇساپىسى ئېنىق ئەمەس) داۋاملىشىپ، شىنزاڭ-چىڭخەي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. يەنە داۋاملىق مېڭىۋەرسە شىنزاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ چېگراسىغا بارغىلى بولىدۇ.

**2) تاشقى سودا.** چىرا نايىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، چەت-ياقا، كىچىك جاي بولغانلىقتىن، رەسمىي تاشقى سودا يولغا قويۇلمىغان. پەقەت ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كىچىك سودىگەرلەردىن ھاشىم ھاجى، مەمەتشېرىپ قاتارلىق ئىككى ئائىلە ھەر يىلى ئۆز جايىمىزدىن خام يىپەك، تېرە-يۇڭ قاتارلىق ماللارنى سېتىۋېلىپ ھىندىستانغا يۆتكەپ، ئەنگلىيە ماللىرىغا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆلكىمىزگە ئەكىلىپ ساتقان. چىرادا ئەنگلىيە، روسىيە دۆلەتلىرى تەسىس قىلغان ئاقساقال (ئىش بېشى) لار بولىسمۇ، كۆپىنچە ئۆز جايىمىزدا تۇرۇشلۇق مۇھاجىرلار ئاقساقاللىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، چەت ئەللەرگە چېتىشلىق ئەرز-شىكايەت ئىشلىرىنى مەخسۇس بېجىرگەن. ئەمما، سودا بىلەن شۇغۇللانمىغان.

مىنگونىڭ 20-يىلى (مىلادىيە 1931-يىلى) مەزكۇر سودىگەرلەر تىجارەتنى توختاتقان. مىنگونىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1937-يىلى) خوتەن رايونى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، چىرالىق بىر قانچە نەپەر ئۇيى-

غۇر سودىگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا شىركەتلىرى بىلەن يەرلىك مەھسۇلاتلارغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلىشقا باشلىغان. لېكىن، بۇ خىل سودا ئىشلىرىمۇ بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلمايلا توختاپ قالغان.

3) **چېركاۋ.** تەكشۈرۈلۈشىچە، ناھىيەمىز تەۋەلىكىدە مۇھاجىرلارنىڭ سانى ئازراق. ئۇلار ناھىيەمىزدە ئولتۇراقلاشقان ۋاقتى ئۇزاقلاشقانسېرى، زور كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە ھېچقانداق چەت ئەل چېركاۋلىرى قۇرۇلمىغان.

4) **ساياھەتچىلىك.** چىرا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، چىرا تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى جايلاردا قەدىمكى خارابە، ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ئىزدەپ ساياھەت قىلىدىغان چەت ئەللىك كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. مىنگونىڭ 17-يىلى (مىلادىيە 1928-يىلى) ئىككى نەپەر گېرمانىيەلىك، ئىككى نەپەر جۇڭگولۇق ماچى، چەرچەن، كېرىيەنىڭ تاغ-تۈزلەڭلىكلىرىنى كېزىپ چىراغا ساياھەتكە كەلگەن. ئۇلار ئەسۋاب ۋە سۈرەت تارتىش ساندۇقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ناھىيە ئامبىلى ئۇلارنى قوغداشقا مۇۋاپىق ئادەم قوشۇپ قويغان. ئۇلار ھەر قايسى تاغلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ساياھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاغ-دەريالاردىن ئۆتۈپ خوتەن ئارقىلىق قايتىپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 22-يىلى (مىلادىيە 1933-يىلى) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توپىلاڭ بولغان ۋاقىتتا ئىككى نەپەر چەت ئەللىك (قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس) چەرچەن ئارقىلىق چىرا تەۋەلىكىگە ساياھەتكە كەلگەن. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە پاششا (يەنى يولباشچى) ئۇلارنىڭ تاغقا بېرىپ ئاسار ئەتىقىلەرنى ئىزدىشىگە رۇخسەت بەرمەي چەكلىگەن. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ چەت ئەللىكلەر بۇ يەردىن چىقىپ تاشلىق ساي ئارقىلىق خوتەنگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن چىرا تەۋەلىكىدىن ئۆتكەن ساياھەتچىلەر توغرىلىق ئۇچۇر بولمىدى.

## ئەمەلدارلار تەزكىرىسى

1) ئەسلىي تېكىستتە ماۋزۇ قويۇلمىغان. تەكشۈرۈلۈشىچە، چىرا ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

كېرىيە ناھىيەسىگە قاراشلىق كەنت بازىرى بولۇپ، مىنگونىڭ سەككىزىنچى يىلى(مىلادىيە 1919ـيىلى) نايىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 17ـيىلى (مىلادىيە 1928ـيىلى) گۇلاخما بازىرى، شۇنىڭدەك 28ـيىلى (مىلادىيە 1939ـيىلى) دامىكۇ بازىرى چىرانىڭ تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەندىن تارتىپ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ناھىيە بولغان. شۇ چاغدىن تارتىپ بۇ يەرگە ئەمەلدار بولغانلار بىردەك ئۆلكە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن. ناھىيە تەۋەلىكىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردىن ھېچقانداق مۆلكىي ۋە ئەسكىرىي ئەمەلدار چىقمىغان. بۇ ھەقتە بىرەر خاتىرىمۇ قالدۇرۇلمىغان.

2) **ساداقەتمەن قۇربانلار.** تەكشۈرۈلۈشىچە، چىراتەۋەلىكىدىن مۆلكىي، لەشكىرىي ئەمەلدارلار ناھايىتى ئاز چىققان. گەرچە گويماۋ يىلىدا ئۇيغۇرلار ئاسىيلىق قىلغان ئەھۋاللار ئاستىدىمۇ، ئەمەلدارلار ئىچىدە خىزمەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغان ساداقەتمەنلەر چىقمىغان. بۇ ھەقتە يازغۇدەك ئىشمۇ يوق.

3) **مەنسەپ ئۈستىدە قازا قىلغانلار.** تەكشۈرۈلۈشىچە، ناھىيە قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە، مەنسەپدارلار چوڭ شەھەرلەردىن كەلگەن. مەنسەپدارلارغا ئەگىشىپ كېلىپ ئەمەل تۇتقانلارمۇ كۆپ بولغان. ئەگىشىپ كەلگەنلەر يەنە ئەگىشىپ كەتكەن. لېكىن، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا ھەقىقەتەن سىياسىي تۆھپە ياراتقانلار شۇنىڭدەك جەڭ مەيدانىدا قازا تاپقانلار يوقنىڭ ئورنىدا ياكى ئاڭلاپ باقمىغان ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نىمە دېيىش قىيىن.

## مەشھۇر شەخسلەر تەزكىرىسى

1) **سىياسىي ساھەدە.** مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 26ـيىلى (مىلادىيە 1900ـيىلى)دىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرقىسىم بىلىمسىز، نادان كىشىلەرنىڭ يالغانغا ئىشىنىپ چەت ئەل تەۋەلىكىگە ئۆتىدىغان ئىشلىرى پات-پات يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. چىرا بازىرىدا سېيىت ھاجى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئەسلىدە جۇڭگو

يۇقراسى ئىدى. ئۇ، ئەينى چاغدا رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئەنجانلىق دەپ ئاتىۋالغانىدى. ھەمدە چىرالىق ئاۋام پۇقرالارنى ئالداپ رۇسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە قىزىقتۇرۇپ، جەمئىي 100 دىن ئارتۇق ئائىلىنى رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزدى. رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇۋالدى. بۇ يەر كېرىيەگە يىراق (ئەينى چاغدا چىرا يەنىلا كېرىيە ناھىيەسىگە قاراشلىق كەنت بازىرى ئىدى) بولغاچقا، چىرا پۇقرالىرى كېرىيەگە بېرىپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، ئۆز لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىنمىدى. بۇ ئىشلار ئاخىرى مىنگونىڭ تۇنجى يىلىدىكى پاجىئەلىك بالا-قازانى كەلتۈرۈپ چىقاردى (تەپسىلاتى جانبازلىق تەزكىرىسىگە قارالسۇن).

**2) جانبازلىق ساھەسىدە.** مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 1912-يىلى) ياز پەسلى 4-ئايدا[9] قەشقەر دوتىيى (ۋالىيسى) خوتەن-كېرىيەدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ چاتاق تېرىشىدىن ئەنسىرەپ شيۇڭ گاۋشىڭ دېگەن ئەمەلدارنى[10] خوتەنگە بېرىپ تەرغىبات-تىنچلاندۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلەشكە تەيىنلىدى. شيۇڭ گاۋشىڭ يېڭىساردىن يولغا چىققاندىن كېيىن، يول بويىدىكى ھەر قايسى ناھىيەلەر جەمئىي يۈزدىن ئارتۇق چېرىكنى شيۇڭ گاۋشىڭنىڭ قوماندانلىقىدا چاتاقچىلارنى باستۇرۇشقا ئاجرىتىپ بەردى. شيۇڭ گاۋشىڭ خوتەنگە كېلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، چىرا ناھىيەسىنىڭ پۇقرالىرى شۇ جايدىكى مۆتىۋەر كىشىلەردىن مەمەتشېرىپ، كېرەم ھاجى، قۇربان ھاجى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 10 نەچچە كىشىنى ئەنجانلىق سېيىت ھاجى قاتارلىق يالغان رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ مۆمىن پۇقرالارنى بوزەك ئەتكەنلىكى ئۈستىدە خوتەنگە بېرىپ ئەرز قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئۇلار خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن ئەرز قىلدى ھەمدە: «مەزكۇر سېيىت ھاجى ئاللىقاچان ئىتائەتتىن باش تارتىپ، قورال-ياراغلارنى تەييارلاپ يوشۇرۇپ قويدى» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شيۇڭ گاۋشىڭنىڭ چىراغا بېرىپ ئۇنى باستۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ ئىش مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، چىرا پۇقرالىرىنىڭ خاتىرجەم

تۇرمۇش كەچۈرۈشى قىيىن بولىدۇ، دېدى.

شيۈك گاۋشىڭ چىراغا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، بىر قانچە مەھرەملىرىنى ھەمدە جۇ فامىلىلىك خەۋەرچىنى ئېلىپ چىراغا كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سىيىت ھاجى بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولۇپ، خەۋەرچى جۇنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. خەۋەرچى جۇ سىيىت ھاجىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىش مەقسىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. سىيىت ھاجى شۇ زامان دەرغەزەپ بولۇپ: «ھازىرچە سېنىڭ قېنىڭدىن كەچتىم، سەن قايتىپ كېتىپ شيۈك پالانى دېگەنگە ئېيت، ئەتە ئەتىگەن گۇلاخما يولىدا سەپ ئالدىدا ئۇچرىشايلى» دېدى ھەمدە ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى، خەۋەرچى جۇمۇ تىل ياندۇردى. سىيىت ھاجى شۇ ھامان جۇنى ئېتىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان مەھرەم قېچىپ بېرىپ ئەھۋالنى شيۈك گاۋشىڭغا مەلۇم قىلدى. شيۈك گاۋشىڭ دەرھال ئاتقا مىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. پۇقرالاردىن نەچچە يۈز ئادەم چۇقان كۆتۈرۈپ ھەمدەم بولدى. ئۇلار سىيىت ھاجى تۇرغان يەرگە بارغاندا سىيىت ھاجىمۇ دەرھال سەپ تۈزۈپ مۇقابىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن گەپ-سۆز قىلىشمايلا بىر-بىرىگە ئوق-تاش ياغدۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشتى. مىلتىقلار گۈمبۈرلەپ ئوقلار ئۇچۇشتى، ئىككى تەرەپ خېلى ئۇزاققىچە كەسكىن ئېلىشتى. ئاخىرىدا باندىتلار قېچىشقا باشلىدى. ئوق ياكى تاش تېگىپ يارىلانغانلار نەچچە ئون كىشىگە، ئوق تېگىپ نەق مەيداندا ئۆلگەنلەر 17 نەپەرگە يەتتى. لېكىن، سىيىت ھاجى ئايالچە كىيىنىپ قېچىپ كەتتى.

3) **ئەدەبىيات ساھەسىدە.** تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا ئۆلكە مەركىزىگە يىراق بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە چىرادا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىدىغان مۇئەسسەسەلەر يوق ئىدى. شۇڭا، ئەينى چاغدا بىلىملىك دېيىلگەنلەرمۇ پەقەت خەت تونۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. مەزمۇنى ۋە تىلى جەھەتتە راۋان يازالايدىغان زاتلار ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى.[11]

يەرلىك ئەدىبلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۇيغۇر مەرىپىتىدە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن زاھىرىدا ساداقەتمەن، باتىنىدا قانائەتمەن بو-

لۇشنى ئۆلچەم قىلغان ئىدى. دەرس سۆزلىيەلەيدىغانلىرى بولسا، كاتتا ئاخۇنلاردىن ئۆزگىلىرى كۆپىنچە چۈشىنىكسىز ۋە ئەپسانە گەپلەرنى سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرىدا نىيەتنى دۇرۇس قىلىش، ئىخلاسمەن بولۇش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ــ بىلىملىك بولۇشنىڭ نېگىزى ھېسابلىناتتى. بۇ، دەل ئىسلام دىنى مائارىپى دېمەكتۇر.

**4) ھەققانىيەتچىلەر.** چىرادا سۇپۇرگە ئاخۇن[12] ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، مىجەزى شوخ، كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان كىشى ئىكەن. مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 1912ـيىلى) يۈز بەرگەن سېيىت ھاجى دېلوسى داۋامىدا چىرا پۇقرالىرى ئۇچۇن كۆپ ئەزىيەت چېكىپ، كۆپ مۇراجىئەت قىلغان. ئۇ، چىرا پۇقرالىرىغا ۋاپادار، ۋەتەنگە ساداقەتمەن زات بولغاچ ئۇشبۇ تەزكىرىگە كىرگۈزۈلدى.

**5) يەرلىك ھۈنەر-تېخنىكا.** تەكشۈرۈلىشچە، چىرا ناھىيەسىدە ھۈنەر-تېخنىكا جەھەتتە قولدا توقۇلغان شايى-ئەتلەسلەر ئەڭ سۈپەتلىك بولۇپ، «چىرا شايىسى» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى بولغان يىپچىلىق ۋە توقۇمىچىلىقمۇ ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىنى تولۇق قامدايتتى.

## مىللەت تەزكىرىسى

**1) نەسەبى.** تەكشۈرۈلۈشچە، ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ نەسەبى ئومۇمەن موڭغۇلۇئىد قوۋمىغا مەنسۇپ، بەش دەۋر ۋە تاڭ سۇلالىسى زامانىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ساھابىلار شەرقتە دىن تارقىتىشقا باشلىغان. بۇ دىن «ئىسلام دىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دىننىڭ مۇخلىسلىرى جەڭگىۋار روھقا ئىگە بولۇپ، بۇ دىننى قوغداپ كەلگىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشتى. مۇخلىسلارنىڭ يولباشچىلىرى (يەنى ئاخۇنلىرى) بېشىغا ئاق داكا رەختتىن سەللە يۆگەيدىغان بولغاچقا خەنزۇلار ئۇلارنى «سەللىلىكلەر ــ چەنتۇ» دەپ ئاتىغان. «سەللىلىك مىللەت ــ چەنمىن» «سەللىلىك خۇيلار ــ چەنخۇي» دەپمۇ ئاتىغان. «12ـئاپرېل ئىنقىلابى» دىن كېيىن، «ئۇيغۇر» (يەنى ئۇيغۇر مىللىتى)

دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر دېگەن نام تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى «ۋېيۋۇر ــ ئۇيۇغۇر» دېگەن نەسەب نامىدىن كېلىپ چىققانمۇ-يوق، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغاچقا گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىمىز.

2) ئۆرپ-ئادەتلىرى. بۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى «خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى» قىسمىدا بايان قىلىنغان بولغاچقا، بۇ سەھىپىدە قايتا خاتىرىلەنمىدى.

3) مەدەنىيىتى. تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئارقىدا قالغان. مىنگونىڭ 28-يىلى (مىلادىيە 1939-يىلى) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىرا ناھىيەسىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدە ئاز ـ تولا تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

4) يەرلىك شېۋىسى. تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى شىمالىي شىنجاڭ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن، خوتەن رايونى ئىچىدىمۇ، جايلار ئارا پەرقلىنىدۇ. گەرچە يېزىقى ئوخشاش بولسىمۇ، يەرلىك شېۋىسى ئوخشىمايدۇ (ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن). شېۋە تەرجىمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن كەلگەچكە خاتىرىلەنمىدى.

## ئويما ئەسەرلەر تەزكىرىسى

تەكشۈرۈلۈشچە، چىرا تەۋەسىدە مېتال ياكى تاش قاتارلىقلارغا ئويۇلغان ئەسەرلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خارابە ئىزلىرى بولمىغاچقا، بۇ مەزمۇن خاتىرىلەنمىدى.

قول يازما ئارگىنالدىن **مۇھەممەتئىمىن سابىر** تەرجىمىسى

## «چىرا تەزكىرىسى» گە تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى

① چىرا ناھىيەسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى: «چىرا ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» (ئىچكى ماتېرىيال، خەنزۇچە،

1985-يىلى: 1-باسمىسى)1 -بەتتىكى بايانغا ئاساسلانغاندا، چىرا ناھىيەسى شىمالىي پاراللېل 35°18′ تىن 39°30′ قىچە ۋە شەرقىي مېردىيان 80°03′ تىن 82°10′قىچە بولغان كەڭلىككە جايلاشقان. «ناھىيە تەزكىرىسى» ئاپتورىنىڭ بايانىدا سەۋەنلىك بار.

② شىنجاڭ گۇاڭشۇنىڭ 2-يىلى (مىلادىيە 1876-يىلى) ئەمەس بەلكى گۇاڭشۇنىڭ 10-يىلى (مىلادىيە 1884-يىلى) ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىنغان («خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002-يىلى 1-نەشرى 1-باسمىسى، 36-بەت) «ناھىيە تەزكىرىسى» ئاپتورى بۇ ۋاقىتنى خاتا قىلىپ قويغان.

③ چىرا ناھىيەسىدىكى دەريالار: چىرا ناھىيەسىدە چىرا دەرياسى، چاقار دەرياسى، يۇلچۇن دەرياسى، ئۇلۇغساي دەرياسى، نۇرى دەرياسى، سارلۇڭ دەرياسى، سايۋاغ دەرياسى، بوزاڭ دەرياسى، ئاقساي دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالار بار. بۇرۇنقى چاغلاردا نۇرى، سايۋاغ، بوزاڭ، ئاقساي دەريالىرىنىڭ كەلكۈن سۈيىنىڭ بىر قىسمى كەلكۈن مەزگىلىدە پوناق يار، دامىكۇ يار ئارقىلىق تەكلىماكانغا ئاقاتتى. لېكىن، پوناق يار بىلەن دامىكۇ يار ئېزەلدىن تارتىپ «دەريا» دەپ ئاتالماستىن «يار» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە تەزكىرە ئاپتورى بۇ ئەھۋالنى پىششىق بىلمىگەچكە، پوناق يار بىلەن دامىكۇ يارنى «دەريا» دەپ ئاتاپ قويغان.

④ پىرقە: ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ گومىنداڭ پارتىيەسى ئۇيغۇر تىلىدا «گومىنداڭ پىرقىسى» دەپ ئاتالغان. «پىرقە ئىشلىرى» گومىنداڭ پارتىيە ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ھىجرىيە يىلنامىسى: ھىجرىيە يىلنامىسىدە ئادەتتىكى يىللار 354 كۈن، كەبىسە يىللار 355 كۈن بولىدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا زۇلھەججە ئېيى (12-ئاي)29 كۈن، كەبىسە يىللىرىدا 30 كۈن بولىدۇ. ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە ھېيت-ئايەملەردە ھەر 30 يىلدا بىر قېتىم دەۋرلىك تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. «ناھىيە تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورىنىڭ

«بۇ مىللەت 360 كۈننى بىر يىل ھېسابلايدۇ، ئۇلاردا كەبىسە ئاي يوق، ھېيت-ئايەم كۈنلىرى دەۋرلىك قايتىلانمايدۇ» دېگەن بايانلىرى خاتا كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھىجرىيە يىلنامىسى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

⑥ ئەينى چاغدا چىرادا غەربچە ياكى جۇڭگوچە داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان دوختۇر ۋە دوختۇرخانىلار بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان كۆپلىگەن تېۋىپ-ھەكىملەر بار ئىدى. مەتشېرىپ ئاخۇن دۆي (چىرا يېزا باش توغراق ئېغىل كەنتىدىن)، قۇربانىياز ئاخۇن كەشمىي، دابىت ئاخۇن كەشمىي (چىرا بازار ئىچىدىن)، قۇربان ھاجىم ئۈچۈگە(چىرا يېزا ھۆجرا كۆل كەنتىدىن)، تۇرسۇن ھاجىم (گۈلاخما يېزا ئۈچئۆستەڭ كەنتىدىن)، مەڭلىك ئاخۇن كۆتەن (دامكۇ يېزا پارچە كەنتىدىن) قاتارلىقلار شۇ دەۋردە خېلى نامى چىققان تېۋىپلار ئىدى.

⑦ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ۋە ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەندە پىلە-يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئالاھەزەل ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دەپ قارالماقتا. چىرا ناھىيەسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

⑧ ئەينى ۋاقىتتا 10 كىيىملىك خام-تالما ياكى يىپەك رەختە بىر توپ، ھەر 10 توپ رەخت بىر تاي قىلىپ ئورىلاتتى.

⑨ بۇ يەردە ئاپتور خەنزۇ دېھقانلار كالېندارىدىكى 4-ئاينى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. مىلادىيە يىلنامىسى بويىچە شىيۇڭ گاۋشىڭ 1912-يىلى 6-ئايدا خوتەنگە كەلگەن.

⑩ شىيۇڭ گاۋشىڭ خوتەنگە ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى يەركەننىڭ مەسلىھەتچى ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002-يىل 1-نەشرى، 264-بەت) دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سېيىت ھاجى شۇ چاغدا جۇشۇتاڭ قاتارلىق ئىككى ئەسكەرنى ئېتىۋەتكەن. بۇ ۋەقە مىلادىيە 1912-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى يۈز بەرگەن (يۇقىرىقى كىتاب

264ـ بەت). سېيىت ھاجى شۇ چاغدا قېيىنئاتىسى ئابلىز قارىينىڭ قورۇسىغا بېكىنىۋالغان. ئابلىز قارىينىڭ قورۇ جايى توغرا ئېغىل ئۆستەڭنىڭ بويىدا بولۇپ، ئورنى ھازىرقى چىرا يېزىلىق ساناتورىيەنىڭ شىمالىغا 350 مېتىر كېلىدىغان يەرگە توغرا كېلىدۇ.ئەينى چاغدا سېيىت ھاجىنىڭ قولچوماقلىرىدىن جەمئىي 29 ئادەم ئۆلگەن (يۇقىرىقى كىتاب 264ـ بەت)، مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئوق تېگىپ، بىرقىسمى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن. سېيىت ھاجى چىرادىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئەرز قىلغان. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، قەشقەرگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتكەن. يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ تىز پۈكۈشى ئارقىسىدا 1913ـ يىلى 8ـ ئايدا جۇڭگوـ رۇسىيە ھۆكۈمەتلىرى بۇ ئىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزگەن. نەتىجىدە خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى تاڭ يۈنجۇڭ، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى شىن يۈچېڭلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەمدە ئېغىر جەرىمانە قويۇش، شيۈڭ گاۋشىڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى، جاۋداشىڭغا ئالتە يىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى، 40 نەپەر چىرا پۇقراسىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا قاماق جازاسى ياكى ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىش، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىگە 70 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم بېرىش بەلگىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋەقە مۇشۇنداق ناھەق ھۆكۈم بىلەن ئاياغلاشقان (يۇقىرىقى كىتاب 264ـ، 265ـ بەتلەر).

⑪ «تەزكىرە» ئاپتورى بۇ يەردە يەرلىك خەلقلەر ئىچىدە دىنىي ئۆلىمالاردىن ئۆزگە ئەدىبلەر يوق ئىدى، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇ ئېھتىمال تەزكىرە ئاپتورىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات بىلەن ناتونۇش ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، چىرادا تارىختىن بۇيان موللا نىياز بىننى قارىي سابىر (1777ـ ؟)، موللا قۇربان (19ـ ئەسىر)، توخسۇن ھاجى توختى (1859ـ1942) قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن. مۇھەممەد ئەيسا (1884ـ1957)، سېلىم ئە-

لەم (1889ـ1961)، سىدىق ئاخۇنۇم ( ؟ ـ1954)، مۇھەممەد ئىمىن توختىنىياز سۈزۈك (1920ـ1992) قاتارلىقلار مەزكۇز تەزكىرە يېزىلـ غان ۋاقىتلاردا ھايات كەچۈرۈۋاتقان، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول نەتىجىلەرنى يارىتىپ شۆھرەت قازانغان ئەدىبلەر ئىدى.

⑫ سۈپۈرگە ئاخۇن چىرا يېزىسىنىڭ توپا كەنتىدىن بولۇپ، ئەينى چاغدا چاررۇسىيەنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلغان. سېيىت ھاجىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرى ئۈستىدىن كۆپ قېتىم ئەرز قىلغان. ئاممىنى باشلاپ جەڭگە قاتناشقان. قەشقەردە ئېچىلغان سوتتا نۇرغۇن پاكىتلارنى كۆرسىتىپ سېيىت ھاجىنى مات قىلغان. لېكىن، يوەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىمچىلىك سىياسـ تى تۈپەيلىدىن ناھەق ھالدا قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، كېرىيە تۈرمىسىگە قامالغان. بىر قانچە يىلدىن كېيىن كېرىيە تۈرمىسىدە كېسەل بولۇپ، داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. چىرا خەلقىنىڭ چاررۇسىيە جاسۇسى سېيىت ھاجىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرىشى خەلق ئارىسىدا ھازىرمۇ «توپا سۈپۈرگە ئاخۇن ۋەقەسى» دېگەن نام بىلەن يادلىنىدۇ. 2007ـيىلى مەرھۇمنىڭ يۇرتىغا «سۈپۈرگە ئاخۇن خاتىرە سارىيى» سېلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى قىلىندى.

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田. 考古发现、方志：维吾尔文 / 阿布都拉·苏莱曼编著. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.8
ISBN 978-7-5469-1698-9

Ⅰ. ①天… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①和田地区-概况②考古发现-介绍-和田地区③和田地区-地方志 Ⅳ. ①K924.52②K872.452

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第166155号

---

丛 书 名　天下只有一个和田
书　　名　考古发现、方志
编　　者　阿布都拉·苏莱曼
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
责任校对　努尔阿利亚·阿布都克里木
特约校对　克尤木·吐尔逊
封面设计　艾克拜尔·沙力
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐市科恒彩印有限公司
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　12
版　　次　2011年8月第1版
印　　次　2011年8月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-1698-9
定　　价　65.00元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）